شېرىپىدىن ئۆمەر

# ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

1 - كىتاب

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



شېرىپىدىن ئۆمەر

# ئوتتۇرا ئەسىر
# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

1 - كىتاب

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مۇھەررىرى: تۇرسۇن مەخسۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئازاتگۇل ئاتاۋۇللا
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام

# ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى

(1)

شىرىپىدىن ئۆمەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازاتلىق يول № 348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 15.75
1996 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
1996 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—8000

ISBN7—228—02952—6/I·1045

باھاسى: 15.75 يۈەن

责任编缉：吉利力·穆罕默德
编缉：吐尔逊·马合苏提
封面设计：加拉力丁
责任校对：阿尕提古丽

# 中世纪维吾尔古典文学

（1）

西热皮丁·吾买尔 著


新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新疆畜牧印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 印张 15.75 插页
1996 年 11 月第 1 版 1996 年 11 月第 1 次印刷
印数：1 —— 8000

ISBN7—228—02952—6/I·1045 定价：15.75 元

## مۇندەرىجە

شىنجاڭدا سۇلتان سەئىدخان خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى ...................... 1
سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي مىراسلار ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى ...................... 33
سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى — سۇلتان سەئىدخان ...................... 34
سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ...................... 41
مىرزا ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى ........ 63
يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى ...................... 111
مەلىكە ئامانىساخان توغرىسىدا ...................... 138
ئايازبېك قۇشچى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ... 157
شاھ ماخمۇت بىن مىرزا پازىل جوراس توغرىسىدا قىسقىچە بايان ...................... 212
جۇڭغارلار ۋە خوجىلار دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ...................... 242
لىرىك شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئىجادىي

پائالىيىتى .................................. 269
خوجا سىددىق پوتۈھى .......................... 334
شائىر ئابىد قۇمۇلى، ئۇنىڭ زامانداشلىرى ۋە ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى بەزى
مۇلاھىزىلەر ................................. 361
ئابىد قۇمۇلى توغرىسىدا ....................... 361
مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى .............. 426

# شىنجاڭدا سۇلتان سەئىدخان خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى

1514 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 8 - ئەۋلاد نەۋرىسى سەئىد خان دوغلاد قەبىلىسىنىڭ 6 - ئەۋلاد باشلىقى ئابابەكرى دوغلادنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىدى ۋە سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردى ھەمدە ئۆزىنى موغۇلىستانىنىڭ «چوڭ خانى» دەپ ئېلان قىلدى؛ پايتەختى قەشقەر بولدى، ئۇزاق ئۆتمەي پايتەختنى يەركەنگە يۆتكەپ، «يەركەن سەئىدىيەخانلىقى» دەپ ئاتىدى.

1370 - يىللىرى ماۋرا ئۇننەھرنى ئاساس قىلغان غەربىي ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن تۆمۈرىلەر خانلىقىنى چاغاتاي ھاكىمىيىتى دېگىلى بولمىغاندەك، شىنجاڭدا 1514 - يىلدىن باشلانغان سەئىدىلەر خانلىقى ھاكىمىيىتىنىمۇ چاغاتاي ھاكىمىيىتى دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنى شىنجاڭنىڭ مىللىي ياكى يەرلىك ھاكىمىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھاكىمىيەت شەكلىدىمۇ چاغاتاي - چىڭگىز ھاكىمىيەت شەكلىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان مۇسۇلمان ھاكىمىيەت شەكلى تىكلەنگەندى. سەئىدخان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 8 - ئەۋلادى بولۇپ، تامامەن ئۇيغۇرلىشىپ، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىگە تەئەللۇق بولۇپ كەتكەن ۋە ئىسلام

ئېتىقادچىسىغا ئايلانغان ئادەم ئىدى.

١٤ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە، چاغاتاي دۆلىتىنىڭ غەربىي تەرىپىدە - ماۋرا ئۇننەھر قىسمىدا تۈركىي ئەمىرلەرنىڭ يەنى مۇسۇلمانلار گورۇھىنىڭ تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى دۆلەتنىڭ شەرقىي تەرىپىدە - شىنجاڭ قىسمىدا موڭغۇل ئەمىرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خانلىرىنى تەختكە چىقىرىش ئارزۇسىنى قوزغىدى، بۇ فېئودال پادىشاھلىق ئەنئەنىسى ئۆز رولىنى يوقاتمىغان دەۋرنىڭ تەلىپى ئىدى. ئىستىبداتلىق ۋە تاكتىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان بۇ دەۋر تەلىپىنى ئالدى بىلەن تارىختا 306 يىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن «ماڭلاي سۈيە» (ئەڭ ئالدىنقى ۋىلايەت)[1]، دوغلات (موڭغۇلچە «ئاقساق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ۋە تارىختا داڭلىق بولغان ئۇيغۇر ئەۋلادى بايدار خاننىڭ ئوغلى پولاتچى بەگ[2] قاتارلىقلار سېزىپ، ھەممىدىن بۇرۇن شىنجاڭدا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا، يەتتە سۇ، ئىلى ۋادىلىرىدا ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدا ئەمەلگە ئاشۇردى. پولاتچى بەگ بەگلەرنىڭ بېگى دېگەن مەنىدە بولۇپ، شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ئەڭ كۈچلۈك بەگ ئىدى. شەرقتە تېزلىكتە بىرلىككە كەلگەن بىر ھاكىمىيەت تىكلەنسە، غەربتىكى مۇسۇلمان خانلىرى بۇ ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ چاغاتاي خانلىرىدىن بىرى بولغان تۇۋاخاننىڭ ئوغلى ئىمىل خوجىنى (شەرق مۇسۇلمان تارىخچىلىرى ئىمام خوجا دەپ ئاتىشىدۇ) بۇخارادىن ئېلىپ كېلىپ، چاغاتاي خانلىقى ۋە دوغلات خانلىقىغا تەۋە چوڭ ئەمەلدار، ئاقساقاللارنى «ئالمالىق»قا يىغىپ، تۈركىي خەلقلەر ئەنئەنىسى بويىچە ئىمىل

[1] بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، 73 - بەت.
[2] ئاكادېمىك بارتولد ئۆز ئەسىرىدە پولاتچى دېگەن (يۇقىرىقى كىتاب 73 - بەت)، شەرق مۇسۇلمان تارىخچىلىرى «بولاچى بەگ» دەپ ئاتايدۇ.

خوجىنى ئاق كىگىزدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا «بەيئەت» قىلدى. نەتىجىدە ئۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئىسەن بۇقاخان ئىككىنچى دېگەن ئۇنۋان بىلەن مەشھۇر بولغان ھۆكۈمرانغا ئايلاندى، ئەپسۇسكى ئۇ 1340 - يىلى دۇنيادىن ئۆتتى، شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا خانلىق تالىشىش كۈرىشى سەككىز يىل داۋام قىلدى. بۇنىڭغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن يەنە بولاچى بەگ 1348 - يىلى ئىمىل خوجىنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرنى مۇزداۋان ئارقىلىق موڭغۇلىيىدىن ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ، دادىسىنىڭ ئورنىغا خان قىلىپ تىكلىدى، تۇغلۇق تۆمۈر بۇ چاغدا 18 ياشتا ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈچىنچى يىلى مەۋلانە ئەرشىدىن ئاتلىق ئىسلام ئالىمىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئۇنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن زور قولايلىق ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە قىلدى.

تۇغلۇق تۆمۈر ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن بولاچى بەگنى بەگلىكلەرنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنىڭ ئىنىلىرى قەمەرىددىن بەگ، شەمشىدىن بەگ ۋە شەيخ دۆلەت بەگلەرنى دۆلەت خىزمەتلىرىگە قويىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئىستىداتلىق، باتۇر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۆلىرىقى ياردەمچىلىرىگە تايىنىپ، 1360 - يىللىرى غەرب ۋە شەرقنى بىرلىككە كەلتۈردى. بۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈر دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەت ئوچىقى بولۇپ كەلگەن ئىرتىش ۋە ئېمىلدىن تىيانشانغىچە بولغان جايلار ھەمدە بارىكۆل شۇنىڭدەك پەرغانە ۋە بالقاشقىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيە كىرەتتى. بۇ جايلاردا كۆچمەن ئاھالىلەر ياشايتتى. بارتولدنىڭ كۆرسىتىشىچە، شىمالدىن جەنۇبقىچە، شەرقتىن غەربكىچە بولغان بۇ كەڭرى جايلارنى ئاتلىق يەتتە - سەككىز ئايدا ئاران مېڭىپ تۈگەتكىلى بولىدىكەن. بۇ چاغدا بالقاش كۆلى «كۆكچە دېڭىزى» دەپ

ئاتىلاتتى. ئۇ جوجى ئۇلۇسى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈر دۆلىتىنىڭ چېگرىسى ئىدى.

بولاچى بەگ تۇغلۇق تۆمۈردىن بالدۇرراق ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، تېخى يېشىغا تولمىغان ئوغلى خۇدايدات ئۇنىڭ ۋارىسى بولۇپ قالدى[1].

تۇغلۇق تۆمۈر 1362 ــ 1363 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ياش، مەغرۇر شاھزادە ئىلياس خوجا چىقتى. ئۇ ھەربىي جەھەتتە ياخشى تەلىم ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي ـ مەمۇرىي جەھەتتە دۆلەت باشقۇرۇش قابىلىيىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان 1360 ـ يىلى ماۋرا ئۇننەھرنى تىنچلاندۇرغىلى بارغاندا، يىراقنى كۆزلەپ تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ياردەم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، قاشقا دەريا[2] نىڭ ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان تۆمۈر[3] تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئىلياس خوجىنى ماۋرا ئۇننەھردىن قوغلاپ چىقاردى. ئىلياس خوجا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، زور تەييارلىقلار بىلەن تۆمۈرنى بىر قېتىم مەغلۇپ قىلدى، ئەمما ئۇ ۋاقىتلىق ھادىسە ئىدى، بۇ چاغلاردا تۆمۈر زور تىرىشچانلىق بىلەن كۈچ توپلاۋاتاتتى.

ئىلياس خوجا يوقىرىقىدەك ئازراق غەلىبىگە ئېرىشىش بىلەنلا تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ ئوردىدا سىياسىي ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرى ــ قەمەرىددىن بىلەن شەمسىددىننى ۋە دۆلەتنىڭ شاھ دوغلاتلىرىنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. قەمەرىددىننىڭ ئورنىغا ناھايىتى ياش،

---

1. مۇسۇلمان تارىخچىلىرى بارتولدقا قارشى ھالدا خۇدايدات پەقەت باشقا ئىدى. ــ دەيدۇ.
2. ئۆزبېكىستاندىكى بىر تۇپلامنى.
3. ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان.

تەجرىبىسىز خۇدايداتنى بەگلەر بېگى مەنسىپىگە چىقاردى.
ئىلياس خوجا بۇ قېتىمقى سىياسىي ئىسلاھاتتا دۆلەتنىڭ ھەربىي، سىياسىي، مەمۇرىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن ئاساسلىق ئەربابلىرىنى ئىشتىن بوشىتىپ، زور خەتەر پۈتۈن بېرىش ئېھتىمالىنى پەيدا قىلدى. ئۇ بۇ قىلمىشى بىلەن بىرىنچىدىن، خەلقنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچراپ، خەلق نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئىككىنچىدىن، تۇغلۇق تۆمۈر دۆلىتىنى بەرپا قىلىشتا ئاجايىپ كۈچ چىقارغان قەمەرىددىن باشلىق دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلياس خوجا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا چىقارغان ئادەملەر ياش، تەجرىبىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئىچكى ئورگانلىرىدا كۈچلۈك زىددىيەت ئەۋج ئالدى. ئىلياس خوجا دۆلىتىدە پەيدا بولغان يۇقىرىقى ئىچكى، تاشقى زىددىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كېتىشى، ئىلياس خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتتى. نەتىجىدە قەمەرىددىن ھىجرىيە 770 - يىلى (مىلادى 1368 - يىلى) ئىلياس خوجىنى يېڭىپ، 18 شاھزادىنى بىراقلا قەتل قىلدى. پەقەت خۇدايدات نارەسىدە خىزىرخوجىنى قاچۇرۇۋېتىشكە مۇيەسسەر بولالىدى. قەمەرىددىن قاراشەھەردە مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. 1369 - يىلى كۆرۈنۈشتە ئىچكى ئۇرۇش تۈگىگەندەك تۇراتتى. چۈنكى بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى زور بىر سىياسىي كۈچ ئەمىر تۆمۈر كوراگان مەيدانغا چىققانىدى. ئۇ 1369 - يىلى ماۋرا ئۇننەھر ئەمىرى ھۆسەيىننى يېڭىپ، پۈتۈن غەربىي تۈركىستان ۋە ئافغانىستانغىچە يېتىپ بېرىپ، 1370 - يىلى ئۆزىنى پۈتۈن ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلدى. بۇ چاغدا جۇڭگودا چىڭگىز خانىدانلىقى — يۈەن سۇلالىسى يوقىتىلىپ، مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇۋاتاتتى. تۆمۈر جۇڭگو تېررىتورىيىسىدىكى بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن جۇڭگونى بېسىۋېلىش

پىلاننى تۈزدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەمەرىددىن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈر دۆلىتىنى يوقىتىۋېتىش يولىغا كىردى. ئۇ 1370 — 1405 - يىللار ئارىلىقىدا شىنجاڭغا ناھايىتى زور كۆلەمدە بەش قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، قەمەرىددىننىڭ ۋە خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقى نەتىجىسىدە شىنجاڭنى بېسىۋالالمىدى. ئەمما قەمەرىددىن زور مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرگە دۇچ كەلدى.

مانا شۇ چاغلاردا قەشقەرنى سوراپ تۇرغان خۇدايدات دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە تاشقى دۈشمەن تۆمۈرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، دادىسى بولاچى بەگ تۇغلۇق تۆمۈرنى قانداق تېپىپ كېلىپ تەختكە چىقىرىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرگەن بولسا، بۇمۇ 26 ياشقا كىرگەن خىزىر خوجىنى[1] ئوتتۇرىغا چىقىرىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى، 1389 - يىلى خىزىرخوجا خان دەپ ئېتىراپ قىلىندى. بۇ چاغدا تۆمۈر تېخى ھۇجۇمنى توختاتمىغانىدى.

بارتولدنىڭ بايان قىلىشىچە، 1390 - يىلى تۆمۈر ناھايىتى نۇرغۇن كۈچ توپلاپ، شىنجاڭنى پۈتۈنلەي بېسىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن. بارتولدنىڭ «تارىخى رەشىدى» دىن پاكىت كەلتۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە، مۇشۇ قېتىمقى ئېرتىش بويىدا بولغان جەڭدە قەمەرىددىن ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىپ غايىب بولغان.[2] تۆمۈر شۇنىڭدىن كېيىن غەرب تەرەپتىكى ئۇرۇشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ خىزىر خوجىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋېلىشىغا دەخلى قىلالمىدى.

1397 - يىلى خىزىر خوجا تۆمۈرگە ئۆز ئوغلى شەمئىي

---

① بەزى مەلۇماتلاردا ئېيتىلىشىچە، خىزىر خوجا دادىسى تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپات بولغان چاغدا تېخى ئەمچەكتىكى بوۋاق بولۇپ، قەمەرىددىن قۇدرەت تاپقان چاغلاردا، خىزىر خوجا قەشقەر بىلەن بەدەخشان ئوتتۇرىسىدىكى تاغدا يوشۇرۇن تەربىيە ئالغان، كېيىن دۆلەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ بويىدا 12 يىل تۇرغانىمىش.

② شەرق مۇسۇلمان تارىخچىلىرى قەمەرىددىن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغاندا، خىزىر خوجىنى خۇدايدات كۆچابا بىللە ئېلىپ كەتكەن دەيدۇ (ئاپتوردىن).

جاھاننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. تۆمۈر ئەلچىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سىڭلىسى تەۋەككۇل ئاغانى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. تۆمۈرنىڭ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنىدۇ. تەۋەككۇل ئاغا تۆمۈر ئوردىسىدا «كىچىك خانىم» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئۆتىدۇ. خىزىر خوجا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يىللاردا تۆمۈر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى نورمال داۋاملاشتۇرىدۇ.

خىزىر خوجا 1399 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. پەرغانە ھۆكۈمدارى ئۆمەر شەيخنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر خىزىر خوجىنىڭ تۆت ئوغلى — شەمئىي جاھان، مۇھەممەت ئوغلان، شىرئەلى، شاھ جاھانلار ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىپ بولغان جېدەلدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

«تۆمۈر جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چوڭ ھازىرلىق قىلىدۇ. مۇشۇ مەقسەت بىلەن 1404 - يىلى موغۇلىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى تۆمۈرنىڭ تېخى يېشىغا توشمىغان نەۋرىسى ئۇلۇغبەك باشچى قىلىپ قويۇلغان تاشكەنت ۋىلايىتىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ بېرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننى بولسا پەرغانە ۋىلايىتىگە بويسۇندۇرۇپ بېرىدۇ»①.

ماۋرا ئۈننەھرنىڭ ھۆكۈمدارى ئۇلۇغبەك شىنجاڭنى ئىگىلەش ئۈچۈن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادى ۋەيسخاننىڭ 1434 - يىلى ئۆلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرگە ساتۇقخاننى ئەۋەتىدۇ. ئەمما ساتۇق قەشقەر خەلقى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن موغۇل ئەمىرلىرى ۋەيسخاننىڭ ئىككى ئوغلى (تېخى يېشىغا توشمىغان) ئېسەن بۇقا بىلەن يۇنۇسخاننى ھاكىمىيەتكە چىقىرىشتا ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

① بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، 80 -، 81 - بەتلەر.

ئاخىر ئېسەن بۇقا تەرەپدارلىرى ئۈستۈن كېلىپ يېڭىلىپ چىقىدۇ. بۇ ئىشقا قول تىققان ئۆلۈغبەك ئادەملىرى يۇنۇسخاننى ماۋرا ئۇننەھرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. يۇنۇسخان مەشھۇر تۆمۈر تارىخچىسى شەرەپىددىن يەزدى قولىدا يەزدىدە 12 يىل تەربىيىلىنىپ، ئاندىن پېرسىيىگە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ پېرسىيىدە 17 ، 18 يىل تەربىيىلىنىدۇ. بۇنى تۆمۈر ئەۋلادى يىراق ستراتېگىيە ئۈچۈن مەقسەتلىك ھالدا قىلغانىدى.

ئېسەن بۇقا 1456 - يىلغا كەلگەندە تۆمۈر ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ئەنسىز قوشنىغا ئايلاندى. ئېسەن بۇقا بىلەن سۇلتان ئەبۇسەئىد ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە قېتىم جەڭ بولۇپ ئۆتتى. ئاخىر سۇلتان ئەبۇسەئىد ئېسەن بۇقىنى تىنچىتىش ئۈچۈن پېرسىيىدىن يۇنۇسخاننى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەردى ۋە ئىبراھىم قاتارلىق قوماندانلارنى قوشۇپ، قوراللاندۇرۇپ، ئېسەن بۇقىغا قارشى ماڭغۇزدى. لېكىن ئۇلار ئېسەن بۇقىدىن يېڭىلىپ پەرغانە بىلەن يەتتە سۇ ئارىلىقىدىكى ئەبۇسەئىد يۇنۇسخانغا ئىنئام قىلغان يەتتە كەنت (چىتى كەنت) كە كېلىپ ئورۇنلاشتى.

ئېسەن بۇقا 1462 - يىلى خانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى.

ئېسەن بۇقاخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى يۇنۇسخاننىڭ قولىغا ئۆتتى. 1468 ، 1469 - يىللىرى ئېسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى دوس مۇھەممەت ئاقسۇ ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئۇ جايلارمۇ يۇنۇسخاننىڭ قولىغا ئۆتتى. دوس مۇھەممەتنىڭ ئوغلى كېپەك سۇلتان تۇرپاننى تۆت يىل ئىدارە قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر يۇنۇسخاننىڭ ھىيلىسى بىلەن ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، تۇرپانمۇ يۇنۇسخاننىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ 1472 - يىلى ئەتراپىدا شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى

يۇنۇسخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بىر پۈتۈن دۆلەتكە ئايلاندى. يۇنۇسخان ئەبۇسەئىدنىڭ ئوغۇللىرىغا قىزلىرىنى بېرىپ ئۇرۇغ ـ تۇغقان بولغانىدى. لېكىن ئۇ ئۆمەر شەيخنىڭ ئاتىسى ئەبۇسەئىد زامانىدىلا پەرغانىنى قولغا كىرگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، بۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. كېيىن ئەبۇسەئىدنىڭ ئوغۇللىرى ئەخمەت مىرزا بىلەن ئۆمەر شەيخنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش ماجىرالىرىغا قول سېلىپ، 1482 ـ يىلى سايرامنى، 1484 ـ يىلى تاشكەنتنى ئۆز يەرلىرىگە قوشۇۋالدۇ. لېكىن يۇنۇسخان پۇقرالىرى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى ئىدى. ئۇ شەھەر ھاياتىدا ئۇسۇپ چوڭ بولغىنى ئۈچۈن كۆچمەن ھاياتقا زادىلا كۆنەلمىدى.

يۇنۇسخاننىڭ ماخمۇتخان، ئەخمەت دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئەخمەتنىڭ جىيەنى بابىر (بابىر بولسا يۇنۇسخان ئۆمەر شەيخكە بەرگەن قۇتلۇق نىگار خانىمنىڭ ئوغلى ئىدى) نىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەخمەت ئىسمى جىسمىغا لايىق يايلاق ئوغلى ئىكەن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، كۈچلۈك، قاتتىق قول، باتۇر جەڭچى بولۇپ، قىلىچنى باشقا ھەر قانداق قورالغا قارىغاندا ئۈستۈن قويىدىكەن. ئۇ موڭغۇلچە كىيىنىپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭ قورال سايمانلىرى، ئېتىنىڭ جابدۇقلىرىمۇ موڭغۇل ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن ئىكەن، ئەخمەت بۇ ئىككى جەڭدە قالماقلارنىڭ (ئۇيراتلارنىڭ) تەيجىسى ئېسەننىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىدۇ. ئەخمەتنىڭ مۇنداق جاسارىتى قالماقلارغا شۇنداق تەسىر قىلغانىكەنكى، ئۇلار بۇنىڭغا ئەخمەت «ئالاقچى»① دېگەن لەقەمنى بېرىدۇ. مانا شۇ ئەخمەت مەنسۇرخاننىڭ شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدىكى يەرلىرىگە خان بولدى. خەلق ئۇنى خان دەپ ئېتىراپ قىلدى. كۆچمەنلىك

---

① «ئالاقچى» ـ ئۆزۈن، ئېگىز، تۈز ۋە قاتىل دېگەن مەنىدە.

ھاياتىغا كۆنمىگەن يۇنۇسخان ماۋرا ئۇننەھردە قالمۇەردى.

يۇنۇسخان 1487 - يىلى پالەچ كېسەلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. يۇنۇسخاننىڭ ئورنىغا 1463 - يىلى (ياكى 1464 - يىلى) تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى ماخمۇت خان بولۇپ، يۇنۇسخاننىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى تېررىتورىيىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلدى. ماخمۇت دادىسى يۇنۇسخاندەك بىلىملىك ئادەم بولۇپ، ئانچە - مۇنچە شېئىرمۇ يازاتتى. لېكىن ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلاردا بوشاڭ، ئىستىداتسىز ئادەم ئىدى. بۇ چاغدا تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتى مۇنقەرزلىككە يۈزلىنىپ، ھالاك بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

يۇنۇسخان (1456 - يىلدىن 1487 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسمىدا - جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇستەقىل دوغلاتلار ھاكىمىيىتى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭ يۇنۇسخان دەۋرىدىكى گەۋدىلىك ۋەكىلى ئابابەكرى مىرزا ئىدى.

«تارىخى رەشىدى» («زەيلى» ئاخىرى) نىڭ ئاپتورى ماخمۇت جوراسنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا ئابابەكرى مىرزا، سانىز مىرزا، ھەيدەر مۇھەممەت مىرزىلار سەئىد ئەلىنىڭ ئوغلى ئىدى. سەئىد ئەلى يۇقىرىدا بىز كۆرۈپ ئۆتكەن دوغلات پولاتچى بەگ (بولاچى بەگ) نىڭ ئوغلى خۇدايداتنىڭ نەۋرىسى ئىدى. سەئىد ئەلى مىرزا دوغلاتلارغا ۋارىسلىق قىلىپ قەشقەر، يەركەن، خوتەنگە 24 يىل ھۆكۈمران بولدى. سەئىد مىرزا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى سانىز مىرزا يەركەننى پايتەخت قىلىپ تۇرۇپ، يۇقىرىقى جايلارغا يەتتە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

سانىز مىرزا دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى مۇھەممەت ھەيدەر («تارىخي رەشىد» نىڭ ئاپتورى

مۇھەممەت ھەيدەر ھۆسەيىننىڭ بوۋىسى) قەشقەر خەلقىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەۋلادى ئېسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دوس مۇھەممەت ئاقسۇ ۋە ئۇنىڭ شەرقىگە ھۆكۈمران بولۇپ، مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا قارشى ئەسكەر تارتىپ كەلدى. بۇ چاغ يۇنۇسخاننىڭ ئېسەن بۇقا ئوغۇللىرىدىن ھاكىمىيەت تالىشىش دەۋرى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا يۇنۇسخان تەرەپكە ئۆتۈپ، دوس مۇھەممەتنى چېكىندۈردى، بۇ چاغدا ئابابەكرى مىرزا، دوس مۇھەممەتنىڭ سىڭلىسى ھۆسنىگارغا ئۆيلىنىپ، دوس مۇھەممەتنىڭ قېشىدا تۇراتتى. يۇقىرىقى ۋەقەدىن كېيىن ئابابەكرى تاغىسى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ يېنىغا (قەشقەرگە) قېچىپ بېرىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ تېگىگە تېخى ھېچكىم سەزمىگەن چوڭ پىلان يوشۇرۇنغانىدى. ئىلاجسىز قالغان دوس مۇھەممەت ئۇنىڭ كەينىدىن ھۆسنىگارنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ بەردى. دوس مۇھەممەت ئۆلگەندىن كېيىن ئابابەكرىنىڭ ئانىسى جىماك ئاغىچىنى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا نىكاھىغا ئالدى. بۇ ھال ئابابەكرىنىڭ كەلگۈسى ھەرىكىتى ئۈچۈن تېخىمۇ قولايلىق شارائىت يارىلىشىنىڭ يەنە بىر ئامىلى بولۇپ قالدى.

مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭ ھاكىمىيىتىنىڭ مەركىزى قەشقەر ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى قەشقەردە تۇراتتى.

ئابابەكرى ئالدى بىلەن يەركەنگە بېرىپ ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزدى. بۇنى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا ھىيلىگەرلىك بىلەن «ھاكىمىيەتنى يات قولدىن خالىي قىلدىم» دېگەن مەنىدە خەت يېزىپ ئانىسى ئارقىلىق ھاكىمدارنى ئىشەندۈرۈپ يەركەندىكى ئۆز ھاكىمىيىتىنى قانۇنلاشتۇرۇۋالدى ۋە ئىككى-ئۈچ يىل مۇھەممەت ھەيدەرگە سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ، ياخشى

مۇئامىلە قىلدى. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا قاتتىق قول، ئىستىبدات، نادان ئادەم ئىدى، ئابابەكرى ئۇنىڭ ئەكسىچە ھىيلىگەر، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ توپلىغان خەزىنىسىنى ئالدى بىلەن ئۆز يېنىغا ئادەم توپلاشقا ئىشلەتتى. ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە ئاقسۇ، قەشقەردىكى تالانتلىق ئادەملەر قېچىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىغا توپلاندى. ئۇ خوتەننى سوراۋاتقان خان نەزەر مىرزا، قۇل نەزەر مىرزىلارنىڭ مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا بىلەن بولغان ئىچكى زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى يوقىتىشنى ئانىسى ئارقىلىق مۇھەممەت ھەيدەرگە تەستىقلىتىۋېلىپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ، خوتەننى بېسىۋالدى. ئابابەكرى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنى ئالداپ خەت يېزىپ، ئۇنىڭ قوماندانلىرىنى بەدەخشانغا كەتكۈزۈۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر ئالدانغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇرۇشقا ئاتلاندى، لېكىن قاتتىق يېڭىلدى. ئۇ ئىلاجسىزلىقتىن شەرقىي شىنجاڭ ھۆكۈمدارى يۇنۇسخاندىن ياردەم سورىدى. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا، يۇنۇسخانلار 1482 ـ ، 1483 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئابابەكرىگە قارشى كۈچ توپلاپ، يەركەنگە ھۇجۇم قىلدى. لېكىن بۇ چاغدا ئابابەكرى ھەربىي كۈچىنى يېتەرلىك مۇنتىزىملاشتۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار يەنە يېڭىلىپ، قەشقەرنىمۇ ئۇرالماي، ئاقسۇغا چېكىندى. نەتىجىدە قەشقەرمۇ ئابابەكرى قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

يۇنۇسخان ئىككىنچى قېتىم كۈچ توپلاپ ئابابەكرىگە قارشى ئاتلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، چۈنكى ماۋرا ئۇننەھردە كۆيئوغلى ئۆمەر شەيخ بىلەن ئەخمەت مىرزا (ئەبۇ سەئىد ئوغۇللىرى) ئارىسىدا ھاكىمىيەت، تېررىتورىيە جېدىلى چىقىپ شۇنى ئېرىش ئۈچۈن ماۋرا ئۇننەھرگە يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغ ئابابەكرى ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە

كېڭەيتىشكە ياخشى پۇرسەت بولدى.

يۇنۇسخان 1487 - يىلى پالەچ بولۇپ تاشكەنتتە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا چوڭ ئوغلى ماخمۇت چىقتى. ئۇ ماۋرا ئۇننەھردە ئۆز يەرلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە خېلى نورغۇن كۈچ چىقاردى ۋە بۇ جەھەتتە خېلى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئەمما 1500 - يىللىرىدىن باشلاپ ئوبۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى ئۆزبېك خانى مۇھەممەت شايبانىخان ناھايىتى تېزلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىگە كۆتۈرۈلدى.

ماخمۇتخان دەسلەپتە شايبانىخاننىڭ غەربىي تۈركىستاننى — بۇخارا، سەمەرقەنتنى ئىگىلىشىگە ياردەم بەردى. لېكىن ئاز ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ ماخمۇتخانغىمۇ قىلىچ كۆتۈردى. ماخمۇتخان شايبانىغا تەڭ كېلەلمەي شەرقىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ئىنىسى ئەخمەتخانغا مۇراجىئەت قىلدى. ئەخمەتخان شىنجاڭدا ئۆز ھاكىمىيىتىگە قارشى بولغان ئۇيراتلار، قازاقلار ھۇجۇمىنى بىر نەچچە قېتىم تارمار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ ئالغان ئابابەكرىنى تارمار قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى.

ئەخمەتخان موغۇلىستاننى ئۆزىنىڭ 19 ياشلىق چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننىڭ باشقۇرۇشىغا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئوغۇللىرى خېلىلخان بىلەن سەئىدخاننى ئېلىپ تاشكەنتكە كەلدى. 1503 - يىلى شايبانىخان بىلەن ئاقسىكەت دېگەن جايدا جەڭ باشلاندى. شايبانىخان تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن موغۇل ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلدى. ئەخمەتخان، ماخمۇتخان ئاكا - ئۇكا ئوغۇللىرى بىلەن ئەسىرگە چۈشتى. شايبانىخان ماخمۇتتىن تاشكەنت ۋە سايراملارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى موغۇلىستانغا قويۇۋەتتى. ئاكا - ئۇكا ئىككىنچى يىلى قىشنى ئاقسۇدا بىللە ئۆتكۈزدى. ئەخمەت ئاقسۇدا پالەچ بولۇپ ۋاپات بولدى. ماخمۇت ئاقسۇنى ۋە شىنجاڭنىڭ شەرقىي

قىسمىنى ئۆزىنىڭ جىيەنلىرىگە تاشلاپ بېرىپ، يەتتە كەنتكە بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئاقسۇدا ئەخمەتخاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۇكىسى خەلىل سۇلتان يەتتە سۇغا بېرىپ قىرغىزلارغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى بولۇۋالدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئەخمەتخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى سەئىدخان دادىسى بىلەن ئۆزبېكلەر قولىدىن قېچىپ چىقىپ، خەلىلغا قوشۇلدى. ئۇ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن يەتتە كەنتتىكى تاغىسى ماخمۇتنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ تاغىسى ماخمۇتنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا ئىچى پۇشۇپ ئۇزاق تۇرماي يەنە خەلىلنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، تۆت يىل تۇردى. بۇ چاغدا ئاكا - ئۇكا ئىككىسى تاغىسى ماخمۇتنىڭ چىرىك، ئىستىبدات ھاكىمىيىتى بىلەن ئۇچۇق دۈشمەنلەشتى. بۇلارنى سۈلھە قىلىش ئۈچۈن ئىنجاڭدىن مەنسۇرخان كېلىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. كۆرۈنۈشتە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ياخشى بولغاندەك قىلسىمۇ، مەنسۇر ئەتكەندىن كېيىن دۈشمەنلىك تېخىمۇ كۈچەيدى، چۈنكى ئۇلار ئارىسىدىكى تۈپكى زىددىيەت ھەل قىلىنمىغانىدى. نەتىجىدە خەلىل بىلەن سەئىد ماخمۇتنىڭ يەتتە كەنتنى مەركەز قىلغان يەتتە سۇدىكى ھاكىمىيىتىنى ئۆرۈۋەتتى. ئامالسىز قالغان ماخمۇت 1508 - يىلى ماۋرا ئۇننەھرگە بەش ئوغلى بىلەن كېلىپ شايبانىخانغا تەسلىم بولدى. ۋەھشىي ئىستىبدات شايبانىخان ئۆزىنىڭ غەربىي تۈركىستانغا كىرىشىگە شۇنچە چوڭ ياردەم بەرگەن سۇلتان ماخمۇتخاننى سىر دەريا بويىدىكى خوجەنتتە بەش ئوغلى بىلەن قوشۇپ بىراقلا قەتل قىلدى.

بۇنى ئاڭلىغان مەنسۇرخان يەتتە سۇدا مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان ئىككى ئىنىسى خەلىل بىلەن سەئىدخانلارغا قارشى ئەسكەر تارتىپ كېلىپ ئالمۇتا يېنىدا (بەزى ماتېرىياللاردا چارىن يېنىدا دېيىلىدۇ) قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزۇل -

كېيىن تارمار قىلدى. خېلىل پەرغانىگە قېچىپ كېلىدۇ، لېكىن بۇ جاينىڭ ھۆكۈمرانى بولغان جانىبەك تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. سەئىد خان نارىننىڭ يېنىدىكى ئورمانلىقلا قېچىپ كىرىپ پاناھلاندى.

مانا شۇ ۋەقەلەردىن كېيىن شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدىكى ئالتە شەھەر ۋە ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا سۇلتان ئابابەكرى دوغلات ھۆكۈمران بولغان بولسا، كۇچادىن قۇمۇلغىچە، باركۆلدىن بەش بالىققىچە، ئىلىدىن يەتتە سۇ، ئىسسىق كۆل بويلىرىغىچە ئەخمەت ئالاچى بەگنىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

سەئىدخان نارىن جاڭگاللىقىدا بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى ھەمراھلىرىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن پەرغانىغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە ئەسىرگە ئېلىنىدى. لېكىن ئۇ يەنە ھەمراھلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قېچىپ قۇتۇلۇپ، كابۇل شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. 1508 - يىلى ئۇ مانا شۇ كابۇل شەھىرىدە ئاتاقلىق ھىندى شاھى زوھىردىن بابۇر ھوزۇرىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. سەئىدخاننىڭ بابۇرغا بېرىپ پاناھلىق تىلىشى، ئۇنىڭدىن ياردەم ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنى شىنجاڭدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەشنى مەقسەت قىلاتتى.

سەئىدخاننىڭ بۇ مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇش - زىددىيەتلىرى پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى.

سەئىدخان ۋە خېلىل خانلارنى ئالمۇتا ئەتراپىدا يېڭىپ يەتتە سۇنى ئىگىللىۋالغان مەنسۇرخان ئەمدى ئابابەكرىنىڭ ئەمىر ۋەلى قوماندانلىقىدا ئەۋەتكەن كۈچلۈك قوشۇنىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. يەتتە سۇدا قاتتىق يېڭىلگەن مەنسۇرخان ھەتتا ئۆز دۆلىتى شىنجاڭدا (ئاقسۇدا) پۇت تىرەپ تۇرالماي، يەتتە سۇدىن

ئۆزى بىلەن بىللە چېكىنگەن قىرغىزلار بىلەن چالىش (قارا شەھەر) قا چېكىندى.

مانا بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى سىياسىي كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقىدىكى بىرىنچى ئۆزگىرىش بولسا، ئىككىنچى چوڭ ئۆزگىرىش شۇ بولدىكى، تۆمۈرىلەر دۆلىتىگە خاتىمە بەرگەن ئۆزبېك خانى شايبانىخاننى 1510 - يىلى ئەتراپىدا قازاق خانى قاسىم تارمار قىلىپ، 1512 - يىلى تالاش ۋە سايراملارنى ئىشغال قىلىپ، تاشكەنت ئەتراپىنى تالان - تاراج قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۆزبېك دۆلىتى قايتا بىرلىككە كېلەلمەي، پارچىلىنىپ، بۇخارا، خىۋە، پەرغانە خانلىقلىرىغا بۆلۈندى.

سەئىدخان ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي شارائىتىدىكى يوقىرىقى ئۆزگىرىشلەردىن تاشقىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي مۇھىتىدىكى ھۆكۈمران سىياسىي كۈچلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان قازاق خانى قاسىمخان بىلەن بولغان ئالاقىسى بولدى. قاسىمخان سەئىدخاننىڭ بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ تۇنجى قىزى سۇلتان نىگارخانىمنى ئالغانىدى. بۇ چاغدا سۇلتان نىگارخانىم قاسىمخان ئائىلىسىدە ھەممە تەرەپتىن ئابرويى ئۈستۈن مۆتىۋەر ئايال ئىدى.

سەئىدخان بابۇر دەرگاھىدا خىزمەتتە تۇرۇپ، 1513 - يىلى كۈز پەسلىدە قاسىمخاننىڭ چۇ دەرياسى ياقىسىدىكى قارارگاھىغا قاسىمخاننى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلدى. بۇ چاغدا قاسىمخان 65 ياش ئەتراپىدىكى كىشى ئىدى. قاسىمخان ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىغا ۋە ياش جەھەتتە سەئىدخاندىن چوڭلۇقىغا قارىماي، سەئىدخانغا ئۆزىنى كىچىك ئوغۇل ھېسابلاپ ئۇنى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت — داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى.

سەئىدخان ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي مۇھىتىدىكى ئۆزىگە پايدىلىق شەرت - شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بابۇر ۋە قاسىمخاننى ئۆزىگە ھەربىي ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ 4700 كىشىلىك

قوراللىق قوشۇن تەييارلاپ ئالدى. سەئىدخان 1514 - يىلى بابۇردىن ئايرىلىپ، قەشقەرنى مەركەز قىلغان شىنجاڭ هۆكۈمرانى ئابابەكرى بىلەن جەڭ قىلىشنى قارار قىلدى.

سەئىدخان قوشۇنىنى باشلاپ تورغات داۋانىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، ئابابەكرىنى ئۆزۈل - كېسىل تارمار قىلدى.

سەئىدخان جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆزىگە تولۇق بويسۇندۇرغاندىن كېيىن يەركەننى ئۆز دۆلىتىنىڭ قارارگاھى قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ چاغدا پۈتۈن شىنجاڭدا تولۇق خاتىرجەملىك، تىنچلىق ئەسلىگە كەلدى. لېكىن تېخى شىنجاڭ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلانغان سەئىدخان دۆلىتى قارىمىقىغا كىرمىگەنىدى. چۈنكى شىمالىي شىنجاڭنى تۇرپاننى مەركەز قىلغان ھالدا ئاكىسى مەنسۇرخان ئىگىلەپ تۇراتتى. سەئىدخان پۈتۈن شىنجاڭنى (يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى، تىنچلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئاكىسى مەنسۇرمۇ سەئىدخاننىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ھەربىي قۇدرىتىدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئىنىسى سەئىدخان بىلەن سۈلھى قىلىپ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىيالىغا كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇ ئالمۇتا ئۇرۇشىدىكى ئىشىدىن ئۈچ ئالدۇ دەپ بەك قورقاتتى.

بۇ چاغدا غەربىي ئاسىيادىكى ئۆزبېك خانلىرىنىڭ ئۆز ئارا قىلىشىۋاتقان ئىچكى جېدەل - ماجىرالىرى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» لىرى بولغان «ئەۋلىيا» سوپىلارنىڭ ئەجدادىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان «مۇقەددەس» تەييار «بەخت - سائادەت» لىرىنى ۋە شېرىن چۈشلىرىنى رەھىمسىزلەرچە بۇزۇپ تاشلىغىنى ئۈچۈن، ئۇلار توپ - توپى بىلەن شەرققە — شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ خانلىرىنىڭ ئوردىلىرىنى پاناھ قىلىپ، ئوردا ھاكىمىيىتىنىڭ

ئىستىبدات تۈزۈملىرىگە ئايلانماقتا ئىدى. ئۇلار فېئودال ئىسلام شەرقىدىكى خەلق ئېتىقادىدا قانچىلىك ئىشەنچكە ئىگە بولۇپ، فېئودال ئوردا ھاكىمىيىتىدىن قانچىلىك ئىمتىيازغا ئېرىشىپ، سۇلۇكتەك تەييار تاپلىق ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن بولسا، شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەنلىرى «يوقىتىلغان جەننىتى»نى باشقىدىن قولغا كەلتۈرۈپ يىلتىز تارتماقتا ئىدى.

مەنسۇرخان يۇقىرىقى خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دادىسى ئەخمەتخاننىڭ «پىرى»، ئۆز ئوردىسىنىڭ مەنىۋى «تۈۋرۈكى» ھېسابلانغان، ئۇلۇغبەكنىڭ قاتىلى بولغان ئەڭ چوڭ پومېشچىك ئىشان خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرارنىڭ ئوغلى خوجا تاجىدىننى ئىشقا سالدى.

نەتىجىدە، 1516 - يىلى ئاقسۇ بىلەن كۇچار ئوتتۇرىسىدىكى «ئاربات» دېگەن جايدا مەنسۇر بىلەن سەئىدخان ئىككىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تولۇق سۈلھ ئورناتتى. مەنسۇرخان تۇرپان ۋە قاراشەھەرلەرنى بىۋاستە باشقۇرغۇچى شەرقىي شىنجاڭ ھۆكۈمرانى؛ ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى ئىمىن خوجا ئۇچتۇرپان، ئاقسۇلارنى؛ ئۈچىنچى ئىنىسى باباچاق سۇلتانباي بىلەن كۇچارنى باشقۇردى. ھەممىنىڭ ئۈستىدە ئالىي ھۆكۈمران سەئىدخان تۇراتتى.

سەئىدخان پۈتۈن شىنجاڭنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن يەتتە سۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىمۇ ئۆز تەسىرىگە ئېلىپ، ئابابەكرى بىلەن جەڭ قىلغاندا خىزمەت كۆرسەتكەن قىرغىز مۇھەممەتنى بۇ جايدىكى قىرغىزلارغا يولباشچى قىلىپ بېكىتىپ قويدى.

دۆلەت ئامانلىقىنى ساقلاش ۋەزىپىسى تارىخچى مۇھەممەت ھەيدەرگە تاپشۇرۇلدى. 1517 - يىلى، قىرغىز مۇھەممەت باشقىدىن باش كۆتۈرۈپ تۈركىستان، تاشكەنت، سايراملارغا ھۇجۇم قىلىپ، سەئىدخان ھاكىمىيىتىگە خەۋپ تۇغدۇردى. ئۇنى ئىنىسى ئىمىن خوجىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ماسلىشىشى

بىلەن بېسىقتۇرۇپ، مۇھەممەتنى ئەسىرگە ئالدى. 1522 - يىلى قىرغىزلار يەنە باش كۆتۈردى. بۇنىڭغا ئوغلى ئابدۇرىشىتخاننى باش قىلىپ، ئەسىرگە ئېلىنغان مۇھەممەتنى ئازاد قىلىپ، قوشۇپ بەردى. ئۇلار قىرغىزلارنى تولۇق بويسۇندۇرۇپ، سەئىدخان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوشقار دېگەن جايدا مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇردى ۋە قاچالماي قالغان بىر قىسىم قىرغىزلارنى يىغىپ ئۆز ئېلىگە قوشۇۋالدى. ئابدۇرىشىتخان قوشقاردا مۇقىم تۇرۇپ ئۆز دۆلىتىنى مۇداپىئە قىلدى. بۇ جايغا ئارىلاپ - ئارىلاپ سەئىدخان ئۆزىمۇ كېلىپ تۇردى.

1524 - يىلى سەئىدخان دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن يەتتە سۇنىڭ شىمالىي تەرىپىنى سوراپ تۇرغان قازاق خانى قاسىمنىڭ جىيەنى تاھىر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تاھىرنىڭ سىڭلىسىنى ئوغلى ئابدۇرىشىتخانغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ موڭغۇللار بىلەن بىرلىشىش نىيىتىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ يىللاردا موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى بىر نەچچە قېتىم تارمار قىلغان ئابدۇرىشىتخانغا «غازى» دېگەن نام بېرىلگەنىدى.

سەئىدخان ئۆز دۆلىتىنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنى بابۇر بىلەن «قوش تەۋەلىك» ھالغا كەلتۈردى. 1528 - يىلى دانا شاھ سەئىدخان ئۆز دۆلىتىنىڭ يىراق ئىستىقبالىنى كۆزلەپ چوڭ ئوغلى ئابدۇرىشىتخاننى ئۆزىنىڭ ۋەلى ئەھد (تەخت ۋارىسى) لىكىگە تەيىنلىدى. ئۇنى ئېتىمۇ كۈچلۈك چېنىقتۇرۇش مەقسىتىدە ئىنىسى ئىمىن خوجىنىنى ئاقسۇ ۋالىيلىقىدىن بوشىتىپ، قايتۇرۇپ كېلىپ، ئورنىغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى.

غەربىي تىبەت (ھازىرقى لاداق ۋە بالتىستان) سۇلتان

ئابابەكرىنىڭ زامانىسىدە شىنجاڭغا تەۋە ئىدى. ئارىدىكى قالايمىقانچىلىقلاردا ئۇلار بۇ تەۋەلىكتىن چىقىپ ئۆز ئالدىغا پارچىلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم بەگلىكلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. كەشمىر مۇ خۇددى شۇنداق ئىدى. سەئىدخان بۇ جايلارنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كىرىشتى. 1532 - يىلى كۆيئوغلى ھەيدەر مىرزا («تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى) بىلەن كىچىك ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننى چوڭ قوشۇن بىلەن لاداققا ماڭغۇزدى. ئۇلار شۇ يىلى لاداقنى ئىشغال قىلدى. 1533 - يىلى كەشمىر پادىشاھلىقىنى لاسا قىلىپ بىتىم تۈزۈلدى. سەئىدخان ھەيدەر مىرزا بىلەن ئىسكەندەر سۇلتاننى كۈچلۈك قوشۇن بىلەن يۇرۇش قىلىپ، پۈتۈن تىبەتنى تەسلىم قىلىش ئۈچۈن لاساغا يۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى قارا قۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق يەركەنگە قايتقاندا يەختكە قارشى يولدا تۇتەك تېگىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جەسىدىنى خانلىق ئوردىنىڭ بېغىغا دەپنە قىلدى. ھازىر بۇ جاي يەركەندىكى ئالتۇنلۇق دېيىلىدۇ.

بۇ چاغدا ئابدۇرىشىتخان ئاقسۇدا ئىدى. سەئىدخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەمىر كېبىر ۋە قەشقەرنىڭ ۋالىيسى سەئىد مۇھەممەت مىرزا («تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى ھەيدەر مۇھەممەت مىرزىنىڭ تاغىسى) يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغاندا سېزىلىپ قېلىپ ئابدۇرىشىتخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگىنى ئۈچۈن ھەيدەر مىرزا ئۆز بېشىدىن قورقۇپ تىبەتتىن شىنجاڭغا قايتماي بابۇر شاھنىڭ كەشمىردىكى ھاكىمى ھومايۇننىڭ قېشىغا كەتكەنىدى. ئۇ 1542 - يىلىدىن 1546 - يىلىغىچە بولغان تۆت يىل جەريانىدا دۇنياغا داڭلىق بولغان ئىككى قىسىملىق «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسەرنى پارس تىلىدا يازدى. بۇ كىتاب 15، 16 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىنى

ئۆگىنىشىنىڭ ھېردىنبىر مەنبەسى بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

بۇ ئەسەر تارىخىي يادىكار بولۇشتىن تاشقىرى، «بابۇرنامە» دەك مىمۇئار خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ يىرىك ئەدەبىي نەسرىي ئەسەر ھېسابلىنىپ، ھازىرقى دەۋر ئەدەبىي يادىكارلىقلار مۇنبىرىدىنمۇ ئۆزىگە خاس قىممەتلىك ئورۇننى ئىگىلىدى.

1534 - يىلى ئابدۇرىشىتخان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئاق كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سەئىد خاندانلىقىنىڭ پۈتۈن ھەربىي قوماندان ۋە ئوردا بەگلىرىنىڭ بەيئەتى (بويسۇنۇش ۋەدىسى) نى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ خانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە ھاكىمىيىتىنى تەرتىپكە سالدى.

ئابدۇرىشىتخان ئۆز زامانىسىگە لايىق يېتىشكەن ھەربىي قوماندان، سىياسىئون ئىدى. لېكىن ئاتىسى ئۆلگەندە سەئىدخاندانلىقىنى سەئىدخان بىلەن بىللە قۇرغان، بۇ خاندانلىقتا سەئىدخان بىلەن بىللە ئىشلىگەن، ھەتتا ئاتىسى سەئىدخان بىلەن تىبەتكە «غازاتقا» بىللە بارغان، ئاتىسىنىڭ قانداق جان ئۆزگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھېيلىگەر، قارا نىيەت، سىياسىي سۇيىقەستچى ئەمىر ئىلى تاغايىنىڭ «قۇرئان» تۇتۇپ قىلغان قەسەملىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ، سەئىدخانغا ئەڭ سادىق قەشقەر ۋالىيسى ئەمىر كەبىر سىيىت مۇھەممەت مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ خاتا قىلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئىلى تاغاي ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئابدۇرىشىتخاننىڭ كەسكىن تەدبىرلىرىدىن قورقۇپ خوتەنگە قاچىدۇ. نەتىجىدە ئىلى تاغاينىڭ سۇيىقەستى پاش بولۇپ قالىدۇ. ئابدۇرىشىتخان ئۇلارنى خوتەنگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ يوقىتىدۇ. بۇ چاغدا مەنسۇرخاننىڭ ئىككى قېتىملىق قوراللىق ھۇجۇمىنىمۇ

تارمار قىلىدۇ. ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى بولغان تارىخچى ۋە شائىر ھەيدەر مىرزا ئابدۇرىشىتخاننىڭ يۇقىرىقى قىلمىشلىرىدىن قاتتىق رەنجىيدۇ. بۇ چاغدا ئۇ تىبەتتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خاندانلىقىغا قايتىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي، تۇغقىنى بابۇر شاھ (بۇ ۋاقىتتا بابۇر دۇنيادىن ئۆتكەنىدى) نىڭ ئوغلى ھومايۇن مىرزا ئالدىغا كېتىدۇ.

ئابدۇرىشىتخان ھاكىمىيەتكە چىققاندىن باشلاپ داۋاملىق ھالدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەھكەملەپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشتى.

يەتتە سۇدا موغۇللار ھاكىمىيىتى ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدىلا (1537 ـ 1570) قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىگە كەلدى. بۇ چاغدا قازاقلار تاشكەنت دائىرىسىدىكى جايلارغا ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. يۇقىرىقى ئورتاق دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئابدۇرىشىتخان ماۋرا ئۇننەھردىكى ئۆزبېكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى.

قازاقلار بىلەن يەتتە سۇدىكى توقۇنۇش تاھىرخان ۋاقتىدىلا بار ئىدى. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قاسىمخان ئۆلگەندىن كېيىن قەشقەرگە يېنىپ كەلگەن خانىش سۇلتان نىگار (تاھىرنىڭ ئۆگەي ئانىسى) نى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپمۇ بۇنى تولۇق ھەل قىلالمىغانىدى.

ئابدۇرىشىتخان ئاتىسىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەتتە سۇغا چوڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپ خاننى ھۆكۈمران قىلىپ قويغانىدى. ئابدۇلەتىپ قازاق، قىرغىزلارنىڭ باشلىقى ھەقنەزەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدا ھالاك بولدى. مىلادى 1537 ـ، 1538 ـ يىللىرى ئابدۇرىشىتخان ناھايىتى چوڭ، قۇدرەتلىك قوشۇن بىلەن قازاق خانلىقىغا ئەجەللىك زەربە بەردى. بۇ جەڭدە تاھىرنىڭ ئىنىسى ــ قازاقلار خانى

بارتولد بۇ ھالاك بولدى. بارتولد
تۇغۇم ئۆزىنىڭ 37 سۇلتانى بىلەن بىللە ھالاك بولدى. بارتولد
«مۇشۇ جەڭدىكى مەغلۇبىيەت تۈپەيلىدىن، يىراقتىكى ئەللەرگە
قازاق خەلقى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىلىپتۇ، دېگەن
خەۋەر تارقالدى» دەيدۇ. بۇ ۋەقەدىن بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ
دەھشىتىنى ۋە ئابدۇرىشىتخاننىڭ جاسارىتىنى ناھايىتى ئوچۇق
كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئابدۇرىشىتخان ئۆز دۆلىتىنى
ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈش، پارچىلىنىشلاردىن ساقلىغان
بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بەرپا قىلىپ،
ئۆز دۆلىتىنى سىرتقى تاجاۋۇزچى كۈچلەردىن ھىمايە قىلىپ،
سەئىدىيە خاندانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ چوڭ. ئەڭ
مۇستەھكەم سىياسىي كۈچكە ئايلاندۇردى. بۇ شىنجاڭدا
قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقلىرى ئىچىدە، ئەڭ ئۇزاق ھۆكۈم
سۈرگەن خانلىق بولۇپ، 1514 - يىلىدىن 1684 - يىلىغىچە
170 يىل غالىبلارچە ھايات كەچۈردى.

سەئىدخان خاندانلىقىنىڭ پۈتۈن تارىخىدىن قارىغاندا، سەئىدخان
دەۋرىدىن ئابدۇرىشىتخاننىڭ نەۋرىسى ئابدۇللاخان دەۋرىگىچە
بولغان ئارىلىقتا كۆپ قېتىم ئىچكى ھاكىمىيەت تالىشىش،
سىياسىي ئۆزگىرىش، قانلىق ۋەقە، جېدەل - ماجىرالار،
سىرتقى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بەرگەن بولسىمۇ،
ئەمما بۇ خاندانلىقنىڭ دانا رەھبەرلىرى سەئىدخان،
ئابدۇرىشىتخان، ئابدۇكېرىمخان، ئابدۇللاخانلارنىڭ پەم ۋە
جاسارەت بىلەن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى دۆلەت ۋە خەلق
تەقدىرىگە قارشى تۇغۇلغان بارلىق ئاپەتلەرگە خاتىمە بېرىپ،
خاندانلىقتا شەكىللەنگەن دۆلەت بىرلىكى، تىنچلىق ۋەزىيەتنىڭ
مۇقىملىقىنى ئۇزاققىچە ساقلاپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ
تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈرۈپ، ئۇيغۇر
مەدەنىيەت تارىخىدا توختىماس ئىز قالدۇردى.

سەئىدىيە خاندانلىقى مەركەزلەشكەن چوڭ فېئوداللىق

دۆلەت بولۇپ. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ چوڭ قۇدرەتلىك دۆلەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى غەربىي تۈركىستان قازاق، موڭغۇل، ئۆزبېك خانلىقلىرىغا پارچىلىنىپ، جېدەل - ماجىرا ئىچىدە قالغانىدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى يەركەن بولۇپ، ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قارايدىغان ئالتە شەھەر ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. خانلىقىنىڭ يەنە بىر قانىتى تۇرپان ئومۇمىي ۋالىيلىقى بولۇپ، ئۇنىڭغا كۇچادىن قۇمۇلغىچە، بەشبالىقتىن ئىلىغىچە، ئىلىدىن يەتتە سۇغىچە كەڭ مەمۇرىي رايونلار قارايتتى. لېكىن سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىن مەركەز بىۋاسىتە بىر تۇتاش باشقۇراتتى. خەلق ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئاساسلانغان دىنىي مەھكىمە شەرئى - دىنىي سوت ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى.

ھەربىي تۈزۈمى بۇرۇنقى تۈركىي دۆلەتلىرىدىكىدەك ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلمىدى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ئاجىز بولۇپ، ئۇنىڭغا خەۋپلىك ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، شۇ ۋاقىتتا سەئىدىيە خانلىقى قولىدا بار بولغان ھەربىي كۈچ كۇپايە قىلاتتى. ئىككىنچىدىن، خانلىقنىڭ مەقسىتى سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئەمەس، ئىچكى تىنچلىقنى ساقلاش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا قارىتىلغانىدى. شۇڭا خانلىق ھەم خەلقنىڭ مېنىپەئىتىنى، ھەم دۆلەت خەلقىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ستراتېگىيىسى بويىچە ھەربىي كۈچنى ئىككىگە بۆلۈپ، تۇرپاندا ۋە خانلىقنىڭ مەركىزى بولغان يەركەندە تۇرغۇزدى. پەقەت ئابدۇللاخان دەۋرىدە جۇڭغار خانلىقىنىڭ خەۋپى تۇغۇلغاندا ھەربىي كۈچنى كۈچەيتكەنىدى. خانلىق دۇنياغا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ جەمئىيەت ھاياتىدا توپ ئۆزگىرىش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ توپ قانۇنى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى

تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىگە ئۆتكەندى.

خاندانلىق ئابابەكرى زامانىدىكى خەلق ئۈستىگە ئارتىلغان ئېغىر ئالۋان - سېلىقنى بىكار قىلىپ، ئۇنى نورماللاشتۇردى. چاغاتاي زامانىسىدىكى خەلقنى سىنىپ، تەبىقىلەرگە بۆلۈپ، ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىشنى بىكار قىلىپ، خەلقنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئەمگەك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خاندانلىقنىڭ ئەمەلىي تەدبىرلىرىدىن بىرى شۇ بولدىكى، ئەڭ ئەشەددىي زالىم «ھەججاز» ① ئابابەكرى دەۋرىدە ئەڭ دەھشەتلىك زۇلۇمغا ئۇچراپ ھەر تەرەپكە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن خەلقلەرنى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەندىن تاشقىرى، نۇرغۇن دېھقانلارنى مەكىت، مارالبېشى، پەيزىۋات، قاغىلىق، چىرا، كېرىيە، كەلپىن، ئاقسۇ ئاۋات قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، ئۇلارغا يەر، سۇ تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەسلى قاقاس بولغان بۇ جايلارغا دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىپ، بىر يۈرۈش سۇ ئىنشائات تورلىرىنى بەرپا قىلىپ بېرىشى، بۇ جايلارنى دېھقانلارنىڭ باغۇبوستانلىققا ئايلاندۇرۇۋېلىشىغا سەۋەب بولدى. خوتەن، كېرىيە ئارىلىقىدىكى مانگۇي، گۇلخۇمار، قاراقىر بازار يۇرتلىرى، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ ئاۋات، كۇچارنىڭ يېڭىسار، شەھيار ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى سانساناقسىز كەنت يېزىلارمۇ خاندانلىقنىڭ يۇقىرىقى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مەھسۇلى قاتارىغا كىرىدۇ. يايلاقلار كېڭەيتىلىپ، چارۋىچىلىقمۇ زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

سانائەتتە بۇرۇنلا ئالغا كەتكەن بۇ ماكان، بۇ دەۋردە زور كەشپىياتلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

---

① ھەججاز - ئەڭ ۋەھشىي ئەرەب قوماندانلىرىدىن بىرى.

كانچىلىقنى ھۆكۈمەت ئۆزى باشقۇراتتى؛ يېڭىسار، شايار، كۇچار، خوتەن، كېرىيە، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا تۆمۈر، مىس، ئالتۇن كانلىرى ئېچىلىپ، سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى مول خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىدى. نەتىجىدە پولات تاۋلاش، قۇيمىچىلىق، مىسكەرچىلىك، زەرگەرچىلىك، مېتال ئايرىش، ھەربىي قورال ئوق، قىلىچ، نەيزە، ئوق ئۆتمەس ھەربىي كىيىم قاتارلىق قول سانائىتى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدى. بۇ چاغدا ئالتۇن خەلق ئېھتىياجىدىن ئېشىپ سىرتقا چىقىرىلىدىغان بولدى. رۇدىچىلىق سانائىتىنىڭ بۇ تەرەققىياتى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن زامانىۋىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ھەربىي قۇدرىتىنى ئاشۇردى.

يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى توقۇمىچىلىق ئىشخانىلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە يىپەكچىلىك، ئەتلەس، شايى، بەقەسەم، ماتا، چەكمەن، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك، قەغەزچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى.

جەمئىيەت بازىسىدىكى بۇ تەرەققىيات مۇقەررەر ھالدا ئىچكى بازاردىكى تاۋار ئالماشتۇرۇشنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېلىپ كەلدى.

يىپەك يولىنىڭ تۆت كوچىسىغا جايلاشقان بۇ دىياردا مەيدانغا كەلگەن سەئىدىيە خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە، خەلقئارا بازارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. «بۈيۈك كارۋان يولى» سودىسىنى ئەجدادلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ قايتا جانلاندۇردى. ئۆتەڭلەرگە قونالغۇلار بىنا قىلدۇردى. سودا كارۋانلىرى سەئىدىيە خاندانلىقى تەۋەسىدىكى قول ھۈنەرۋەنلەر ياسىغان ۋە ئىشلىگەن ھەر خىل قاشتېشى بۇيۇملىرى، ئالتۇن،

كۆمۈش، مىستىن ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى، خىلمۇ خىل نەپىس زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، ئەتلەس، شايى، بەقەسەم، ماتا، كىگىز، چەكمەن، زىلچە گىلەم، قەغەز قاتارلىق تاۋارلارنى شەرقتە بېيجىڭ، غەربتە پۈتۈن تۈركىستان، ھىندىستان، مىسىر، ئىران، ئىراق، رىمغىچە ئاپىرىپ سېتىپ، ئۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ تاۋار ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى، ئۇ جايلارنىڭمۇ ئىلغار پەن - تېخنىكا، ھۈنەر، سانائەت يېڭىلىقلىرىنى ۋە ئۆزىگە ئېھتىياجلىق، چىنە - قاچا، فارفور بۇيۇملىرى، دورا - دەرمان، يىپەك ماللىرى قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، قول ھۈنەر سەنئىتى، تاۋار ئالماشتۇرۇش كاپىتال تىجارەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى.

سەئىدىيە خاندانلىقىدا مەيدانغا كەلگەن بۇ كۈچلۈك يۈكسىلىش ئۇنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسىدا ئەكس ئېتىپ، بىر - بىرىنىڭ يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن قىياپىتىدە ئۆز زامانىسىگە نىسبەتەن يېڭى بىر تۈسنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇستقۇرۇلمىدىكى يۈكسىلىش — بۇ يېڭىلىق ئالدى بىلەن مەدەنىيەت - مائارىپتا گەۋدىلەندى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا مائارىپ، مائارىپ ئىشلىرى ئۆز زامانىسىگە نىسبەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى مەلۇم. خانلىق ئۆز تەۋەسىدە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بېرىپ مەدرىس، مەكتەپلەر قۇرۇپ، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سۈردى.

ھازىرقى ماددىي پاكىت سۈپىتىدە يالغۇز قەشقەر شەھىرىدە ساقلىنىپ قالغان ئىزلاردىن «ساقىيە مەدرىسى»، «ۋاڭلىق مەدرىسى»، «ئەلنەزەر ئاخۇنۇم مەدرىسى»، «مۇھەممەت ھاجى ھېكىمبەگ مەدرىسى»، «ئىسمائىل باي مەدرىسى»، «پولاتباي مەدرىسى»، «شاھ پولاتباي مەدرىسى»، «ئەئىزارخان تۆرەم

مەدرىسى» ، «توقبەگ مەدرىسى» ، «ئۆمەر ھاكىمبەگ مەدرىسى» ، «مىر ئەلى قارىكالان مەدرىسى» ، «خالىقھاجىم مەدرىسى» ، «كەنجارە مەدرىسى» قاتارلىق مەدرىسلەرنىڭ نامى بىزگە مەلۇم. ئەگەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن تارىخى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى، قارىخانىيلار دەۋرى بىلەن سەئىدى خانلار دەۋرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، تېخى ئۆگىنىلمىگەن، ئەمدىلا ئۆگىنىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپ قولغا ئېلىنىۋاتقان چاغدا ئاشۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلانغان مەدرىسلەرنىڭ قايسى قايسى تارىخىي دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش قىيىن بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بىر قىسمى سەئىدىيە خاندانلىقىغا مەنسۇپلۇقىنى پەرەز قىلىش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغىنى سەئىدىيە خاندانلىق دەۋرىگە ئائىت ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئەڭ داڭلىقلىرى قەشقەردە. قەشقەر ئوردا ئىشىكى (ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ سىياسىي مەكتەپنىڭ ئورنى) گە جايلاشقان «خانلىق مەدرىسى»، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان يەركەندىكى «خانلىق مەدرىسى» (ھازىرقى قول سانائەت ئىدارىسى ھارۋا جابدۇق كارخانىسىنىڭ ئورنى) ۋە «دىۋانخانا» دۆلەتلىك كىتابخانا (ھازىرقى يەركەن غەدىگەرلىكنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئوردا كۆل ئەتراپىغا جايلاشقان) قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرى يالغۇز خانلىق تەۋەسىدە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىلمىي مەركىزىگە ئايلانغانىدى. چۈنكى بۇ چاغدا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ بازىرى قالمىغان، ئۆزبېك خانلىرى ئۆز ئارا ھاكىمىيەت تالىشىش جېدەل - ماجىرا ئوت چەمبىرىكى ئىچىدە قېلىپ، ئىلىم - مەرىپەت خاراپلىشىپ، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مەركىزى

ئەرەبتىن شەرققە شىنجاڭغا كۆچكەندى.

سەئىدىيە خاندانلىقى، بولۇپمۇ سەئىدخان، ئابدۇرشىتخان مەرىپەتپەرۋەر ھاكىمدارلار بولغىنى ئۈچۈن ئۆز ئەتراپىغا ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار ئىسلام ئۆلىمالىرىنى، ئىلىم - پەن ئەھلىلىرى، شائىر، يازغۇچىلىرىنى يىغىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا جەلپ قىلغانىدى.

دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى يۇقىرىقى سىياسىي ۋەزىيەت يۇقىرىقى بىلىم يۇرتلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بىلىم ئوچىقىغا ئايلاندۇرغانىدى. بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن خاكىئىي قەشقىرى، قىدىرخان يەركەندى، مەۋلانە خۇلقى، شائىر ئايازبېك قۇشچى، موللا يۇسۇپ قەشقىرى، مۇلىك چالىش، خوجا سالىخ، شائىرە نەفىسى (خانىش ئامانىسا) قاتارلىقلار ئىشلەيتتى.

مەدرىسلەردە ئەرەب تىلى بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، سەرىپ ۋە نەھرى (گىرامماتىكا)، پىقھە (شەرىئەت ئىلىملىرى) ۋە ئۇسۇل پىقھە (شەرىئەت ئاساسلىرىنىڭ ئىسپاتى پەلسەپىسى)، ھەدىس (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام سۆزلىرىنىڭ توپلىمى)، تەپسىر (قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ئىلمى)، كالام (ناتىقلىق)، پەلسەپە دەرسلىرى ھەممىسى ئەرەبچە كىتابلار ئارقىلىق ئۆتۈلەتتى. بۇلاردىن باشقا پارس تىلى (ئەدەبىيات كۆپرەك پارس تىلىدا ئۆتۈلەتتى)، ئوردۇ تىلى، ھېساب، تارىخ، مېدىتسىنا (تىببىي ئىلمى)، ھەندەسە (جۇغراپىيە)، ئاسترونومىيە ۋە يېزا ئىگىلىككە دائىر بىلىملەر ۋە بەلگىلىك ھالدا ئېتىكا - ئەخلاق دەرسلىرىمۇ ئۆتۈلەتتى. ئەدەبىيات بەلگىلىك ھالدا تۈركىي تىلدا ئۆتۈلىسىمۇ، ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايتتى. بۇ دەۋر مائارىپىدا ئۇيغۇر تىل يېزىقىنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى چەتلەشتۈرۈش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زور خاتالىق بولۇپ، بۇ شۇ دەۋر

ئەسىردە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا سوفىزمنىڭ راۋاجلانغانلىقى. بۇ سوفىزم ـ تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق)، شەيخ ـ ئىشانلىقنىڭ ئەسىرى شىنجاڭدا بەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەر قانداقى «بىرەر پەيغەمبەر ئەۋلادى» ئىشانغا مۇرىت ئىدى. خەلق ئەركىنلىكىنىڭ، ئىلىم ـ پەن ئەركىن تەرەققىياتىنىڭ بۇ قەبىھ دۈشمىنى ئۈستقۇرۇلما، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، خەلققە تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلىپ، فېئودالىزمنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك تۈۋرۈكى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار خەلقنى روھىي جەھەتتىن بوغۇپ، قۇل بولۇشقا ئۈندەيتتى. بۇ ئەكسىيەتچىل ئېقىم ئوتتۇرا ئاسىيانى چىڭگىزخانىنىڭ بېسىۋېلىشىغا قانداق ياردەم قىلغان بولسا، سەئىدىيە خاندانلىقىنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ بېسىۋېلىشىدىمۇ شۇنداق كۈچلۈك رول ئوينىدى.

# سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي مىراسلار ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى

مەدەنىي مىراس ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋەت مەسىلىسى ماركسىزم - لېنىنىزم تەلىماتىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولغان خەلقىمىزنىڭ قەدىمىي باي مەدەنىي مىراسلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەنقىدىي ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە ئىلمىي تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۆتمۈشتىكى ھەر قانداق بىر مۇتەپەككۇر، شائىر، يازغۇچىنىڭ تەرجىمھالى، ئىجادىي پائالىيىتى، دۇنيا قارىشى ۋە ئېتىقادىنى ئوبيېكتىپ رەۋىشتە ئىلمىي، ھەققانىيەت ئاساسىدا باھالاشتىن ئىبارەت.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئەسىرلەر داۋامىدا يارىتىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرى — ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت مۆجىزىلىرى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا، نەسىلدىن نەسىلگە ئۆتۈپ ساقلىنىپ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى چەكسىز بېيىتىپ بارىدۇ. تارىخنىڭ بۇ مۇقەررەر راۋاجى مەڭگۈ داۋاملىشىۋېرىدۇ. بىز ئەنە شۇ مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلاش، قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن، كونىنى يېڭى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرىمىز.

# سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن
# بىرى سۇلتان سەئىدخان

ئىمىل ئىسىن «چاغاتاي دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا خانلىق سىستېمىسى» (تۈركچە) دېگەن كىتابىدا: «دوغلات ھەيدەر مىرزىنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەرنى مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرغان سەئىدخان ئېسىل ۋە مەدەنىيەتلىك، شەخسىي ھاياتى تەرتىپلىك، ئالىيجاناب، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، قىزىل يۈزلۈك كىشى ئىدى. ئۇ جەسۇر جەڭچى ۋە ھەربىي ئالىم ئىدى . . . ئۇ قىلىچ ئىقلىملىرىدىن باشقا قەلەمكەشلىكتە ۋە سەنئەتكارلىقتا ماھىر ئىدى، ئۇد، ساتار، غىجەكلەرنىمۇ ياخشى چالاتتى. تۈركچە، پارسچە تىللارغا مۇكەممەل ئىدى ۋە بۇ ئىككى تىلدا قۇسۇرسىز ئىملاسى بار ئىدى. تۈركچە شېئىرلارنى يازاتتى. پارسچە شېئىر يېزىشنى مەشق قىلاتتى. مىرزا ھەيدەرگە خەتتاتلىق قىلىشنى، شېئىر يېزىشنى، ئىنشا، تەسۋىر ۋە قوشاق توقۇش . . . قاتارلىق سەنئەت بىلىملىرىنى ھەم ئويمىكارلىقنى (مۆھۈرچىلىك)، زەرگەرلىكنى، سەرراپلىقنى، ياغاچچىلىقنى ۋە ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىتەتتى. . بۇلاردىن باشقا ئوق قويۇش، قىلىچ سوقۇش قاتارلىقلارنى مىرزا ھەيدەر دوغلات پەقەت شۇنىڭدىن ئۆگىنەتتى. . سەئىدخان بۇ ھۈنەرلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەڭ كامىل ئۇستىسى ئىدى» دەيدۇ.

ئەنە شۇ سۇلتان سەئىدخان سۇلتان ئەخمەتخاننىڭ (1504 - يىلى ۋاپات بولغان) ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، موغۇلىستاننىڭ خانى

يۈنۈسخاننىڭ (1487 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نەۋرىسى بولىدۇ. جۈملىدىن يۈنۈسخاننىڭ قىزى ھۆسنىگارخانىمدىن تۇغۇلغان نەۋرىسى ھىندىستاندا ئۇلۇغ موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان مەشھۇر بابۇر شاھ (1483 ـ 1530) ۋە «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مۇھەممەت مىرزا ھەيدەر (1500 ـ 1551) بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار. «تارىخى رەشىدى» نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇ مىلادى 1486 ـ، 1487 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئېتىنى بوۋىسى يۈنۈسخان قويغانىكەن. ئۇ 14 يېشىغىچە موغۇلىستاندا (شىنجاڭدا) ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان. سۇلتان ئەخمەتخان شەرقىي تۈركىستاندا ھاكىم بولۇپ تۇرغان ئاكىسى ماخمۇتخانغا ھەربىي ياردەم بېرىش ئۈچۈن تاشكەنتكە كەلگەندە 17 ياشلىق ئوغلى سەئىدخاننى بىللە ئېلىپ بارغان. شايبانخان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا (ئوقسۇدىكى ئۇرۇشتا) ياردار بولۇپ، ئوقسۇ ھاكىمى بايىزدىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن. ئۇ سەئىدخاننى بىر يىل تۈرمىدە ساقلىغان، ئىككىنچى يىلى شايبانخان ئوقسۇغا بېسىپ كېلىپ، بايىزد ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارى تەمبەلنى ئۆلتۈردى. ئۇ پەرغانە ۋىلايىتىنى ئالغاندا، سەئىدخان تۈرمىدىن چىقىپ شايبانخاننىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلدى. شايبانخان ھىسار، قۇندۇزنى ئېلىپ خارازىمگە كەلدى. بۇ چاغدا سەئىدخان سەمەرقەنتتە ئىدى. ئۇ 17 كىشىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يەتتە سۇدا ھاكىم بولۇپ تۇرغان تاغىسى ماخمۇتخاننىڭ قېشىغا كەلدى. تاغىسى زالىم، بوشاڭ، مۇتەئەسسىپ كىشى ئىدى. ئۇ تاغىسىغا قارشى قوزغىلاڭ قىلىپ، يېڭىلگەندىن كېيىن قېچىپ ئەنجانغا كەلدى، شايبانخان تەرەپدارى بولغان ئەنجان ھاكىمىنى ئۆلتۈرگىنى ئۈچۈن قاماققا ئېلىندى. ئۇ يەم بىلەن بۇ تۈرمىدىنمۇ قېچىپ چىقىپ، كابۇلدا موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان تاغىسى بابۇر شاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. بابۇر ماۋرائۇننەھرنى ئىككىنچى قېتىم

ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغاندا سەئىدخاننى ئەنجانغا ئەۋەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئابابەكرى مىرزا تەرىپىدىن تارمار بولغان قەشقەر ۋالىيسى ھەيدەر مىرزىنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەت مىرزا سەئىدخانغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ئەنجانغا بارغانىدى. شايبانىخان غالىب كېلىپ ماۋرا ئۇننەھرنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن سەئىدخان ئەنجاندىن چېكىنىپ چىقىپ، بابۇرنى ۋە كۆيئوغلى قاسىمخاننى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ، 4700 كىشىلىك قوراللىق كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، 1514 - يىلى ئابابەكرىنىڭ 15 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، شىنجاڭنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، شىنجاڭ تارىخىدا 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ راۋاجلاندۇردى. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىدا 20 يىل ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇردى. 20 يىل ئىچىدە ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنى يېڭىپ، يەتتە سۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتتا زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى. ئۇ ئالىملارنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. زامان سۇلتانلىرى بۇنىڭغا ئېتىراز قىلسا، مۇنداق دەيتتى: «يوغانچىلىق، تەكەببۇرلۇق ئۆز جېنىمىز ئۈچۈن بولىدۇ، بۇ جامائەتنى ئۆز زاتىدا ھەر قانداق خىزمەتچىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلارغا تەزىم قىلىش ئىلىم ياغىدىن كەلگەندۇر. ئۇلارغا تەزىم قىلىشتىن ماڭا ئىسناد كەلمايدۇ. چۈنكى ئىلىمغا تەكەببۇرلۇق قىلىش ئەقىلسىزلىقتۇر»[1] دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىلىمنى ۋە ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدىغان بۇ دانا قارىشى سەئىدخاننىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ دانالىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

---

① „تارىخى رەشىدى“ دىن ئېلىندى.

سەئىدخان 1533 ـ يىلى تىبەتكە «غازات»قا بېرىپ ئاغرىپ قېلىپ، تىبەتنىڭ بالتا ۋىلايىتىدىن قايتقان چاغدا باش قوماندان مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا بىلەن ئىلاجىسىز خوشلاشقاندا، ئۇ ھەيدەر مىرزىغا بولغان ئىشەنچ ۋە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ:

ۋەسلىڭ ئارا ئۇ ئەقىل، ئۇ ھەيران بولدى،
يىغلاپ قوچۇقۇم دەر بىلەن پوتولدى.
سىلكىتمە ئېتەگىڭنى گەر قالساڭ رەنجىپ،
گەر قوچاغىڭ يىغام بىلەن پەئود بولدى.

دېيىش بىلەن ئىلاجىسىزلىقتىن ئايرىلىش ھىجرانىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ھەيدەر مىرزا ئۇنىڭ ئەڭ دانا ھەربىي قوماندانى ۋە بىردىنبىر مەسلىھەتچىسى ئىدى.

سەئىدخان يەركەنگە كېتىۋېتىپ، تۆت كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ساقىدى داۋىنىدىن ئۆتكەندە مىرزا ھەيدەرگە بىر خەت يېزىپ ئەۋەتىدۇ، خەتتە:

ئەرزىم ئەيلە سابا، يەنە گۈلى خاندانىمغا،
ئى گۈلى قۇياشتەك گۈلى تابانىمغا.
يەتكىلى ئىشتىياق بىرلە، مەندىن،
زىنھار دېگىل سالام تۇغقانىمغا.

دېگەن شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق مىرزا ھەيدەرگە سېغىنىش، جانجىگەرلىك ئېھتىرامىنى بىلدۈردى. يۇقىرىقى شېئىرلار ئۇنىڭ خېلىلا پىشقان شائىرلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ماخمۇت جوراسنىڭ ئېيتقىنىدەك «سۇلتان سەئىدخان ھەممەتلىك، سېخىي، شجائەتلىك، خۇش تەبىئەت، ئادىل، مۇسۇلمان،

شائىر پادىشاھ» بولۇپ، ئەتراپىغا بىلىم ئەھلى - ئالىم، شائىرلارنى توپلاپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغىنى ئۈچۈن بۇ دەۋردە مەدەنىيەت خېلىلا تەرەققىي قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلىلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

سەئىدخاننىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن تەرجىمىھالىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مول ئەدەبىي مىراس قالدۇرغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئىجادى خاتىرىلەنگەن «دىۋان» ياكى «باياز»لار ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. ھازىرچە بىزگە مەلۇملۇقى ماخمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») دەپ ئاتالغان قوليازمىسىدىلا مىسالغا كەلتۈرگەن ئىككى شېئىرى بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان. تارىخي پاكىتلارغا قارىغاندا، بۇ دەۋردە سەئىدىيە خانلىقىدا خوجا مۇھەممەت شېرىپ يېتەكچىلىكىدىكى تەرىقەت ئىلاھىيەتچىلىك ئېقىمى جەمئىيەتنىڭ روھىيىتىنى قاپلاپ كەتكەندى، ھەتتا سەئىدخاننىڭ ئۆزىمۇ خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ مۇرىتى ئىدى.

سوفىستىك ئىلاھىي ئەدەبىياتنىڭ توپ ئىدىئالى (غايىسى) ئىنسانلارنى تەركىدۇنيالىق يولى بىلەن ئەخلاقىي جەھەتتىن «يېتىلدۇرۇش» (ئاخىرى ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش)نى خىيال قىلغان ئەڭ ئەكسىيەتچى دىنىي ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئىستىقامەت يولى بولۇپ، بۇ بۇددا دىنىنىڭ تەركىدۇنيالىق يولىنى تەرغىب قىلىشىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

سەئىدخان شېئىرىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى شۇ جايدىكى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي، بەدىئىي

تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئىلاھىيەتچىلىكىگە تىغمۇ تىغ جەڭ ئېلان قىلدى. بۇ «دۇنياۋى» ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردۇ. ئۇ بىرىنچى شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

شۈكرۈللا خالاتىم زەھىر بولۇپتۇر يارغا،
ئەمدى ئۆزىنى كۆرسەتىپ يار ئالدىدا ئاغيارغا[①]،
سەيىر ئۈچۈن كىرسە گۈلىستان ئىچرە ئول سەرۋى راۋان،
بەندە بولسۇن سەرۋى ئازاد ئول قەددى رەفتارغا[②].
ناز ئىلە تا ئاتىلىپ شەھەر ئىچرە سالدى دوستوخىز[③]،
جان بىلە بەردىم كۆڭۈل ئىل دىلبەرى ئەييارغا[④].
دوستلار ئەيىپ ئەتمەڭىز قان يىغلىسام مەن زارىنى،
بەس كىلا ئالمام[⑤] نىتەي بۇ دىدى ئى خۇنبارغا[⑥].
ئى سەئىد ئول ياردىن تاپتىڭ مىرادىڭنى تامام،
بارچىسى بولدى مۇيەسسەر شۈكىر بىرور بارىغا[⑦].

ئۇنىڭ يۇقىرىقى پىكرى ئىككىنچى شېئىرىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئىلاھىيەت ئىدىيىسىگە قارشى ھالدا رېئال دۇنيادىكى ئىنسان گۈزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ. شائىرغا جەننەت ھۆر - پەرىلىرى ئەمەس، ئۇنىڭغا مامات بولغان جىسمىنى شېرىن سۆز بىلەن تىرىلدۈرىدىغان ھەقىقىي رېئال ئىنسان گۈزەللىكى كېرەك. شائىر تۆۋەندىكى غەزىلىنى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ

① ئاغيار - يات، دۈشمەن.
② رەفتار - يۈرۈش - تۇرۇش، تەقى - تۇرق.
③ دوستوخىز - قوزغىلاڭ، غوۋغا.
④ ئەييار - ھىيلىگەر، ھىيلى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇچى، ئالدامچى.
⑤ بەس كىلا ئالمام - تەڭ كېلەلمەيمەن.
⑥ خۇنبار - قانلىق كۆز، ئۇ كۆز ئاشىقلارنىڭ كۆزىدىن قان ئاققۇزىدۇ.
⑦ بارىغا - خۇداغا شۈكرىكى، ھەممە ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولدى.

ئەنئەنىسىگە ئاساسەن ئارۇز ۋەزنىنىڭ «رەمەل» بەھرىدە يازغان:

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.
ھۆر بىرلە جەننەتول مەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈزمىڭ جەننەتول مەئۋاسى بار.
لەئلىدىن خەتتى بۇ دۇر[1] ھەر دەم تىرىكلىككە نىشان،
خوش نىشانىدۇركى ئىككى قاشىدىن تۇغراسى بار.
بىر چۈچۈك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە گويا كىم مەسىھ ئەنپاسى بار[2].
يۈزى ئۈزرە كاكۇل ۋە زۇلپىدىن پىرشان كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشىپتەك[3] كۆڭلۈمنىڭ ئەجەپ سەۋداسى بار.

دېگەن غەزەلدە چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى، رېئال ئىنسانىي گۈزەللىكنى بەدىئىي تەپەككۇرغا خاس قويۇق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

شائىر غەزەللىرىنى ئىخچام، لېكىن چوڭقۇر مەزمۇنلۇق يازغان. يۇقىرىدىكى غەزەللەردىن ئۇنىڭ خېلىلا پىشىپ يېتىلگەن، ماھارەتلىك شائىر ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىجادىيەت بىلەن خېلىلا ئۇزاق شۇغۇللانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنى قېزىپ تېپىش بۇندىن كېيىنكى كەڭ ئاممىۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىدۇر.

---

[1] يارنىڭ ئىككى لېۋىدىن ھەر تىنىقتا..
[2] سۆيگىنىمنىڭ لېۋىدە، ئۆلۈككە جان بېرىدىغان نەپەسلىرى بار.
[3] زارلانغان، نالە قىلغان.

# سۇلتان ئابدۇرىشىتخان ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

سەئىدخان ۋە ئابدۇرىشىتخان توغرىسىدىكى ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىيالنى «تارىخى رەشىدى» بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگان بۇ خاندانلىقنى بەرپا قىلىشتا باشتىن - ئاخىر بىۋاسىتە قاتناشقان. شۇڭا «تارىخى رەشىدى» بۇ خاندانلىق توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر. «تارىخى رەشىدى» دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، سەئىدخان يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يەتتە سۇدىكى تاغىسى ماخمۇتخاننىڭ ھاكىمىيىتىگە نارازى بولۇپ، ئىنىسى خېلىل سۇلتان بىلەن بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئاقسۇدا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان يەنە بىر ئىنىسى مەنسۇر بۇلارغا قارشى ئەسكەر تارتىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇلار بىلەن چارۇن چېلەك (ھازىرقى قىرغىزىستان تەۋەسى) دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ قاتتىق جەڭ بولىدۇ. سەئىدخانلار يېڭىلىدۇ. سەئىدخان ئەنجانغا كېلىپ خاننىڭ خىزمىتىگە كىرىدۇ. بۇ چاغدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن خان سارىيىدا ئىشلەپ يۈرگەن بىر قىزنى نىكاھلاپ ئالىدۇ. خوتۇنى ئېغىرئاياغ چاغدا ئىنىسى خېلىل سۇلتان جانبەگ سۇلتان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. سەئىدخان تۈرمىگە ئېلىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ كابۇلنى ئىگىلەپ ياتقان تاغىسى بابۇر شاھقا بېرىپ قوشۇلغاندا، ئەنجاندا قالغان خوتۇنىنىڭ بوشانغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. سەئىدخان بۇ ۋەقەنى بابۇر شاھقا ئېيتىدۇ. بابۇر شاھ:

— ئۇنىڭ ئىچىنى ئابدۇرشىت قويۇڭ، سەئىد بىلەن قاپىيىداش بولسۇن، دەيدۇ. شۇ مەسلىھەت بىلەن ئۇ ئەنجاندا تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئىچىنى ئابدۇرشىتخان قويىدۇ.

سەئىدخان سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلغاندا، بۇ جايغا سەئىدخاننىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىدىن ھەبىب سۇلتان خانىش كېلىدۇ. سەئىدخان ئۇنى نىكاھلاپ، ئۆز ئەمرىگە ئالىدۇ. گۆدەك ئابدۇرشىتخاننى ئۇنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرىدۇ. شاھلارنىڭ بالا تەربىيىلەش ئەنئەنىسىگە مۇۋاپىق ھالدا ئەمىر غورى بارلاسنى ئابدۇرشىتخانغا ئاتابەك قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇرشىتخان ئۈچ ياشتا ئىدى. ئەمىر غورى بارلاس ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا ئىلى مىراك بارلاس ئابدۇرشىتخانغا ئاتابەك قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئاتابېكلىرى ئابدۇرشىتخانغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرەتتى ھەمدە ئابدۇرشىتخانغا مەدەنىيەت تەربىيىسى بېرىش ئۈچۈن ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن بولغان مەۋلانى مۇھەممەت شىراز بەلگىلىنىدۇ.

«تارىخى رەشىدى»نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئابدۇرشىتخان ھىجرىيەت 915 - يىلى (مىلادى 1510 - يىلى) تۇغۇلغانىكەن. ئۇنى 928 - يىلى (مىلادى 1523 - يىلى) شىنجاڭ (غەربىي شەرقى موغۇلىستان)غا ئىلىپ كەلگەندە، ئۇ 13 ياشتا ئىكەن. ئابدۇرشىتخان يۇقىرىقى تەربىيىچىلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ۋە ئاتىسى سەئىدخان ھەم ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەمەلىي ئىشلاردا بىۋاسىتە ياردەم بېرىپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق ھەربىي قوماندانى ۋە سىياسىيونى ھەم مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھى بولۇپ يېتىلىدۇ.

سەئىدخان ئابدۇرشىتخاننى قانداق تەربىيىلىسە، ئىنىسى

خېلىل سۇلتان ئوغلى باباچاقنىمۇ شۇنداق كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەنىدى. ئۇلار ئەر بولۇپ يېتىلگەندە ئۇلارنى ئەمەلىي ئىشتا چېنىقتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا ئوردا ۋەزىرلىرى قۇۋ، ھىيلىگەر، ھارام نىيەت ئەمىر تاغاي بىلەن خانغا ئەڭ سادىق، ئاق كۆڭۈل، پەم - پاراسەتلىك، ئۆتكۈر سىياسىئون سەئىد مۇھەممەت ھەيدەر (ھەيدەر مىرزىنىڭ تاغىسى) نىڭ ئارىسىدا غەربىي موغۇلىستاننى تۇتۇپ تۇرۇشتا باباچاقنى ئەۋەتىش كېرەكمۇ ياكى ئابدۇرشىتخاننى ئەۋەتىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە كەسكىن ئىختىلاپ تۇغۇلىدۇ. باباچاق ئەمىر تاغاينىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇ كېلەچەكتە ھاكىمىيەتنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن باباچاقنى غەربىي موغۇلىستاننىڭ ھۆكۈمرانى قىلىشقا تىرىشىدۇ. نۇرغۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن خان ئابدۇرشىتخاننى ئەۋەتىشكە قوشۇلىدۇ. خان ئابدۇرشىتخاننى غەربىي موغۇلىستانغا ئەۋەتىش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاتابېكى ئېلى مىراك ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت بارلاس ئاتابېك ئىدى. ئابدۇرشىتخاننىڭ غەربىي موغۇلىستانغا مېڭىش سائىتىدىكى مەنزىرىنى مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدى»دە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«خان ماڭا بۇيرىدى:

— ئەنە شەمشەر، ئوقلارنى بېلىگە باغلاپ ئاتلاندۇر، مۇبارەك بولغاي، سىپاھىلىقتا (ئەسكەرلىكتە) سېنىڭ شاگىرتىڭ بولۇپ قالغاي، — دېدى خان، ئۇ ئابدۇرشىتخانغا قاراپ، — يادىڭدا تۇت! ئۇنتۇپ قالما! سېنىڭ بېلىڭگە قىلىچنى ئەنە ئاۋۇ مىرزا ھەيدەر باغلىدى. سەن ئۇنىڭ شاگىرتى بولدۇڭ! ئەگەر سەندىن سىپاھگەرلىكتە، سەن كىمنىڭ

شاگىرتى؟ دەپ سورىسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟ دېدى.

ئابدۇرىشىتخان سۇلتان:

پالانى كىشىنىڭ شاگىرتى دەيمەن.

خان ئېيتتى:

ئۇ مېنىڭ شاگىرتىمدۇر، - دېدى. پاتىھە ئوقۇپ يولغا سېلىندى. ھىجرىيىنىڭ 934 - يىلى سەئىدخان مېنى ئابدۇرىشىتخانغا ھەمراھ قىلىپ بىلۇرىستانغا ئەۋەتتى. ئۇ بۇ چاغدا 18 ياشتا ئىدى. بۇنىڭ قېشىدا ھايۋان سۈرەتلىك كىشىلەر كۆپ ئىدى. مەن ئۇلاردىن نارازى ئىدىم. مەن ئابدۇرىشىتخانغا كۆپ ياردەم قىلىپ، ئوبدان ئارىلىشىپ، سەمىمىي دوست بولدۇم، زور ئۇتۇق بىلەن بىلۇرىستاننى بويسۇندۇرۇپ قايتتۇق. . . ؛ كېيىن خان خىزمىتىگە قايتىپ كەلدىم. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتتى. . . خان ئوغلى ئابدۇرىشىتخان بار ۋە يوق يەردە ماڭا: بىز سەندىن رازى، ئابدۇرىشىت سۇلتاننى ساڭا پەرزەنت قىلىپ بەرگەنىدۇق. بۇ كۆپ ئۇتۇق قازاندى. كۆڭلۈمنىڭ ئىستىكىگە يېقىنلاشتى، - دېدى».

«تارىخى رەشىدى»دە ئېيتىلىشىچە، ئاقسۇدا ۋالىي بولۇپ تۇرغان سەئىدخاننىڭ ئىنىلىرىدىن بىرى بولغان ئىمىن خوجىنى يەنە يۆلىگۈچىسى ئەمىر تاغاينىڭ پىتنىسى بىلەن يۆتكەپ ئورنىغا ئادەم ئەۋەتىش توغرىسىدا كۆپ تالاش - تارتىشلار بولغان. ئەمىر تاغاي ئۆزىنىڭ يىراق كېلەچەكتىكى قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆيئوغلى باباچاقنى ئەۋەتمەكچى بولغان. ئەمما ھەيدەر مىرزىنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەت مىرزا ئۇنىڭ مەقسىتىگە يول قويمىغان. ئاخىر سەئىدخان ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، ئابدۇرىشىتخاننى ئەۋەتكەن. بۇ چاغدا

ھەيدەر مىرزا ئابدۇرىشىتخانغا ھەمراھ بولۇپ بېرىپ، ئاقسۇدا ئالتە ئاي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىپ قايتىدىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئابدۇرىشىتخانغا بولغان چىن دوستلۇقىنى، مېھرى - مۇھەببىتىنى، ساداقىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

كوچاڭدىن دەردۇ غەم بىرلىكتەدۇرمىز،
سېنىڭدىن يۈز ئەلەملەر ئايرىلۇرمىز.
گۈزەللىكتە ئىرورسەن لەيلىگە تەڭ،
بولۇپ مەجنۇنغا تەڭ ماڭدام بارۇرمىز.
دېمە ئانداغ ئۈزۈڭ يالغۇز بارۇرسەن،
غېمىڭ ھەر قاچان ھەمراھ ئىرۇرمىز.
سېخىيلىك دېڭىزى ئابدۇرىشىتخان،
كەرەم دەرياسىغا چۆمۈپ يانۇرمىز.

يۇقىرىقى پاكىتلار ھەيدەر مىرزىنىڭ ئابدۇرىشىتخانىنىڭ ئۈسۈپ يېتىلىشىدە ناھايىتى زور ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي دوستى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«تارىخى رەشىدى» دە بايان قىلىنىشىچە، يۇقىرىقى ۋەقەلەر ئۆتۈپ ئىككى يىلدىن كېيىن تىبەتكە «غازات» قىلىنغان. بۇ لەشكەرنىڭ باش قوماندانى شائىر، مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر بولغان. بۇ لەشكەردە يېتەكچىلەردىن سەئىدخانىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتانمۇ بار ئىدى. ئۇلار تىبەتتە تۆت ئاي تۇرغان. سەئىدخان كېسەل بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك قايتقان. ئەمما سەئىدخان بەختكە قارشى يولدا ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ جەسىدىنى يەركەنتكە ئەكىلىپ ئوردا ئىچىگە قويغان. خاننىڭ ئۆلۈمى ئوردىدا سىياسىي قالايمىقانچىلىقنىڭ پەيدا

بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

خان ئۆلگەندىن كېيىن پىتنىچى مىرزا تاغاي يەنە بىر قارا نىيەت شەيتان خوجا شاھ ماخمۇت دۇۋان بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۆزلەپ كەلگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كۆيئوغلى يادىكار ماخمۇتنى ئاقسۇدىكى ئابدۇرېشىت سۇلتانغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «خان جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، — مەندە تىبەتكە غازاتقا بېرىش نىيىتى يوق ئىدى. سەئىد مۇھەممەت مىرزا بىلەن مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر مېنى بۇ ئىشقا زورلىدى. مەن پەرزەنتىم ئابدۇرېشىتتىن ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسە ھەرگىز رازى ئەمەسمەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش مېنىڭ قىساسىمدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار بولىدىكەن، سەلتەنەت ساڭا مۇيەسسەر بولمايدۇ.» — دېدى دەپ قەسەم قىلىپ سۆزىگە ئىشەندۈرىدۇ.

خانغا چوڭ ھازا مۇراسىمى ئېچىلىدۇ. بۇ ئارىدا قەشقەردىن ھەيدەر مىرزىنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەت مىرزىمۇ يېتىپ كېلىپ خان ئائىلىسىگە تەزىيە بىلدۈرىدۇ ۋە ئەمىر تاغاي بىلەن بىرلىكتە بۇنداق چاغدا ئىتتىپاق بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. ھەممىسى ئابدۇرېشىتخاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ھازىغا تەييارلىق قىلىدۇ. ئابدۇرېشىتخاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ئاڭلانغاندا، سەئىد مۇھەممەت مىرزا چوڭلارنى يىغىپ ھازا قائىدىلىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن «بۇگۈن يىلنىڭ، ئاينىڭ چىقىش كۈنى چارشەنبە ئىكەن، بۇنداق كۈندە ئۇلۇغنىڭ چۈشۈشى ياخشى ئەمەس. ئابدۇرېشىتخان بۇ كېچە شەھەر چېگرىسىدا توختاپ ئەتە ھوشۇر ئاينىڭ بېشى پەيشەنبە ھىجرىيە 940 - يىلىنىڭ باشلىنىشىدا قەدەم تەشرىپ قىلغاي» دەيدۇ.

ئەمىرلەر بۇ سۆزنى ئابدۇرېشىتخانغا ئېيتىشنى قارار قىلىشىپتۇ. ئەمما ئەلى تاغاي مەخپىي بېرىپ مۇنداق دەپتۇ: «خاننىڭ تۇز ھەققى گەدەندە بولغانلىقتىن، سەئىد مۇھەممەت

مىرزا بىلەن ئەمىرلەرنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، قىلغان قارارلىرىنى مەلۇم قىلىشىم لازىم. ئۇلارنىڭ قارارى ئابدۇرىشىت سۇلتان كېلىشى بىلەن ئۇنىڭغا خان كەينىدىن جاي بېرىپ خانلىقنى تىبەتتىكى ئىسكەندەر سۇلتانغا بېرىش. بىزلەردىن بۇ خۇسۇستا ئەھد ئالدى.» دېگەن يالغان گەپنى توقۇپتۇ.

ھىجرىيە 940 - يىلى (مىلادى 1533 - يىلى) ھوشۇر ئېيىنىڭ بېشى ئابدۇرىشىت سۇلتان ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە كەپتۇ. بۇ چاغدا سەئىد مىرزىنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەت مىرزا ماتەم لىباسىنى كىيىپ ئابدۇرىشىت سۇلتانغا:

زامان ماتىمدا قىلدى تۈرلۈك ھالنى ئىزھار،
ئېتەككە تۆكتى كۆزدىن قانىنى، لالە ياش تۆكۈپ ئاشكار.
يىرتىپ گۈل ئەرۋاغىنى، تون ياقىسىنى چاك - چاك ئەتتى،
قارا كىگىزنى قومدى، گەدەنگە ئەيلىدى زۇننار.

دەپ خاننىڭ ياتقان جايى يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ، ئابدۇرىشىتخان ئاتلىق ئۆينىڭ ئىشىكىگە كەپتۇ. سەئىد مۇھەممەت يەنە:

دىل قان، جان يارا، جىگەر شەبنە چاك،
قانداقمۇ ئاھ دېمەيمەن ئۈزۈلۈك بوشا باق.
ئىشىكنىڭ تۇپاسىدىن كىپەن قىلدىم ئارزۇ،
ۋا ھەسرەتتە!... بۇ ئارزۇنى يېتىمدىن ئېلىپ نىچاك.

دەپ يىغلاپ پەرياد كۆتۈرۈپ، ئابدۇرىشىتخان ئالدىغا چىقىپتۇ.

ئابدۇرىشىتخان بۇيرۇپتۇ:

— تۇتۇڭلار! بۇيرۇقنى ئاساسەن ئابدۇرىشىتخاننىڭ نۆكەرلىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ سەئىد مۇھەممەت

مىرزىنى تۇتۇپ كالللىسىدىن جۇدا قىپتۇ. ئابدۇرىشىتخان كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتىسىنىڭ بېشىغا بېرىپ هازا ئېچىپتۇ... شۇ ئارىدا ئەلى تاغايىنى قەشقەرگە ئەۋەتىپتۇ. ئەلى تاغاي قەشقەرگە بېرىپ سەئىد مۇھەممەت مىرزىنىڭ باللىرى هۆسەيىن - مەنسۇر، ماخمۇت مىرزا، ئابابەكرى سۇلتانىنىڭ ئوغلى ماخمۇت مىرزا، سەئىد ماخمۇتلارنى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ. ئۇلار تېخى 20 ياشقا يەتمىگەن ئۆسمۈرلەر ئىكەن. كېيىن مىرزا هەيدەرنىڭ يەنە بىر تاغىسى ئىلى سەئىد كوكولداشىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ.

تارىخچى هەيدەر مىرزا ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئەمىر تاغايىنىڭ سۇيىقەستلىك ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلغىنى ئۈچۈن قاتتىق رەنجىپ، «تاغىلىرىم ئابدۇرىشىتخانغا قانچىلىك ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇ هەممىسىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ياندۇردى. خۇدا نامى بىلەن قىلغان قەسەملەرنى ئۇلارنىڭ قېنىدەك ئىچتى» دەيدۇ ۋە ئۆز زامانىسىغە لەنەت ئوقۇپ تۆۋەندىكى شېئىرنى يازىدۇ:

بېيىت

جاهان ئۇ ئەگرو چاشتىدىن كويورغا تولدى،
مۇسۇلمانلار، مۇسۇلمانلىق نە بولدى.

قىتئە

بىر زالىم ئاتاسى ۋاپات قىلدى،
كىشى قانىلە نەزرىسىن قىلدى.
هازاسىدا يىغا ئورنىغا،
يۈز تەبەسسۇم كۈلكىلەر قىلدى.

ئۇ داۋام قىلىپ، «تاغام يۇنۇسخاننىڭ ھەمشىرىسىنىڭ بالىسىدۇر. ئاتا - باباسىدىن تارتىپ موغۇلىستان دەرگاھىدا ئۇلۇس بېگى ئىدى. مۇشۇ مەنىدە ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئاتىسى ئىدى. سەئىدخانغا كۆپ خىزمەت قىلغانىدى. سەئىدخان ئۇنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى. ئەنجاننى ئېلىش، قەشقەرنى ئېلىش ئۇنىڭ مەسلىھىتى بىلەن بولغانىدى، ئەگەر ئابدۇرىشىتخانغا ھېچقانداق خىزمەت قىلمىغان، گۇناھ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇشقا يېتەتتى. چۈنكى ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئۆزبېكلەر قولىدىن قۇتۇلۇشى، موغۇلىستانغا كېلىشى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالغا ئېرىشىشىمۇ تاغامنىڭ خىزمىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى» دەيدۇ.

ئاخىر ئۇ بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشى تاغىسى بىلەن ئەمىر تاغاي ئارىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى دەپ قاراپ، ئۇنى ئىسلام ئەنئەنە قارشى بويىچە تەقدىرگە ئاپىرىپ باغلايدۇ. ئۇ ئەمىر تاغاينىڭ خائىنلىقىنى مۇنداق پاش قىلىدۇ: «بۇنداق تۇيۇقسىز ناھەق قىرغىنچىلىقتىن ئەمىرلەر قورقۇپ قېلىشتى. . . ، مىرزا تاغاي قاتتىق تىكىن ئەتراپىغا قاچتى. شائىر مىرزا تاغاينىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

ئى پەلىد، سەت، كوسا ھەم دەللالسەن
مەرتلىكنىڭ دەمدە ھەم مۇھتالىسەن (ھىيلىگەرسەن)
ياخشىلار يوق بولسا، مەن بولسام دېدىڭ،
كەتتى خوجىلار ئارقىدىن سەن ماڭسەن.

مىرزا تاغاي تاش ئېتىلغان شەيتاندەك قاچتى. بەزى ئەمىرلەر مەسلىھەتلىشىپ خاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بەزىلىرىنى ئېلىپ خوتەنگە قاچتى، ئارقىدىن ئابدۇرىشىتخان قوغلاپ باردى. خەلق ئابدۇرىشىتخاننى قىزغىن قارشى ئالدى. قېچىپ بارغان

ئەمىرلەرنى خەلق قولىنى باغلاپ ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. . . » دەيدۇ.

مىرزا ھەيدەر ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئىچكى تازىلاش ۋە تاشقى سىياسىتى توغرىسىدىكى ھەرىكەتلىرىنى قارىلايدۇ. ئابدۇرىشىتخان مىرزا ھەيدەرنىڭ تۇغقانلىرىنى جازالاشتا ئەمىر تاغاينىڭ ھىيلىسىگە ئالدانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شۇ شارائىتتا خائىنلارغا ئىچكى تازىلاش ئېلىپ بېرىشى ۋە قوشنا دۆلەتلەرگە ھەمكارلىق، تىنچلىق تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈشى تامامەن توغرا ئىدى. ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇ سەئىدخان قۇرغان ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرالمايتتى.

لېكىن ئۇ ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئۆز تاغىلىرىغا قىلغان ناھەقچىلىقنى قاتتىق قارىلاپ، ئۆز ئەقىدىلىرىگە چوڭقۇر ئېچىنىپ، ئابدۇرىشىتخاندىن رەنجىسىمۇ، ئۇلۇغ تارىخچى، پەزىلەتلىك شائىر سۈپىتىدە ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئادىل ئىشلىرى، ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى ئۆز ئەينى، بويىچە توغرا كۆرسىتىدۇ.

«رىشىتخاننىڭ بوۋىسى ئەخمەتخان ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلىسىمۇ، ئەمما يېڭەلمىگەن. رىشىتخان شاقبانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزبېك، قازاقنى يەڭدى. تارىختا ئۆزبېك ھەمىشە قازاقنى يەڭگەن، ئەمما رىشىتخان ئۆزبېكنى يەڭدى. بۇ ناھايىتى چوڭ ئىش. ئۇ ئېشەك بارلاس مۇھەممەتنى كۆتۈردى، بۇ لايىق ئەمەس.

رىشىتخاننىڭ جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈكلۈكى، روھىي جەھەتتىن مۇڭداشقاقلىقى ھەممىدىن ئۈستۈن ئىدى. ئوق ئېتىشتا سەئىدخاندىن قالمايتتى. قەھرىمانلىقتا شىر ئوۋلايدىغان بىر قاپلان، جاسارەت دېڭىزىدا ئەجدىھا يەيدىغان بىر لەھەڭدۇر. ئۇنىڭ ئۈنچە ياغدۇرىدىغان تەبىئىتى، گۆھەر چاچىدىغان سۆھبىتى، نازاكەت دېڭىزىدا يىگانە ئۈنچە، تاتلىق روھىدا

مۇستەسنا بىر گۆھەردۇر. ئۇنىڭ پەزىلىتى قولى روھىغا ئوخشاشلا قولىلارنى شۇنداق چالادۇركى، ئۇنىڭ يېنىدا زوھرانىڭ چالغۇسى ئاھاڭسىز قالىدۇ ۋە باغچىدىكى بۇلبۇللارنىڭ ناۋاسى يېقىمسىز تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ نازۇك تەبىئىتى نەسىرنى نەزىم يېپىغا تىزىدۇ. ئۇنىڭ پەم - پاراستى، كۈچى، نازۇك نۇقتىلار تەمىنى تارتقاندۇر. پاكىز يارىتىلغانلىقىنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن ھالدا پۈتۈن گۈزەل سەنئەتلەردە مۆجىزە كەلتۈرىدۇ. مەختۇملاردىن بەزىلىرىگە نىيازمەندىلىك رەسمىي بىلەن بىر قانچە نەرسىلەر ئەۋەتكەن. شۇ جۈملىدىن قەغەزدىن بىر دەرەخ ئۇنىڭ تەنتەنىسى، شاخلىرى، ياپراقلىرى چېچەكلەر بىلەن كېسىپ ياساپ ئەۋەتىلگەنكى، ئۇنىڭ بەدىئىيلىكتە ھۈنەر ئىگىلىرى تەئەججۈپكە كېلىدۇ. . . شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇسۇلمان تەبىئەتلىكتۇر. ئادالەت، توغرىلىقنى سۆيىدۇ. ئەمما مۇساغا ھارۇندەك ۋەزىر مۇناسىپ، ھاماندەك ۋەزىر مۇناسىپ ئەمەس. ئەگەر فىرئەۋننىڭ ۋەزىرى ھارۇن بولغان بولسا، ھامانە فىرئەۋن بولمايتتى، بەلكى خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن ھىدايەت دىنىدا بولاتتى. ئۇنداق داۋام قىلمايتتى.

بېيىت

ئۆلپەتنىڭ سەندىن ياخشى بولسا خوپ،
تاكى دىن، ئەقىل سەندە بولغاي كۆپ.
بەرسەڭ ئارپا، سامان، ئېشەككە توقۇم،
بۇ سامان ئارپادىن تاپسەن چوقۇم.
بولسەن بىر ئېشەك بىرىپ ئاخىرا،
بولسەن سەتچىلىكتە گاس ئاخىر.

مەقسەت: ئابدۇرشىتخان ئادالەت، توغرىلىقنى ئىستىگۈچى ئىدى. ئەمما مۇھەممەتكە ئەگىشىشكە مەجبۇر

ئىدى. بۇ ھەممىنى بۇزدى...» دەيدۇ، لېكىن ئۇ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇرېشىتخان سەلتەنىتىگە ياخشى تىلەكلەر تىلەيدۇ.

يۇقىرىقى تېكىستتە ناھايىتى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تارىخچى ۋە شائىر مىرزا ھەيدەر كوراگان «تارىخى رەشىدى» نىڭ بېشىدا ئۆزى يازغان تارىخقا شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرماي ۋەقەلىكنىڭ ئەينەن ئۆزىنى يېزىش پرىنسىپىغا تولۇق رىئايە قىلىدۇ.

تارىخچى ماخمۇت جوراس «ئابدۇرېشىتخان خوش نەپس ئىدى، يەنى خەتنى چىرايلىق يازاتتى، پارس ۋە توركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامىل شائىر ئىدى... ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، چاغاتاي ۋە باشقا موغۇل ئۇلۇسلىرىدا مەرھەم سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىن ئابدۇرېشىتخاندەك ئۇقنى ياخشى ئاتار كىشى يوق ئىدى» دەپ يازىدۇ.

ئابدۇرېشىتخان مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك شاھ بولغىنى ئۈچۈن ئۇ بارىس بىلەن ئۇستقورۇلما مۇناسىۋىتىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر - بىرىگە تۇرتكە بولىدىغان مۇتاناسىپلىقنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ يېرا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق ئىشلىرىغا قانداق كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، مەدەنىيەت - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتكىمۇ شۇنداق كۆڭۈل بۆلەتتى.

ئۇ ئۆز تېررىتورىيىسىدە كەڭ كۆلەمدە مەكتەپ، مەدرىس، كىتابخانا، تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، سەئىدىيە خاندانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇردى. كەڭ زىيالىيلار قاتلىمىنى ئۇردا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا جەلپ قىلدى. پۈتۈن مۇسۇلمان شەرقىي ۋە سەئىد خاندانلىقىنىڭ روھىيەت ئاسمىنىنى ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى - تەرىقەت سوفىزمى قاپلاپ كەتكەن بىر شارائىتتا مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر شاھ ئابدۇرېشىتخان ئۆز سارىيىغا نۇرغۇنلىغان

شائىرلارنى، سازەندىلەرنى، مۇقامچىلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئون ئىككى مۇقامى بۇ دەۋردە تەرتىپكە سېلىنىپ، بەزى تېكىستلەرگە يېڭىلىق كىرگۈزۈلدى. بولۇپمۇ ئۇلۇغ نەۋائىنىڭ ئۇلمەس ئەسەرلىرى مەزكۇر مۇزىكا خەزىنىسىدە نۇرغۇن ئورۇن ئالدى. ئەنە شۇنداق مۇھىم ۋە شەرەپلىك ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئابدۇرىشىتخانغا مۇقامچى ۋە شائىر ئامانىساخان، قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى زور كۈچ بىلەن ياردەم كۆرسەتتى.

ئابدۇرىشىتخان ئۆز خانلىقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشتە مەدەنىيەتلىك مەرىپەتپەرۋەر شاھ سۈپىتىدە ماددىي شارائىت يارىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى قولغا قەلەم ئېلىپ، پارس ۋە ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يېزىپ سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس شەرەپلىك ئورۇن ئالغان ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ «دىۋان رەشىدىيە» ، «غەزەلىيات رەشىدىيە» قاتارلىق ئىككى شېئىرلار توپلىمى ۋە «سالاتىننامە» ، «مەشۇقنامە» دېگەن داستانلار توپلىمى بولغانىكەن. ئەمما ئۇلار ھازىرغىچە بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكىنى يوق.

شائىرنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن شېئىرىي پارچىلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تېماتىكىسى ھەق، ئادالەت، تەڭلىك - باراۋەرلىك، ئىنسانىي چىن مۇھەببەت، ئېتىكا - ئەخلاق ئۆلچەملىرى، ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىلىرىغا بېغىشلىنىپ، بۇ مەسىلىلەردە كۆز قاراش جەھەتتىن مەشھۇر XI ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىزىدىن بارىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىدا ئادەم ھاياتىنىڭ ماھىيىتى ئىلگىرىكى ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي

تەجرىبىسىنى ئاكتىپ ئالماشتۇرۇشتىن ۋە ئۇلارنى ساخاۋەتلىك قىلىقلاردا نامايان قىلىشىدىن، بۇ دۇنيا ھېچكىمگە باقىي ئەمەس، ھەقىقىي ئۆلمەسلىككە يول ئۇنىڭ روھى، ئەخلاقى تاكامۇللىشىشتىن، ساخاۋەتلىك ئىشلاردىن ئىبارەت بولغان شەخسنىڭ بىر مەقسەتكە قارىتىلغان پائالىيىتى ئارقىلىق سېلىنىدۇ، دېگەن كۆز قارىشىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئۇ ئادەم تەرىپىدىن يارىتىلغان روھىي بايلىقلار كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئىشلىرىدا ۋە نىيەتلىرىدە قالىدۇ ھەم داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۆز ئىسمىنى داڭلىق قىلىشقا، ئەبەدىيلەشتۈرۈشكە ئىنتىلىشى لازىم دەپ قارايدۇ.

ئابدۇرشىتخان تۆۋەندىكى شېئىرىدا ئۆزىگە نەسىھەت قىلىش تېمىسىدا «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئادەم ھاياتىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئەخلاق ئۆلچىمىگە دائىر پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ:

دۇنيا بىر ھۆسنى ئەھلىدەك نا مېھرىبانى پىش ئەمەس،
كىمكى بۆيىسە سودىدىن كوپراق زىيائى پىش ئەمەس.
دۇنيانى باقىي تەساروپ تۇتمىغىل شەدداتىدەك،
نەچچە بىر ئىت كەم دېگەندەك ئۇستىخۋانى پىش ئەمەس.
دۇنياغا پەرزەندى ئادەمنى ئىۋەرمەكتىن غەرەز،
قۇللۇغۇم قىلغايمۇ دەپ بىر ئىمتىھان پىش ئەمەس.
سەلتەنەت تەختىدە مەندۇرمەن دېگەن ئول شاھلار،
جان بىرۇردە بىرگاداي ناتىۋانى پىش ئەمەس.
ئى رەشىدى بولمىغىل مەغرۇر جاھان گۇلزارىغا،
قايسى گۇلشەننىڭ گۇلى ئاخىر زامانى پىش ئەمەس.

تەرجىمىسى:

«دۇنيانىڭ، گۈزەللەرنىڭ بىۋاپالىقىدەك مېھرسىزلىك ئاز ئەمەس،
كىمكى دۇنيانى سۆيسە ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپتۇر.
دۇنيانى مەڭگۇ دەپ ھېسابلاپ شەدداتتەك زالىم بولما،
چۈنكى دۇنيانىڭ مۇئامىلىسى ئىتقا سۆڭەك تاشلاپ بەرگەندەكلا،
دۇنياغا ئادەم بالىلىرىنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت،
خۇدانىڭ قۇللۇقىنى قىلامدۇ - يوق، بىر سىناق ئۈچۈندۇر.
سەلتەنەت تەختىدە غادايغان پادىشاھلار
جان بېرىش ۋاقتىدا بىر ئاجىز تىلەمچىدىن ئارتۇق ئەمەس.
ئى رشىت، سەنمۇ جاھاننىڭ گۈلزارىغا ئالدىنىپ مەغرۇر بولما،
قايسى بىر گۈلزارلىقنىڭ گۈللىرىمۇ ئاقىۋەت خازان بولماي قالامدۇ!»

سوفىزم تەسىرىدىن خالىي بولمىغان بۇ شېئىردىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان: «بۇ دۇنيانىڭ باقىي ئەمەسلىكى، شۇڭا ئەخلاقىي ئۆلچەملەر ھەممە ئۈچۈن تەڭ بولۇشى كېرەكلىكى» ئەرەب تىللىق پانتېئىزم ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ھەمىشە تەكرارلىنىپ كەلگەن پىكىردۇر.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى پىكرى بالىسى ئابدۇكېرىمخانغا نەسىھەت قىلىپ يازغان مۇنۇ شېئىرلىرىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ:

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ دۇنيانىڭ ئۇچى،
بۇ دۇنيا كونا رابات[1] بىز يول ئۆتكۈچى.

ئابدۇرىشىتخان ئىجادىدا ئۆز دەۋرىنىڭ رېئال

[1] رابات - ئۆتەڭ، قونالغۇ.

زىددىيەتلىرىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شائىر ئۆز زامانىسىنىڭ مەدەنىيەتلىك كىشىسى، تارىخنى ياخشى بىلىدىغان، تارىخىي تەجرىبىلەرنى ياخشى يەكۈنلىگەن ئالىيجاناب شەخس ئىدى.

ئابدۇرىشىتخان تەختتىكى چاغدا ئامانىساخان ئىگىر ئاياغ ئىدى. ئابدۇرىشىتخانىنىڭ ئۆگەي ئانىسى خانىش تەخت ھوقۇقىي ئامانىسادىن تۇغۇلغان پەرزەنتكە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۆز ئوغلىغا تەخت ھوقۇقىنى ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە ئابدۇرىشىتخانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇكېرىمخاننى باشلىق قىلىپ، بىر قىسىم سوپى - ئىشانلارنى ئويۇشتۇرۇپ، ئابدۇرىشىتخاننى ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتىدۇ. بۇنى سەزگەن ئابدۇرىشىتخان تۆمۈرلەڭ ئەۋلادىدىن بولغان ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىنىڭ بىرى ئۇلۇغبەكنى چوڭ ئىشان، فېئودال خوجا ئابدۇللا ئەھرار ئۇلۇغبەكنىڭ ئوغلى ئابدۇلتىپنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئاخىر «ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن پادىشاھ بولالمايدۇ» دېگەن شەرىئەت قانۇنى بويىچە ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئوغلىغا مۇنداق نەسىھەت قىلىپ، خانىشنىڭ سۈيىقەستىنى ئېچىپ تاشلايدۇ:

پەدەر كوش پادشاھى دانا شايەدە،
ئەگەر شايەد بەجوز شەشى پايەد.

تەرجىمىسى:

«ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچى پادشاھلىققا لايىق ئەمەستۇر،
ئەگەر لاياقەت تاپالىسمۇ، ئالتە ئايدىن ئارتۇق دەۋران

سۈرەلمەيدۇ» دەپ ئوغلىنى ياۋۇز نىيىتىدىن قايتۇرۇپ، خانىشنىڭ سىياسىي سۈيىقەستى ۋە ئالدام خالتىسىغا چۈشۈشتىن ساقلاپ سەئىدىيە خانلىقى بېشىغا كېلىۋاتقان بالا - قازانى تارمار قىلىدۇ.

شائىرنىڭ ئىنسانىي چىن مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلىرىدا ئىنسان تۇيغۇسىدىكى خۇشاللىق ۋە تەشۋىشلەرنىڭ ئىچىدە ۋە ئوبيېكتىپ رېئال ھايات گۈزەللىكلىرىنىڭ ئىچىدە چىن مۇھەببەت خۇشاللىقى، تەشۋىشى ۋە گۈزەللىكىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ:

لۇتپ ئەتەي دەپ ۋەدە يار قىلمايدۇ ھونوز،
غۇنچىدەك قان باغلىغان كۆڭلۈم ئېچىلمايدۇ ھونوز.
پاش بولدى ئەلگە ئەھۋالىم، نە تەدبىر ئەيلەيىن،
خەلق بىلدى ھالىتىمنى يار بىلمەيدۇ ھونوز.
ساقىيا ئىشرەت مېيىدىن جۇرئەئى لۇتپ ئەيلىگىل،
خەستە كۆڭلۈمگە خۇماردىن ئايرىلمايدۇ ھونوز.
تۇبى ۋە شەمشەد قەددىن باغ ئارا كۆرمەكنى سور،
سەرۋى يەڭلىغ قەدرى دىلجوي تېپىلمايدۇ ھونوز.
سەبرى قىلغىل ئى رەشىدى ئاي يۈزۈڭنىڭ دەردىدە،
بەندىگە ئازادىلىق خەتتى تېپىلمايدۇ ھونوز.

تەرجىمىسى:

«يارىم لۇتپ مەرھەمەت قىلىشقا ۋەدە قىلدى، لېكىن تېخى لۇتپ قىلماي تۇرىدۇ. گۈل غۇنچىسىدەك قىزىل قان ئۇيۇغان كۆڭلۈم تېخى ئېچىلمىدى. مېنىڭ ئاشىقلىقىم ئەلگە پاش بولدى. ئەمدى نېمە ئامال قىلارمەن. خەلق ھالىمنى بىلىپ بولدى، ئەمما يارىم تېخى ھالىمنى بىلمەيدۇ. ئى شاراپ قۇيغۇچى! خۇشاللىق شارابىدىن بىر شۇمۇرگۇدەك بولسىمۇ مەرھەمەت قىلغىن، سۇنغان جاراھەتلىك كۆڭلۈم تېخى غەمنىڭ خۇمارىدىن قۇتۇلالمايدۇ. باغلاردىكى تۇبى، شەمشاد دېگەن دەرەخلەرنىڭ زىبا بويىنى كۆرۈشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ يارنىڭ سەرۋىدەك چىرايلىق بوي - تۇرقى كۆرۈنمىگىچە ئى رەشىت

سەبىر قىلغىن! يارنىڭ ئايدەك يۈزىنىڭ ئەتراپىدا قوللىرىڭغا ئازادلىق مەكتۇبى يېزىلمىغۇچە بۇ دەردنى تارتىپ ھەسرەت چېكمىسەن.»

شائىر ئىبتىبتىك تۇيغۇلار ئىچىدە چىن مۇھەببەت ئىبتىبتىك تۇيغۇسىنى ھەممىدىن شېرىن، ئۇستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ساباغا مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

ئى پەيك سابا مېنىڭ پەيامىم يەتكۈز،
يارىمغا نىياز ئىلە سالامىم يەتكۈز.
گەر سۇبھى ۋە شام قېشىغا يەتسەڭ،
ئەلبەتتە دۇئايى سۇبھى ۋە شامىمنى يەتكۈز.

تەرجىمىسى:

«ئى سەھەرنىڭ شامىلى، يارىمغا مېنىڭ كۆڭۈل سىرلىرىمنى يەتكۈزگىن،

يارىمغا مېنىڭ كەمتەرلىكىم بىلەن سالامىمنى ھەم يەتكۈزگىن.

ئەگەر سەھەر ياكى كەچقۇرۇنلاردا يارىم قېشىغا بارساڭ، ئەلۋەتتە سەھەر ۋە كېچىلەردە سېغىنغان نالە - زارىمنى يەتكۈزگىن.»

ئابدۇرېشىتخان ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر، پەزىلەتلىك شاھى سۈپىتىدە، سەئىدىيە خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ فېئودال ئىلاھىيەت روھىيىتىدىكى سوفىزىم جاھالىتىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، ئالاھىدە شارائىت يارىتىپلا قالماستىن، بىۋاستە قولغا قەلەم ئېلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئۆچمەس تۆھپە يارىتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئەدەبىيات ساھەسىنى قارا بۇلۇتتەك قاپلاپ كەتكەن سوفىزم تەسىرىدىن خالىي بولالمىدى، بولالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىن قارىغىنىمىزدا، دەۋر روھىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان شەخس، ئىجادىيەت بولمايدۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدىن قويۇق سوفىزم تۈسىنى كۆرگىلى بولىدۇ:

ھەق يولىدا جان تىكىپ بىر چوستى - جوي قىلمىدىم،
تەۋبە سۈيىدىن تېنىمنى شوشتە - شويى قىلمىدىم.
ۋەنچۇك مەقبۇلى بولغاي بۇ نامازىمكى مېنىڭ،
چۈنكى خوناپ جىگەر بىرلە ۋوزويى قىلمىدىم.
ئۆتتى ئۆمرۈم دۇنيانىڭ مەسىلەھەتىدىن ۋارىخ،
ئاخىرەت ئەسۋابىدىن بىر تارى - مويى قىلمىدىم.
كېچىلەر خەستە كۆڭۈل غەمكىن، ئۆلۈم قورقۇنچىدىن،
كۆز يېشىم بىرلە يۈزۈمگە ئابرويى قىلمىدىم.
ئى رەشىدى سەن ئۆزەڭنى بىھۇدە ئاشىق دېمە،
ئىشقىنىڭ مەيدانىدا بىر ھايۇ - ھوي قىلمىدىم.

بۇ شېئىردا شائىر ۋاقتىنى دۇنيا ئىشلىرىغا سەرپ قىلىپ، خۇداۋەندىچىلىكنى، ئاخىرەت راپاۋەتچىلىكىنى قىلالمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆلۈم قورقۇنۇشىدىن ۋەسۋەسىگە چۈشكەن سوفىستىك روھىي ھالىتىنى ئىپادىلىگەن. شېئىرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، بۇ شېئىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىراق يېزىلغان بولسا كېرەك. مۇنداق شېئىرلار شائىر ئىجادىدا سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلىمەيدۇ. گەرچە بۇ شېئىردا قويۇق سوفىستىك خاراكتېر بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېئىرىي شەكلى، بەدىئىي تىل جەھەتتىن يەنىلا ئۆز دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىقىدا شەك يوق.

شائىرنىڭ بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئوتتۇرىغا قويغان ئېستېتىك ئىدېئال، ئادالەتلىك، باراۋەرلىك، ئىنسانغا مۇھەببەت، ئىنسان گۈزەللىكىگە مەدھىيە، كەڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلەرنى ئۆز ئىجادىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەنلىكى سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

شائىر شېئىرىيىتىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك شۇنىڭ بىلەن ئىپادىلىنىدۇكى، چىنلىق قويۇق لىرىك ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئوتتۇرىغا تاشلانغان پىكىرلەر ئابستراكىت، يالىڭاچ بولماي، بەدىئىي تەپەككۇرغا خاس ئوبرازلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئوبرازلارنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن پىشقان بەدىئىي تىلدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن:

گەر بويۇڭنى سەرۋى دېسەم سەرۋىنىڭ يوق مېڭىشى،
گەر لېۋىڭنى غۇنچە دېسەم غۇنچىنىڭ يوق سۆزلىشى.

پەقەت ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن ئوخشىتىش، تەگلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ «مەھبۇبە» سىنىڭ ئەڭ گۈزەل پورتىرېتىنى (ئاشقى قىياپىتىنى) سىزىپ بېرىدۇ. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلبى ئېستېتىك لەززەت بىلەن تەۋرىيدۇ. بۇ كۈچ ئۇنىڭدىكى قويۇق لىرىك ھېسسىياتىدىن تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ھال شائىرنىڭ ھەممە شېئىرلىرىغا ئورتاق خۇسۇسىيەت بولۇپ، بۇ شائىر ئىجادىدىكى خېلىلا يېتىلگەن ماھارىتىنى دېرەك بېرىدۇ.

ئاتۇشلۇق رىشتىخان دېگەن كىشىنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئابدۇرىشتىخان XI ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە ئۇلۇغ شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق

مەشھۇر داستاننى كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى - چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلغانىكەن. تەرجىمىنىڭ تىلى ناھايىتى راۋان، چۈشىنىشلىك بولۇپ، داستان:

سەھپىدە قۇت ئىلمىنى باشلىدىم
بۇ ئىلمىنى سۇتۇقخانغا بېغىشلىدىم.

دەپ باشلىنىدىكەن. داستان تەرجىمىسىنى 1936 - يىلغىچە مەزكۇر شەخس ئائىتۇشلۇق رىشتىخان ساقلىغانىكەن. . . ئەمما شۇ يىلدىكى يېغىلىقتا ماخوسەن ئەسكەرلىرى بېسىپ كىرىپ، تەرجىمە قوليازمىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

ئەمما يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مىسالدىكى «بۇ ئىلمىنى سۇتۇقخانغا بېغىشلىدىم» دېگەن مىسرا تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن بولماي، كىشىدە گۇمان تۇغدۇرىدۇ. بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قېزىش ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئابدۇرىشتىخاننىڭ تالانتلىق شائىر ۋە ئاتاقلىق كومپوزىتور ئىكەنلىكىنى مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ 1903 - يىلى يېزىپ تاماملىغان «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن كىتابىدا: «فارس ۋە تۈركىدە نەزمىنى ياخشى ئەيتۇر ئىدى، ئىلمىي موسىقىدا گويا ھاكىم فىساغورا (پىپاگور) ئىدىلەر. «ئىشرەت ئەنگىز» دەپ بىر مۇقام ئىختىرا قىلدى»① دەپ كۆرسەتسە، ماخمۇت جوراس «تارىخى

① ن.ن. پانتوسوۋ «تارىخى ئەمنىيە، قەشقەرنى ئىستىلا قىلىش تارىخى»، 1905 - يىلى، قازان، رۇسچە نەشرى، 19 - بەت.

رەشىدى» («زەيلى») دە: «سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مۇزىكا ئىلمىنى پۇختا بىلگەن مۇزىكا ئىلمىنىڭ موسەننىپى (ئۇستازى) بولۇپ، ئۇ ئۇچارتار، دۇتار، ساتار، قالۇن، تەمبۇر، راۋاب، ئۇد، غىجەك قاتارلىق سازلارنى ماھىرلىق بىلەن چالاتتى. ئۇ ساز چالغاندا ھەر قانداق زوقى يوق كىشىلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، تەسىرلىك كەيپىيات پەيدا قىلاتتى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان «ئىشرەت ئەنگىز» («خۇشاللىق قوزغاش») دېگەن مۇقامنى ئىجاد قىلغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئابدۇرېشىتخاننىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگىنىدەك، «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىمۇ يېتىپ كېلەلمىگەن، ياكى «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولسۇن، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇ ئەسىرىنى ئۇيغۇر مۇزىكىسىغا قوشقان چوڭ تۆھپىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

ئابدۇرېشىتخان سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى، مەدەنىيەتلىك، مەرىپەتپەرۋەر دۆلەت ئەربابى، يېتۇك شائىر، كومپوزىتور ۋە جۈملىدىن مەدەنىيەت ئەربابى سۈپىتى بىلەن پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخى، كلاسسىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەم ئەدەبىيات تارىخىدا شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

# مىرزا ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى

(1500 — 1551)

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدى»نىڭ بىرىنچى كىتابىدا ئۆزى توغرۇلۇق: «مۇھەممەت ھۇسەيىن كوراگانىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھەيدەركى ئادەملەر ئارىسىدا مىرزا ھەيدەر دەپ تونۇلغان»[1] دەيدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا «تارىخى رەشىدى»نىڭ ھەر ئىككى قىسمىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئەمما ھىندىستان شاھى زوھرىدىن بابۇر شاھنىڭ ھامىسىدىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئىكەنلىكى توغرۇلۇق يېتەرلىك تارىخى ماتېرىياللار بار.

بابۇر شاھ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «بابۇرنامە»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئوغۇل ھەيدەر مىرزا ئىدى. ئاتاسىنى ئۆزبېك ئۆلتۈرگەندىن سوڭ كېلىپ، مېنىڭ مۇلازىمىتىمدە ئۈچ - تۆت يىل تۇرۇپ، سوڭرە ئىجازەت تىلەپ قەشقەرغە خان قاشىغا (سۇلتان سەئىدخان قېشىغا) كەتتى.

بازگەر دەدبە ئەسلى خود ھەمە چىز،
زەرورى سافىونو قىراۋئو ئەرزىز.
(ھەممە نەرسە - ئالتۇن، كۈمۈش،
قوغۇشۇن ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ.)

---

[1] «تارىخى رەشىدى»دىن ئېلىندى.

بۇ تارىختا دەيدۇلەركىم، تايىپ بولۇپ، ياخشى تەرىقە پەيدا قىلىپتۇر. خەت ۋە تەسۋىر ۋە ئۇق پەيكان ۋە زىھگىرلەر ھەر نىمە ئىلىگە چاپساندۇر. تەبىئىي نەزمە ھەم باردۇر، ماڭا ئەرزداشتى كېلىپ ئىدى، نىشانىسى ھەم يامان ئەمەس»①.

ھەيدەر مىرزا بۇ «تارىخى رەشىدى» بىرىنچى كىتابىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق ئىسپاتلايدۇ: «مېنىڭ ئاتامنىڭ ئاتىسى بىر نەچچە ئەۋلادقىچە بارلىقى خاقانلارنىڭ ھامىيلىرى ئىدى. مەن بەندە 13 يېشىمدا يېتىم قىلىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ خىزمىتىگە يەتتىم. ئۇ مېنى ئاتىلىق شەپقىتى بىلەن يېتىملىك جاپاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مېنى كۆيئوغۇللۇق ئورنىغا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ قولىدا 24 يىل ئىشلىدىم. ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن پەزىلەتلىك ئادەم بولدۇم. ئىلىم ئىگىسى بولدۇم، خەتتە، ساۋاتتا، شېئىر، ئىنشا سەنئىتى، رەسساملىق ۋە ئالتۇن يالىتىش سەنئەتلىرىدە ھەممىدىن ئۇستا بولۇپ يېتىشتىم. مۆھۈر ئويۇش، تاش قىرىش، زەرگەرلىك، ئات جابدۇقلىرىنى ئىشلەش، قويمىچىلىق، ئوقيا ياساش قاتارلىق ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ ئۇستا ماھىرلىرىدىن بولدۇم. شۇنىڭدەك ھەربىي بىلىملەر جەڭ پىلانى، چارلاش (رازۋېتكا)، شىكار باشلىقى بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سەئىدخاندىن ئۆگەندىم» دەيدۇ.

ئېھتىمال، يۇقىرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دادىسى سەئىدخاننىڭ تاغىسى ماخمۇتخاننىڭ ئۆزبېك شايبانىخان بىلەن غەربىي تۈركىستاندا بولغان ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىقى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مىرزا ھەيدەر ھەربىي ئالىم ھەم سىياسىئون، يېتۈك شائىر، ھەم ئۇلۇغ

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمۇتا «نائوكا»، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 66 - بەت.

تارىخچى، ھەم ئۇستا قول ھۈنەرۋەندۇر.

مىرزا ھەيدەر كوراگان يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، سەئىدخاننىڭ ئەڭ ياخشى، ئەڭ تالانتلىق ھەربىي قوماندانلىرىنىڭ بىرى، جۈملىدىن سەئىدخاننىڭ ئەڭ يېقىن سىياسىي مەسلىھەتچىسى ھەم ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ھەم ئۇستازى. ئۇ سەئىدخان دەۋرىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە سىياسىي ئىشلارغا بىۋاستە قاتناشقان ۋە شاھىتى بولغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، 38 ياشقا كىرگەن سەئىدخان ئىشانلارغا قول بېرىپ، ئىسلام ئۈچۈن ناھايىتى «چوڭ ساۋابلىق» ئىش قىلماقچى بولۇپ، تىبەتكە غازات قىلىپ، تىبەت خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزمەكچى بولۇپ، شۇ چاغدىكى جوڭگو ۋە تىبەت بۇددىستلىرىنىڭ مەركىزى بولغان ئورساڭ (ھازىرقى لىخاسا) دىكى بۇتلارنى ۋەيران قىلماقچى بولىدۇ. بۇ كىشىگە VII، VIII ئەسىرلەردىكى ئىسلام غازات قوشۇنلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

سەئىدخان ھىجرىيە 938 - يىلى — مىلادى 1532 - يىلى تىبەتكە غازات ئۈچۈن 5000 لەشكەر بىلەن ئاتلىنىدۇ. قوشۇننىڭ باش قوماندانى ھەيدەر مىرزا بىلەن خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىسكەندەرخان ئىدى. ئۇلار «بالتىنى ئىستىلا قىلغان چاغدا خان يېتىپ بارىدۇ. ئەمما بۇ چاغدا قىش ئايلىرى يېتىپ كەلگەچكە، بۇنداق چوڭ قوشۇن بىلەن بالتىدا (تىبەتتە) تۇرغىلى بولمايتتى. چۈنكى ئاتلار ئۈچۈن يەم، بوغۇز، ئوت - چۆپ يوق ئىدى. شۇڭا ھەيدەر مىرزا مەسلىھەت بىلەن، خاننى 1000 كىشى بىلەن بالتىدا قالدۇرۇپ، 4000 كىشى بىلەن

كەشمىرنى بېسىۋېلىپ قىشنى كەشمىردە ئۆتكۈزىدۇ. بۇ قېتىم سەئىدىيە خانلىقى بىلەن كەشمىرنىڭ ئىتتىپاقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىسكەندەر مىرزىغا كەشمىرنىڭ شاھى مۇھەممەت شاھنىڭ قىزىنىمۇ ئېلىپ بەرگەنىدى. باھاردا ھەيدەر مىرزا كەشمىردىن قايتىپ چىقىپ، بالتىدا سەئىدخان بىلەن ئۇچراشتى. لېكىن خاندا جىگەر ياللۇغى كېسىلى بولغانلىقى، تىبەتنىڭ ھاۋاسى شالاڭ ۋە بەزى جايلاردا زەھەرلىك تۈتەك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، خاننىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ، قايتىشقا مەجبۇر بولدى. سەئىدخان ھەممە ئىشنى ھەيدەر مىرزىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى ئۇرساڭ (لىخاسا)غا بېرىپ پۈتۈن بۇتلارنى ۋەيران قىلىپ قايتىشقا بۇيرۇپ، ھىجرىيە 939 ـ يىلى (مىلادى 1533 ـ يىلى) تومۇز ئايلىرىدا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. بەختكە قارشى سەئىدخان يەركەنگە يېتىپ كېلەلمەي يولدا ۋاپات بولدى. تىبەتتىكى ھەيدەر مىرزا بىلەن ئىسكەندەر خانمۇ «غازات»نى ئۇرساڭغىچە داۋاملاشتۇرالمىدى، چۈنكى ئارقا سەپ — خاندانلىقتىن بەكمۇ ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى تىبەتتىكى تەبىئىي شارائىت، يەرلىك قارشىلىق ۋە خاندانلىقتىن كەلگەن زىددىيەتلەر پارچىلاپ ۋەيران قىلدى. ئۇلار قايتىپ خاندانلىق چېگرىسىغا كەلگەندە، 5000 ئادەمدىن ئاران 22 ئادەم قالغانىدى. بۇ ھالنى ئۇ «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئىككىنچى كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇ (ئىسكەندەر مىرزىنى دېمەكچى) تىبەتتە تارتقان جەبرىدىن رۇخسەت سوراشتا چىڭ تۇردى. ئۇنىڭغا تۆت كىشى قوشۇپ بەردىم. بەش كىشى ئايرىلىپ كەتتى. ئىسكەندەر مىرزا رىشتىخاننىڭ بىزگىمۇ رەھىم قىلىشىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز رەھىم،

ئۈمىد كۆتكىلى بولمايدۇ دېدىم:

دۇنيا ئىلىدىن ۋاپا كۈتۈپ بولمايدۇ،
ئىچ ۋە تېشىدا ئۇنىڭدىن ساپا بولمايدۇ.
بۇنداق كىشىدىن ئەھلى ۋاپا ھالىغا،
جەبرى ئىلە جاپادىن ئۆزگە بولمايدۇ.

بۇ ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئابدۇرىشىتخانغا ئاچچىقى ئىدى. ئۇ ئىككىنچى كىتابىدا داۋام قىلىپ، «. . . 22 كىشى بىلەن يولغا چۈشتۇق. ئىسكەندەر سۇلتان كەتتى . . .، يەتتە كۈندە پامىرغا كەلدۇق. پامىردىن بەدەخشانغا كەتتۇق، بەدەخشاندا ئانامنىڭ ھەمشىرە ئوغلى مىرزا خاننىڭ بالىسى سۇلايمان شاھ بار ئىدى. ئۇ بىزنى ياخشى قارشى ئالدى.

بېيىت

مەن رەقىبلەر كويىدا، ئۇ ئاينى قانداق ياد ئېتەي،
كاپىرستانلىق ئىچرە مەن قانداقمۇ ئاللاھۇ دەي.

مۇنداق بىر ئىسلام دىيارىغا يەتتۇق:

خوشلۇقۇمدىن قارار قىلىپ تۇرالمايمەن،
ئېھسانىڭنى ساناپ ئېلىپ بارالمايمەن.
گەر تىلىمدا ھەر بىر تۈركۈم بولسا بىر تال،
مىڭ شۈكرىڭنىڭ بىرىنىمۇ قىلالمايمەن.

ۋاخانغا كەلگەندە ئابدۇرىشىتخاننىڭ بىر خىزمەتچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئەۋەتتىم.

## پارسىي بېيت

نالە قىلسام تاش دىلدىن چىققۇسىدۇر نالىلەر،
يىغلىسام گەر قاپقارا لايدىن ئۈنەر كۆپ لالىلەر.

ئابدۇرىشتخان خوتۇن بالىلىرىمنى بەدەخشانغا ئىسكەندەر سۇلتان ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەردى. قىشنى بەدەخشاندا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىيازدا كابۇلغا كەلدۇق. . . مەن ھىندىستانغا كەلدىم. لاھورغا كەلگەندە بابۇر شاھنىڭ ئوغلى كامران مىرزا لاھوردا پادشاھ ئىدى. بۇ يەردە قىزغىن قارشى ئېلىندىم. كامران مىرزا خىزمىتىگە بارغاندىن كېيىن:

كۆرۈمەن بۇ شاھ ۋەسفىنى بىھېساب،
كېلۇر تار ئوڭا قانچە مەيدان كىتاب.
بۇ جۇملەنى گەر يازسا سەئىدى ئۆزى،
بولار بەلكى بىر قانچە دەپتەر يۈزى.

دەيدۇ. بۇ جايدا يەنىلا سەئىدخانغا ھۆرمىتى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ھىندىستانغا كەلگەندە بابۇر دۇنيادىن ئۆتكىنىگە ئىككى يىل بولۇپ، بابۇرنىڭ چوڭ ئوغلى ھومايۇن شاھ، كامران شاھ، ھىندال شاھلار ئارىسىدا بىرلىك بولمىغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئاز بولغان شىرخان قوشۇنىدىن گاڭگى ئۇرۇشىدا (1540 ـ، 1541 ـ يىلى) يېڭىلىدۇ. بۇنى كۆرگەن ھەيدەر مىرزا ئۇلارنى سۇلھ قىلىپ بىر يىغىن ئاچىدۇ. ئۇ يىغىندا مۇنداق پىكىر بېرىدۇ: «سۇلتان ھۆسەيىن مىرزا خوراساندا ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ 12 ئوغلى بىرلىشەلمەي خوراساننى شاھبەگخانغا بېرىپ قويدى. ھازىرغىچە

خەلقىنىڭ تاپا ـ تەنىسى بىلەن كىشىلەر تەبىئىتى ئالدىدا مەردوتتۇر.
شۇنداق ئۇزۇل ـ كېسىل يوقىتىشتىكى، بىر يىل ئىچىدە رۇمغا كەتكەن بەدئۇز زامان مىرزىدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى.
مەرھۇم بابۇر شاھ كەڭ ھىندىستاننى ئېلىپ سىلەرگە تاپشۇرۇپ كەتتى. سىلەر شۇنداق ھىندىستاننى شۇنچىلىك شىرخانغا ئالدۇرۇپ قويساڭلار، ئويلاپ كۆرۈڭلار، ھىندىستان ھاسىلى بىلەن خوراسان ئارىسىدا نېمە تاپاۋەت (پەرق) بار؟ سىلەرگە خەلقنىڭ ئېھتىرازى قايسى خىلدا بولغىنىدۇر! ئاھازەل بۇ خۇسۇسىدا باشنى تەپەككۇر ياقىسىغا ياخشى تىقىپ، باشنى ئىززەت ياقىسىدىن چىقىرىش لازىم. تاكى خەلق ئارىسىدا باش كۆتۈرۈش ھاسىل بولغاي. ئىش بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاسان ئىدى، سۇسلۇق سەۋەبى بىلەن ھاسىل بولمايدۇ. كۆڭلۈمگە كەلگەننى ئەرز قىلماقچى مەن، خېلى قىيىنچىلىق بار، ئەمما ئاسان ئىش بۇنىڭدىن ئىلگىرى قىيىن قىلىپ قويۇلدى، ئەگەر بۇ قىيىنچىلىققا سەبىر قىلىنمايدىغان بولسا، بۇندىن بىر قانچە ھەسسە قىيىنچىلىق يۈز بېرىدۇ» (بىرىنچى كىتاب). دېمەك ھەيدەر مىرزا بابۇر شاھ بالىلىرىنىمۇ تەشكىللىيەلىگەن.

ئۆزى ئۇلارغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، 400 كىشى بىلەن كەشمىرنى ئېلىشقا قارار قىلدى ۋە كەشمىرگە كەتتى. ئۇنى ئۇ «تارىخى رەشىدى» بىرىنچى كىتابىدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «... ھىجرىيە 947 ـ يىلى (مىلادى 1540 ـ، 1541 ـ يىللىرى) 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەشمىر ۋادىدىن ئۆتتۇم.

سېنىڭ كەلگىنىڭ نىسارى ئۈچۈن،
بولۇپ تۇشتى قار، زورگۇ ياكى دىنار (تىللا).
ھاۋا ئۆزرە چىققۇچى ھەربىر بۇلۇت،
پۇت ئاستىڭغا چاچماقتا كۆپلەپ نىسار (چاچقۇچى).»

نەتىجىدە، ئۇ 400 كىشىلىك قوشۇن بىلەن كەشمىر پادىشاھىسى كاچچەكىنىڭ 5000 ئاتلىق ئەسكىرى ۋە كۆرەشچى پىللىرىنى يېڭىپ، 1541 ـ، 1542 ـ يىللىرى كەشمىرنى ئىگىلەپ، تەختكە چىقىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇ كەشمىرنىڭ ھاكىمدارى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كەشمىرنى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىشى ئىدى.

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى ئەنە شۇ كەشمىردە يازغان. ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئىككىنچى كىتابىنىڭ ئاخىرىدا: «، بۇ تارىخى رەشىدى، ھىجرىيە 952 ـ يىلى ئوبدان شەھەر بولغان كەشمىردە (خۇدا بۇ شەھەرنى ئاپەت ۋەيرانلىقىدىن ساقلىغاي) دوستلار تەرىپىدىن مىرزا ھەيدەر كوراگان دەپ مەشھۇر بولغان مۇھەممەت ھۆسەيىن كوراگان ئوغلى مۇھەممەت ھەيدەر تەرىپىدىن ئۇنىڭ كەشمىر تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنىڭ بەشىنچى يىلى تاماملاندى» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئىشەنچلىك تارىخى ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، ئاپتور بۇ ئەسىرى «تارىخى رەشىدى»نى 1542 ـ 1546 ـ يىللىرى ئىچىدە يېزىپ پۈتتۈرگەن. ئۇلۇغ ئەدىب ئېھتىمال ئەنە شۇ كەشمىر شەھىرىدە دۇنيادىن ئۆتكەن بولسا كېرەك.

ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئاكادېمىك بارتولد: «كىتاب ئاپتورى قەبىلەداشلىرى ئىچىدە چوڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئىككى قېتىم شەرقىي تۈركىستان تىلىغا (ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭدەك باشقا دۆلەت خەلقلىرى — ھىندى، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ كەڭ تارقالغان»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ.

تارىخى ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئەسلى پارسچە يېزىلغان بۇ كىتابنى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا

---

[1] «ۋ. ۋ. بارتولد ئەسەرلىرى»، موسكۋا، 1973 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، 8 ـ توم 339 ـ بەت.

يەركەنلىك موللا نىياز ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغانىكەن. ئۇزۇن بىر قوشۇمچىمۇ يازغانىكەن، ئەپسۇسكى بۇ نۇسخا نەشىر قىلىنىش شارائىتىغا ئىگە بولالمىغان.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى «ئىنجىل جەمئىيىتى» دە ساقلانغان نۇسخا بولۇپ، بۇ نۇسخىنىڭ ياردىمىدە باشقا نۇسخىلاردىكى ئۇقۇشمىلى بولمىغان يەرلەر، خاتالىقلار ۋە ئىملادىكى سەۋەنلىكلەر يەر ۋە دۆلەت، خەلق، قەبىلىلەر ئىسمى قاتارلىقلارنى شۇ نۇسخىغا قاراپ تۈزىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. بۇنىڭدىن تەرجىمانىنىڭ ناھايىتى ئۇقۇمۇشلۇق، مەدەنىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەپسۇسكى تەرجىمان ئىسمىنى يازمىغان. ئۇ ئاخىرىدا: «مەن بۇ تەرجىمىنى خوتەن شەھىرىدە ھىجرىيىنىڭ 1263 - (مىلادى 1845 -) يىلى 22 - جامدىئۇل سانى كۈنى پۈتتۈردۈم» دېگەن. بۇنىڭدىن باشقا تۈركىيىدە مۇھاجىر بولۇپ ياشىغان بۇغرا (خوتەنلىك) مىلادى 1954 - يىل 10 - مايدا تۈركىيە مىللىي كىتابخانا باشلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلۇغ بىرىتانىيە مۇزېيىدىن «تارىخى رەشىدى» نىڭ مىكرو فىلىمىنى ئالدۇرغان. بۇ مىكرو فىلىمدىن ئېلىنغان نۇسخىنىڭ كۆپ يەرلىرى ئۈچۈپ كەتكەنلىكى ۋە خاتا كۆچۈرۈلگەن جايلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن «رەۋزە تۇسسەفا»، «زەپەرنامە»، «بابۇرنامە» قاتارلىق كىتابلار ۋە «تارىخى رەشىدى» دىن ئېلىنغان ئىنزاھلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ نۇسخىدىكى خاتالىقلار ۋە ئۇقۇشمىلى بولمايدىغان سۆزلەر تۈزىتىلىپ تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى نەشىر قىلىنىپ دۇنياغا تارقىتىلمىغان. ئەسەرنىڭ ئەسلى ئاپتور قەلىمى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسى نەشىر قىلىنمىغان. ئەسلى نۇسخىدىن كۆپەيتىلگەن كۆچۈرمە نۇسخا ۋە ئۇنىڭدىن قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدە كەمدىنكەم

تېپىلىدۇ. كەشمىر دۆلەت كىتابخانىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاپتورنىڭ قوليازما ئورىگىنال نۇسخىسى بەختكە قارشى 1948 - يىلى كەشمىر توپىلىڭىدا يوقىلىپ كەتكەن. كىتابنىڭ ئىككىنچى تومى بولسا كابول مىنىستىرلىكى كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا، ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى مەشھۇر شەرقشۇناس دىنسون روسى تەرىپىدىن تېپىلغان. بۇ نۇسخا ھازىر بىرىتانىيە موزېيىنىڭ 24090 - نومۇرلۇق كاتالوگىدا (مۇندەرىجىسىدە) ساقلانماقتا. لېكىن بۇ نۇسخىنىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس، پەقەت كىتابنىڭ باش ەرىپىدىكى بوش بېتىگە بۇ نۇسخىنىڭ ھىجرىيە 1145 - يىلى مىرزا مۇھەممەت مۇتەمەتخان ئاتلىق بىر كىشىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتلار بار خالاس. بۇ نۇسخىنى كىشىلەر 1732 - يىلدىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرچە سۆز - ئىبارىلەرنىڭ تولىسى خاتا يېزىلغانلىقىغا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلمەيدىغان بىر كىشى كۆچۈرگەن بولسا كېرەك، دېگەن پەرەز بار.

مىرزا ھەيدەرنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسى «تارىخى رەشىدى»نى ئۇيغۇر خەلقى ئاپتور يېزىپ قالدۇرغان زاماندىن تۆت يېرىم ئەسىر كېيىن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.

بۇ ئەسەرنى پېشقەدەم شائىرىمىز مەرھۇم ئەخمەت زىيائى زور جاسارەت ۋە ئورغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ، بىر نەچچە كۆچۈرمە نۇسخىلىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتى. پېشقەدەم شائىرىمىز زىيائى ئەپەندىنىڭ بۇ ئىنتايىن زور ئەمگىكىنى ھۆرمەت بىلەن قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا چىن يۈرەكتىن ئالقىش، رەخمەت ئوقۇيمىز.

«تارىخى رەشىدى»نى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىش

بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئەسىر ئاۋۋال بىرىتانىيە موزېيىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئەسكىرىنە تەرىپىدىن باشلانغان. لېكىن ئۇ 1841 ـ يىلى 4 ـ يانۋاردا 221 بەتلىك تەرجىمىنى تاماملىغان بولسىمۇ، بۇ «تارىخى رەشىدى» نىڭ ھەممىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت 1854 ـ يىلى يازغان «موغۇل دەۋرىدىكى ھىندىستان تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1 ـ، 2 ـ توملىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلىغان ماتېرىيالى بولسا كېرەك. شۇڭا بۇ قوليازما نەشىر قىلىنماي، بىرىتانىيە موزېيىدا ساقلانماقتا.

«تارىخى رەشىدى» دىن ئەسكىرىنەگە قارىغاندا ئوبدان پايدىلانغان كىشىلەرنىڭ بىرى دوكتور ۋ. ھ. بېللىر ئىدى. ئۇ 1872 ـ يىلى سىر. د. خوسسىنىڭ قەشقەرنى تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيىسىگە قاتناشقان بولۇپ، خوسسىنىڭ يازغان دوكلاتىنىڭ «شىنجاڭغا دائىر قىسمى»، «تارىخى رەشىدى» دىن ئېلىنغان. شۇڭا دوكتور بېللىرمۇ «تارىخى رەشىدى» نىڭ پەقەت ئۆزىگە دائىر قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ پايدىلانغان. كېيىن قەشقەردە خىزمەت قىلغان ر. ب. شاۋ «تارىخى رەشىدى» نىڭ بىر نەچچە بابىنى تەرجىمە قىلىپ 1876 ـ يىلى جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ مەجمۇئەسى» دە نەشىر قىلدۇردى. بۇ بابلار دۇنيا جامائەتچىلىكىنى شىنجاڭغا قوشنا جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبتىكى ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدى. بۇلار «تارىخى رەشىدى» نىڭ بىر پۈتۈن ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە زور جامائەت پىكرى ھازىرلىدى. كېيىن ئۇزاققا قالماي، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىنگلىزچە تولۇق تەرجىمە نۇسخىلىرى مەيدانغا كېلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، باشقا تىللارغا كەڭ كۆلەمدە تەرجىمە قىلىنىپ تارقىلىشقا سەۋەب بولدى. 1985 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى «تارىخى رەشىدى» نىڭ

بىرىنچى كىتابىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل دۆلەت تارىخى» نامىدا ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىنى ھەم كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەر ئۈچۈن ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە ماتېرىيالدۇر.

## «تارىخى رەشىدى» توغرىسىدا

ئاپتور بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى بىرىنچى كىتابىنىڭ بېشىدىلا مۇنداق بايان قىلىدۇ، «. . . مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھەيدەركى ئادەملەر ئارىسىدا مىرزا ھەيدەر دەپ تونۇلغان، مەن تارىخ يېزىشقا كىرىشتىم، سەۋەبى 951 ـ يىلى (مىلادى 1542 ـ يىلى) بولغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ھېكايىلەرنى يادىدا تۇتقان بىرەر كىشى قالماپتۇ» دەيدۇ. ئاپتور شەرق ۋە غەرب موغۇل چاغاتاي خانلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۇ بۇ پىكرىنى بىرىنچى كىتابىنىڭ بېشىدىلا تۆمۈرىلەر دەۋرىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى شەرەپىدىن يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» سىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بايان قىلىدۇ: «موغۇل خانلىرىنىڭ زىكرى چىڭگىزخاندىن تۇغلۇق تۆمۈرخانغىچە تارىخلاردا يېزىلىدۇ. ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كېيىنكى خانلارنىڭ ھالى شەرھى قىلىنىغان ئەمەس، بەلكى ھەر جايدا سۆز سۆزۈشتۈرۈلسە، خانلار ئەھۋالىغا توختالغاندا تەرتىپكە لايىق يېزىلمىغان. . . ، شۇ سەۋەبىدىن مەن بۇ تارىخنى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن باشلىدىم. چۈنكى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن ئاۋۋالقىلىرى يېزىپ قالدۇرۇلغان . . . » . «تارىخى رەشىدى»

نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر خوددى ئۆزى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، كىتابىنى شەرقتە - شىنجاڭدا چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىشى (مىلادى 1348 - يىلى) دىن باشلايدۇ. ئۇ بۇنى شەرقتە - شىنجاڭدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سەئىدخاننىڭ ۋاپاتى، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرىشىتخاننىڭ تەختكە چىقىشى (1533 ـ، 1534) يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇرەككەپ تارىخى ۋەقەلەرنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. جۈملىدىن شەرق چاغاتاي خانلىقى (تۇغلۇق تۆمۈردىن باشلانغان) بىلەن مىلادى 1370 - يىللىرى ماۋرا ئۇننەھرنى ئاساس قىلىپ غەربىي ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن تۆمۈرىلەر سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ۋە تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ تارىخى ھەرىكەتلىرى، ئۇنىڭ شەرقىي چاغاتاي دۆلىتىگە (بۇ چاغدا شەرقتە — شىنجاڭدا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجا ئۆلۈپ، ھاكىمىيەت ئۇنىڭ نارەسىدە ئوغلى خۇدايداتقا قالغاندا، ھاكىمىيەتنى دوغلات قەمىردىن تارتىپ ئالغاندى) قىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ۋە شەرق چاغاتاي خانىنىڭ ئاخىرقى خانى يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى ماخمۇتخاننىڭ تۆمۈرىلەردىن بولغان ئۆمەر شەيخ، ئەخمەت شەيخلەر بىلەن ئىجابىي ۋە سەلبىي مۇناسىۋەتلىرى، ئاخىرى ماخمۇتنىڭ تاشكەنت، سەمەرقەنتنى ئىگىلىشى، ماۋرا ئۇننەھرگە ئۆزبېك خانى شايبانىخاننىڭ بېسىپ كىرىشى، ماخمۇتخاننىڭ شايبانىخان بىلەن ئىجابىي، سەلبىي مۇناسىۋىتى، ئاخىرى ماخمۇتخان ھاكىمىيىتىنىڭ شايبانىخان تەرىپىدىن ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىنىشى قاتارلىق ۋەقەلەر ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى تەرەپتىن، ھىندىستاندا موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان بابۇر شاھ بىلەن سەئىدخاننىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتى،

بۇ چاغدا ماۋرا ئۇننەھردە شايبانىخاننى ئىسمائىل شاھنىڭ ئۆلتۈرۈشى، ئەنجاندا دوغلاد سەئىد مۇھەممەت مىرزىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەنجان ۋىلايىتىنى ئىگىلەپ، بابۇر شاھ ۋە ئۇنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان سەئىدخانغا خەۋەر قىلغاندا، بابۇر شاھ ۋە سەئىدخانلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم قوراللىق باستۇرۇپ كېلىشى ۋە ئاقىۋەت بابۇر شاھنىڭ يېڭىلىپ ھىندىستانغا قايتىشى، سەئىدخان تاغىسى بابۇر شاھ ھەم قازاق، قىپچاق دالاسىنىڭ پادشاھى سەئىدخاننىڭ قېيىن ئاغىسى (قاسىمخان سەئىدخاننىڭ بوۋىسى يۇنۇسخاننىڭ قىزى ھۆسنىگارخانىمنى ئالغاندى) قاسىمخاننى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىگىلەپ تۇرغان دوغلاد ئابابەكرى مىرزا ھاكىمىيىتىنى تارمار قىلىپ، سەئىدخانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشى، كېيىن سەئىدخان ئاقسۇدىن تارتىپ، تا ئىسسىق كۆلگىچە بولغان جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ئاكىسى بىلەن كونا ئاداۋەتلەرنى يۇيۇپ، ئاقسۇ بىلەن كۇچار ئوتتۇرىسىدىكى ئارابات دېگەن جايدا ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن ئۇچرىشىپ، تىنچلىق يولى بىلەن پۈتۈن سەئىدىيەخاندانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ۋە ئاخىرى سەئىدىيەخاندانلىقىنىڭ شەرق ۋە غەربتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە بابۇر شاھ دۆلىتى بىلەن مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ۋە ئەڭ ئاخىرى سەئىدخاننىڭ ئىشانلارغا مۇرىت بولۇپ، تىبەتكە غازاتقا بېرىشى، تىبەت تاغلىرىدىكى زەھەرلىك تۈتەكتە سەئىدخاننىڭ ۋاپات بولۇشى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۈرسەتپەرەس ئىلىتاغاينىڭ ئوردا ئۆزگىرىشى قىلىش ئۈچۈن، ھەيدەر مىرزىنىڭ تاغىسى قەشقەر ۋالىيسى ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەتكە تۆھمەت چاپلىغانلىقىدىن، سەئىد مۇھەممەت مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، سۇيىقەست پاش بولۇپ قېلىپ، ئىلى تاغاينىڭ قېچىشى ھەم ئۇنىڭ ھالاكىتى، ئەڭ ئاخىرى

ھەيدەر مىرزىنىڭ تىبەتتىن قايتىپ ئامالسىز بەدەخشان ئارقىلىق ھىندىستانغا - بابۇر شاھ ئوغۇللىرى ھومايۇن شاھ، كارون شاھ، ھىندال شاھلار ئالدىغا بېرىپ خىزمەت قىلىشى، ئۇلارنى بىرلەشتۇرۇشى، ئاخىرى ئۆزى 400 ئەسكەر بىلەن كەشمىرنى ئىشغال قىلىشى ۋە كەشمىرگە شاھ بولۇشى قاتارلىق تارىخى ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ ۋەقەلەر ھېچقانداق تارىختا تىخى بۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان بولۇپ، «ئاق قالغان» ئىككى ئەسىرلىك تارىخنى تولغۇزۇپ، جاھان تارىخىدا ئەڭ شەرەپلىك تارىخى ۋەزىپىنى بېجىرىدۇ. مانا «تارىخى رەشىدى» مەزمۇنىنىڭ ئەڭ قىسقا تېزىسىدۇر.

ئاپتور كىتابقا «تارىخى رەشىدى» دەپ ئات قويۇشىنىڭ ئىككى سەۋەبىنى بىرىنچى كىتابىنىڭ بېشىدىلا ئىسلامىيەت نۇقتىسىدىن مۇنداق كۆرسىتىدۇ: بىرىنچى، «تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا رەشىدۇددىن سەۋەب بولغان. بۇنىڭ ئالدىدا بۇراقخان، كېپەك خانلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىسلام دىنىنى راۋاجلاندۇرالمىغان. بۇ تارىخ ئۇنى دىنغا كىرگۈزگەن رەشىدۇددىن[1] باشلانغانلىقى ئۈچۈن بۇ تارىخ ‹رەشىدى› دەپ ئاتاش لايىق كۆرۈلدى دەيدۇ. ئىككىنچى، ئۇ ئابدۇرىشىتخاننى موغۇل خانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇ «يەنە بىر سەۋەب موغۇل خانلىرىنىڭ ئاخىرى رىشىتخان بولغىنى ئۈچۈن بۇ تارىخ ‹تارىخى رەشىدى› دەپ ئاتالدى» دەپ كۆرسىتىدۇ.

كىتاب ۋەقەلىك جەھەتتىن ئەينى زامانىنىڭ خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك «تەزكىرى زەنجىرلىرى ئۈزۈلمەي بىر - بىرىگە باغلانغان» ئىككى ئەسىرلىك تەپسىلىي تارىخى ئەسەر بولسىمۇ،

① ئەسلى تۇغلۇق تۆمۈرنى مەۋلانە جامالىددىن دىنغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان، لېكىن بۇ زات ئۇلگۈرمەي ۋاپات بولغان، بۇ ئىشنى ئوغلى ئەرشىددىن بېجىرگەن، ئۇنىڭ مازىرى ئاقسۇدا.

تارىخنى ئەكس ئەتتۇرۇش تىلى جەھەتتىن خۇددى «بابۇرنامە» دىكىدەك ئەسلىمە ئەسەر بولۇپ، بەدىئىي ئەسەر يادىكارلىقلىرى سوۋپىتىدە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ قىممەتلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

«تارىخى رەشىدى»نى بەدىئىي ئەسەر سۈپىتىدە قارىغىنىمىزدا، ئۇ ئىككى ئەسىرلىك ۋەقەنى ئەكس ئەتتۇرگەن ئىككى توملۇق داستانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ خۇددى شەرق داستانچىلىقىدەك ۋەقەلەر بايانى جەريانىدا ۋەقەلىككە بولغان ئۆز كۆز قارىشىنى شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. نەسرىي بايانلىرىدىمۇ ھېسسىيات بىلەن يۇغۇرۇلغان چاشما شېئىرىي تىلى ئىشلىتىلگەن ئورۇنلار ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: «تەدبىرنىڭ پايدىسى قىلىچ بىلەن ئوقنىڭ پايدىسىدىن ئارتۇقراقتۇر. تىغنىڭ تىلى گەرچە تېز بولسىمۇ، «فەتھ ۋمىن» (دۈشمەن فەتھ) نىشانىسىنى مەھكەم تەدبىردىن تاپقىلى لىدۇ. نەيزە مەيدان ئايۋانلىرىدا ھەر قانچە شەمئىيدەك لتىرىسىمۇ، ئۇنىڭ غەلىبىسى توغرا تەدبىر شولىسى بىلەن يورۇق بېرىدۇ. شەمشەرنىڭ ھۆكۈمى ئەگەر تۈز پىكىرنىڭ رەھبەرلىكىدە بولسا ئۇنىڭ قوبۇلى دۈشمەن گەردەنىگە چۈشىدۇ. ئوقنىڭ سالامى ئەگەر تەغدىر بىلەن بولسا، دۈشمەن يۈرىكىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بەخت روشەنلىكى جەڭ مەيدانى توزانلىرىدىن ئارتىدۇ. مەئرىكە قاراڭغۇلۇقتا يورۇق تەدبىر قولىنى تۇتىدۇ.

بېيىت

تەدبىر زامانىسىدا بىر ياخشى پىكىر دەل،
قوم دېڭىزىدەك مىڭ سوفاھدىن ئەفزەل.»

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن پارچىنى بەدىئىي ئەسەر دېمەسلىككە نېمە چارە بار؟ تەدبىرنىڭ جەڭدىكى رولى بىر پارچە گۈزەل رەسىمدەك كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئەسەردە باشتىن - ئاخىر تەكرارلانغان ئەنە شۇنداق ھالەتلەر بۇ تارىخى ئەسەرگە ئەڭ چىرايلىق بەدىئىي تۈس بېرىپ، ئۇنى بەدىئىي ئەسەرگە ئايلاندۇرىدۇ. بىز ئەمدى ئەسەردىكى ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسەن «تارىخى رەشىدى»نىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانىنى بىۋاستە بايان قىلغان ئىككىنچى كىتابىنى ئەدەبىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز:

كىتابنىڭ بۇ قىسمىدا ئالدى بىلەن شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىنىپى قاتلاملىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ ۋە ئەينى چاغدىكى قەشقەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىدىكى باغۇەنچىلىك ئۆرپ - ئادەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. كېيىن سەئىدخان قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، سەئىد سۇلتاننىڭ قەشقەر ھۆكۈمرانى ئابابەكرى مىرزا ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «سۇلتان سەئىدخان ئۈچما داۋان دۆڭىدىن لەشكەر بىلەن قەشقەرگە سەپەر قىلدى.

بېيىت

قوشۇن بولدى تەييار، تۇتۇچى جاھان،
ئاتنى مىنىپ بولدى دەشتكە راۋان.
يىغى قەستىدە باغلىدى بېلىنى،
ئۈچ ئالماسلە تېز قىلىپ نەيزىنى.
خىچىرىنە ئۇلاغ تاۋسقلە بۇ تەڭرى چۆل،
زەھى ئالتە ۋە سەككىز بولدى ئاسمان.

سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنىنى يىراقتىن كۆرۈپ

15 مىڭ كىشى دەپ قىياس قىلىشتى، قىياس توغرا چىقتى.

كىمىكى ۋەھىمە بىرلە، لەشكەر سانار،
بىرى يۈز، يۈزى مىڭ بولۇپ تۇيۇلار.»

دېگىنىدە سەئىدخان پىسخىكىسىنىڭ ئۆز دۈشمىنىنىڭ كۆچىگە نىسبەتەن مۆلچەرنىڭ تەمكىن، توغرا ئىكەنلىكى سۈرەتلىنىدۇ.

سەئىدخان تومەن دەرياسىدا ئۆز ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇپ، ئاتابەكرىنىڭ قەشقەردىكى قورغانىغا چارلىغۇچى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ئېلىنغان مەلۇماتلىرىنى ئۆز قوماندانلىرى بىلەن ۆزاكىرە قىلىدۇ، ئۇنىڭ خۇلاسىسىنى سەئىدخان ئاغزىدىن ىرلا بېيىتكە ئىخچاملاپ مۇنداق بېرىدۇ:

چېرىكى بىپايان قوشمىدىن تولا،
كىشىسى نىھان قان دېگىز ئارا.

مانا بۇ باتۇر قوماندان سەئىدخاننىڭ ئۇرۇش ئالدىدىكى توغرا مۆلچەرى، ئىشەنچ - ئىرادىسىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس سادىسى ئىدى.

جەڭ باشلىنىدۇ. جەڭدىكى سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ غەيرەت - جاسارىتى، قەھرىمانلىقى، جەڭ كارتىنىسىنى شائىر مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

بارى شىر يۈرەك، بابۇردەك كۆچى،
بۇلۇتنى تېشەر نەيزىسىن ئۇچى.
بارى شىر يۈرەك كېنەدىل جەڭچىلەر،
جاھان كۆيدۈرەر يېغى ئەزگۈچىلەر.

يوقىرىقى كۆپلىبت ھەم سەئىدخان لەشكەرلىرى جاسارىتىنىڭ، ھەم ئۇرۇش ۋەھشىيىتىنىڭ رېئالىستىك كارتىنىسىدۇر.

ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىپ سەئىدخان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئۇرۇشتىكى ھالىتىنى كۆزىتىپ، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتكەن ھالىتىنى شائىر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

چۇ، دۈشمەندىن ئۇققاچ ئاگاھ بۇ شاھ،
دەرھال قىلدى ئۇ پىكىر زەتبى سوباھ.
پۈتۈن لەشكىرى توزدى ئايىن بىلەن،
جەڭ ئىستەر يوقاتقۇچى دۈشمەن ھەم.
راۋان بولدى چىرىك تامان پەۋىغ - پەۋىغ،
دېڭىزدەككى قايىنار چىقارىپ ئوماچ.

بۇ جەڭدە ئالاھىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن خوراسان ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەركەردىسى خوجا ساقى ئەلى ئىدى.

ئۇرۇش بىر ئايغا سوزۇلىدۇ. چۈنكى قەشقەر قەلئەسى بەك مۇستەھكەم ئىدى. بۇ چاغدا قىرغىزلار سەئىدخانغا بويسۇنغان بولۇپ، سەئىدخاننىڭ لەشكەرلىرىنى ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن قىرغىزلار تەمىنلەيتتى. بۇنداق تەمىنات ئۆزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، شۇڭا سەئىدخان قىرغىزلار سەركەردىسى مۇھەممەتنى يەركەنگە چارلاشقا ئەۋەتىپ ئەھۋالدىن ئىشەنچلىك مەلۇمات توپلاپ، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئالدى بىلەن يەركەننى ئېلىپ، ئاندىن قەشقەرنى ئازاد قىلىش قارارىغا كەلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېڭىسار قەلئەسىنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇلار يولغا چىقىپ يېڭىسارغا 10 پەرساھ يىراقلىقتىكى ناساكات دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. سەئىدخان

ئۆز قوشۇنىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىغا ۋە ئىدىيىۋى ھالىتىگە ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلاتتى. ئۇ تەرتىپ - ئىنتىزام، ئۆز غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچ قوشۇن جەڭگىۋارلىقىنىڭ جېنى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇ قوشۇندىكى موكىر باتۇرنىڭ ئۆز ئادەملىرى بىلەن ھىندىستانغا بابۇر شاھ ئالدىغا قاچماقچى بولغانلىقىنى سېزىپ قالدى، نەتىجىدە، سەئىدخان ئۆز لەشكەرلىرىگە بىر قېتىم «غەلىبىگە ئىشەنچ» تەربىيىسىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى شائىر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ.

تېگىدە زەپەرنىڭ مۇبارەك ئېيتتى،
سائادەت يېقىن، تىزگىنداش نۇسرەتى.
ئۆزەڭگۈ ۋە تورانى باتۇرلىرى،
ھەممە ئالدىرار كېنەلىك دىللىرى.
بارابەرلەر بىردىن تۈگۈن تاشلىغان،
بېرىپ نەيزە گوسنى تارتقان كامان.

دەپ تەسۋىرلەيدۇ. سەئىدخاننىڭ يۇقىرىقى نۇتقىدىن كېيىن سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ غەلىبىگە ئىشەنچى ئېشىپ، بىرلىككە كەلگەن ئىرادىسىنى شائىر ناھايىتى ئىخچام قىلىپ مۇنداق ئوبرازلىق ئىككى مىسرا بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

قىلىپ ھەملە بىر - بىرىگە بۇ ئىككى يار،
بىرسى رۇستەم ئول، بىرسى ئىسپاندىيار[1].

يېڭىسارنى ئېلىشتىكى مەشھۇر قەھرىمانلار: موركا،

---

[1] ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى ئىككى قەھرىمان.

ئابدۇۋايىت، خۇداقۇلى شاھقاۋۇل، مۇھەممەت ئەلى قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭىسار قەلئەسىنىڭ ئاستىغا تەرەپ - تەرەپتىن لەخمە كولاشقا كىرىشتى. لەخمە كولاشقا «پىر - پىردار» دېگەن قورالنى ئىشلەتتى.

ئابابەكرى ئىنتايىن زالىم ھەججاز ئىدى، «تارىخى رەشىدى» نىڭ مەلۇماتىچە، ئابابەكرىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى كابۇللۇق ئابۇل شەيخ دېگەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ خانىسىدا ئالتە مىڭ ئاختا قىلىنغان ئادىمى بولۇپ، ئاختا قىلىش «خانىدا» 12 مىڭ ئاختا قىلىش قورالى بار ئىدى دەيدۇ. بۇ ئىنسانغا بولغان ئەڭ ۋەھشىي جىسمانىي ۋە مەنىۋى ھاقارەت ئىدى. خەلق ئابابەكرىگە بولغان ئۆچمەس غەزىپىنى گۇلخانغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بىرەر سەۋەبىنى ئىزدەپ تاپالماي تۇراتتى. ئىككىنچىدىن، بۇ چاغدا ئابابەكرىنىڭ دۆلەت چېگرىسى ئۇشتىن ئەنجانغىچە ۋە قايرىتكىندىن تارتىپ، بەدەخشاننىڭ كۆپ قىسمىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، تىبەت كەشمىرمۇ ئۇنىڭغا بويسۇناتتى. ئۇ موڭغۇللارنى قارا شەھەرگە، قىرغىزلارنى ئىسسىق كۆلگە مەجبۇرىي ھەيدىۋەتكىنى ئۈچۈن خەلق ئۇنىڭ زەھەرلىك چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ يېڭىسار ئۇرۇشىدا ئۇزاق ئۆتمەي ھەممە ئەسكىرىدىن ئايرىلدى. ئاخىر ئۇ ئىلاجسىز دېھقان، باغۋەن، ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېلىدۇ. شائىر بۇ ئەھۋالنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ:

كامانغا كاماندار كېرەك ئەۋەللا،
ئېچىش ھەمدە تارتىش ئۇنى راستىنلا.

رەزمە (باتۇرانە) تارتقىلى قانچە يىللار كېرەك،
كامانى كاماندار تارتىشقا بەك.

يېڭىسار قەلئەسىنىڭ باشلىقى ئابابەكرى ئەمىرلىرىدىن ئاختا قىلىنغان ئەلىك ئىمىن دورغا دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇمۇ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بىرى بولغىنى ئۈچۈن ئىشنى «سۈلھ» بىلەن ھەل قىلىشقا تېزلا كۆنۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا سەئىدخان ۋەكىلى سەئىد مۇھەممەت مىرزا كەلگەندە ئابابەكرى ئۇستىدىن قار - يامغۇردەك شىكايەت تۆكىدۇ - دە، يېڭىسار قەلئەسى ئاخىر «سۈلھ» بىلەن ئېلىنىدۇ. بۇ خەۋەر يەركەن بىلەن قەشقەرگە ئاڭلانغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇرۇشمايلا ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولدى.

ئابابەكرى يەركەنتنى چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا تاشلاپ بېرىپ، دۆلەت بايلىقىنى يۈز قېچىرغا ئارتىپ قاچتى. يېڭى خان جاھانگىر مىرزىمۇ يەركەنت تەختىدە تۆت كۈن ئولتۇرۇپ، تەختنى تاشلاپ قاچتى. بۇنى شائىر:

قېچىپ ئالماق بېشى ئۆز جايىدا تۇرغان ۋاقتىدا،
ياخشى باتۇرنىڭ كى قالغان بېشى يۇرت ئاستىدا.

دەپ ئابابەكرى ۋە ئۇنىڭ خانلىرىنىڭ ماھىيىتىنى مەسخىرە بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ. جاھانگىر مىرزا يەركەنتتىن كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن خوراسانلىق ئۇيغۇر سەركەردىسى خوجا ئېلى باتۇر قوشۇن تارتىپ يەركەنتكە بېسىپ كىرىدۇ.

جاھانگىر مىرزا ئاتىسى بىلەن تىبەت چېگرىسىدىكى سانجو دېگەن جايدا ئۇچرىشىدۇ، ئوغلىدىن خەۋەر ئاڭلىغان ئابابەكرى خوتەنگە قاچىدۇ، ئۇ خوتەندىمۇ ئۇزاق تۇرالماي قاراڭغۇ تاققا قاچىدۇ. ئۇ يەنە كەينىدىن ئەسكەر قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېچىرلارغا ئارتىپ ماڭغان قىممەتلىك تاۋارلىرىنى

ئامالسىزلىقتىن ئاق تاش دەرياسى بويىدا كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. كۆيدۈرگىلى بولمىغان ئالتۇن - كۈمۈش، مەرۋايىت، گۆھەر ... لەرنى ئاق تاش دەرياسىغا تۆكۈۋېتىپ، قېچىرلىرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ تىبەتكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا 48 يىل تۇرۇپ خەلقنىڭ جېنىدىن باشقىسىنى شۇلۇپ ئالغانىدى. بۇنى شائىر پەقەت ئىككى مىسراغا مۇنداق جەملەيدۇ:

شۇنچە نىمەت پى سۇردى نام قارا،
نامدا يوق ئورۇن يېزىشقا قارا.

شائىر ئابابەكرىنىڭ ئاچكۆز، بېخىل، دۆتلۈكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

قىلاتتى پۇتۇنلەي تورۇش ئىشنى،
ئۇقمايتتى تەدبىر كېتىش ئىشنى.

سەئىد مۇھەممەت لەشكەر تارتىپ ئابابەكرىنى قوغلاپ تىبەتكە بارغاندا، ئۇ ئىلاجسىز خوتۇن ۋە بالا - چاقىلىرىنى تىبەتكە تاشلاپ ئۆزى سەئىد مۇھەممەت ئالدىغا كېلىدۇ. لېكىن سەئىد مۇھەممەت ئادەملىرى ئىچىدىكى بەزىبىر مەنسەپپەرەسلەر ئابابەكرىنى كېچىدە سەئىد مۇھەممەت مىرزىغا ئۇقتۇرماي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. نەتىجىدە، خان ئالدىغا ئابابەكرىنىڭ بېشى كەلتۈرۈلىدۇ. شائىر ئابابەكرىنىڭ بۇ تراگېدىيىسىنى:

سەن ياشا ئۇنداق قۇتۇلغايسەن ئۆلۈپ،
ياشىما، ئۆلسەڭ قۇتۇلغاي باشقىلار.

دەپ خۇلاسىلىسا، كىشى ئۆلۈمىنىڭ ماھىيىتىگە پەيلاسوپلارچە مۇنداق باھا بېرىدۇ: «ئادىللىقتىكى ئۆلۈم، يامانلارغا ھاياتتۇر!» ئۇنى

شېئىرىي نۇتۇق بىلەن مۇنداق ئوبرازلاشتۇرىدۇ:

ئادىل كەتتى ياخشى ئېتى قالدى يادىكار،
زالىم قالمىدى، ئادىتى قالدى بەر قارار.
ئۆلدى هارۇن، قىرىق ئۆي خەزىنىدە،
نۇشرۋان ئۆلمىدى خوپ نامنى قويغۇچى.

يېڭىسار ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇچىنچى كۈنى قەشقەرگە خوراسانلىق ئۇيغۇر سەركەردە خوجا ئەلى باتۇر ئەسكەر بىلەن يېتىپ كىرىدۇ. بۇ هالنى شائىر:

مىدىرلاشقا كەلدى زېمىنۇ زامان،
كى دەتتىڭكى ئۇچماقچىدۇر ئاسمان.
سىپاهنىڭ توزاڭى ۋە ئات ئۈنىدىن،
قۇياش بىرلە ئاي قالدى ئۆز نۇرىدىن.

دەپ ئوبرازلىق گەۋدىلەندۇرىدۇ.

هىجرىيە 920 - يىلى (مىلادى 1514 - يىلى) رەجەپ ئېيىدا سۇلتان سەئىدخان يەركەنتكە كىرىپ تەختتە ئولتۇردى. سەئىدخان هاكىمىيىتىنىڭ كېلەچىكىگە شائىر زور ئۈمىد بىلەن قاراپ ئۇنىڭغا خەلق نامىدىن مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

ئى كى راست كەلگەن ساڭادۇر پادشاهلىق نە تونى،
جەۋھەرىڭدىن تاپتى شاهلىق تاجى روشەن نۇرى.
بۇ جاهان زۇلۇم ئىستەمدىن تاپقىسىدۇر قاپقارا،
بولمىسا چاقماق تىغىڭ گەر چاچقۇچى ئۆز شولىنى!

ئابابەكرى مىرزا بىر قېتىم ئەخمەت ئالاچى خاننىڭ

مەركىزى بولغان ئاقسۇنى بېسىۋالغاندا، ئۇنىڭ تۆتىنچى قىزى بولغان خەدىچە خانىمنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇ قىز بويىغا يەتكەندە ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. جاھانگىر مىرزىمۇ سەئىدخاننىڭ بۇۋىسى يۇنۇسخان جەمەتلىرىنىڭ ئانا ئۇرۇقى جەھەتتىن تۇغقان كېلەتتى. شۇڭا قاراتېگىن تاغدا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان جاھانگىر مىرزىنى ئۆزىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن سەئىدخان ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

سەئىدخان ئاتىسىنىڭ گۇناھلىرىنى ئۇنىڭغا ئارتماي، كەچۈرۈم قىلدى. لېكىن ئۇ شۇ يىلى باھار مەزگىلىدە يېڭىساردا ئۆلتۈرۈلدى، قاتىل تېپىلمىدى. ئابابەكرىنىڭ تىنبەتتە قالغان خوتۇنى خانزادە بېگىم بىلەن ئىككى ئوغلى تورتەڭگىز، بوستانگىرلارنى ئالدۇرۇپ كېلىش ئۇچۇن كىشى ئەۋەتتى. بوستانگىر كېلىشنى خالىماي ھىندىستانغا بابۇر شاھنىڭ ئالدىغا كەتتى. تورتەڭگىز بىلەن خانزادە بېگىمنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى ئەمىر كەبىر سەئىد مۇھەممەت مىرزىغا نىكاھلاپ ئېلىپ بەردى. تورتەڭگىز ئوردىدا شاھزادە بولۇپ قالدى...

بوستانگىرنى كابۇلدىكى تاغىسى قارشى ئالمىدى. ئۇ كابۇلدىن بەدەخشان ھۆكۈمرانى مىرزا خان ئالدىغا كەلدى. ئۇمۇ ئابابەكرىگە كەك ساقلاپ قارشى ئالمىدى. ئۇ ئاخىر ئۆزبېك خانى سويۇنچوكتىن پاناھ تېپىپ پۈتۈن ئۆمرىنى شۇ جايدا ئۆتكۈزدى.

سەئىدخان ئابابەكرى قالدۇقلىرىنى تامامەن تازىلاپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ ئالغاندىن كېيىن بۇ جەڭدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن جەڭچىلەرنى مۇكاپاتلىدى. بۇ سەلتەنەتلىك پائالىيەتنى شائىر مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

قورال، ئات، ساۋۇت بەردى ھەم سوپەر،
كىيىم بەردى، ئەتلەس ۋە ئالتۇن كەمەر.

قىلاتتى جەڭ ئەھلىگە ئىنئاملار،
بۇ ئىنئام بىلەن مەملىكەت سوزۇلدۇر.
ئەگەر شاھ ئۇلەشتۇرسە لەشكەرگە زەر،
سوقۇش كۈنى لەشكەر بېشىنى بېرەر.

دەپ شاھ ئىنئامنىڭ تەربىيەۋى سىياسىي ئەھمىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

سەئىدخان ھاكىمىيىتى خەلقنى ئاباەكرى زۇلۇمىدىن ئازاد قىلدى، بۇ ھال شائىر قەلىمىدە تۆۋەندىكىدەك گەۋدىلىنىدۇ:

ئالەمگە شۇ خىل يايدى ئۇ سايىدىن،
يوق ئەندىشە زاللاردە رۇستەملەردىن[1].
ئى شاھ ئادالەت كۈنىنىڭ ئىشى،
زاماندىن شىكايەت قىلماس ھېچبىر كىشى.

سەئىدخان شۇنداق تىنچلىق بەرپا قىلدىكى:

بىر كىشى بىر داس ئالتۇننى ئېلىپ غەربتىن شەرققىچە،
قورقماستىن ئۇ كىزەتتى جاھان ئەتراپىنى.
يۇرىدۇ ئەدىلىڭ بىلەن كۆك ئۈستىدە يالغۇز قۇياش،
يۈرگىنىڭدەك چاچىبان بىر توختىماستىن نۇرىنى.

سەئىدخان ھاكىمىيىتىدىن خەلققە تەككەن تىنچلىق ۋە توق تۇرمۇشتىن مەيدانغا كەلگەن خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى شائىر پەقەت ئىككىلا مىسراغا جەملەپ مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

---

[1] زال، رۇستەم — فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدىكى قارىمۇ قارشى قەھرىمانلار.

بىزدە تېنىمىز يوغۇرۇلغان لالدىي شارابى بىلەن،
جەمئىيىتىمىز قەددەھ ئىرۇر بادائى نابىدىن.

شائىر ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان سەئىدخاننىڭ شەخسى ھاياتىنىمۇ كۆزىتىپ باردۇ. چۈنكى فېئودالىزم مۇنارخىيىسىدە، شاھنىڭ شەخسىيىتى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئۇ سەئىدخاننىڭ 1510 - يىلدىن 1521 - يىللىرىغىچە ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى مۇنداق تەنقىد قىلىدۇ:

مەست بولۇپ كەلدىم كوچاڭغا كېتىمەن مەجنۇن بولۇپ،
بىغەرەزدۇرمەن نىچۈك، كەلدىم نىچۈك كەتتىم يورۇپ.

دەپ لىرىك قەھرىمان شەكلىدە سەئىدخان ئىچكى دۇنياسىغا تىغ تەگكۈزىدۇ. شائىر سەئىدخانغا كۆپ نەسىھەتلەر قىلغان بولسا كېرەك: «1521 - يىلدىن باشلاپ سۇلتان بۇ ئىشنى توسىدى» دەيدۇ شائىر خاتىرجەم بولۇپ، ئەمدى سەئىدخاننىڭ ئالدىدا ئاقسۇدىن شىمالىي شىنجاڭ يەتتە سۇنى ئىگىلەپ تۇرغان ئىنىسى مەنسۇرخان بىلەن كېلىشىپ، بۇرۇنقى شەرقىي موغۇلىستانغا قارىغان تېررىتورىيە ئىچىدە دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى تۇراتتى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئىدى. چۈنكى غەربىي موغۇلىستاندا ئۇنىڭغا رىقابەتچى بولۇپ تۇرغان، ئۆزبېك، قازاق خانلىرى بار ئىدى.

بۇ چاغدا سەئىدخاننىڭ ۋەزىرلىرى «مەنسۇرخاندىن ئۆچ ئېلىپ يوقىتىش پەيتى كەلدى» دەپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. ئەمما سەئىدخان بىر تەرەپتىن تۇغقانلىق، يەنە بىر تەرەپتىن كونكرېت

ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالىيجانابلىق بىلەن بۇرۇنقى ئاداۋەتلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ تاشلاپ مەنسۇرخان بىلەن تىنچلىق، سۈلھ قىلىش ئارقىلىق بىرلىشىش يولىنى ئىزدەپ، ۋەزىرلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى قەتئىي رەت قىلدى.

ئەمدى مەنسۇرخان بولسا سەئىدخاندىن ئىنتايىن قورقۇنۇش ھېس قىلىپ ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئۇ سەئىدخان ھاكىمىيەتكە چىقمىغان چاغدا، زور ھەربىي كۈچ بىلەن چارۇن چېلەكتە سەئىدخان ۋە ئىنىسى خىلىل سۇلتانغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ خىلىل سۇلتاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغانىدى.

ئىككىنچىدىن، سەئىدخاننىڭ ھەربىي كۈچى ئۇنىڭدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن ئىدى. ئۈچىنچىدىن، ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدە ئىنىلىرى ئىمىن خوجا، باباچاقلار بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى يوشۇرۇن تۈستە جىددىي داۋام قىلماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ سەئىدخان بىلەن سۈلھ قىلىشقا جىددىي موھتاج ئىدى. شۇڭا ئۇ مەنسۇرخان ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇغان، ئەمما يوشۇرۇنۇپ قالغان ئىنىسى ئىمىن خوجىنى ياركەنتكە ئىسمىلىك ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن تېپىپ، سەئىدخاننى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن سەئىدخان ئالدىغا ئەۋەتتى. سەئىدخان ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بولغان بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. شائىر سەئىدخاننىڭ بۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى: «بۇ چاغدا خاننىڭ ئاغزىدىن مۇنۇ بېيىتنى ئاڭلىدىم» دەپ تۆۋەندىكى بېيىتنى بېرىدۇ:

ئەگەر ئۈچانى ئىككى شاھ قويسا بىر - بىرىگە،<br>
يېغى نەيزىسى تەگمەس ھېچ قايسى بىرىگە.

بۇ سەئىدخان مەقسىتىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى ئىدى. ئىمىن خوجا سەئىدخان خىزمىتىگە بارغاندىن كېيىن

ئارىدا ئالاقە قويۇقلىشىدۇ، ئاخىر خىلىل سۇلتانىنىڭ ئوغلى باباچاق ئارىغا چۈشۈپ ئاقسۇ بىلەن كۇچار ئارىلىقىدىكى ئوبات دېگەن جايدا شاھلار دىپلوماتىك ئۇسۇلى بىلەن ھەيۋەتلىك، ھەشەمەتلىك ئۇچرىشىدۇ. بۇ ھالەتنى شائىر مۇنداق دەپ تەسۋىرلەيدۇ:

قاچان بولدى شەرقتىن بولدى تاڭ ئېتىپ،
جاھان ئالغۇچى شاھ كەلدى چىقىپ.
ئالتۇن سۇۋالغان سوپەر تىغ بىلەن،
جاھاننى ئالدى ئۇ نۇر بىلەن.

سەئىدخان ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇ شۇ پەيتتە ھەققانىيەتلىكتە، ھەربىي كۇچتە ئاكىسىدىن نەچچە باراۋەر ئۈستۈن تۇرسىمۇ، لېكىن مەنسۇرخانغا قىلىچ كۆرسەتمىدى. ئۇ ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن تەييارلانغان ئالتۇن تەختكە ئالدىدا ئاكىسى مەنسۇرخاننى ئولتۇرغۇزدى. ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكتى. قۇتبىنى مەنسۇرخان نامىغا ئوقۇتتى... بۇ ھالەتنى شائىر پەقەت بىرلا «بېيىت» بىلەن مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شەكلى سەنۇبەركى① دىلى دەپ ئاتاپتۇرلەر،
سەلىمان② سىنىڭ بويىڭنى قۇچاقلاپتۇ كەل بۇيان.

شائىر ئىككى شاھنىڭ كېلىشىش تارىخىنى گەۋدىلەندۈرۈپ،

---

① سەنۇبەر دەرىخى شەكلىنى يۈرەك شەكلىگە ئوخشىتىدۇ.
② بىر شائىرنىڭ ئىسمى.

ئىستىقبالىنىڭ پرىنسىپىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

ئاچچىقكى فىراقى ئىچرە تارتتىڭ،
يۈز زەھەرنى سەن ئۇندا تارتتىڭ.
ئاخىرى ئۇنىڭ ۋىسالى بولغاي،
ئۇ ئەمدى بىتامام ھالال بولغاي.

بۇ ئۆچرىشىش ئىنتايىن داغدۇغىلىق بولغان بولسا كېرەك. تارىخچى «يۈز تۈگمىلىك سوۋغاتلار تارتۇق قىلىشىپ ئىتتىپاقلىققا ئاساس سېلىندى ۋە كېلىشتى» دەپ يازىدۇ.

تارىختىن بېرى خان، بەگلەر ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل - ماجىرالارنىڭ خورلۇقىنى يەتكۈچە تارتقان خەلق بۇ سۇلھىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. «خان سۈڭتاشتىن 6 كۈندە يەركەنتكە يېتىپ» بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان خەلق بەزمىسىدە خەلقنىڭ خۇشاللىقىنى شائىر بىر - ئىككى مىسرا بېيىتقا جەملەپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ساقىيا كەلتۈر قەدەھ، پەيمانەنى ھەم مەينى بەر،
كەلدى دۆلەت خانگەر سۇلتانىكى قىلغانتى سەپەر.

سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخاننىڭ ئۇچرىشىشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مەنسۇرخان سەئىدخاننى پۈتۈن خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمدارى قىلىپ بەلگىلىدى. مەنسۇرخاننى سەئىدخان بۇرۇنقى ئۆز تەۋەلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ تونۇدى. سەئىد خانلىقى ئەمەلىي بىرلىككە كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا خاندانلىقنىڭ سىرتقى دۈشمەنلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدە تىنچ قورۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋەزىپىسى

گەۋدىلەندى.

سەئىدخان دۆلەت ئىچىدە بۇرۇن مەنسۇرخان بىلەن دۈشمەنلەشكەن تۇغقانلىرى باباچاقنىمۇ، ئىمىن خوجىنىمۇ ئۆزىگە تارتىپ ئىتتىپاقلاشتى. ئۆزبېك خانى سۆيۈنچۈككە قارشى تۇرۇشتا باباچاقنى باش قوماندان قىلدى. ئۇ سەئىدخان سۆيۈنچۈك بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىدىر كۆلگە ئەسكەر توپلىغاندا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇنى سەئىدخاننىڭ قانداق قارشى ئالغانلىق كۆڭۈل كۆيىنى شائىر ناھايىتى زور بەدىئىي ماھارەت بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

سەن كېلىشكە بەخت مەرھابا قىلدى،
ئۇ يۈزنىڭ ئىشتىياقىدىن گۈل كۆڭلىنى قۇت قىلدى.

دېمە، باباچاق بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ سۇلتان بىلەن بۇ جايدا ئۇچراشقانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ياسالدى مۇبارەك گۈزەل بىر سورۇن،
شاراب بىرلە سازەندە تۇتتى ئورۇن.
يورۇتقۇچى تويىكىم، قۇياش بىرلە ئاي،
بولۇشتى ئۇ تويدا تاكى قارىغاي.

دېمەك سەئىدخان پاراسەت بىلەن دۆلىتى ئىچىدىكى خىلمۇ خىل زىددىيەتلەرنى يېڭىپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئالدى.

سەئىدخان بۇ چاغدا گانسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى «دىنىغا دەۋەت» قىلىشقىمۇ باردى. بۇ چاغدا ئابابەكرىنى يېڭىشتا زور خىزمەت كۆرسەتكەن قىرغىزلارنىڭ سەردارى ئىسىق كۆل ئەتراپىدا يەنە توپىلاڭ قىلىشقا باشلىدى. سەئىدخاننىڭ ئىمىن

خوجا بىلەن بىرىپ ئۇنى باستۇرغان چاغدىكى سەئىدخان ئەسكەرلىرىنىڭ جاسارىتىنى شائىر مۇنداق سىزىپ بېرىدۇ:

زېمىن چاك بولۇپ كۆتۈرۈلدى ئىگىز،
ئۇلاق تۇۋاغى قوزغىغان توپىسى.
خوروش قوزغىلىپ كۆتۈرۈلدى پىنغان،
ئۇرۇپ دولقۇن ئۇلدى جاھان بىرلە دېڭىز.
بەلەند كۆمۈلدى قۇياش چەشمىسى،
بەلەند بولدى ھەر ياقتا شاۋقۇن ھامان.

دەپ تەسۋىرلىسە، تارىخچى سۆپىتىدە «ئاش ۋاقتىدا خوجا باتۇر مۇھەممەت قىرغىزنى باغلاپ كەلدى» دەپ بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار توپىلىڭى بېسىقىدۇ. مۇھەممەت قىرغىزنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ نەزەربەند قىلىدۇ. بۇ چاغدا بەدەخشانىنى سوراپ تۇرغان مىرزا خان ئۆزبېك خانى سۆيۈنچۈك بىلەن بىرلىشىپ، سەئىدخانغا قارشى چىقماقچى بولغان سۇيىقەستنى بىلىنىپ قالغىنى ئۈچۈن سەئىدخان ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنىمۇ بويسۇندۇرۇپ ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالىدۇ (ئابابەكرى زامانىدىلا بەدەخشان قەشقەرگە قارايتتى).

ھىجرىيە 928 - يىلى ئابدۇرىشىتخاننى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن موغۇلىستانغا ئەۋەتىدۇ. ئابدۇرىشىتخانغا «توغ»، «ناغرا»لار تەقدىم قىلىپ، يولغا سېلىش ئالدىدا سەئىدخان ئابدۇرىشىتخانغا ھاكىمىيەت تۇتۇشنىڭ يولىنى قانداق كۆرسەتكەنلىكىنى شائىر سەئىدخان ئاغزىدىن مۇنداق بېرىدۇ:

تەلەپ قىلمىغىن ياخشى نامدىن بۆلەك،
كونىرىمايدۇ بۇ نام بىلمەك كېرەك.

نېمەكى قىلىشقا قىلساڭ نىيەت،
پۇقرانىڭ ئىسلاھىنى سەن كۆزەت.
بۇ سۆز مەندىن ئۇلسۇن ساڭا يادىكار،
دىلىڭ كۆچى دۆلەت بىلەن شاد بولار.

بۇ سەئىدخاننىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە بىسىپ ئۆتكەن خۇلاسىسىدىن تۇغۇلغان ھېكمەت بولۇپ، ئابدۇرىشىتخان ئۈچۈن بىر نۇرلۇق ماياك ئىدى. ئابدۇرىشىتخان ئاتىسىنىڭ بۇ ھېكمىتىنى پۈتۈن ئۆمرىدە ساقلاپ ئەمەل قىلغىنىنى ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدە خاندانلىقىنى گۈللەندۈرۈپ، تارىختا ئۆزىگە خاس ئىز قالدۇردى.

سەئىدخاننىڭ ئابدۇرىشىتخانغا تۇتقان بۇ پوزىتسىيىسى ئۇلۇغ رۇس ئالىمى بارتولد ئېيتقاندەك «. . . ئۇ رىشىتخاننى ئۆزى بىسىپ ئۆتكەن يول بىلەن تەربىيىلىمەكچى بولدى».

خاننىڭ ئۇنى قەشقەرگىچە ئۇزىتىپ خوشلاشقانلىقى شائىرنىڭ قەلىمىدە مۇنداق ئەكس ئېتىلىدۇ:

ۋىدات رەسمى بىرلە قۇچاقتا ئۇنى،
ئېلىپ سۆيدى كۆزى بىلەن بېشىنى.
راۋان بولدى شاھزادە كامكار،
ئۇنىڭ يولداشى يولدا پەرۋەردىگار.

دېگەن بۇ مىسرالاردا بارلىق ئىنسانغا خاس ئاتا - بالىلىق مېھرى - مۇھەببەت، ھېس - تۇيغۇ شائىرانە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

ئابدۇرىشىتخاننىڭ موغۇلىستانغا (غەربىي موغۇلىستانغا) قەدەم قويۇشى ئۇنىڭ كېلەچەك ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى. تارىخچى بۇ كىتابىدا موغۇلىستاننىڭ جېگراسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى

«موغۇلىستان دەپ ئاتىلىدىغان چېگرانىڭ كەڭلىكى 7 ـ 8 ئايلىق يول. شەرق چېگراسى كۆكچە دېڭىز بولمىش قارامالدۇر. غەربىي چېگراسى تۈركىستان، تاشكەنت، جەنۇبىي چېگراسى پەرغانە ۋە قەشقەردۇر. بۇ چېگرانى مەن جەنۇب ياقتىن كۆردۇم. تاشكەنتتىن ئەنجانغا 10 كۈنلۈك يول، ئەنجاندىن قەشقەرگە 20 كۈنلۈك، بۇ جايدىن ئاقسۇغا 15 كۈنلۈك، ئاقسۇدىن قارا شەھەرگىچە 20 كۈنلۈك، چالىشتىن تۇرپانغىچە 10 كۈنلۈك، تۇرپاندىن بارىس كۆلىگىچە 15 كۈنلۈك يولدۇر. بارىس كۆل موغۇلىستاننىڭ شەرق چېگراسىدۇر. بۇ ئوتتۇرا مېڭىش بىلەن ئۈچ ئايلىق يول بولۇپ، جەمئىي 40 مەنزىل بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى 7 ـ 8 ئايلىق يول بولۇپ، تولىسى گۈزەل سەھرا، تاغلاردىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئابدۇرشىتخان مانا شۇ كەڭ رايوننى بىرىنچى قېتىم مەشق مەيدانى قىلىپ ئىش باشلىغانىدى. ئابدۇرشىتخاننى ئاتىسى يىراقنى كۆزلەپ، موغۇلىستاندا بولغان ھەر خىل ئۇرۇشلارغا، قىرغىزلار، ئۆزبېكلەر، قازاقلار بىلەن ئەينى زاماندا بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشتۇرۇپ، ئەمەلىي جەڭ مەيدانىدا چېنىقتۇردى.

1528 ـ، 1529 ـ يىللىرى ئەتراپىدا غەربىي موغۇلىستاندا ئابدۇرشىتخان قازاق، ئۆزبېك خانلىرىنى بىر قانچە قېتىم يېڭىپ، ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي كۈچكە ئايلاندى. بۇ چاغدا ئابدۇرشىتخانغا خائىنلىق قىلىپ، ئۆزبېكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن قىرغىزلار سەردارى مۇھەممەت قىرغىز ئىككىنچى قېتىم تۇتۇلۇپ قەشقەرگە ئەۋەتىلگەنىدى. بۇ ئىشتىن ئابدۇرشىتخاننىڭ قول ئاستىدىكى قىرغىزلار نارازى ئىدى.

ئاخىر ئابدۇرشىتخانغا قارشى ئۆزبېك، قازاق كۈچلىرى بىرلىشىپ كەتكەن چاغدا، ئابدۇرشىتخاننىڭ قول ئاستىدىكى قىرغىزلارمۇ ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىشنى كۆزىتىپ تۇرغان سەئىدخان بۇيرۇق بىلەن ئابدۇرشىتخاننى قەشقەرگە

قايتۇرۇپ كەلدى. ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى شەرقىي موغۇلىستانغا تەۋە بولغان بۇ جايلار ئاخىرقى ھېسابتا سەئىدخاننىڭ دۆلەت تەۋەسىدىن چىقىپ كەتتى...

ئابدۇرىشىتخان قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ۋاقىتلىق بىرلەشكەن كۈچلەر ئۆزئارا مەنپەئەت توقۇنۇشى تۈپەيلى، ئۇزاق ئۆتمەيلا پارچىلىنىپ پىتىراپ كەتتى... بۇنى سەئىدخان كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، يىراقنى كۆزلەپ يەنە قايتىپ بېرىشنى خالىمىدى.

بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قازاق خانى تاھىر سەئىدخاننىڭ چېگراسىغا يېقىن جايلاردا بۇلاڭچىلىق قىلدى.

خېلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى باباچاق ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى خېلىل سۇلتاننى جانىبەك ھىجرىيە 914 - يىلى ئوقىسى دېگەن جايدا سۇغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرگەنىدى.

سەئىدخان دانا، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئۇلۇغ ھەربىي ئالىم بولغىنى ئۈچۈن، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ يەردە ئۇزاق پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە باباچاق ساۋاتسىز، تەنتەك، كالتە پەم، تەۋەككۇلچى، ئىستىبداتسىز ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تىلىكىنى سەئىدخان رەت قىلغانىدى! ئۇ بۇ ئىشتىن نارازى بولدى. بەزى ئادەملەر (ئىلى تاغاي) ئۇنى تېخىمۇ ئېچىتتى. خان نەسىھەت قىلسا ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا يېڭى ئىش تاپشۇرسا، ئۇ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى، ئاخىر بولماي ئۇنىڭ ئەمىلىنى ئېلىۋەتتى. ئۇ يامان كىشىلەرنىڭ سۆزىگە كىرىپ ئالدىدا يەركەنتكە، كېيىن بەدەخشانغا قاچتى. ئۇ جايدىمۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەي، يەنە پۇشايمان بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

خان ئۇنى كەچۈرۈپ ياخشى قارشى ئېلىپ تەربىيە بەردى، ئۇ بۇنىڭغىمۇ رازى بولماي، تاغىسى بابۇر ئالدىغا قېچىپ باردى.

بابۇر ئۇنىڭغا فىروز قورغاننىڭ مۇئەككەمدىيە شەھىرىنى باشقۇرۇشقا بەردى. بۇنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالماي، نۇرغۇن خاتالىقلار ئۆتكۈزۈپ، ھىجرىيە 937 ـ يىلى 24 يېشىدا ۋاپات بولدى. شائىر ئۇنى «ئۆزى ئىستىبداتسىز بەگۋاش ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، پادىشاھ شۇنچە تەربىيىلىسىمۇ، تەربىيە سىڭمىگەن ساۋاتسىز ئادەم ئىدى» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەئىدخاننىڭ قىلغان غەمخورلۇقىنى شېئىر بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

پادىشاھ مەكتەپكە بەردى ئۆزىنىڭ بىر ئوغلىنى،
قولتۇقىغا قىستۇردى كۈمۈش بىرلە ھەلنى.
بېشىغا يېزىلغان ئىدى خەت ئالتۇن بىلەن،
ئاتا مېھرىدىن بەلەند بىل ئۇستانىڭ جەۋھىرىنى.

سەئىدخان ئۇلۇغ ھەربىي قوماندان، يېتۈك سىياسىئون، شائىرلا بولۇپ قالماي، ماتارىپپەرۋەر ھەم ئۆز ئەۋلادىنىڭ مېھرىبان تەربىيىچىسى ئىدى.

سۇلتان ماخمۇت خان جىيەنى مەنسۇرخانغا خائىنلىق قىلىپ، ئاقسۇدىن قېچىپ شايبانىخاننىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۇنى شايبانىخان سىر دەريا بويىدىكى خوجەندە بەش ئوغلى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى مۇھەممەت سۇلتان نارەسىدە بالا بولغانلىقى ئۈچۈن شايبانىخاننىڭ ئەمىرلىرى ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنى يوشۇرۇپ قويغانىدى. سەئىد مۇھەممەت مىرزا سەمەرقەندتە ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئەنجان ئوبلاستىنى ئىگىلەپ ئېلىپ، بابۇر شاھقا خەۋەر قىلغاندا سەئىدخان، بابۇر شاھلار ئىككىنچى قېتىم ماۋرا ئۇننەھرگە بېسىپ كىرىپ، ئۆزبېكلەرگە ئەسىر بولۇپ تۇرغان ئابدۇرشىتخاننىمۇ، باباچاقنىمۇ، مۇھەممەت سۇلتاننىمۇ ئەسىرلىكتىن قۇتقۇزىدۇ. سەئىدخان قەشقەرگە ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدىغان بولغىنى ئۈچۈن

مۇھەممەت سۇلتاننى كابولغا قايتقان بابۇر شاھ تەربىيىسىگە تاپشۇرىدۇ.

سەئىدخان شىنجاڭدا ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەندىن كېيىن مۇھەممەت سۇلتان سەئىدخان ئالدىغا خىزمەتكە كېلىدۇ. بۇ چاغدىكى سەئىدخاننىڭ مۇھەممەت سۇلتانغا قىلغان غەمخورلۇقىنى شائىر لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇنداق گەۋدىلەندۇرىدۇ:

ئاتا ئۆلگۈچى بېشىغا سايە سال،
توپاسىنى قاقىل تىكەنىنى ئال.
كۆرەرسەن تۇۋەن بىر يېتىم بېشىنى،
بالاڭنىڭ سۈيۈپ تۇرماغىل يۈزىنى.

سەئىدخان ئۇنى ئۆز بالىسىدەك تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئاتابەكرىنىڭ تىبەتتىن قايتۇرۇپ كەلگەن قىزى خەلچە سۇلتان خېنىمنى ئېلىپ بەردى. يەنە شۇ سەئىدخان ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن يېتىم بالا، شائىر ھەم تارىخچى ھەيدەر مىرزا («تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى) بىلەن ناھايىتى ئىناق ئىدى. شائىر بۇ ھالەتنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

مەن ئۆلدۈم، جانۇ - جان بولدۇم مەن،
گويا بىر جانكىم جايدۇر ئىككى بەدەن.

بۇنى شېئىري ئوبراز يارىتىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ. سەئىدخان پەزىلەتلىك، كەڭ قورساق، ئالىيجاناب شاھ ئىدى. ئەنە شۇ مۇھەممەت سۇلتان ئاخىر سەئىدخان بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىپ ئاز بولمىغان جاڭجاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شاھ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈپ ئۇنى

بەدەخشانغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى شۇ جايدا ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتكۈزدى.

سەئىدخان ئۆز ئەۋلادى ئارىسىدا تۇغۇلغان ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن خىلمۇخىل تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. مۇھەممەت خان ۋەقەسىدىن كېيىن تۇغقانلار ئارىسىدا ئاز بولمىغان نىزالار چىقىدى. بۇ نىزالارنى يوقىتىش ئۈچۈن شۇ يىلى ئابدۇرىشتخان بىلەن مىرزا ھەيدەرنى بىلورىستانغا غازاتقا ئەۋەتتى. بىلورىستان بۇ چاغدا كاپىر ئىدى. مىرزا ھەيدەر بىلورىستاننىڭ جۇغراپىيە خەرىتىسىنى مۇنداق سىزىدۇ: «بىلورىستاننىڭ شەرق چېگراسى قەشقەر، يەركەنت، شىمالىي چېگراسى بەدەخشان، غەربىي كابول، جەنۇبىي كەشمىر بىلەن تۇتىشىدۇ. بىلورىستاننىڭ ئەتراپى تۆت ئايلىق يول، ھەممىسى تاغ - جىلغىلاردىن ئىبارەت، خەلقى كۆپ، بىر - بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئىمارەت، زىرائەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كالا، قوي چارۋىچىلىقىنىڭ ئاساسى. ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بار. بۇ يەردىن شېرىن ئانار مېۋىلىرى چىقىدۇ. ئۇلار ھىجرىيە 934 - يىلى مەغلۇپ قىلىندى...» دەيدۇ. دېمەك، بىلورىستان ھىجرىيە 934 - يىلى سەئىدخاننىڭ دۆلەت خەرىتىسىگە كىرگەنىكەن.

يۇقىرىقى بابلاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىستاندا ئۆزبېك خانلىرىنىڭ ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىش، مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىدىن تۇغۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار ئۇ يەردىكى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» خوجىلارنىڭ جەننىتىنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتتى. ئۇلار ئەمدى يوقالغان «جەننەت»نى قايتا تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا توپ - توپى بىلەن ئېقىپ كىرىپ، سەئىدخان ئوردىسىدىن پاناھ تاپماقچى بولدى. بۇنى «تارىخى رەشىدى» 2 - كىتابىدا «ھەزرىتى خېۋەندىنىڭ ئەسلى

خۇەندى دەپ ئۇلۇغلانغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەجدادى خوجا گاھ خوجا دەپ مەشھۇر بولغان خوجا ئابدۇللا بولۇپ، شاۋۇدۇن ماخمۇت ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىدى. مىلادى 1502 ـ يىلى ۋە 1503 ـ يىللىرى پەرغانىدە ۋاپات بولغان، خوجا ئەھرار نەسىردىن ئەبەيدۇللانىڭ[1] ئەۋلادى ئىدى» دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ كىتابتا ھەزرىتى ئىشان دەپ يېزىشتىكى مەقسەت ھەزرىتى خوجا ئەھرار نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىغا قارىتىپ يېزىلغان بېيىت:

ئى خوش كىشىكى مەيخانە ئاراجا قىلغان،
بارلىغىنى جام شىشىگە پىدا قىلغان.
روھى قۇددۇس پەيزى ماڭا ھەم نەپەس بولسا،
قىلغۇدۇم ئول ئىشىكى مەسھاقىغا.
مەن ئەپۇغا لايىق ئەپۇ فىرىشتە نىگە بىناۋا،
يوق گۇنا لايىق ھىچ، ئەمەس ئەفۇقىغا.

ئاللانىڭ ئەلچىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:
— بېھىشنىڭ ئىشىكىنى قېقىشنى داۋام قىلدۇرۇڭلا، سىلەرگە ئېچىلىدۇ.
— مەن دېدىم، — بېھىشنىڭ ئىشىكىنى قانداق داۋاملىق قاقالايمىز؟ — ئەيتتى:

— ئاچلىق ۋە تەشنالىق بىلەن.
تارت ماشاقەت ياكى راھەت كۆر،

---

[1] خوجا ئەھرار ئەبەيدۇللا ـ ئۇلۇغبەكنى ئۆز ئوغلى ئابدۇلېتىپقا ئۆلتۈرگۈزۈپ، «پادشاھنى ئۆلتۈرگەن ئوغۇلغا پادشاھلىق مەنسۇپ بولمايدۇ» دېگەن پەتۋانى چىقىرىپ، ئوردا ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان.

رەنج مىھنەت ئۆزى كەتكۈچىدۇر.
بۇ جاھان ئۇ، مۇھەممەت تىرىلغۇ مەيدانى،
بەختىنىڭ ئۇرىقى رەنج بىل ئۇنى.

سەئىدخان مۇھەممەت نۇرانىنىڭ «مۇرتى بولدى» دەيدۇ. يۇقىرىقى مىسالدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، فېئودال ئىستىبداتىنىڭ ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ قەبىھ، ئەڭ ئەكسىيەتچى روھىي تۈۋرۈكى سوفىزىم سەئىدخان ئوردىسىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. سەئىدخاننى تىبەتكە تاجاۋۇزچىلىق غازاتقا ئاتلاندۇرغان ئەنە شۇ سوفىزىمنىڭ ئەكسىيەتچى روھى بولغان بولسا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچىنىشلىق ھالاكىتىمۇ جۇڭغار ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە دەستەك بولغان سوفىزىمنىڭ يىرىك ۋەكىلى، ئەڭ ۋەھشىي يومىشچىك ئاپاق خوجىنىڭ خائىنلىق ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مىرزا ھەيدەرنىڭ رېئالىستىك تارىخچى سۈپىتىدە مەشھۇر بابۇر شاھ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر ھەم ئۆزى بابۇر شاھ ھوزۇرىغا بارغاندىن كېيىن بولغان ۋەقەلەر ھەققىدىكى بايانلىرى يۇقىرىدا قىسمەن ئېيتىلغانىدى. بۇ جايدا شائىر سۈپىتىدە بابۇر شاھقا تۆۋەندىكى مىسرالارنى بېغىشلايدۇ.

بابۇر بىر نەچچە يۈزمىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ رەنا سىنىگ ھىند راجاسىنى يەڭدى. ئۆزىنى بولسا غازى دەپ ئېلان قىلدى.

زوھرىدىن مۇھەممەت شاھ بابۇر،
ئىسكەندەر دۆلىتى بەھرەم سۆلەت.

دۆلەت بىرلە ئالدى ھىندى يېرىنى،
ئوڭا تارىخ كەلدى پەتىخ دۆلەت[1].

بابۇر شاھ ھىجرىيە 937 ـ يىلى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. ئۆلۈش ئالدىدا چوڭ ئوغلى ھومايۇن شاھنى بەدەخشاندىن چاقىرىپ ئېلىپ كېلىپ ئەمىر ۋە خەلق ئالدىدا ھاكىمىيەتنى ـ جاھاننى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ كەتتى. بابۇر ۋاپاتىدىن كېيىن كۆيئوغلى بەدنىيەت زامان مىرزا، ئوغلى مۇھەممەت زامان مىرزا دۆلەت ئىچىدە ئىسيان كۆتۈردى. ئەمما پاراسەتلىك ھومايۇن شاھ يۇمشاق قوللۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلدى. ھومايۇن شاھ ئاتىسى بويسۇندۇرالمىغان كوچراتنىمۇ بويسۇندۇردى، دەپ بايان قىلىدۇ تارىخچى مىرزا ھەيدەر.

ئىككىنچى كىتابنىڭ قالغان قىسمى سەئىدخاننىڭ تىبەتكە «غازات» قىلىشى، تىبەتنىڭ جۇغراپىيىسى، تەبىئىي بايلىقى، تىبەت خەلقىنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، خاننىڭ تىبەت تاغلىرىدا ئىس تېگىپ ۋاپات بولۇشى، ئابدۇرەشىتخاننىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىش ئالدىدىكى ئەمىر ئىلى تاغاينىڭ سۇيىقەستى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە توغۇلغان قانلىق ۋەقەلەر، ئابدۇرەشىتخاننىڭ ھاكىمىيەتكە چىقىش جەريانىدىكى كۈرەشلەر، مىرزا ھەيدەرنىڭ تىبەتتىكى ھەربىي پائالىيىتى ... قاتارلىق ۋەقەلەر ھەم ئەدەبىي، ھەم بەدىئىي، يول بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

«تارىخى رەشىدى»نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا كەلسەك، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ھەر قانداق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاش، ئوتتۇرا ئەسىر كىتاب يېزىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، كىتابنىڭ كىرىش قىسمىدىلا «ئاللا»نى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ. كېيىن كىتابتا تەسۋىرلىنىدىغان

[1] پەتىخ دۆلەت دەپ يازسا، تارىخىي يىل چىقمايدۇ، خاتا بولۇپ قالغان، دەيدۇ (تەرجىمان).

ۋەقەلەرگە خوددى رومان ۋە داستانلاردىكىدەك مۇنداق مۇقەددىمە بېرىدۇ:

يەر بىلەن ئاسمانغىچە ھەم ئاي بىلەن كۈن ئارىسى،
پەزىلى تۈركىستانى ئىچىدە ئۇ ئىرۇز ھىند يولچىسى،
قەسلىشىپ دۇنيا بويىچە بارلىقى سۆيمەكنى يەر،
تاجىدارلار ھەر تەرەپتە باغلىشىپتۇر كەمەر.

شائىر ۋە تارىخچى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ دەپ رايدۇ:

گېدەيگەن شاھىنشاھلارنىڭ بېشى،
ئۇنىڭ دەرگاھىغا نىيازدۇر ئىشى.
ئۇ تۇتمايدۇ تېز بويۇن تولغىسا،
زۇلۇم بىرلە قاۋىمايدۇ ئۇ زور ئەيلىسە.
ئۇلۇغلۇق مەنىلىك ئۇنىڭغىلا خاس،
زاتى باي ۋە مۇلكى قەدىمدۇر خالاس.

شائىر ئاللانى ئۇلۇغلاپ ئۆتۈپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇدانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى ئۈستىدە توختايدۇ. ئۇ يىراق تارىختىن مىسال كەلتۈرۈپ سۇلايمان، يۇسۇپ، داۋۇتلارنى ئاللا ھۆكمى بىلەن تەختكە چىققان دەيدۇ. ئەيسانىڭ قانداق دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ ئۆتۈپ، خۇدانىڭ ئەيساغا بەرگەن خىسلىتىگە مۇنۇ بېيىتنى بېغىشلايدۇ:

ئەيسا بىرىپ كېلىشىڭدىن كۆڭلەرگە ئوخشاش خەبەر،
بەردى ئۇنىڭ شاراپەتىلە ئۆلۈككە جان.

كېيىن مۇھەممەت پەيغەمبەرگە مۇنداق مەدھىيە ئوقۇيدۇ:

مۇھەممەت ئەقىل ئىلى كۆزگە نۇردۇر،
ياراتىلىش قەسرى گۈلىنىداردادۇر.
پۈتۈن باشلىنىقا باش بولدى كەلدى،
ئىككى ئالەمدە تاجىدەك باشتا بولدى.

ئاندىن تۆت چارىيا — ئابابەكرى سىددىق، ئۆمۆر ئىبنى خەتتاپ، ئۆمەر ئىبنى ئەفخان، ئىلى ئىبنى تالىپلارنىڭ چارىيا بولۇشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ھەر بىرىگە بىردىن ئايەتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ھەر بىرىنىڭ سۈپىتىگە بىردىن غەزەل بېغىشلاپ، مەدھىيىلەيدۇ ۋە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنى ئايشەنى پۈتۈن مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى سۈپىتىدە تەرىپلەپ ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

بۇلاردىن كېيىن مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كېرىم» ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «قۇرئان ئۈچ قىسمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، ئاللانىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى ئايەتلەر، ئىككىنچى، مۇھەممەت شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرى، ئۈچىنچى، تارىخ — ئۆتكەنكىلەر بايان قىلىنىدۇ» دەيدۇ.

كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، كىتاب يېزىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلىپ، ئاندىن تارىخنى بايان قىلىشنى باشلايدۇ.

ئاپتور ئىككى قىسمدىن ئىبارەت بۇ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ئېپوپېيىسى — «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاخىرىنى خۇداغا مۇناجات

قىلىپ مۇنداق تاماملايدۇ.

«خۇدايا، خۇدايا سەن بار، بولۇشۇڭ ۋاجىپ بولغان زاتدۇرسەنكى، سېنىڭ بارلىقىڭ، سېنىڭ سېخىيلىقىڭغا لايىقتۇر. سېنىڭ سېخىيلىقىڭ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى لازىم تۇتقۇچىدۇر. سېنىڭ باشقا سۈپەتلىرىڭگە ھېچبىرى شېرىك بولالمىغاندەك بۇنىڭغىمۇ ھېچكىم شېرىك ئەمەس.

بېيىت

كۇپۇر ئىسلام بولۇڭ ئارا يوقتۇر،
بىر شېرىك يوق ئۇنىڭغا دەپ ئېتار».

بىر باب ئاللاغا مۇناجات قىلىش بىلەن تاماملىنىدۇ.

كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرى «ئى ئاللا، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق بەرگىن. ئۇ دۇنيادىمۇ ئېھسان قىلغىن ۋە بىزنى ئوت ئازابىدىن ساقلىغىن.

ياخشىلارغا سالام» دەپ تاماملىنىدۇ.

مانا بۇنى شەكىل جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرىنىڭ كىتاب يېزىش ئۇسلۇبىنىڭ ۋەكىلى دېگىلى بولىدۇ.

ئاپتورنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ھەر قانداق ئىسلام دىنىغا ئىشەنگەن مۇتەپەككۇرلىرىدەك خۇداغا چىن دىلىدىن ئىشىنىدىغان كامىل مۇسۇلمان، ئىسلام ئېتىقادىنىڭ ئەڭ زور ئالىمى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا سوفىزىم تەرىقىتى خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. غەربىي تۈركىستاندىن ئېقىپ كەلگەن خوجا ئەۋلادلىرىنى، ئۇلارنىڭ «پەزىلەتلىرى»نى پۈتۈن باب ئاجرىتىپ تەسۋىرلەپ مەدھىيىلەيدۇ. مىسال ئۈچۈن بىر ئۇزۇندى ئالايلى: شەيخ ئوبۇل

نجاپ نەجمىدىن كۆپىرا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر مۇرىت ئۆزى سادىق بولۇپ، ئىرادىسى ھەقىقى بولسا، ئۇ شەرقتە بولۇپ پىرى مەغرىۋتا بولسىمۇ، خۇدا پىرىنى ئىككى ئالتىق قىلىپ يوگورتۇپ ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر تەلەپ سادىق بولمىسا، پىرى بىلەن بىر ئۆيدە بولسىمۇ، مۇلازىمىتىنىڭ دۆلىتى مۇيەسسەر بولمايدۇ. مەن ئۇققانلىرىمنى ئايىمايمەن. ئۆزۈمچە سۆزلەشكە ھەققىم يوق. ئەمما ئاتام خوجا ئەبەيدۇللا ماڭا بىر قانچە قۇر خەت يېزىپ بەرگەنىدى. شۇنى سىلىگە بىرەي، دەپ خەتنى خانغا بەردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ‹خۇداغا يېتىشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ مۇھىم ئىشى تائامنى ئاز يېيىش، ئاز سۆزلەش ۋە ئاز ئۇخلاشتىن ئىبارەتتۇر›، خان مۇشۇ يول بىلەن ماڭدى. كېيىن خوجا نۇرا كەلدى. نۇرپاندىن خوجا تاجىدىن كەلدى. خان تىلىكىگە — مەقسىتىگە يەتتى.» دېگىنىدە سوفىزىمنىڭ توپكى يادروسىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

ياكى:

بۇ پەس جاھان كىشىلەرگە قىلمايدۇ ۋاپا،
يوقتۇر كىشى ئۇنىڭدىن كۆرگۈچى ۋاپا.
بار! خەلقى خۇداغا سەن قىل خوپلۇق،
كۆردۇڭكى جاھان ھېچ كىشىگە قىلمىدى ۋاپا.

ئەمما مىرزا ھەيدەر تارىخى ۋەقەلىكنى بايان قىلىشتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ رېئالىستى ئىدى. ئۇنىڭ پرىنسىپى «تارىخچىلار ئادىتى تەزكىرە زەنجىرىنى ئۈزمەستىن قانچىلىك

ئېيتىشقا لايىق بولمىسمۇ، ئۇنى دەپ ئۆتۈش ۋە قانداق بولسا شۇنداق شەرھىلەشتۇر» . ئۇ بۇ پرىنسىپقا باشتىن - ئاخىر شەخسىي غەرەز ئارىلاشتۇرماي ئىزچىل ئەمەل قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز دۇنيا قارىشىدىكى ئىدېئالىزم، سوفىزم ئۇيۇقىنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىككى ئەسىرلىك تارىخىنى ئىنتايىن تەپسىلىي رېئال بايان قىلىپ، جاھان تارىخىغا ئىنتايىن زور ھەسسە قوشىدۇ.

ئاپتور ئىستىلىدىكى رېئالىزم ئۇنىڭ ئىنسان ئەقىل - ئاۋىتىگە راتسىئونالىستلارچە قاراش ئېلېمېنتلىرىنى ...ىشلايدۇ.

مەسىلەن:

سۆز رەئيي ① دۇر ھەر قەربىرغان باتۇرلىقتىن ئىلگىرى،
ئۇ ئەۋۋەلدۇر قەھرىمانلىق ئۇنىڭ يەنە بىر ئىككىنچى تورى،
ئىككىسى بىرلەشسە ھەر بىر نەفسىدە ھۆرلۇك بىلەن،
بولغۇسى ئۇ نەفسىنىڭ ئالىي ماكانىنىڭ ھەر بىرى.

پىكىر بىلەن يول تاپقىلى بولىدۇ:

بېيىت

بولۇر رەئيىلە، لەشكەرنى سۇندۇرغىلى،
بولۇر تىغىدا بىر يوزنى ئۆلتۈرگىلى.

① رەئيي - پىكىر.

باتۇرلۇق، ئىغىر بېسىقلىق جەڭ كاپالىتى:

ببيت

ئورۇندىكى ئىش بولسا قىستاڭ تازا،
جىگەر بۇندا لازىم، تۇرماق بىر ھازا.

لېكىن رەئىي باتۇرلۇقتىن ئىلگىرىدۇر. تەدبىرنىڭ پايدىسى قىلىچ بىلەن ئوقنىڭ پايدىسىدىن ئارتۇقراقتۇر!... ئاپتور تىلىدىكى ئەدەبىي بوياق، ئوبرازلىقلىق بەدىئىي ئەسەردەك كىشىنى قايىل قىلىدۇ. ئۇ ئەمىر تۆمۈرنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ساھىبقىران قوتۇپقا ئوخشاش مەركەزدە تۇرۇپ ھوجۇم قىلغان دۈشمەنگە قارىتىپ، ئىغىر قولىنى يېنىك قىلىپ، ئوق ماكانىغا قول ئۇزاتتى. چەپ قولىنى ئەلىپ، ئوڭ قولىنى دال قىلدى...» بۇ تەسۋىر ھەر قاندان بەدىئىي رومان تىلى بىلەن تەڭ تۇرالامدۇ؟! ئۇ تۆمۈر ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

تاڭ لەيلى ئېرىق بويىغا تارتتى لەشكەرىن،
تەييارلىدى سوقۇشۇش ئۇچۇن ھەممە قۇرالنى.
گۆلدىن سۈپەر ياساپ، باشاق قىلدى غۇنچىنى،
سۈدىن زىرە، تىكەندىن ئوق بىرلە نەيزىنى

جەڭ مەنزىرىسى:

زامان خۇلقى پۇر بولدى، نەققارە سادا سىدىن،
چىقاردىلەر ئاداۋەت شەمشىرىنى ئۆز غىلابىدىن.

سەن ئەتتىگكى چاچتىلەر ئۇلار ئالماس مارجانىنى،
ئەمەس مارجانكى ھەممىسلا چاچتى دۇشمەنلىكتە ئۆز جانىنى.

بۇ ھەر قانداق گۈزەل پوئىما — داستانىنىڭ بايانىدىن كەم چۈشمەيدۇ؟

ئاپتورنىڭ كىتابىدىكى ئىنسان ئىچكى كەچۈرمىشى شېئىري تەسۋىر ۋە لىرىك چېكىنىش، گۈزەل ۋە باي شېئىري ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

ئاپتورنىڭ كىتابىدىكى يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ ئىككى توملۇق تارىخى كىتابى بولغان «تارىخى رەشىدى» نى ئىككى توملۇق بەدىئىي ئەسەرگە — ئېپىك داستانغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ھال ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مۇنبەرگە چىقىرىپ ئەڭ شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە قىلغان.

# يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى

ھازىر بار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ئەربابى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھايات - پائالىيىتىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىشتە بۇ ماتېرىياللار ناھايىتى كەملىك قىلىدۇ.

1986 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى» دېگەن كىتابچە مەزكۇر زاتنىڭ ھايات - پائالىيىتى توغرىسىدا بىزنى خېلى قىممەتلىك يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«بۇ چېچىلاڭغۇ پارچىلارنىڭ بەتلىرىنى بېزىگۈچى ۋە بۇ ھالى پەرىشانىنىڭ جېنىنى كۆيدۈرگۈچى قـــــە» دىن مۇھەببەت قەدەھلىرىدىن ئوتلاپ تېتىتقۇچىسى، مالامەت خومخانە[1] سىنىڭ كوزىلىرىنى توشىغۇچىسى، ئاشىقلىق مەھەللىسىنىڭ رەسۋاسى، ۋاپا بوستانىنىڭ داستانچىسى مالامەت بۇلبۇلى يەنى شۇنداق ئەرز قىلىدۇكى، ئۇ چاغدا خوراسانىنىڭ جەننەتتەك تەختى كوراگانلىق (كۆيەۋ ئوغۇللۇق) نىڭ راۋاجى بىلەن بېزەلگەن ۋە كوراگانلارنىڭ باش ئۈستى جاھانىنى ئاسراش تاجىسى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۆمرۈم كېچىسى ياشلىق شاملىرى نۇرىدىن مۇنەۋۋەر ۋە ھاياتىم گۈلشىنى يىگىتلىك گۈللىرى ئەتىرىدىن مۇئەتتەر[2] ئىدى. پەس، يىگىتلىك تەقەززاسىدىن

---

① خومخانە - پارسچە، ھاراق كۈپلىرىنى قويىدىغان ئۆي دېگەن مەنىدە.

② مۇئەتتەر - ئەرەبچە، خۇش پۇراقلىق دېگەن مەنىدە.

تەبىئەتكە ھاۋايى ـ ھەۋەس غالىپ ۋە ھاۋا غەلىبىسىدىن تەبىئەت ئۇيۇنىغا تالىپ ئىدى. كۆڭلىكىمنىڭ چاكىدىن كۆكسىمدىكى كونا تۇگۇنلەر بىر ـ بىر ئايان، كۆكرىگىمدىكى كېسىلگەن يېڭى ئىلغا[1] لەردىن كۆڭلىكىمنىڭ سىزىقلىرى قان، ھەممىشە مەيگە ئىنتىلىش، كۆڭۈلگە مەھبۇب ۋە ھەممىشە مەھبۇب ئۇلپىتى خاتىرىگە مەرغۇپ[2] جىنىم ئىشق شارابىدىن مەيپەرەس ئىدى.

بېيىت

بولمىسا ئالدىمدا گۇلىۈز ساقى ئەھۋالى خاراپ،
بولمىسا ساقىدا گۇلرەڭ جامى مەي باغرىم كاۋاپ[3].»

دەيدۇ. بۇ ئۇززۇندى بىزگە شائىرنىڭ تېخى سەئىدخان ھاكىمىيەتكە چىقمىغان دەۋر، شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىدا ئابابەكرى، بىر قىسمىدا ئەخمەتخان (ئەخمەت ئالاقچى) ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولغان ھەم ماۋرا ئۇننەھر ۋە خوراساندا تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولغان بىر زامانىنى ئەسلىتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ چاغدا «ئۇ چاغدا خوراساننىڭ جەننەتتەك تەختى كوراگانلارنىڭ راۋاجى بىلەن بېزەلگەن ۋە كوراگانلارنىڭ باش ئۈستى جاھاننى ئاسراش تاجىسى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۆمرۈم كېچىسى ياشلىق شاھلىرى نۇرىدىن مۇنەۋۋەر ۋە ھاياتىم گۈلشىنى يىگىتلىك گۈللىرى ئەتىرىدىن مۇئەتتەر ئىدى» دېگىنىدىن ئۇنىڭ يىگىتلىك چاغلىرى، كەم دېگەندە 17 ـ 18 ياش چاغلىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇنداقتا بۇ تۆمۈرىلەر دەۋرىنىڭ قايسى ۋاقتىغا توغرا

---

[1] ئىلغا ـ تىغنىڭ ئىزى.
[2] مەرغۇپ ـ ئەرەبچە، رىغبەتلەندۈرگۈچى.
[3] «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 30 ـ، 31 ـ بەتلەر.

كېلىدۇ؟

تۆمۈر (تۆمۈرلەڭ ياكى ئاقساق تۆمۈر) شىنجاڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ھاكىمىيىتى ماۋرا ئۇننەھر شەھرىگە سوزۇلغان چاغلاردىلا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ماۋرا ئۇننەھردىكى نايىبى بولغان، كېيىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، دەسلەپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجىنى يېڭىپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان. ئۇنىڭ ماۋرا ئۇننەھر، خوراسان، ھەتتا ۋىزانتىيەگىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھاكىمىيىتى شىنجاڭدا تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادى خىزىرخان ۋە دوغلاد (ماڭلاي سۆيەلەر)، خۇدايدات زامانىسىغىچە داۋاملاشتى. قىسقىچە يىل ھېسابى مۇنداق:

تۆمۈر (1370 ـ 1405) يىللىرىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى سىياسىي باشقۇرۇش جەھەتتىن سۇيۇرغانلىق تۈزۈمىگە ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزئارا بەش يىل ھاكىمىيەت تالىشىپ قانلىق كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىپ، تۆمۈرنىڭ چوڭ ئوغلى شاھرۇھ مىرزا تۆمۈرنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان بولسىمۇ، ماھىيەتتە تۆمۈر دۆلىتى ھىراتنى مەركەز قىلغان خوراسان تېررىتورىيىسى ـ شاھ شاھرۇھ مىرزا (1409 ـ 1447) ھاكىمىيىتى بىلەن سەمەرقەنتنى مەركەزقىلغان ماۋرا ئۇننەھر تېررىتورىيىسى ـ شاھ ئۇلۇغبەك (1409 ـ 1449) ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلاردىن باشقا يەنە بىر نەچچە ۋاسساللىق خاراكتېرىنى ئالغان تۆمۈر شاھزادىلىرىنىڭ بەگلىكلىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. شاھرۇھ مىرزا ۋە ئۇلۇغبەك ئۆلۈمىدىن كېيىن تۆمۈرىلەر تېررىتورىيىسىدە خېلى بىر مەزگىلگىچە شاھزادىلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش قانلىق جەڭلىرى داۋام قىلىپ ئاخىر يەنە ھىراتنى مەركەز قىلغان خوراسان

تېررىتورىيىسىدە، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا (1469 ـ 1506) ھاكىمىيىتى بىلەن سەمەرقەنتنى مەركەز قىلغان ماۋرا ئۇننەھر تېررىتورىيىسىدە، سۇلتان ئەخمەت (1469 ـ 1494) ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەت شەكىللەندى. لېكىن يەنىلا ھەر ئىككىسىنىڭ قول ئاستىدا كۆرۈنۈشتە ۋاسساللىق خاراكتېرىنى ئالغان شاھزادىلەر ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئىچىدە، سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ھاكىمىيىتى بىر قەدەر مۇستەھكەمرەك ئىدى. چۈنكى بۇ جايدا نەۋائى ۋە ئابدۇراخمان جامى ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار ئېقىم ھۈسەيىن بايقاراغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. سۇلتان ئەخمەت ھاكىمىيىتىدە، ئۇششاق شاھزادىلەرنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ ئانارخىستىك تەسىرىدىن باشقا، ئۇلۇغبەگنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرارنىڭ سوپى مۇرىتلىرىنىڭ تەسىرىمۇ ئەخمەت سۇلتان ھاكىمىيىتىگە چاڭگال سېلىپ تۇراتتى.

جوجى ئالتۇن ئوردىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ئاق ئوردىنىڭ دەشتى — قىپچاقتىكى كۆچمەن ئۆزبېكلەرنى بىرلەشتۈرگەن ئوبۇلخەيرىنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت شايبانخان 1500 ـ يىلى ماۋرا ئۇننەھرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۇ 1506 ـ يىلى ھىراتقا باستۇرۇپ كىرىپ، خۇراساننى ئىگىللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىدە 136 يىل ھۆكۈم سۈرگەن تۆمۈرىلەر خاندانلىقى تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولدى. يۈسۈپ قىدىرخان مۇشۇ تۆمۈرىلەر دەۋرىنىڭ قايسى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ؟

يۇقىرىدا «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە:

«... ئۇ چاغدا خۇراساننىڭ جەننەتتەك تەختى كوراگانلارنىڭ راۋاجى بىلەن بېزەلگەن ۋە كوراگانلارنىڭ باش

ئۈستى، جاھاننى ئاسراش تاجىسى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ. . .» دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى «خۇراساننىڭ جەننەتتەك تەختى» دېيىلگىنى خۇراساننىڭ پايتەختى ھىرات. چۈنكى ھۈسەيىن بايقارا دەسلەپ نەۋائىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغان چاغلاردا ھىرات مەدەنىيەت جەھەتتىن گۈللىنىپ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ شىنجاڭغا زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئەمدى «كوراگانلار باش ئۈستى جاھاننى ئاسراش تاجىسى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ. . .» دېگەن باياندا ھۈسەيىن بايقارانىڭ شايبانىخان ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش مەزگىللىرى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى تۆمۈرىلەرگە خۇراساننىڭ مەركىزى بولغان ھىرات ئوتتۇرا ئاسىياغا «نۇر بەرگۈچى قۇياش»تەك كۆرۈنەتتى. شۇڭا خۇراساننى ئۇنىڭ مەركىزىنى ئاسراش «دۇنيانى ئاسراش»تەك كۆرۈنۈشى تەبىئىي ئىدى.

يۇقىرىقى پاكىتلار بىزگە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ئەربابى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ تەخمىنەن تۇغۇلغان يىل ھېسابىنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر بىز شائىرنى تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتىنىڭ يىقىلىش ھارپىسىدا (1506 - يىلى) 17 - 18 ياشتا دەپ ھېسابلىساق، ئۇ چاغدا شائىر 1488 - ياكى 1489 - يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ.

«تارىخى مۇسقۇيۇن»دا يېزىلغان مەلۇمات بويىچە، شائىر 1572 - يىلى ۋاپات بولغان، ئۇ بۇ چاغدا 83 ياكى 84 ياش ياشىغان بولۇپ، سەئىدخان ۋە ئابدۇرىشتخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولىدۇ. بۇنى «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»دىكى پاكىتلارمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

بەزى تارىخىي مەلۇماتلاردا يۈسۈپ قىدىرخان ئابدۇرىشتخاننىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ۋەزىرى ئىدى،

دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىشىگە ئائىلىسىنىڭ تەسىرى باردەك كۆرۈنىدۇ.

ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاك بېزى[1]
ئانام ھەم بۇ ساراي بوستان كېنىزى.
......

دېگىنىگە قارىغاندا، شائىر ئۆز زامانىسىدىكى مەدەنىيەتلىك ئائىلىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىغا ناھايىتى پىششىق بولۇشىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئائىلە شارائىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك ئىدىئال ۋە بەدىئىي ماھارەتتە ئۇسۇپ يېتىلىشىنى ئۇنىڭ بىرىنچى سۈت ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىپ يېتىلگەن كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىياتىكى ئەنئەنە ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى ۋە تىلى ئوخشاش بولغان قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى، تىلى باشقا بولغان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا قوبۇل قىلماي تۇرۇپ، كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشەلمەيدۇ.

ھەر قانداق يازغۇچى ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن يېرىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا تەنقىدىي ھالدا ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرىدۇ.

يۇسۇپ قىدىرخانمۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن خىسراۋ دېھلىۋى، ئابدۇراخمان جامى، لۇتفى، ئاتايى، نەۋائى قاتارلىق

---

[1] خاك بېزى — توپىراق تۈككۈچى، «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 44 ـ بەت.

كلاسسىكلاردىن يۇقىرىقى قانۇنىيەت بويىچە پىششىق ئۆگىنىپ، ئۇلاردىن ئالغان ئىبستېتىك ماھارىتىنى ئۆز جەمئىيىتىگە خېلىلا يېتەرلىك دەرىجىدە تەتبىق قىلىپ ئىجاد قىلغانلىقى «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى» دە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ھەر قانداق جەمئىيەتتە ھەر قانداق ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى ئۈچۈن شۇ جەمئىيەت ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئۇنىڭ ئۆز ئۈستقۇرۇلمىسىنى بازىسغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بەلگىلىگەن كونكرېت سىياسەتلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

يۇسۇپ قىدىرخانىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ۋايىگە يېتىشى ئۈچۈن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن خېلىلا دېموكراتىك، تەرەققىيپەرۋەر بولغان سىياستى زور ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

«دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى» دە شائىر شاھ مۇھەممەت سۇلتانىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە بىۋاستە غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا، گۈزەل نەسرى مەدھىيىلىرىدىن كېيىن بىر قاتار «قىتئە»، «رۇبائىي»، «بېيىت» لارنى بېغىشلايدۇ.
مەسىلەن:

### رۇبائىي[1]

ئاسمان بويى ھۆكۈمى يۇكىدىن خەم[2] بولدى،
ئاي شولىسى پىكرى نۇرىدىن كەم بولدى.
سۇلتانلىق ئاڭا گەرچە مۇسەللەم[3] بولدى،
بۇ ئەجىبكى دەرۋىش سۈپەت ھەم بولدى.

---

① «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 41 ـ بەت.
② خەم — پارچە، ئەگرى، ئېگىلگەن.
③ مۇسەللەم ـ دەرىجە، تاپشۇرۇلۇش، تەسلىم بولۇش.

بېيت

مۇشۇنداق يازدى ئەلقابىنى دەۋران،
كى سۇلتان، ئىبنى سۇلتان، ئىبنى سۇلتان.

شاھ مۇھەممەت سۇلتان كىم؟ «تارىخى رەشىدى» دە بايان قىلىنىشىچە، «شاھ مۇھەممەت سۇلتان — مۇھەممەت سۇلتان بىن سۇلتان، سۇلتان ماخمۇتخان بىن يۇنۇس خاندۇر.»

«تارىخى رەشىدى» دە كۆرسىتىلىشىچە ئۇنىڭ قىسقىچە تارىخى مۇنداق: ماۋرا ئۇننەھردە ئۇلۇغبەك ھاكىمىيىتىدىن كېيىنكى بىر نەچچە ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتۈپ ئاخىرقى ھاكىمىيەت ئۆمەر شەيخ بىلەن ئەخمەت شاھنىڭ قولىغا ئۆتكەنىدى. بۇ ئىككى ھاكىمدار موغۇل ھاكىمدارى يۇنۇسخان (شاھ مۇھەممەت سۇلتاننىڭ بوۋىسى) نىڭ كۈيئوغۇللىرى ئىدى. ماۋرائۇننەھرنىڭ ئۇ ئىككى ھاكىملىرى ئارىسىدا ھەمىشە جېدەل چىقىپ تۇراتتى. بۇ جېدەلنى موغۇلىستاندىن يۇنۇسخان كېلىپ پەسەيتىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق خىزمەتلەرنىڭ بەدىلىگە يۇنۇسخانغا ئۇلار تاشكەنتنى سوۋغا قىلىپ بەرگەنىدى. يۇنۇسخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تاشكەنت رايونىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ماخمۇت ئىگە بولۇپ، كۆچلۈك خانلىققا ئايلاندى. بۇ چاغدا دەشتى قىپچاقتىن مۇھەممەت شايبانخان بىر قىسىم كۆچمەن ئۆزبېكلەر بىلەن كېلىپ ئۆمەر شەيخكە قوشۇلدى. كېيىن ئۆمەر شەيخ يۇنۇسخان ئۆلگەندىن كېيىن ماخمۇتخاننى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. بۇ چاغدا قارا نىيەت شايبانخان ماخمۇتخان بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆمەر شەيخ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتتى. ئۇ ئەمدى ماخمۇتخاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، ماۋرائۇننەھردىن بەلگىلىك يەر ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ كۈچ توپلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بۇ

جايدىكى تۆمۈرىلەرنىڭ يەنە بىر ھاكىمدارى ئەخمەتنى يوقاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ماخمۇتخانغا بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ماخمۇتخاننىڭ ئاقسۇدىكى ئىنىسى ئەخمەتخان (ئەخمەت ئالاچى①) ئاقسۇغا چوڭ ئوغلى مەنسۇرنى قويۇپ، كىچىك ئوغلى سەئىدخاننى ئېلىپ نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن كېلىپ شايبانىخان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلىپ، ھەر ئىككىلىسى ئەسىرگە چۈشتى.

شايبانىخان ماخمۇتخاننىڭ بۇرۇنقى قىلغان ياردەملىرى ئۈچۈن ئۇلارنى قويۇپ بەردى. ئەخمەت ئالاچىخان ئاقسۇغا قايتىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ماخمۇتخان ئاقسۇدىن يەتتە سۇدىكى بۇرۇنقى كىچىك بازىسى «يەتتە كەنت» كە كېلىپ تۇردى. بۇ جايدا سەرگەردانلىق ھايات كەچۈرۈپ يۈرگەن سەئىدخان كېلىپ، ئىنىسى سۇلتان خېلىل بىلەن بىرلىشىپ، ماخمۇتقا زەربە بەردى. ئاقسۇدىن مەنسۇرخان كېلىپ ياراشتۇرغان بولسىمۇ، ئەھۋال ياخشىلانمىدى. بۇ چاغدا ماخمۇتخان قېرىپ قالغىنى ئۈچۈن جاسارىتى تۈگىگەنىدى.

ئاخىرى سەئىدخان بىلەن خېلىل سۇلتان بىرلىشىپ ماخمۇتخانغا قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتۈرىدۇ. بۇنى ئاڭلاپ مەنسۇرخان قوشۇن تارتىپ كېلىپ «چارۇن چېلەك» دېگەن جايدا ئۇلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ماخمۇتخان چارىسىز ھالدا بەش ئوغلىنى ئېلىپ شايبانىخان ئالدىغا باشپاناھ تىلەپ باردى. بۇ چاغ 1506 - يىللىرى ئەتراپى بولۇپ، شايبانىخاننىڭ ماۋرا ئۈننەھرنىمۇ، خوراساننىمۇ ئىگىللەپ راسا كۆرەڭلەپ كەتكەن چېغى ئىدى. ئۇ ئەمدى ماخمۇتخاننىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى تامامەن ئۇنتۇغان بولسا، يەنە بىر

① ئالاچى — موڭغۇلچە، قىرغۇچى دېگەن مەنىدە

تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كىبلەچەكتە ئۈچ ئىلىشىدىن قورقۇپ ماخمۇتخاننى خوجەند دەرياسى بويىدا بەش ئوغلى بىلەن بىراقلا قەتل قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى مۇھەممەتخان بەك كىچىك نارەسىدە بولغىنى ئۈچۈن شايبانىخاننىڭ نۆكەرلىرى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى يوشۇرۇپ قويدى.

1512 - يىلغىچە پۈتۈن ماۋرائۇننەھر ۋە خوراساننى ئىگىللىۋالغان شايبانىخان ناھايىتى كۆرەڭلەپ غەربىي ئىرانغا بېسىپ كىرىشكە تەييارلىق كۆرۈپ، ئىران شاھى ئىسمائىلغا تەھدىت سېلىپ ھاقارەتلىك خەت يازدى. بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىن كېيىن 17 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئىسمائىل شاھ شايبانىخاننى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىپ، شايبانىخاننى ئۆلتۈردى. مۇشۇ يىل سەمەرقەنتتە ئىسيان كۆتۈرۈپ ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغان سەئىد مۇھەممەت ھەيدەر («تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەرنىڭ تاغىسى) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن كابۇلدىن بابۇر بىلەن سەئىدخانمۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈمىدى بىلەن كەلگەنىدى. ئىسمائىل شاھ بابۇرغا زور غەيرەت بىلەن ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، شايبانىخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن دەشتى - قىپچاقتىن كەلگەن كۆچمەن ئۆزبېكلەر قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ ناھايىتى زور بىر قوشۇن تەشكىللىگىنى ئۈچۈن بابۇر ئىشنىڭ كىبلەچىكىنى ئەقىل بىلەن مۆلچەرلەپ 1513 - يىلى كابۇلغا ياندى. مانا مۇشۇ چاغدا بابۇر بىلەن قانداش ئۆزبېك خانلىرىدىن بىرى يوشۇرۇپ قويغان مۇھەممەت سۇلتاننى تاغىسى بابۇرغا تاپشۇردى. ئۇ بابۇر بىلەن بىللە كەتتى.

سەئىدخان سەئىد مۇھەممەتخاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن قەشقەرگە ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قىلدى. سەئىدخان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن شاھزادە

مۇھەممەت سۇلتان سەئىدخانغا خىزمەتكە كەلدى.

بۇ توغرىسىدا مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پادىشاھ ئۆزبېك ئىستىلاسى سەۋەبىدىن ئىككىنچى نۆۋەت كابۇلغا كەلگەندە شاھ مۇھەممەت بەدەخشاندا مىرزاخاننىڭ قېشىدا قالدى. قەشقەر ئېلىنغاندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ سەئىدخاننىڭ خىزمىتىدە بولدى.

بېيىت

ئاتا، ئۆلگۈچى بېشىغا سايە سال،
توپاسىنى قاقىل تىكەننى ئال.
كۆرەرسەن تۆۋەن بىر يېتىم بېشىنى،
بالاڭنىڭ سۆيۈپ تۇرمىغان يۈزىنى.

سەئىد سۇلتان ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. ئۇمۇ پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى. ئۇ چوڭ بولغاندا خەدىچە سۇلتان خانىمنى ئېلىپ بەردى». ئۇ ھەيدەر مىرزا بىلەنمۇ ناھايىتى يېقىن ئىدى. ھەيدەر مىرزا بۇ ئەھۋالنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

مەن ئۆلدۇم، جانۇ جان بولدۇم مەن،
گويا بىر جانىكىم جايدۇر ئىككى بەدەن.

دېمەك، ئۇ (شاھ مۇھەممەت سۇلتان) دەسلەپتە خىلى بىلىملىك ۋە پەزىلەتلىك يىگىت بولغان بولسا كېرەك. شائىر ئۆزىنىڭ «دىۋان قىدىرىنىڭ مۇقەددىمىسى» دە: «. . . خۇسۇسەن، سەلتەنەت (شاھلىق) خەزىنىسىنىڭ پۇللۇق گۆھىرى، قانائەت بۇلۇڭىنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرغۇچى، ئىلىم-

زېرەكلىك ئەھلىنىڭ يېگانىسى، ئۇنىڭ پەقىرلىق، پانىيلىق[1] گۆھىرىنىڭ نىشانىسى، ئۇنىڭ زېھنى ئىنچىكە يىپلەر توگۈنىنى يەشكۈچى، ساپ تەبىئىتى ھەقىقەت چىرايلىرىنىڭ پەردىسىنى ئاچتى» دەيدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلار شاھ مۇھەممەت سۇلتانىنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك زىيالىيسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شائىر ئۇنىڭ شەخس خىسلىتىنى تۆۋەندىكى بىرلا بېيىتىدا مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

بېيىت

تەبىئىي دەرۋىش ئۆزى شاھ نىشان،
شاھ دەرۋىش مۇھەممەت سۇلتان.

ئېھتىمال بۇ چاغدا مۇھەممەت سۇلتان سەئىدخان دۆلىتىنىڭ مەدەنىيەت ۋەزىرى بولغان بولسا كېرەك. چۈنكى شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى «دىۋان قىلىش»قا شاھ مۇھەممەت زور ياردەم قىلغان. شائىر بۇ ئەھۋالنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «. . . ھەمىشە تولۇق مەتلەئىلىك[2] بىر غەزەل تاماملىنىپ، تىلىم قەلىمى تەرىپىدىن ئېيتىلسا، يا قەلىمىم تىلى تەھرىر قىلسا ئىدى، دەرھال ئېپار ياغدۇرىدىغان قەلەم بىلەن كافۇر[3] بېتىگە يېزىپ ئۇنى ئاق - قارىدىن ساقلايتتى ۋە يەنە ئۇنىڭغا، تۇققان ھېسابىدىكى زېھنى ئۆتكۈر شاھزادىلەر ھەمسۆھبەتلىك مۇناسىۋىتى بىلەن خۇش تەبىئىي مىرزا زادىلار بىر قانچە ساندا كۆچۈرەتتى. بۇ باشقا خەلقلەرگە يېيىلاتتى. بىقارار ئاشىقلارنىڭ

---

① پانىيلىق — ئەرەبچە، يوقىلىش.
② مەتلەئى — تۇغۇلۇپ چىققان جاي، شېئىرىيەتتە غەزەل ـ قەسىدىنىڭ باشلىنىشى.
③ كافۇر — ئەرەبچە، ئاق خۇش پۇراقلىق دورا.

مۇھەببەت تويى، ئادىتى مەشۇقلارچە بولغان گۈل چىرايلارنىڭ سۆھبەتىدىشى بولۇپ، خاس ئامما ناھايىتى تولۇقلاپ ۋە سۆزسىز ئەقلىي قاراشلارنى تاپتى ۋە لېكىن خاتىرەمگە بۇ كېلىپ كۆڭلۈمدىن شۇ كېچەتتىكى، گەرچە ئۇلار ئەربابلارنىڭ خاسراقى، دوستلارنىڭ ئەزىزرەكى بولۇپ، كۆپ قېتىم بۇ ئىشقا كىرىشىشكە (يازغانلىرىمنى توپلاشقا) تەكلىپ قىلاتتى[1] »؛

«ھەرگىز ئالىي قەدىرلىك سۇلتانلار خىزمىتى كۆڭلۈمگە كەلمەيتتى. ئاسماندەك ئىقتىدارلىق خاقانلار ئارزۇسى ئىچىدە زوھۇر قىلمايتتى. ئامما بۇ ھەزرەتنىڭ كىميا[2] خاسىيەتلىك ئىلتىپاتلىرىدىن، پايدىلىق كۆپ ئىلتىپاتلىرىدىن خىزمەتتە ئىختىيارسىز بەندىلىكتە دىۋانىدەك ئىدىم.

ئۇنىڭ پىكرى كونىدىن نۇرغۇن تەرتىپلەر، قۇياش تاغدىن تۇرلۇك جاۋاھىراتلارنى پەيدا قىلغاندەك، كۆڭلۈم كېنىنى ئېسىل گۆھەرلەر بىلەن زىنىنەتلەپ، قول ئالقىنى، بولۇتتىن نۇرغۇن كۆچ بېرىپ توپىراقتىن تۇرلۇك رەيھانلار ئاشكارا قىلىنغاندەك خاتىرىم بوستانلىقىنى لەتىپلەر گۈللىرى بىلەن بېزەيتتى[3].»

يۇقىرىقى پاكىتلار شاھ مۇھەممەتنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ناھايىتى بىلىملىك ئادەم بولۇپ شائىر ئىجادىيىتىگە بىۋاستە ياردەم قىلغىنىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېھتىمال بۇ چاغدا ئوردىدا شاھ مۇھەممەت تەرىپىدىن تارىختا بىزگە مەلۇم بولغان مەۋلانە خۇلقى، ئاياز قۇشچى، مىرزا مىرەك چالشى، نەفسى (ئامانىسا) قاتارلىق شائىرلاردىن

---

① «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 34 - بەت.
② مىسنى ئالتۇن قىلىشقا ئۇرۇنغان ئالخىمىكلار.
③ «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 45 - بەت.

تەشكىل قىلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت مەكتىپى بولۇپ، شائىرلار ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك ئەمەلىي ياردەم بېرىلىپ تۇرۇلسا كېرەك. بۇنى شائىر مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«. . . بەزى مەجلىسلەردە ئۇردا تىلىدا بەزى بېيىتلىرىم ئېيتىلىپ، بەزى ئۇلتۇرۇشلاردا بەزى غەزەللىرىم گۆھەر چاچار قوللار بىلەن يېزىلاتتى. گاھىدا ئىبادەتلىرىمدىكى قوسۇرلار ئۆزگەرتىلىپ ئەيىبلەردىن پاك قىلىناتتى ۋە گاھى خەتلىرىمدىكى قاملاشماسلىقلار تۈزىتىلىپ نۇقسانلاردىن خالىي قىلىناتتى. بەزى بېيىتلىرىمدىن مۇناسىپ بولمايدىغان سۆزلەر چىقىرىلىپ، شاھقا لايىق بىر دەۋر ئاتىغاندەك سۆزلەر كىرگۈزۈلەتتى. بەزى غەزىلىمدىكى بىرەر قاملاشمىغان بېيىتكە سىزىق تارتىلىپ بىر رەستە . . . ئىچىدە ئالتۇن قەسىر ياسىغاندەك بىرەر بېيىت كىرگۈزۈلەتتى. بۇ چېچىلاڭغۇ بېيىتلىرىم ئول لەبزىلەردىن، بۇ پەرىشان غەزەللىرىم ئول بېيىتلاردىن:

رۇبائىي

تىكەن ئىدى گۈل بولدى ئۇ گۆھەردەكلا،
ياگۈللەر ئارا روھكى سۈرەتتەكلا.
يا گۈل تىكەن ئىچىدە قىزىل گۈلدەكلا،
بەلكى تەن ئارا سىزىلغان جاندەكلا.

بۇ بېيىتلار ئايۋانى، ئول ئىسلاھ قىلىنغان نەقىش نىگارلىرىدىن چىن رەسىمخانىلىرىنىڭ قىزغىنىشىنى كەلتۈرىدىغان ۋە بۇ غەزەل بوستانى ئەھمىيەت بېرىش باھارىدىن جەننەتنى يالغۇز قالدۇرىدىغان بولۇشقا باشلاپ، قارىغانلار

كۆزلىرىگە ئەجەپىراق، ئەھلى دىللار كۆزلىرىگە مەرغۇپىراق بولۇپ ھۆرمىتى كۆپ، شۆھرىتى ئۇرغۇن بولدى. ھەقىقەتەن:

بولدى چۈن[1] شاھ سورىدى ئىسلاھ ئېتەرگە خاما[2]
ھەر بەيىتى شاھ بەيتى، ھەرنامە شاھنامە.

مەن بۇ ۋەيرانىنى ئول جاۋاھىرلار بىلەن نەق خەزىنە قىلغانلىقىمدىن ھەيران ۋە بۇ قەسرىنى ئول مۆتەپەككۇر ۋە بۇ مەشئەللەر نۇرى بىلەن يورۇتقانلىقىم پىكرىدىن ھەيرەتتە ئىدىم.[3] »

دېمەك شائىرنىڭ شېئىرلىرى يۇقىرىقى ئىجادىيەت مەكتىپىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئالاھىدە مۇكەممەللىككە ئېرىشىپ، ئىجتىمائىي ئۇنۇمى جەھەتتە خاندانلىق ئىچى ۋە سىرتىنى خېلى زور ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئېستېتىك تەسىراتقا ئىگە قىلغان.

شاھ مۇھەممەت سۇلتان تەشەببۇسى ياكى بۇيرۇقى بىلەن ساياق، بەگۋاشراق كەلگەن بۇ شائىر خەلق ئىچىگە تارقىلىپ كەلگەن شېئىرلىرىنى توپلاپ دىۋان قىلىشقا بەل باغلايدۇ. «... بەزىسى تازا ساق ۋاقتىدا بولغان بولسا، بەزىسى مەستلىكتە، بەزىسى ھوشيارلىقتا بولسا، بەزىسى دىۋانىلىكتە يېزىلغانىدى. ئۇلاردا بۇزۇق پەرقلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولغانلىقىدىن توپلاشقا جۈرئەت قىلىنمايتتى.

ئەمما خەلق ئارىسىغا تارالغان مىڭ بېيىت، ئىككى مىڭ بېيىت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بار ئىدى. ئارتۇقراق ياكى

---

① چۈن — پارسچە، ۋاقىتتىكى.
② خاما ـ ئەرەبچە ـ قەلەم.
③ «دىۋان قىسدىرى مۇقەددىمىسى»، 45 ـ، 46 ـ بەتلەر.

كەمرەكى خەلق ئۆزلىرى توپلىغان بولۇپ، ناھايىتى مەشھۇر بولغانىدى. بۇلاردىن تەرتىپلەشكە ھۆكۈم بولغاندىن كېيىن بەزى غەزەللىرىم ناتامامراق ئىدى، يېزىلىپ ئاشكارىلانغانلىقى ۋە شۆھرەت قازانغانلىقىدىن بۆلەكلىرىنى باشقىلار ئارىسىدىن چىقارماق قىيىن ياكى مەھەل[1] كۆرۈندى. شۇ جەھەتتىن ھەر قايسى سۆز، ئۆز يېرىدە نەزىم تىزمىسىغا كىرگۈزۈلدى.[2]»

شائىر «دىۋان قىدىرى»نى قانداق تەرتىپتە تۈزۈش ھەققىدە خېلىلا چوڭقۇر باش قاتۇرغانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات كلاسسىكلىرىدىن، بولۇپمۇ نەۋائىدىن تەنقىدىي ھالدا ئۆگەنگەنلىكى «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»دە ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

«دىۋان قىدىرى»نىڭ تېماتىكىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، ھەجىمىنىڭمۇ كىچىك ئەمەسلىكىنى «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»دىكى شائىر ئۆزى بەرگەن مۇنۇ مەلۇماتتىن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ: «قەسىدىلەر باشقا جىلدلار بولغاي ھەرنەۋئى شېئىرلىرىدىن مەسىلەن: روھنى ئاتتۇرۇچىلىرى بىر پارچە، تاللانغان ۋە زەنەتلىكلىرى بىر پارچە، شاھانە بېيىتلار ۋە پايدىلىقلىرى بىر پارچە، ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان، كۆڭۈلگە ياقارلىرى بىر پارچە، مىسلىسىز پەردىلەر[3] بىر پارچە، لەتىف ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار[4] بىر پارچە، تەبئىيلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش غەزەللەر بىر پارچە، مەرغۇپ ۋە مۇتەدىللىرى بىر پارچە، تۈركىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان بېيىت - شېئىرلار ئۆز خىلى بويىچە رەتلەندى»[5] دەيدۇ.

دېمەك «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى» تېماتىك مەزمۇنغا

---

① مەھەل — ئەرەبچە، مۇمكىن ئەمەس.
② «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 60 ـ، 61 ـ بەتلەر.
③ پەرد — ئەرەبچە، تاق بېيىت.
④ مۇئەمما — تېپىشماق خاراكتېرىدىكى شېئىرلار.
⑤ «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 57 ـ بەت.

قاراپ رەتلەنگەن 9 ـ 10 بۆلۈمدىن ئىبارەت زور ھەجىملىك توپلام ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ.

ئۆتمۈشنى قايتا تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈش پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتكىلا خاس خۇسۇسىيەت.

شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يۇقىرىقى خۇسۇسىيىتىنى چۈشەنگەن.

ئۆز ئىجادى بىلەن ئۆزىگە مەڭگۈ ھەيكەل تىكلەشنى شەرق كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىلى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئوچۇق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، بۇ مەسىلە شائىر يۈسۈپ قىدىرخانىمۇ مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ: «گۈمبەز ئالىي بىر شەھەرگە ئوخشايدۇكى، ئۇنى ئۇل ھەزرەتنىڭ لەتىف تەبىئىتىنىڭ بىنا قىلغۇچىسى بىنا قىلغان. بۇ باغ جاھاننى زىننەتلىگۈچى جەننەت مىسال بىر باغدۇركى، ئۇل ئۇلۇغ خىيالنىڭ باغۋەنى تۈزگەن، (شۇڭا) بۇ قەسىر ئاساسىنىڭ پەشتىقىدا ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىغان بۇ جانابنىڭ ئىتى پۈتۈلسە ئەجەپ بولماس. بۇ باغ راۋاقىدا ئۇل مۇبارەكنىڭ ئەلقابى يېزىلسا غارايىپ كەلمەس.

### مەسنەۋى

غەرەز بۇ ئەردىكىم ئۇل قەسرە ئالى،
كى ھەرگىز بولمىغاي يارەب بۇخالى.
بىنايدۇركى شاھ بۇنياد[1] قىلمىش،
زامانە قەسرىدەك ئاۋات قىلمىش.

---

[1] بۇنياد — پارىچە، قۇرماق، قۇرۇلماق.

ئەمما شائىر ئۆزىگە مۇنداق ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن شاھنىمۇ زور ھۆرمەت - ئىھتىرام بىلەن تىلغا ئالىدۇ:

ئۇنى شاھ ئىھتىمامى[1] قىلدى مەمۇر،
مېنى پەرەز ئەت بىناكار ياكى موزدۇز.
ئىمارەت سەيدە كىم بولسا زەرپاش[2]
بىنائانىڭ ئېتى بىرلە بولۇر پاش.

شائىر كېلىپ چىقىش جەھەتتىن يۇقىرى تەبىقىغە مەنسۇپ بولۇپ، ئوردىدا ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن زور شۆھرەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئۇ ئىنسانىي پەزىلەت جەھەتتىن دەرۋىش قىيابەت، خەلق بىلەن ئىچ قويۇن - تاش قويۇن بولۇپ يۈرىدىغان كەمتەر، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە بىر زات ئىكەنلىكى «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»نىڭ ھەممە جايىدا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇ خىسلىتىنى ئۆزىگە مەڭگۈ ھەيكەل قىلىپ تىكلىگەن «دىۋان قىدىرى»غا كىشىلەرنىڭ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قانداق قارىشى كېرەكلىكىنىمۇ ئىپادىلىگەن.

رۇبائىي

بۇ نامەنىكىم خامام[3] ئېتىپتۇر تەھرىر
بۇنىڭغا قاراشتا ئەھلى مەئنى بىر - بىر.
نۇقسانى تېپىلسا ئەيلەنسۇن تەغىير[4]

دېمەك، ئۇ ئۆز ئىجادىغا جىددىي تەنقىدىي كۆز قاراش

---

① ئىھتىمام ئەرەبچە، ئەھمىيەت بېرىش.
② زەرپاش پارسچە، ئالتۇن چاچقۇچى، پۇل خەجلىگۈچى.
③ خامام - ئەرەبچە، قەلىمىم.
④ تەغىير ئەرەبچە، ئۆزگەرتىش.

بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى جېكىلەپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ پىكرى بىز ئۈچۈن ھازىرمۇ زور رېئال ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

شائىرنىڭ شۇنچە مول ئىجادىيىتىدىن ھازىرچە بىزگە پەقەت «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى» دېگەن كىتابچىدىن باشقا ماتېرىيال يوق.

بۇ كىتابچىدا پەقەت «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى» نىڭ قانداق مەيدانغا چىقىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار تەسىرى بىلەن ئاخىرقى خۇلاسىلىرى شېئىر بىلەن ئىپادىلەنگەن، بىز ئەنە شۇ ناھايىتى قويۇق رەڭمۇ رەڭ ئەدەبىي بوياققا ئىگە نەسرىي تىل ۋە خېلىلا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە ئوبرازلىق شېئىرى كۇپلېتلاردىن يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ ئۆز زامانىسىغە نىسبەتەن پىشىپ يېتىلگەن ئىلغار كۆز قاراشقا ئىگە، ئىجادىيەت نەزەر ئۇيۇقى كەڭ، كلاسسىك شېئىرىي ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە شېئىر يازالايدىغان، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى شەكىللىنىپ يېتىلگەن، ئۆزىگە خاس ئاۋازغا ئىگە شائىر ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئالالايمىز:

### رۇبائىي

ھەر يەردە باھار بولسا چۇ مەن بولسا كېرەك،
ھەر يەردە چۇمەن بولسا سۇمەن[1] بولسا كېرەك.
ھەر يەردە خازان بولسا تىكەن بولسا كېرەك،
ھەر يەردە تىكەن بولسا رەنجى مىھەن[2] بولسا كېرەك.

بۇ رۇبائىيدىن شائىرنىڭ ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن كلاسسىكلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاسلىق بىلىنىپ

---

① سۇمەن — پارىچە، بىر خىل چىرايلىق گۈل.
② مىھەن — مېھنەت.

تۇرىدۇ. بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن ئالغاندىمۇ چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىك پىكىر ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

بىز گە مەلۇمكى، تەبىئەت ئىنساننىڭ يارىتقۇچىسى، ئىنسان ئەڭ ئالىي دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، بىر شەكلىدۇر.

ھەر قانداق شائىر ئۆز شېئىرىدا تەبىئەتتىن ئۆز پىكرىنى ئىپادىلەش، تولدۇرۇش ئۈچۈن ئەدەبىياتتا قوللىنىلغان خىلمۇ خىل ستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئالىدۇ، بۇ بىر تەرىپى. ئىككىنچى ئەڭ مۇھىم تەرىپى، تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئىچكى دۇنياسى خۇشاللىقى، نەپرىتى، قايغۇسى، تەشۋىشلىرىنى ئۆزىگە خاس شېئىرىي ئىستىل، ئۆزىگە خاس بەدىئىي تىل بىلەن ئاچالىغاندىلا، شۇ كىشىلەرگە ئېستېتىك بېغىشلاپ، ئۇنىڭ قەلبىنى تەۋرىتەلەيدۇ. مانا شۇنداق شائىرنىلا بىز ماھارەتتە پىشىپ يېتىلگەن شائىر، ئۆزىگە خاس ئاۋازغا ئىگە شائىر دەپ ئېيتالايمىز. يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان شائىرنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرى يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزنىڭ ئىسپاتى بولۇپ، مۇنداق ئەھۋالنى «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»گە كىرگەن نۇرغۇن شېئىرلاردىن تاپالايمىز.

شائىر ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان مۆمىن مۇسۇلمان. ئۇنى «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»نى يېزىش ئىستىلىدىن تارتىپ بۇ كىتابقا كىرگەن نۇرغۇن شېئىرلاردا ئۇچرىتىمىز. بۇ پۈتۈن شەرقنى قاپلىغان ھىندى قولتۇقىدىن ئاتلانتىك ئوكيانغىچە سوزۇلغان ئىسلامىيەت، ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئىدىيە خاندانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئۇ چاغدىكى ھەر قانداق مۇتەپەككۇرنىمۇ ئىدىئولوگىيىنىڭ يۇقىرىقى ئاتموسفېراسىدىن ئاجرىتىپ قاراش تامامەن نادانلىق بولىدۇ.

لېكىن شائىر سەئىدىيە خاندانلىقىنى ئۇلۇغبەكنىڭ قاتىلى بولغان سەمەرقەندتىلىك چوڭ يەر ئىگىسى، چوڭ سودىگەر ئەبەيدۇللا خوجا ئىقرارىنىڭ مۇرىتلىرى قاپلاپ كەتكەن شارائىتتا:

كەچتىم مەن زامانىڭدىن
ياخشى كىم، يامانىڭدىن.
ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزارمەن تامامىڭدىن[1].

دەپ سوپىلارنىڭ ھەر قانداق مەزھىپىنى رەت قىلىشنى ناھايىتى چوڭ سىياسىي جاسارەت، يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا چوڭ جامائەت ئەربابلىرىدىن تارتىپ شاھقىچە سوپىلارنىڭ ھەممىسى بىرەر سۇلۇك - مەزھىپىگە مۇرىت ئىدى.

جاھاننى قەتلە ئەتمەككە سېتىپ قۇللارنى سۇلتانغا
دىيارىمنى خاراپ قىلدى چېچىپ دۈشۋارنى ھەر يانغا،
تاجاۋۇز قەتلە ئاملاردىن كۆمۈلسەكمۇ باياۋانغا،
ئېگىلمەسكە قەسەم قىلدۇق ئەرەبلەردەك شاھدانغا.

ياكى:

مەسنەۋى

ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاك بېزى[2]
ئانام ھەم بۇ ساراي كىنىزى.

---

[1] سوپىلارنىڭ بەزى شىيى مەزھەپدىكىلىرى يېشىل سەللە ئورايتتى.
[2] خاك بېزى — تۇپراق تۈككۈچى.

ئۇڭا ئۆز، گەر بولاي بۇلبۇل ۋە گەرزاغ،
كىم ئۇشبۇدۇركى بولغاي گۈلشەنۇ باغ.
ۋەلى بىر ئۆمۈر، بۇ گۈلشەندىن ھاۋادىس،
قىلىپ جانىمغا ھىجران رەنجى ھادىس[1]
ۋە لېكىن قابىلىيەت قىللىتىدىن[2]،
ۋە ھەر تۈرلۈك ھاقارەت كەسرىتىدىن[3].

دېگىنىدە شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى بەزى ماتېرىياللاردا ئابدۇرشىتخاننىڭ ۋەزىرى ئىدى. ئابدۇرشىتخان ئۇنىڭ بىلەن ھەمىشە بىللە بولاتتى دېگەن مەلۇماتلار بار. شائىر ئېھتىمال شاھ مۇھەممەت سۇلتان ئۆلۈمىدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئورنىغا سەئىدخان دەۋرىدىلا ۋەزىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. شاھ مۇھەممەتنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سەئىدخان ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەنىدى.

«تارىخى رەشىدى»دە كۆرسىتىلىشىچە، كېيىن شاھ مۇھەممەت سۇلتاننىڭ نەپسى تېخىمۇ يوغىناپ، سەئىدخان بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىدۇ. سەئىدخان بىر نەچچە قېتىم نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىمايدۇ. ئاخىر ئۇنى بەدەخشانغا ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ جايىدىنمۇ قايتىپ كېلىپ باباسىيت بىلەن بىرلىشىپ يەنە ئىسيان كۆتۈرۈشنى پىلانلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتنى سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن سەئىدخان ئۇ ئىككىسىنى قاھىرتكەن دېگەن جايغا سۈرگۈن قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار كېچىسى قونالغۇ جايدا قاچىدۇ. ئېلىپ كېتىۋاتقانلار

---

① رەنجى ھادىس — كېسەللى پەيدا بولۇش.
② قىللەت — ئازلىق.
③ كەسرەت — تولىلىق.

توختاشقا ئۇندىسە ئۇنىمايدۇ. ئىلاجسىز ئوق چىقىرىدۇ. شاھ مۇھەممەت سۇلتانغا ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ.

بۇنى شائىر يۇقىرىقى كىتابچىدا:

تاروزىگار ھاۋادىسى بىرلە ئول جاھاندا،
سەلتەنەتى ئاساسىدىن بەرھەم ئۇردى.
ۋە يەل تەھەرروكلۇق سىپىھىرى - ئاسمان،
ئول كامىكار شەمئى ھاياتىن ئۆچۈردى.

دەپ ئېچىنىپ ئەسلەيدۇ. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 930 - يىلى بولغان. بۇ سەئىدخان دەۋرى ئىدى. دېمەك، قىدىرخان يەركەندىنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى سەئىدخان دەۋرىدىنلا باشلىنىپ ئابدۇرىشتخان دەۋرىدە تاكامۇللاشقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى بولغان چاغدا خاندانلىقنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولۇشى مۇمكىن.

يۇسۇپ قىدىرخاننىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى توغرىسىدا 19 - ئەسىر تارىخچىسى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللانېمەتۇللا موجىزى مەشھۇر «تارىخى مۇسىقىيۇن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم تۇتۇپ ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن[1]، خارازىم، سەمەرقەنت، ئەنجان، ئىسلامبول[2]، كەشمىر، بەلىخ[3] شىراز[4] قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى ۋە ھەشتتار (87 تارلىق بىر خىل چالغۇ)نى بۇ ئەزىز كەشپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى، «دىۋان قىدىرى» (قىدىرخان شېئىرى توپلىمى) بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جەندە - كۇلا كىيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتان ئابدۇرىشىتخان غىزادىمۇ، يېتىپ - قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئاجرىمايتتى. قىدىرخان ۋىسال ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ، شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرىشىتخان پادىشاھتىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى» دەيدۇ.

بۇ مەلۇمات يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ ناھايىتى چوڭ كومپوزىتور ئىكەنلىكىدىن ۋە مۇزىكا نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ زور تۆھپىسى بار مەدەنىيەت ئەربابى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ چاغ تارىخى نۇقتىئىنەزەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەرەب خەلىپىلىكى پارچىلىنىپ كەتكەن، ئوسمانلى تۈركلىرىنىڭ قارامىلىقىغا ئايلانغان، دەشتى قىپچاق، ئالتۇن ئوردىمۇ پارچىلىنىپ بىر نەچچە خانلىققا ئايلانغان، قازاقلار تېخى

---

① تەبرىز — ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەدىمىي بىر شەھەر.
② ئىسلامبول — ھازىرقى تۈركىيىنىڭ ئىستامبول شەھىرى.
③ بەلىخ — ئاسىيادىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان چوڭ شەھەر.
④ شىراز — قەدىمىي ئىران شەھەرلىرىنىڭ بىرى.

مەركەزلەشكەن بىر دۆلەتكە ئايلانمىغان، ئۆزبېكلەر بولسا شايبانىخان ئۆلۈمىدىن كېيىن خارازىم ۋە سەمەرقەنتنى ئاساس قىلغان ئىككى خانلىق قۇرغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كرىزىسقا چوڭقۇر پاتقان دەۋر ئىدى.

بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا سەئىدىيە خانلىقى ئابدۇرىشتخان رەھبەرلىكىدە گۈللەنگەن بولۇپ، جاھانغا مەشھۇر يىپەك يولى سودىسىمۇ مانا شۇ خاندانلىقنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا بۇ خاندانلىق ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدىكى بىر گىگانت بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

سەئىدخان دەۋرىدە سەئىدخاننى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا چاڭگال سالغان ئۇبەيدۇللا خوجا ئىقرارىنىڭ مۇرىتلىرى ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدىمۇ ئېنگېلسنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدىئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەت ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى»① دېگىنىدەك ھالەتتىن ھالقىغانىدى.

سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ مەشھۇر ئەربابى، ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك ئالىمى، ئۇلۇغ كومپوزىتور ۋە شائىر

① ف. ئېنگېلس «لۇدۋىگ فېيېرباخ نېمىس پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى». ئۇيغۇرچە، 66 ـ، 67 ـ بەتلەر.

قىدىرخان يەركەندى خەلق ئېغىز مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ نەچچە يۈز يىللار جەريانىدا توپلانغان جەۋھىرى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا تۇتقان ئورنىنى، ئۇنىڭ خەلقنىڭ مەنىۋى مۈلكى ئىكەنلىكىنى ۋە مۇقامنىڭ ئاشۇ شارائىتتا سوپا - ئىشانلار بىلەن ئېلىپ بارغان ئۆتكۈر كۈرەشنىڭ كۈچلۈك قورالى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ:

كەمبەغەل كىيسە كۆلانى،
شەيخلەرنىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگۈچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس.
. . . . . . . . . . . . . . . . .

ھەشتەرىمىز قىلسا خاندان دىيارىمىنىڭ گۈلىستانىدا،
قۇزغۇن ئۆلۈپ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە - مەشرەپ داستانىدا.
ئون ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار،
ئۇنىڭ ئەمەس - بۇنىڭ ئەمەس دىل كەشتىلەر بوستانىدا.

دەپ يازسا، ئۇنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى:

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى
جانانغا جانكى قالسۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى[1]

دەپ يازىدۇ.

---

[1] «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 6 - 7 - بەتلەر.

ئەپسۇسكى يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىنىڭ مۇزىكا ھەققىدە يازغان «رىساللىرى» جۈملىدىن «دىۋان قىدىرى» تېخى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشمىدى.

تارىخنىڭ ھەر قانداق دەھشەتلىك تراگېدىيىلىرىنى يەڭگۈچى، تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، مەڭگۈ ھاياتلىققا ئىگە خەلق ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەربابى قىدىرخان يەركەندىنىڭ «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»نى ساقلاپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ كەلگىنىدەك باشقا ئەسەرلىرىنىمۇ ھازىرقى ئىنسان تەقدىرىنىڭ تەشۋىشلىرى تۈگەۋاتقان زامانىمىزدا يورۇقلۇققا ئۇلاشتۇرسا ئەجەپ ئەمەس.

ئۇنىڭ ھايات يولى ئۆزىنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىدەك باشلىنىپ، رۇبائىيىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش ئاخىرلاشقاندەك تۇرىدۇ:

يۈز نەئىت ئاڭا كىم خۇلقى كېرىم ئەردى غىنى[1]،
يەئنىكى كەرەم كانى[2] رەسۇلى مەدەنى[3]،
مۇنداق دىدى: ئىلىم ئەھلىنى ئەيلەر غىنى[4]،
مەن ئەكرە ئالىمەن پەقەت ئەكرە مەنى[5].

---

① غىنى — ئەرەبچە، بايلىق.
② كەرەم كانى — ئەرەبچە، سېخىيلىق كانى.
③ رەسۇلى مەدەنى — مەدەنىيەتلىك ئەلچى (پەيغەمبەر).
④ ئالىمنى ھۆرمەت قىلغان كىشى مېنى ھۆرمەت قىلغاندەك بولىدۇ.
⑤ «دىۋان قىدىرى مۇقەددىمىسى»، 63 ـ بەت.

## مەلىكە ئامانىساخان توغرىسىدا

بۇ ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدا ئاياللار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان، ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمەتلىك ئاسمىنىدا پارلىغان بىر يورۇق يۇلتۇز.

ئامانىسا ئابدۇرشىتخاننىڭ خانىشى بولۇپ، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابىدۇر. ئەپسۇسكى ئامانىساخان توغرىسىدا، شۇ دەۋرنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلغان ھەيدەر مىرزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «تارىخى رەشىدى»، ماخمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدىنىڭ» («زەيلى»)، جۈملىدىن موللا مىسىر سالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە»سىدىمۇ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە»سىدىمۇ مەلۇمات يوق. پەقەت XIX ئەسىردە ئۆتكەن موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللانىمەتۇللا مۆجىزىنىڭ «تارىخى مۇسقۇيۇن» دېگەن ئەسىرىدە قىسقىغىنا مەلۇمات بېرىلىدۇ. ئەمما بۇ مەلۇمات ئامانىساخاننىڭ پۈتۈن ھايات پائالىيىتىنى يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ.

ئىلىمىزدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى باشلانغاندىن بېرى ئامانىسا توغرىسىدا بەزى ماتېرىياللار ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ يازما تارىخىي ئاساسى يوق. ئۇلار كۆپرەك خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئېغىزچە تارىخ ۋە بەزى رىۋايەتلەرگە تايىنىدۇ. مۇنداق ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىلگە لايىق لوگىكىسىغا تايانغاندا، ئامانىسا 1523 - يىلى دولاننىڭ

(ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ) تېزناپ دەرياسى بويىدىكى قومۇشلۇق مەھەللىسىدە كەمبەغەل مۇزىكانت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن (بۇ مەھەللىنى بەزىدە «شاھ ئاتا» مەھەللىسى دەپمۇ ئاتايدۇ)[1]. ئامانىسانىڭ ئاتىسى ماخمۇتنىڭ ئالدىدا تۇغۇلغان باللىرى تۇرمىغىنى ئۈچۈن ئامانىسا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە «ئىرىم قىلىپ» ئامانىسا (ئېسەن بول!) دەپ ئىسىم قويغانىدى.

ئامانىسانىڭ ئاتىسى ماخمۇت دولان بويىچە كاتتا مۇزىكانت ۋە قوشاقچى ئادەم ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دولاندا بولىدىغان توي - تۆكۈن، مەشرەپلەر ماخمۇتسىز قىزىمايدىكەن. بۇ ئادەمنى خەلق ئۆز كەسپى بويىچە «ئۇستاز» دەپ ئاتىشىدىكەن.

ماخمۇت بۇ قومۇشلۇق مەھەللىسىدە ئولتۇرغان چاغدا، چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساپ سېتىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا ماخمۇتنىڭ ئۇستا ياغاچچى ھۈنەرۋەنلىكى مەلۇم.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئامانىسا سەككىز ياشلارغا كىرگەندە، بەختكە قارشى ئانىسى كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا قىزىنى كۆز قارىچۇغىدەك ياخشى كۆرىدىكەن، ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى تولۇق ھېس قىلغان ماخمۇت نارەسىدە ئامانىسانى دىنىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتىدۇ. ئامانىسا كۈندۈزى ئوقۇسا، كېچىسى ئاتىسى ئۇنىڭغا مۇزىكا چېلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، دولاندىكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى ماخمۇتتىن مۇزىكا بويىچە ساۋاقلار ئېلىشىپ، مەشرەپلەر قىلىشىپ تۇرىدىكەن. ھەتتا مۇنداق چاغلاردا يۈسۈپ قىدىرخانمۇ بىللە بولاتتى، يۈسۈپ

---

① شاھ ئاتا — بۇ يېزىدا تۇغۇلغان ئامانىسانى ئابدۇرىشىتخان كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، ئۇنى خانىش، ئۇنىڭ دوستلىرىنى كىنىزەك قىلىپ ئوردىغا ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ يېزىنى «شاھنى ئۆزىگە تارتالىغان» دېگەن مەنىدە «شاھ ئاتا» دېگەن.

قىدىرخان ماخمۇت بىلەن قويۇق ئارىلىشاتتى، دېگەن مەلۇماتلارمۇ بار. بۇنى ئەقىلگە سىغىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. بۇ چاغ تەختتە سەئىدخان ئولتۇرغان چاغ بولۇپ، قىدىرخان ئوردا ئەمەلدارى، ھەم داڭلىق شائىر، ھەم مۇزىكانت ئىدى. ئۇنىڭ شەخسىي خىسلىتىدىن قارىغاندا ناھايىتى كەمتەر، جەندە - كۇلا كىيىپ يۈرىدىغان، تۆۋەن قاتلام ئاۋام خەلقى بىلەن تولۇق ئارىلىشىدىغان، شۇ چاغ جەمئىيىتىدە ئەۋجىگە چىققان سوفىزىم — سوپى - ئىشانلارغا قارشى ئىلغار پىكىرلەر تەرەپدارى بولغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ:

كەمبەغەل كىيسە كۇلانى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگۈچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

دېگەن جاراڭلىق ئۇنى مۇزىكانت، مۇقامچى ماخمۇت بىلەن ئۇنى يېقىنلاشتۇرۇشى تەبىئىي ھال دېيىشكە بولىدۇ.

كەمبەغەل ئەمما ئالىيجاناب ماخمۇتنىڭ ئەتراپىدا مەيدانغا كەلگەن يۇقىرىقى ئىلمىي مۇھىت ئامانىسانىڭ ئۇسۇپ يېتىلىشىگە چوڭ تۈرتكە بولغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

تارىخ پېشقەدەملىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئامانىسا 14 ياشقا كىرگۈچە تەمبۇر، ساتار قاتارلىقلارنى چالالايدىغان، ئۆزى توقۇغان قوشاقلارنى «ئۆزھال»، «پەنجىگاھ»، «چەببيات»، «ناۋا» مۇقاملىرىغا سېلىپ ئېيتالايدىغان بولدى، دېيىلگەنلەرنىمۇ يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا باغلاپ قارىغاندا ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تەخمىنەن 1531 ـ، 1532 - يىللىرى ماخمۇت ئولتۇرغان — ئامانىسا تۇغۇلغان دولاننىڭ (ھازىرقى مەكىت

ناھىيىسىنىڭ) تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قومۇشلۇق مەھەللە (ياكى شاھ ئاتا) قورغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ چاغ سەئىدخان تەختكە ئولتۇرغىنىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بولۇپ، سەئىدخاننىڭ سەمەرقەنتتىن كەلگەن ئەبەيدۇللا خوجا ئىقرارنىڭ مۇرىتلىرى يۇسۇپ نۇراخوجاگانغا قول بېرىپ، مۇرىت بولۇپ، چۈشكۈنلەشكەن دەۋرى ئىدى.

بۇ يېزا بىر تەرەپتىن، قورغاقچىلىق ئاپىتى، يەنە بىر تەرەپتىن، دوغىلارنىڭ پاراۋانلىق يىللىرىدىكىدەكلا باج - سېلىقلارنى قىستىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشانلارنىڭ قەھەتچىلىكنىڭ تۇغۇلۇشىنى ماخمۇتنىڭ مۇزىكا مۇقاملىرىنىڭ كاساپىتى قىلىپ جۆيلۈشلىرى، ئۇنىڭ ھېسابىغا خەلقنى «نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ ئاللادىن پاناھ تىلەش» كە قىستىشى ماخمۇتنى ئانا يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ماخمۇت ئاخىر كىشى بارمايدىغان تەكلىماكاننىڭ بىر بۇرجىكىدىكى قازان كۆل دېگەن جايغا كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇ چاغلار ئۇلار يەككە - يېگانە ئۆيلۈك بولۇپ، ئامانىسا ئوقۇيدىغان دىنىي مەكتەپتىنمۇ ئايرىلىدۇ.

ئەمدى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغدا توپلاپ ئالغان لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، نەۋائى قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىكلىرىنىڭ كىتابلىرىنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، شېئىرىي ئىجادىيىتىگە كىرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتىسى ماخمۇتتىن ساز، مۇقام ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ چاغدا ماخمۇتنىڭ ئائىلە خىراجىتى ئۈچۈن كىرىم بولىدىغان مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ئالىدىغان كىشى بولمىغىنى ئۈچۈن، توغراقنى كېسىپ ئېشەككە ئارتىپ ئاپىرىپ سېتىپ ئوتۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ماخمۇت ئوتۇنچى دېگەن نام سىڭىپ قالىدۇ. ئوتۇنچى دېگەن بۇ نامنىڭ سىڭىپ قېلىشىغا قارىغاندا، بۇ ئىش بىلەن بۇ ئادەم خېلىلا ئۇزاق شۇغۇللانغان بولسا كېرەك.

ئامانىسانىڭ ئابدۇرشىتخان بىلەن تونۇشۇپ، ئوردىغا كىرگەن ۋاقتى 1537 -، 1538 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئابدۇرشىتخاننىڭ ئامانىسا بىلەن تونۇشۇش سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا خىلمۇ خىل رىۋايەتلەر بار. بىز بۇ ھەقتە «تارىخى مۇسقۇيۇن» دىكى مەلۇماتقا تايىنىشنى توغرا دەپ ھېسابلايمىز.

ئابدۇرشىتخان ناھايىتى كۈچلۈك ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىدە چېۋەرلىك بىلەن 1534 - يىلى ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جىددىي تەدبىرلەر قوللانغاندىن تاشقىرى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈنمۇ ئۆز لايىقىدا تەدبىر قوللىنىپ، ئىسلاھاتلار ئېلىپ بارغانىدى. ئابدۇرشىتخان ھاكىمىيىتى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خېلىلا دېموكراتىك روھقا باي ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۆز سىياسىتىنىڭ قانچىلىك ئەمەلىيلىشىۋاتقانلىقىنى مۇساپىر - پۇقرالارچە ياسىنىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ تەكشۈرەتتى. مۇشۇنداق تەكشۈرۈشنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئامانىسا بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. بۇ «تارىخى مۇسقۇيۇن» دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «سۇلتان ئۆز ۋەزىر - ئەمىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن پايتەختى يەركەندىن ئاتلىنىپ چىقىپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا يۈزلەندى ۋە نەچچە كۈن شۇ ئەتراپتا بولدى. سۇلتاننىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددا كىيىملەرنى كىيىپ قونۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم - ستەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى سۇلتان شۇ يوسۇندا ئەكرەم ئاتلىق بىر مەرھەمى بىلەن بىر خارابە ئۆيگە قونۇچى سۈپىتىدە كىردى. بۇ ئۆي ماخمۇت ئاتلىق بىر ئوتۇنچىنىڭ ئۆيى ئىدى. بۇ مەلىكە بولسا شۇ ماخمۇتنىڭ قىزى ئىدى. سۇلتان

ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرنى كۆرۈپ قېلىپ، ماخمۇتتىن تەمبۇر چېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ماخمۇت، مەن تەمبۇر چالالمايمەن، مۇشۇ قىزىمىز تەمبۇر ئېلىپ بەر دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان، قىزىم چالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

سۇلتان، ئەمىسە قىزىڭىز چېلىپ بەرسۇن، - دېدى. ماخمۇت قىزىغا ئەمىر قىلدى. قىز تەمبۇرنى ئېلىپ «پەنجىگاھ» مۇقامىغا شۇنداق چالدىكى، سۇلتان ھەيران قالدى. بولۇپمۇ قىز ئۆزى يازغان بىر شېئىرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇغاندا، سۇلتان قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ بىھوش بولۇپ كەتتى. شېئىرنىڭ:

ساڭا يوز شۇكۇر، يا رەب، بىزگە ئادىل پادشاھ قىلدىڭ،
پەقىر مىسكىنگە ئابدۇرىشىتخاننى پاناھ قىلدىڭ. . .
نەفىسى كېچە ـ كۇندۇز قىل دۇئا تەڭرى تەقەدۇسىغا،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ.

غەزەل تامام بولۇشىغا، سۇلتان ئالدىراپ، — نەفىسى دېگەن شائىر كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى نەدىن ئۆگەنگەن؟ — دەپ سورىغانىدى، قىز، ـ خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن، مەن نەۋائى، فۇزۇلى، زەلىلىنىڭ[1] شېئىرلىرىدىن باشقىسىنى ئوقۇمايمەن، بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفىسى مېنىڭ تەخەللۇسۇم، — دەپ جاۋاب بەردى.

سۇلتان ئۇنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى سورىدى، ئاتىسى، 13 ياشقا كىردى، دەپ جاۋاب بەردى. سۇلتان تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئاڭغىچە، ئامانىساخېنىم قوپۇپ ئۆزى

---

[1] زەلىلى ئېھتىمال خاتا خاتىرىلەنگەن، چۈنكى زەلىلى ئامانىيسادىن كېيىن ئۆتكەن شائىر.

يازغان بىر نەچچە شېئىرلارنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. خېتىنىڭ ھۆسنى ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن بەسلىشەتتى. پادىشاھنىڭ بۇ خەتنى شۇنچە كىچىك نارەسىدىنىڭ يازغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، — قېنى ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ، — دېگەنىدى، قىز دۇۋەت، قەلەم ۋە قەغەز ئېلىپ كېلىپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى يازدى:

يارەب بۇ بەندە قىلدى ئەجەب سويىزەنىن[1] ماڭا،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا.

سۇلتان كۈلۈپ، — ئىشەندىم مېنى مەسخىرە قىلماڭ، — دېدى ۋە مەھرىمى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ، — بىز ھېلى كېلىمىز، — دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ لەشكەرگاھىغا بېرىپ، ۋەزىر - ئەمىرلىرىگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى. بېشىغا تاج كىيىپ، ئۈستىگە دەۋاج يېپتى. دەرھال 10 قوي ۋە شايى - ئەتلەسلەر تەييارلاندى. تۈن يېرىمىدا 40 كىشى ماخمۇتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، مەقسەتنى بايان قىلدى. پادشاھ ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ، توي قىلىپ قىزنى نىكاھىغا ئالدى[2]» دەيدۇ.

ئابدۇرشىتخان بىلەن ئاماننىساننىڭ يۇقىرىقى شەكىلدە ئۇچراشقانلىقى، ئاماننىسانىڭ ئابدۇرشىتخاننىڭ خانىشى بولغىنى، كېيىنكى ئېغىز تارىخلىرى ئاساسىدا يېزىلغان ماتېرىياللاردىمۇ ئوخشاش. ئەمما بەزى ماتېرىياللاردا ماخمۇت ئوتۇنچى قازان كۆلگە بارغاندا، ئۇلاردىن كېيىن بىر نەچچە ئۈيلۈك كىشى كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، ئاماننىسا ھېلىقى ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرى مەرەمنىسا، بۇۋى زۆھرەلەر بىلەن دوستلىشىپ ئۆتىدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئاماننىساغا ھەمدەم بولۇپ

① سويىزەنىن — گۇمانلىق قاراش.
② «تارىخى مۇسىقىيۇن»، 65 ـ، 66 ـ، 69 ـ بەتلەر.

يۈرىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە ئابدۇرشىتخان بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئامانىسا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئوردىغا بىللە ئېلىپ كەتكەن، قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ ۋە بەزى ماتېرىياللاردا ھەتتا ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئۇۋغا چىققان كونكرېت ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئۆزگىرى ئېلىپ يۈرگەن قىل خورجۇندىكى شاھانە تونلىرى يوقىتىپ قويۇلغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

ئەمدى «تارىخى مۇسقۇيۇن» دا ئابدۇرشىتخان ئامانىسانى كۆرگەن كۈنلا ئاشىقى بىقارار بولۇپ، شۇ ئاخشىمى توي قىلغان قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ئاپتور ئىستىلىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كىرىپ كەلگەن، ئوتتۇرا ئەسىر يېزىق ئەدەبىياتىدا شەكىللەنگەن دوگما ئىستىل بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل تارىخى بولغان «تارىخى رەشىدى» دە تەسۋىرلىنىشچە ئابدۇرشىتخان ئىنتايىن جاسارەتلىك، پەم - پاراسەتلىك، سالماق مىجەزگە ئىگە ئادەم. ئابدۇرشىتخاننىڭ يۇقىرىقى خىسلىتىگە قارىغاندا، ئۇ ئامانىسا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ھەر قانچە ئاشىقى بىقارار بولۇپ كەتسىمۇ، ئوردىغا بېرىپ، بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شاھلارچە توي قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋەقە تارىخى پاكىتلارغا قارىغاندا، 1537 - ، 1538 - يىللىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىنكى پىتنە - ئىغۋالارنىڭ بولغانلىقى توغرىسىدا خەلق ئىچىگە تارالغان رىۋايەتلەر ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا شاخلىنىپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە. بۇنى شۇ چاغ شارائىتىدىن قارىغاندا تەبىئىي ئەھۋال دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خائىن ئەمىر تاغاينىڭ قانداق قاباھەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقى كىتابىمىزنىڭ «ئابدۇرشىتخان» بابىدا تەپسىلىي ئېيتىلغانىدى. يۇقىرىقى پىتنە - ئىغۋالار ئوردا

سىياسىي كۆرىنىشىدىكى سىياسىيغا سوفىزىم دىنىي نىقابى كىيگۈزۈلگەن قاباھەتلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
ئامانىنىسانىڭ ئىككىنچى دەۋرى ئوردىدا ئۆتكەن 20 يىللىق مەنىلىك ھاياتىدۇر. بۇ چاغ ئامانىنىسانىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادى رەسمىي شەكىللەنگەن دەۋر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ راۋاج تېپىشىغا زور ئىمكانىيەت تۇغۇلغانىدى. چۈنكى تارىخى پاكىتلارغا قارىغاندا بۇ چاغ يۈسۈپ قىدىرخان ئابدۇرىشىتخان ئوردىسىدا مەدەنىيەت ئىشلىرى بويىچە ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن، ئوردىدا ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغ كومپوزىتورى ۋە يېتىلگەن شائىرى يۈسۈپ قىدىرخان يېتەكچىلىكىدىكى مەۋلانە خۇلقى، مىرزا مىرەك، ئاياز قۇشچى قاتارلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مەكتىپى ئۆز ئېشىدىن گۈللىنىش دەۋرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان دەۋر بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەكتەپنى ئامانىنىسانىڭ ئابدۇرىشىتخانىنىڭ خانىشى سۈپىتىدە قوللىشى ۋە يۈسۈپ قىدىرخان بىلەن كونا تۇغقاندەك تونۇشلۇقى، كەسىپىنىڭ يىلتىزداشلىق تارىخى، ئابدۇرىشىتخانىنىڭ ئاتا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان مەرىپەتپەرۋەرلىكى ھەم كەسپىي تۇتاشلىقى، ئامانىنىسا، قىدىرخانلارنىڭ بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار پىكىرلىرى تولۇق قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە تەبىئىي ھالدا ئېرىشىشى بىر پۈتۈن گەۋدە بولغان ھالدا ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە سەئىدىيە خاندانلىقى مەدەنىيىتىنى زور يۈكسىلىشلەرگە ئېلىپ كەلدى.
تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، بۇ دەۋردە جەمئىيەتتىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەربابلىرىنىڭ ھەممىسى قىدىرخان ۋە ئامانىساخان خانىش رەھبەرلىكىدە يۇقىرىقى ئوردا ئەدەبىيات - سەنئەت مەكتىپىگە جەلپ قىلىنغانىدى. شۇڭا سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى

بۇ چاغدا يالغۇز دۆلەت ئىچىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

يۇقىرىقى تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامانىساخان قىدىرخانىنى ئۇستاز ئوتقانلىقى تامامەن تارىخى رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

دۇنيا مۇزىكا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە، ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىنىڭ قامۇسى — خەلق ئېغىز مۇزىكا ئىجادىيىتى «ئون ئىككى مۇقام» تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، IX ئەسىرنىڭ ئاخىرى، X ئەسىرلەردە شەكىللىنىپ، XI، XVI ئەسىرلەردە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغانىدى. قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت ئۇيغۇرلار: «... باشقا تۈركىي خەلقلەردىن ئاۋۋال ئولتۇراقلىشىش ھاياتىغا كۆچۈپ، يەرگە ئىشلەشكە باشلىدى. باشقىلاردىن ئاۋۋال شامانىزمدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، دەسلەپ بۇددا، ئاندىن كېيىن مانى دىنىنى قوبۇل قىلدى. باشقا تۈركىي خەلقلەردىن ئاۋۋال، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەم جۇڭگو بىلەن ماۋرا ئۇننەھر ئارىلىقىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىكى بولدى①». ئەنە شۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ جۇغلانمىسى بولغان، شەرق مۇزىكا مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»ى ئۇلۇغ جۇڭخوا مەدەنىيەت خەزىنىسىگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان غايەت زور تۆھپە دېيىشكە بولىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا ئاتاقلىق نېمىس پەيلاسوپى گېگېل: «ئىنسان ئالەم ۋە ھايات ھەققىدە پىكىر ئېيتىشقا ئېھتىياجى سېزىلگەندە ئەدەبىيات ـ

---

① «ئا. يۇ. ياكۇبوۋسكى ئەسەرلىرى»، روسچە نەشرى، 76 ـ، 423 ـ، 424 ـ بەتلەر.

سەنئەت تۇغۇلغان» دېگەنىدى. ئەنە شۇ تەرىپكە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاقلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

مۇزىكا قوشاق، ئۇسسۇل بىلەن تەڭ پەيدا بولۇپ، بىللە ئۆسۈپ، بىللە تەرەققىي قىلغانلىقى بىزگە مۇزىكا تارىخىدىن مەلۇم.

ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام»ى مۇزىكا، تېكىست ئۇسۇلىنى بىر گەۋدە قىلغان، ئېستېتىك غايە جەھەتتىن بىر - بىرىگە سىڭىشكەن، يۇغۇشلەشتۇرۇلگەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ يىرىك تىپىدىكى جۇغلانمىسى بولۇپ، يالغۇز ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر مۆجىزىدۇر. ئۇنڭغا بۇ مۆجىزىنى دۆلەت ئىچىدىلا ئەمەس، دۆلەت سىرتىدىمۇ نۇرغۇن ئالىملار تەتقىق قىلماقتا، دۇنيا ئالىملىرى ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ پەيدا بولۇش، شەكىللىنىش تارىخىنى، ئارخېئولوگىيە، فولكلور ۋە يازما مەنبەلەردىكى مەلۇماتلارنى بىرلەشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، شەكىللىنىش، ئۆسۈپ - يېتىلىپ ھازىرقى ھالغا كېلىشىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ، يەنى ئۇلارنى فولكلور، ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنى يازما مەنبەلەرگە باغلاپ قىلغان تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرى مۇنداق: سۇجۇپ (IV ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى)، مەنتور (VI — VII ئەسىر ئارىلىقى)، فارابى (X ئەسىر)، ئىبنىسىنا (XI ئەسىر)، سوفى ئاددىن ئابدۇل مۆمىن بىننى ئەل ئۇمەر (XIII ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى)، ماخمۇت ئىبنى مەسئۇد شىرازى (XIV ئەسىر)، نەۋائى (XV ئەسىر)، ئابدۇراخمان جامى (XV ئەسىر)، كافكاۋى بۇخارى (XVI ئەسىر)، دەرۋىش ئەلى (XVII ئەسىر)، قىدىرخان يەركەندى (XVI ئەسىر) ئىسمەتۇللا نەمەتۇللا

مۇجىزى ( XIX ئەسىر ) قاتارلىق دانالارنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە تارىخى مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ جۇغلانمىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەتكە ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيىتىدىن باشلىنىپ، نەچچە مىڭ يىللارنى بېسىپ، مۇنداق ئۈچ باسقۇچنى شەكىللەندۈرگەن: IV — VI ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ژانىرلىق تۇسكە كىرىپ، ئۇنىڭ راۋاجى VII ئەسىردىن XI ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئۇنىڭ ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى خېلىلا يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىپ، X ئەسىردىن XII ئەسىر ئارىلىقىدا ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» سېكىلى تولۇق شەكىللەنگەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.

دۇنيا ئالىملىرىنىڭ ئۇزاق يىللار تەتقىق قىلىپ كەلگەن يۇقىرىقى ئىلمىي خۇلاسىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ تېكىستلىرى تارىخىغا نەزەر تاشلىساق، V ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شامان، بۇددا، مانى، زەردۇش، خىرىستىئان قاتارلىق دىنىي تۈس ئالغان تېكىستلەر بولۇشى تامامەن تارىخى رېئاللىقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ تېكىستلەر ئۇيغۇرلار X ئەسىرنىڭ بېرىنچى يېرىمىدىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن جەڭگە - جېدەل بىلەن ئىسلاملاشتۇرۇلغانلىقى ئىنىقلىنىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن تارىخنىڭ لوگىكىسى ئەنە شۇنداق بولغان.

XIII ئەسىردە چىڭگىز ئىستىلاسى شىنجاڭ زېمىنىغا يېتىپ كەلدى، يەرلىك خانلىقلارنىڭ مۇستەقىللىقى يوقىتىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنى چىڭگىز ئەۋلادلىرىدىن چاغاتاي، ئۆگدەي ئەۋلادلىرى 300 يىل سوراپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇلار بۇ جەرياندا ھاكىمىيەت تالىشىپ، ئىچكى ئۇرۇش قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭنى

سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت جەھەتتىن خانىۋەيران قىلدى.

مۇشۇ ئۈچ ئەسىر ئىچىدە، ھېچقانداق تارىخى ماتېرىيالدا «ئون ئىككى مۇقام» توغرىسىدىكى مەلۇماتنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھەتتا مۇشۇ دەۋرنى ئەڭ مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرىدىغان مىرزا ھەيدەر يازغان «تارىخى رەشىدى» ۋە «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») ھېساپلانغان شاھ ماخمۇت جۇراسىنىڭ «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») دېگەن كىتابىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

X — XII ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىدە رەتلىنىپ، «ئون ئىككى مۇقام» سېكىلىق تولۇق شەكىللىنىپ بولغان «ئون ئىككى مۇقام» چىڭگىز ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۈچ ئەسىر داۋامىدا نەگە كەتتى. يوقىلىپ كەتتىمۇ؟ ياق! كېيىنكى پاكىتلار ئۇنداق بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئۈچ ئەسىر داۋامىدا ئۇ ئۆز مەنبەسى، ئىگىسى، ئىجادچىسى بولغان خەلق ئىچىگە قايتىپ كىرىپ، خەلقىنىڭ مۇڭ - زارى، خۇشاللىقى، ئۈمىد - ئارزۇسى بىلەن بىللە ياشاپ، ئۇيغۇرلار ياشىغان ھەر بىر يەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدە يۇغۇرۇلغان مىللىي تۈس (شېۋە) ئېلىپ، تېخىمۇ بېيىپ تەرەققىي قىلدى.

تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنى بويىچە چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ ئاخىرقى خېنى يەركەننى پايتەخت قىلغان مىرزا ئابابەكرى خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرغان سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئىككىنچى ھۆكۈمرانى ئابدۇرىشتخان (1533 ـ 1570) ھۆكۈمرانلىق قىلغان فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى راسا تەرەققىي قىلىپ، خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋردە، «ئون ئىككى مۇقام»نى رەتلىپكە سېلىپ يۇرۇشلەشتۈرۈش تارىخى زۆرۈرىيەت

ئامانىساخاننىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىكى، تارىخ زۇرۇرىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تاسادىپىي كۆرۈنۈشتە ئىپادىلىدى. ئەمما ئامانىسا بۇ ۋەزىپىنى بۇ تارىخىي زۇرۇرىيەتنى، ئابدۇرىشىتخاننىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا قىدىرخان قاتارلىق بىر بۆلۈم قابىلىيەتلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ ئۇتۇقلۇق ئورۇنلىدى.

تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا «ئون ئىككى مۇقام» مۇنداق تەرەپلەردىن ئىسلاھ قىلىنىپ رەتلەنگەندەك تۇرىدۇ: بىرىنچى ١١، ١٦ ئەسىرلەردە خەلق ئىچىگە تارقالغان ئاھاڭلار ئىچىدىكى سىرتتىن تەسىر قىلىپ قوشۇلغان ئەمما ئۆزلەشمىگەن «ئەجەش» ئاھاڭلارغا خاتىمە بېرىپ، ئاھاڭلارنى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بولغان تەبىئىي ئون، تەبىئىي ئاھاڭ بويىچە قايتا رەتلىدى. ئىككىنچى، «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەب»تىن ئىبارەت مۇقام شەكىللىرىنى ھەر قايسى مۇقام كۈي شەكىللىرى بويىچە يۇرۇشلەشتۈرۈپ قېلىپلاشتۇردى. ئۈچىنچى، مۇقام مۇزىكىلىرىنى دىنىي - مىستىك ۋە ئەرەب، پارسچە بىر قەدەر چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر بىلەن تولغان شېئىرىي تېكىستلەردىن قىسمەن بولسىمۇ ئازاد قىلىپ، شۇ دەۋر ئۈچۈن كۈچلۈك رول ئوينايدىغان مەرىپەتپەرۋەر، خەلقچىل، ئىنسانپەرۋەر تۇيغۇلار بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئۇيغۇر شېئىرلىرىنى، بولۇپمۇ نەۋائىي شېئىرلىرىنى ئاساس قىلىپراق تېكىستلەشتۈرۈپ چىقتى. ئامانىساخان ئابدۇرىشىتخان ۋە ئوردىدىكى ئىلغار كۈچلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، فېئوداللىزمنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان ئىشانلارنىڭ «ئامانىسا دېگەن بۇ شاياتۇن خۇداغا قىلىدىغان ھەمدۇ - سانا، زىكرى تەلقىن ئورنىغا شەيتاننىڭ ناۋاسىنى قايىتتۇەتتى، بۇنى مەنئى قىلىش كېرەك، سازلارنى كۆيدۈرۈپ، مۇقام كىتابلىرىنى يوقىتىش كېرەك. . .» دېگەنگە

ئوخشاش ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ۋە ھەرىكەتلەرگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، خەلقنىڭ ئېستېتىك دىتى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەينى زاماندا ئابدۇرېشىتخاننىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە، ھاكىمىيەت بىلەن خەلقنى بىرلەشتۈرۈشتە ناھايىتى زور سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە رول ئوينىدى. ئىلمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ھازىرقى ئەھۋالغا كېلىشىگە خېلىلا پۇختا ئىلمىي ئاساس قۇرۇپ بەرگەندى.

«تارىخى مۇسىقىيۇن»دا: «خۇدايىتائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى، تەرىپلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ‹دىۋان نەفسى›نى يازدى» دېگەنلىكى ۋە ئابدۇرېشىتخان بىلەن دەسلەپكى تونۇشقان گۈدەك چېغىدىلا ئېيتقان غەزىلىدىكى «نەفسى» دېگەن تەخەللۇسىنى قويالىشى ئامانىساخاننىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر، تالانتلىق شائىرە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

XV ئەسىر شېئىرىيىتىنىڭ چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەن مۇتەپەككۇر نەۋائى لۇتپىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان بىرىنچى شېئىرىنى 11 يېشىدا يازغان دېيىشكەنىدى كېيىن بۇ مەسىلە ئەدەبىياتشۇناسلار ئارىسىدا جىددىي مۇنازىرىگە ئايلىنىپ، ئاخىرى 15 - 16 ياشلىرىدا يازغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى. ئامانىساخاننىڭ 13 - 14 ياشلىرىدا يازغان يۇقىرىقى بىر نەقىل كەلتۈرگەن ئىككى شېئىرىنى ئەينى زاماندىكى ئابدۇرېشىتخان دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر سىياسىي لىرىكىسى دېگىلى بولىدۇ. مەركەزدىن يىراق خىلۋەت قازان كۆل جاڭگىلىدا تۇرۇپ سەئىدىيە خاندانلىقىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ پۈتۈن ئابدۇرېشىتخان دۆلىتى ھاياتىغا بەرگەن تەسىرىنى بار - يوقى تۆت مىسرا شېئىردا شۇنچىلىك بەدىئىي، ئوبرازلىق قىلىپ

ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئالاھىدە تالانت دېمەسلىككە نېمە ئامال بار؟ ئۇنىڭ مانا شۇ پەۋقۇلئاددە تالانتىدىن 20 يىللار داۋامىدا تەپەككۇر ھېكمەتلىرىگە تولغان ئاجايىپ باي مەزمۇنلۇق، ھەجىمىمۇ كىچىك بولمىغان «دىۋان نەفىسى» دۇنياغا كەلگەنلىكىگە ھېچقانداق ئەقىل گۇمان قىلمايدۇ. ئەمما بۇ ئەسەردىن مۇشۇ كۈنگىچە ھېچقانداق دېرەك يوقلۇقى كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

پەلسەپە پەنلىرىنىڭ دوكتورى ئەزىز نارىنبايوۋ «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا يازغان يىرىك ماقالىسىدە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ دىداكتىك تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بىر قاتار ئەسەرلەرنىڭ ئېتىنى ئاتاپ كېلىپ، ئەخمەت يۈگنەكىنىڭ «ھىبەتۇلھاقايىق» داستانى ۋە ئامانىساخانىڭ «ئەخلاقى جەمىلە»سىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بۇ پىكىرگە شۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق قوشۇلغىلى بولىدۇكى، باشقىرتىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى ئا. خاروسوۋ: «ۋولگا بىلەن ئورال بويىغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئەدەبىي ۋە باشقا ئەسەرلەر ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇنقىسى ھەمدە تۈركىي تىللاردىكى ئەدەبىياتلار تارىخى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكرەكى — يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىدۇر. بۇ ئەسەر باي مەزمۇنلۇق بولۇشى بىلەن ئۇزاق ئەللەرگە تارقالغان ... ‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ قىممىتى، ئەۋزەللىكى دۇنياۋى ئەسەر بولۇشىدا، يەر يۈزىدە جۇلالىنىراق تۇرمۇش قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئوتتۇرا ئەسىر كىشىلىرىنىڭ ئۈسۈپ كېتىپ بارغان مەنىۋى دۇنياسىنى تەسۋىرلەپ بېرەلىشىدە.» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇز تەسىرىنى روسىيىنىڭ ئەڭ يىراق چېگراسى ۋولگا بويىغا يەتكۈزگەن

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆز ۋەتىنىنىڭ تۇپرىقى خوتەنگە يەتكۈزۈلمەسمۇ؟ ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» نى ئامانىنىساخان ئوقۇغان بولۇشىمۇ تامامەن رېئاللىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«تارىخى مۇسقىيۇن» دا: «خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا ‹ئەخلاقى جەمىلە› (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتابنى يازدى، ‹شورۇھۇلقۇلۇب› (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى. شائىرلىق، نەغمىچىلىك ۋە خەتتاتلىق تۇغرىسىدا بۇنىڭدىن مەنىلىك كىتاب ئاز» دېيىلگەنگە قارىغاندا، ئۇ يالغۇز شائىر، كومپوزىتور، خەتتاتلا ئەمەس بەلكى كاتتا ئەدەبىياتشۇناس - نەزەرىيىچىدەك قىلىدۇ.

«‹ئىشرەت ئەنگىز› (شادلىق قوزغاتقۇ) ناملىق بىر مۇقامنى بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى، كۈچلۈك رەشىك يۈزىسىدىن سۇلتان بۇنى ئۆز نامىدا قىلىۋالغان ۋە شۇ بويىچە نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىلگەن»[1]. ئۆزى ياراتقان مۇقامنى سۇلتان نامىدا نەغمىچىلەرگە ئۆگىتىشنىڭ ئۆزىمۇ مەلىكىنىڭ كەڭ قورساق، ئالىيجانابلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئېھتىمال ئۇ سۇلتاننىڭ جەمئىيەتتىكى سىياسىي نوپۇزىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. «تارىخى مۇسقىيۇن» دا مەلىكە 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولدى، دەپ خەۋەر بېرىدۇ. بەزى ماتېرىياللاردا كەلگۈسى تەخت ۋارىسلىقىنى كۆزلىگەن باشقىلار زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، دېيىلگەن رىۋايەتلەرمۇ بار. شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ئاتموسفېراسىدىن قارىغاندا، بۇنىمۇ يوققا چىقىرىش قىيىن، ئەمما بۇنى ئىسپاتلايدىغان ئىشەنچلىك

[1] «تارىخى مۇسقىيۇن» 67 - بەت.

يازما ماتېرىياللار يوق.

بەزى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، مەلىكە ئۆلۈم ئالدىدا «. . . مەن ئالەمدىن ئۆتىمەن، ئۆمرۈم بويى ئەلنىڭ مەرىپىتى ئۈچۈن تىرىشتىم. يازدىم. بۇنىڭدىن باشقا سەرمايەم، ياخشى خىسلەت - پەزىلىتىممۇ يوق. كات ئۈستىدىكى تاغاردا ئۆز قولۇم بىلەن توپلىغان قومۇش قەلەم قىرىندىسى ھاياتىمدا يىققان مېنىڭ خەزىنەم. ئۇ مېنىڭ تەۋرەتكەن قەلىمىمنىڭ ئەجىر مېۋىسى، ئۇنى باقىي ئالەمگە ئالغاچ كېتەي. شۇ قىرىندا بىلەن سۇ ئىسسىتىپ، مېنى يۇيۇڭلار. مەلىكە رازىيەنىڭ ياقۇت يېزىقى بىلەن «مەسىھەت شەرپى»نى تېخى كۆچۈرۈپ بولالمىغاندىم، قىزلاردىن بىرى ئاخىرىنى كۆچۈرۈپ، خەلققە تەقدىم قىلسا، پاتىمە بىنتى ئەخمەتنىڭ خۇش خېتى بىلەن قەۋرەمگە خاتىرە يېزىڭلار!» دەپ نەسىھەت قىلغان، مانا مۇشۇنداق ئېغىز تارىخىغا ئاساسلانغان رىۋايەتلەرمۇ بار. بۇنىڭدىن بىز مەلىكىنىڭ ناھايىتى كەمتەر، ئالىيجاناب خىسلىتىنى، بولۇپمۇ تاغارلاپ يىققان قومۇش قەلەم قىرىندىسىدىن 20 يىللىق ھاياتىدا ناھايىتى نۇرغۇن نەرسە يازغانلىقىنى بايقاپ ئالالايمىز.

1576 - يىلى 34 يېشىدا ۋاپات بولغان سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ بۇ ئالىيجاناب مەدەنىيەت ئەربابىنىڭ جەسىدى سەئىدىلەر سۇلتانىنىڭ قەبرىستانلىقى بولغان «ئالتۇنلۇق»قا دەپنە قىلىنغانلىقى مەلۇم. قەيسەر، جەسۇر شاھقا ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يولدىشى ھەم دۆلەتنى باشقۇرۇش، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ئەڭ قابىل، ئەڭ سەمىمىي، ئەڭ جەڭگىۋار سەپدىشى بولغان

مەلىكىنىڭ ۋاپاتى ناھايىتى ئېغىر تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، «تارىخى مۇسقىيۇن» دا مەلىكە ۋاپاتىدىن كېيىن «سەۋدايى» كېسەللىگە مۇپتىلا بولغان سۇلتانىنىڭ ئۈچ يىلدىن كېيىن ۋاپات بولغانلىقى ئېيتىلىدۇ.

ئەمما ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پەرزەنتى مەلىكە ئامانىساخانىمۇ خەلقىنىڭ قەلبىدە «ئون ئىككى مۇقام» قانداق ساقلىنىپ كەلگەن بولسا، شۇنداق ساقلىنىپ كەلدى. ئۇ تارىخنىڭ ھەر قانداق دەھشەتلىك كۈچىدىن مۇقامدەك مەڭگۈ غالىب كېلىدىغان ۋە غالىب كەلگەن قۇدرەتكە ئىگىدۇر. ئۇ خۇددى «ئون ئىككى مۇقام» دەك خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ، جاھان ئاۋازىدا مەڭگۈ جاراڭلايدۇ.

# ئايازبېك قۇشچى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئايازبېك سەئىدىيە خاندانلىقىدا «قۇشچى» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ھاكىمدارلىرىنىڭ ئۆزلىرى ھەم قوشۇنى ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە مانېۋىر مەيدانى سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان «ئوۋچىلىق»نى باشقۇرىدىغان بەگكە ئوخشايدۇ. ئۇ ئېھتىمال شۇ چاغنىڭ ئوۋ قوراللىرىدىن بولغان بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا، قورغۇيغا ئوخشاش قۇشلارنى بېقىش، ئۆگىتىش، ئۇنى ئوۋغا سېلىش مۇتەخەسسىسى بولسا كېرەك.

ئايازبېكنىڭ سەئىدىيە خاندانلىقىدا مەۋلانە خولقى، مىرزا ھەيدەر، سەئىدى، رەشىدى، يۇسۇپ قىدىرى، نەفىسى قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى بىزگە تارىختىن مەلۇم. ئەمما ئۇنىڭ شەخسىي ھاياتى — قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان ۋە قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدا كونكرېت مەلۇمات يوق. شۇنداقتىمۇ، بىز ئۇنىڭ مەشھۇر تارىخى ئەدەبىيات يادىكارلىق سۈپىتىدە بىزگە يېتىپ كەلگەن «جاھاننامە» ناملىق داستانىدىن ئۇنىڭ شەخس ھاياتىغا دائىر بەزى قىسقا مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز.

ئۇ «جاھاننامە» ناملىق داستانىدا سەئىدخان بىلەن بىللە ماۋرا ئۇننەھرگە بېسىپ كىرگىنىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ.

جاھان ئىچرە بى مەسەل ئول جان ئىرۇر،
ئاتادىن ئاتاخان بىر خان ئىرۇر.

تابوغىنىدا كەلدىم قەدىمى قۇلى،
ئىچۈككىم گۈل ئۇلسە بولۇر بۇلبۇلى.
ئەلىپ ئولتۇرۇپ ئەندىجان مۇلكىنى،
ئالاي دەپ خىيالى جان مۇلكىنى[1].

بۇ ۋەقە قاچان بولغانىدى؟

بۇ ۋەقە تارىخىي پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1512 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيالاردا سىياسىي ۋەزىيەت مۇنداق ئىدى. ماۋرا ئۇننەھرى ۋە خۇراساندا تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتىنى ئۆبۈلخەيرىنىڭ نەۋرىسى مۇھەممەت شايبانىخان ئۆزۈل - كېسىل تارمار قىلىپ (1510 - يىللىرى) ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەنىدى. شىنجاڭدا بولسا دوغلاتلار نەسلىدىن بولغان ئابابەكرى جەنۇبىي شىنجاڭنى تا بەدەخشان، كەشمىرگىچە ئىگىلىگەن، شەرقىي شىنجاڭنى ئاقسۇنى مەركەز قىلغان ھالدا يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان ماخمۇتخاننىڭ ئوغلى مەنسۇرخان ئىگىلىگەن، ئەمما ئابابەكرى ھاكىمىيىتىدە ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كرىزىس ئىنتايىن ئېغىر مەزگىل ئىدى.

سەئىدخان ئىنىسى سۇلتان خېلىل بىلەن «يەتتە كەنت»، «چارۇن چىلەك»، «ئوقسۇ»[2] لاردا قىلغان ئىسيانلىرىدىن قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئاخىر ئەنجاندا جانبەك تەرەپتىن تۇرمىگە ئېلىنىپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ تاغىسى بابۇر ئالدىغا - كابۇلغا بارغانىدى.

1500 - يىللىرى سەمەرقەنتكە بېسىپ كىرگەن ئۆزبېك شاھى شايبانىخان 1510 - يىلىغىچە پۈتۈن ماۋرا ئۇننەھرى، خۇراساننى ئىشغال قىلىپ، تۆمۈرىلەر ھاكىمىيىتىگە ئۆزۈل -

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 9 - سان، 101 - بەت.
② «ئوقسۇ» ئىسيانىدا قىرغىزلار خېلىل سۇلتاننى سۇغا چۆكۈرۈپ ھالاك قىلغانىدى.

كېسەل خاتىمە بېرىپ، ئىنتايىن كۆرەڭلەپ كەتتى.
بۇ چاغدا ئىراندا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئىسمائىل شاھ ئىنتايىن كۈچلۈك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە تۆمۈرىلەر، غەربتە باغدات بىلەن تۇتىشاتتى.
1510 - يىلى شايبانىخان كىرىمونغا بېسىپ كىرىپ، «ئەمدى ئىسمائىل شاھنىڭ مەركىزى بولغان ئىسپىھاننى يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن» دەپ ئىسمائىل شاھقا پوپوزا قىلىپ، ھاقارەتلىك بۇيرۇق خاراكتېرىدە خەت يازدى. نەتىجىدە، غەزەبلەنگەن ئىسمائىل شاھ تاللانغان 17 مىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن مەرۋىدە شايبانىخان بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭگە چۈشتى. . . ئاقىۋەت ئۇ مۇھەممەت شايبانىخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزبېكلەرنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى.
مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يۇنۇسخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەت سۇلتان تاشكەنت رايونىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، تۇرغان چاغدا ئۇنىڭ خىزمىتىگە كەلگەن مۇھەممەت سەئىد (مىرزا ھەيدەرنىڭ تاغىسى) ئەنجاندا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت قۇرۇپ، كابۇلدا تۇرغان بابۇر بىلەن سەئىدخانغا خەۋەر قىلدى. بابۇر تۆمۈرىلەرنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە ماۋرا ئۈننەھرگە ھۆكۈمران بولۇش مەقسىتىدە، ئىسمائىل شاھ بىلەن ماۋرا ئۈننەھرگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئىسمائىل شاھ پۈتۈن خوراساننى ئىگىلەپ ئالغانىدى.
بابۇر بىلەن قوشۇن تارتىپ كەلگەن سەئىدخان ئەنجانغا كېلىپ مۇھەممەت سەئىد بىلەن بىرلەشتى ۋە ئەنجانغا ھۆكۈمران بولدى.
بابۇر ماۋرا ئۈننەھرىدە خىسراۋ شاھ بىلەن جەڭگە چۈشۈپ ۋاقىتلىق يەڭگەن بولسىمۇ، ئاخىرىغا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ئىسمائىل شاھتىن ياردەم ئېلىپ، سەمەرقەنتنى ئىگىلەپ،

ئىسمائىل شاھنى ئالىي ھۆكۈمران دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئىران ئەسكەرلىرىنى يېتەرلىك ماددىي مۇكاپاتلار بىلەن قايتۇردى.

بابۇر سەمەرقەنتتە شىيە مەزھىپى ئىماملىرى نامىدا پۇل چىقىرىپ خەلقنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرماقچى بولغانىدى، نەتىجە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. بۇنىڭغا سۈننىي مەزھەپىدىكىلەر قاتتىق قارشى چىقىپ، جەمئىيەتتە جىددىي غۇلغۇلا پەيدا قىلدى...

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئۆزبېك تۆرىلىرى ئۇبەيدۇللا سۇلتان بىلەن مۇھەممەت تۇمۇر سۇلتانلار بابۇرغا قارشى ماۋرائۇننەھرىدىكى پۈتۈن كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 1513 - يىلى ماۋرائۇننەھرگە باستۇرۇپ كىردى. ئۆزىنى ئاجىز سەزگەن بابۇر ئىسمائىل شاھتىن يەنە ياردەم سورىدى. ئىسمائىل شاھ بۇنىڭغا جاۋابەن ئەڭ داڭلىق سەركەردىسى ئەمىر ئەخمەت (نەژمى سانى)نى بىر تۈركۈم كۈچ بىلەن ياردەمگە ئەۋەتتى، ئەپسۇسكى بۇ مەغرۇر، كۆرەڭ قوماندان بۇخارا يېنىدا ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلۈپ، ئەسكەرلىرى ئۆزۈل - كېسىل تارمار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بابۇر شاھ بىلەن ئىسمائىل شاھ ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي ئىتتىپاقمۇ تاماملىنىپ، بابۇر ئۆز ۋەتىنىنى مەڭگۈ تاشلاپ، كابۇلغا جۆنەپ كەتتى.

ئەمدى ئەنجاندىكى سەئىدخانغا كەلسەك، بۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ئاتابەكرى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر تارىخى دۈشمىنى سەئىدخاننى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، ئاخىر سەئىدخاننىڭ سان جەھەتتىن ناھايىتى ئاز — بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇنىدىن يېڭىلدى.

ماۋرا ئۇننەھرىدە بابۇر يېڭىلىپ كابۇلغا قايتقاندىن كېيىن سەئىدخانغىمۇ ئەمدى ئەنجاندا قېلىش ئىمكانىيىتى قالمىغانىدى. ئۇمۇ ئۆز ۋەتىنى شىنجاڭنىڭ كويىدا شۇنچە ئۇزۇن

سەرگەردانلىق ھاياتنى كەچۈرۈپ، بۇ قېتىم ئابابەكرى بىلەن بولغان جەڭدە ئۇنىڭ ھەربىي، سىياسىي كۈچىنى يېتەرلىك مۆلچەرلىگەنىدى. بۇ چاغدا ئابابەكرى ھاكىمىيىتى ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كرىزىسقا دۇچ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئەڭ يېقىن سەپدىشى مۇھەممەت مىرزا دوغلات (ھەيدەر مىرزا «تارىخى رەشىدى» ئاپتورىنىڭ تاغىسى) نىڭ مەسلىھەتى بىلەن 1514 - يىلى ئۇچماراۋانى ئارقىلىق ئابابەكرى ئۈستىگە قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. يۇقىرىقى «جاھاننامە»دىن كەلتۈرگەن نەقىلمىزدىكى ۋەقە مانا شۇ يۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى كەلتۈرگەن نەقىلمىزدە «تابۇغىندا كەلدىم قەدىمى قولى» دېگەن مىسرانىڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇ سەئىدخان بىلەن مۇشۇ سەپەردىلا بىللە بولۇپ قالماي، بەلكى سەئىدخاننىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھەربىي پائالىيەتلىرىدىمۇ بىللە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇنداق بولغاندا، شائىرنى بۇ چاغدا 30 ياشلاردا دەپ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا شائىر 1492 -، 1493 - يىللىرى ئەتراپىدا دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ. داستاننىڭ ئىسمى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە:

يىل ئات ئەردى ماچىن تارىخىدا،
رەجەپ ئاي فۇرخەندە تارىخىدا.
تۈگەتتىم جاھان مېھنەتى غۇسسەسىن،
قىلىپ نەزمە بىر داستان قىسسەسىن.
«جاھاننامە» قويدۇم ئانىڭ ئاتىنى،
دېدىم چۇن ئۇنىڭ ھالۇ ھالاتىنى.

دېيىلىدۇ. ئەمما ھېچقانداق سۆزى «تارىخ»[1] قىلمىغىنى

[1] تارىخ كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە، بەلگىلىك جۈملە «تارىخ» قىلىنىپ، يىل ھېسابى يوشۇرۇلىدۇ. شۇ جۈملە ئارقىلىق ئەبجەت ھېسابى چىقىرىلىدۇ.

ئۇچۇن داستاننىڭ قاچان يېزىلغىنى ئېنىق ئەمەس. ئەمما داستاننىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ بەدەخشان سەپىرىدە 20 يىل ئىلگىرى سۆيگەن مەھبۇبىنى ئۇچراتقانلىقىنى، كونا ئىشق ۋە ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا ئويلاپ ئۇخلىمىغانلىقى، بارگاھتا بىللە ياتقان ياش يىگىتكە بۇ سىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇ داستاننى يازغانلىقىنى:

بۇ تەقەرۇپ بولدى كەل ئەي نەۋ جۇۋان،
مۇبارەك زىمرىڭگە يەتسە كامان.
مەن ئاندىن ساڭا بىر ھېكايەت قىلاي،
ۋاپاسىز جاھاندىن شىكايەت قىلاي.

دېگەن يۇقىرىقى كۇپلېتتا ئىپادىلەيدۇ.

ئۇنداقتا بەدەخشان سەپىرى قاچان بولغان؟

«تارىخى رەشىدى» ئىككىنچى جىلدىدا بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ھىجرىيە 935 - يىلى بابۇر شاھ ھومايۇن مىرزىنى ھىندىستانغا چاقىرىپ كەتتى. مىرزا خان بىننى ماخمۇت مىرزا، بىننى ئابدۇسەئىد مىرزا بەدەخشاندا ۋاپات بولدىلەر. مىرزا خاننىڭ سۇلايمەن ناملىق ئوغلى قالدى، ئۇنى بابۇر شاھ يېنىغا ئېلىپ تەربىيە قىلدى. بەدەخشاننى چوڭ ئوغلى ھومايۇن شاھقا بەردى. ھىجرىيە 935 - يىلى بەدەخشاندا ھومايۇن مىرزا شاھ ئىد، ھومايۇن شاھنى بابۇر ھىندىستانغا چاقىردى. بۇ ھومايۇن بەدەخشاننى ھەۋەيىسكە تاپشۇرۇپ بېرىپ كەتتى. بۇ چاغدا تاھىرجان ئۆزبېكلەر بىلەن بىرلىشىپ، بەدەخشانغا ھۇجۇم قىلىش خەۋپى بار ئىدى. بۇنى ھەۋەيىسخان سەئىدخانغا خەۋەر قىلىدۇ، سەئىدخان ئامالسىز ئابدۇرشىتخاننى قەشقەردە قالدۇرۇپ، ھەيدەر مىرزا بىلەن يولغا چىقتى. ھەيدەر مىرزا رازىۋېدكا ئۇچۇن ئالدىدا ئۇزاپ ماڭدى، سەئىدخان كەينىدىن

ماگدى، ھەيدەر مىرزا بەدەخشانغا كەلگەندە، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھومايۇن مىرزا بابۇرنىڭ كىچىك ئوغلى ھىندال مىرزىنى كابۇلدىن ئەۋەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ بۇلاردىن 11 كۈن ئىلگىرى زەپەر قەلئەسىگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئىككى تەرەپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. لېكىن ھىندال مىرزا بۇلار «ھىلە قىلىۋاتىدۇ» دەپ كۆنمىدى. ئارىدا خانىمۇ يېتىپ كەلدى. زەپەر قەلئەسى ئۈچ ئاي قامال قىلىندى. بۇ خەۋەر بابۇرغا يەتتى. نەتىجىدە كېلىشىم قىلىپ، بەدەخشاننى قائىدە بويىچە سۇلايمان شاھقا تاپشۇردى. سەئىدخان باش ئەتىيازدا يەركەنتكە كەلدى».

دېمەك، بۇ ۋەقە ھىجرىيە 935 - يىلى، مىلادى 1527 -، 1528 - يىللىرى بولغانىكەن. ئېھتىمال شائىر يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «زەپەر قەلئەسى» نى قامال قىلىپ ياتقان قىش كېچىلىرى يېزىشقا باشلىغان بولسا كېرەك، ئەمما شائىر داستاننىڭ ئاخىرىدا:

خىيال ئەيلىدىم ئەرسە تەقەررۇپ ئىلە،
بۇ چاغلىق ھېكايەت تەرتىپ ئىلە.
تېزىلدى كېلىپ نەزمە سۆلكىن تۇتۇپ،
تامام ئولدى بۇ نىيادىدىن يىل ئۆتۈپ

دېگىنىگە قارىغاندا، ھىجرىيە 935 - يىلى داستاننى يېزىشنى باشلاپ، ھىجرىيە 936 - يىلى تاماملىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ.

قولىمىزدىكى بار ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شائىر سەئىدىيە خاندانلىقىنى قوغداش، مۇستەھكەملەش، گۈللەندۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى مۇرەككەپ، مۇشەققەتلىك جەريانلارنىڭ ھەممىسىگە قاتنىشىپ، سەئىدىيە خاندانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەمەلىي تۆھپىلەر قوشقانلىقى مەلۇم. ئۇ سەئىدخان ھاكىمىيەت تىكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان

قانلىق جەڭلەردىن تارتىپ، ئابدۇرىشتخان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ، ھۆكۈم سۈرگەن خېلىلا ئۇزاق تارىخنى بېشىدىن بۆۋاستە كەچۈرگەن. ناھايىتى باي ئەمەلىي بىلىمگە ۋە چوڭقۇر نەزەرىيىۋى بىلىمگە، ھەم يېتىلگەن بەدىئىي تەپەككۇرغا ئىگە، ھەم دۆلەت، مەدەنىيەت ئەربابى، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پىشقان شائىر ھەم مۇتەپەككۇر پەيلاسوپتەك كۆرۈنىدۇ.

ئۇنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە، ئابدۇرىشىتخانغا بېغىشلانغان ئىككى شېئىرى (ماخمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») دە مىسال كەلتۈرگەن) ۋە «جاھاننامە» ناملىق يىرىك فانتازىيىلىك سۇژىتقا ئىگە، رومانتىك داستانى يېتىپ كەلگەن. بەزى ماتېرىياللاردا «ماخمۇتنامە» دېگەن داستانىنىڭ بارلىقى مەلۇم، لېكىن ئۇ تېخى يورۇق دۇنيا بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق. ئۇنىڭ ھازىرقى قولىمىزدا بار بولغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خېلىلا نۇرغۇن ئەسەرلەر ياراتقانلىقىدا گۇمان يوق.

## «جاھاننامە» ناملىق داستانىنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

داستان 1325 بېيىت (2650 مىسرا) دىن ئىبارەت چوڭ ھەجىملىك بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، سەئىدىيە دەۋرى بەدىئىي تەپەككۇر تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدە باسقۇچنى ئىگىلىگەن، سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ چوقىسىغا كۆتۈرۈلگەن ئېپوپىيە دېيىشكە بولىدۇ. داستان يېزىلىش ئۇسلۇبى، ئىدىيە ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئەدەبىياتى — توركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنى ئىجادىي تۈردە داۋاملاشتۇرغان.

يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر شەرق تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك يېزىلىش ئۇسلۇبى بويىچە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، تەڭرى ۋە چارىيالارغا «ھەمدۇ سانا» قەسىدىسى 60 مىسرانى ۋە داستاننىڭ يېزىلىش سەۋەبلىرىگە 160 مىسرانى، ئاپتور ھېسسىياتىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە 32 مىسرانى بېغىشلايدۇ.

ئەسەردە ئاپتور مەقسىتىگە ئەسەرنىڭ تۈپ بەدىئىي ئىدىيىسىنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كۆرسىتىدىغان قىسمىغا 2398 مىسرا بېغىشلايدۇ.

ئاپتورنىڭ قولىمىزدا بار بولغان ئەسەرلىرىگە قارىغاندا ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ سۈت ئانىسى بولغان ئېغىز ئەدەبىياتىنى ۋە ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن شەرق تۈركىي خەلقلەر ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات كلاسسىكلىرىنى پىششىق، چوڭقۇر، ئىجادىي ئۆگەنگەنلىكى ناھايىتى روشەن.

ئۆزىگە بەدىئىي سۆزنى قورال قىلغان، ئۇستقۇرۇلمىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى، تېخىمۇ ئالاھىدە بولغان دۇنيانى بىلىشتە، ئەكس ئەتتۇرۇشتە لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئوبرازلىق تەپەككۇرنى ئۆزىگە قورال قىلغان ئىنسانىيەت مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ جاھاننامىسى بولغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھەر بىر دەۋردە بىر يېتەكچى ئېستېتىك غايىسى بولىدۇ. بۇ ئېستېتىك غايە شۇ دەۋر، شۇ جەمئىيەتنىڭ بازىسى بىلەن باغلانغان پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرىغا خىلمۇ خىل يوللار بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئىلغار ئېستېتىك غايە IX ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر - قارلۇق ئالىمى ئەبۇناسىر فارابىنىڭ ناتۇرال فانتىزملىق پەلسەپىۋى كۆز قارىشىدا ئوتتۇرا ئەسىر فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان «تەڭرى

مەركەزلىك نەزەرىيىسى» يەنى ئىلاھىيەتچىلىككە قارشى ھالدا ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىنى تېماتىك مەزمۇن قىلغان «ئىنسان مەركەزلىك نەزەرىيىسى» ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىلغار ئىجتىمائىي غايە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ ئىلغار ئىجتىمائىي غايە ئىبنىسىنا ئىجادىيىتىگە تەسىر قىلىپ، بەلگىلىك ھالدا يۇقىرى ئۆرلىدى. مۇنداق ئىلغار ئىجتىمائىي غايە دۇنياۋى — ئەنئەنە، ۋارىسلىق، ئىجادچانلىق قانۇنىيىتى بويىچە بۇ مەزگىللەردە ئالغا قاراپ خېلىلا يۈكسەلگەن پارس - تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى روداكى باشچىلىقىدىكى بىر توپ شائىرلار، بولۇپمۇ بۈيۈك پارس - تاجىك كلاسسىكى فىردەۋسى ئىجادىدا ئىپتىتىك غايە تۈسىگە كىرىشكە باشلىدى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىدا بۇ ئىپتىتىك غايە XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىكى، شەرق ئويغىنىش دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستانىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا يېتەكچى غايىگە ئايلاندى.

ئۇلۇغ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئەربابى، مۇتەپەككۇرى، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا فېئودالىزم شارائىتىدا شاھ پەيلاسوپ ۋە ئالىم، دۆلەت باشلىقىغا ھەم قانۇنغا تايانغان ئاساسىي قانۇنلۇق پادشاھلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، پەن ۋە مەدەنىيەت، ئىقتىساد، خەلقئارا سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ تەدرىجىي كامالەتكە يۈزلىنىشىنى بەلكى رېئال دۇنياۋى بەخت - سائادىتىنى بەرپا قىلىشنى پەلسەپۋى سىللوگىزم يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭا بۇ ئىدىئالنى — غايىنى پەلسەپۋى ئىجتىمائىي غايە ئەمەس، بەلكى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە

ئىستىبتىنىڭ غايە دەيمىز. بۇ ئىستىبتىنىڭ غايە پۈتۈن ئىنسانىيەت بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدا ئويغىنىش دەۋرىنى باشلىۋەتتى. بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدا ئويغىنىش دەۋرى غەربتىن ئەمەس، بەلكى شەرقتىن باشلاندى. غەربتە ئويغىنىش دەۋرى شەرقتىن بىر نەچچە يۈز يىل كېيىن XIII ئەسىردە — كاپىتالىزم دەۋرىدە باشلاندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تۈپ مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ يادروسى ئىنسانپەرۋەرلىك.

ئىنسانپەرۋەرلىك مەيلى شەرقتە بولسۇن، مەيلى غەربتە بولسۇن ھۆكۈمران دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى تۇرۇپ ئىنساننى، ئىنساننىڭ دۇنيانى بىلىش ئىقتىدارىنى، ئۆزىگە بەخت - سائادەت يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۇلۇغلاشقا قارىتىلغان بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىلەرنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى بولغان ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە غايىۋى بايرىقى بولغان.

مەيلى شەرقتە ياكى غەربتە مەدەنىيەت ئويغىنىشى ھەم — ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلەرنىڭ ئاساسىي تەشەببۇسى ئىنساننىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئېچىش، ئىنساننى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش، ئىنساننى ئۆز بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا، شۇ كۆرەش ئارقىلىق ئۆز بەخت - سائادىتىنى يارىتىشقا ھوقۇقلۇق دەپ ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

ئاياز بېك قوشچى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى ئىستىبتىنىڭ غايىسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئۆز دەۋرىگە تەدبىق قىلدى.

«جاھاننامە» نىڭ تۈپ ئىدىيىسى ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭغا يامراپ كەتكەن فېئودالىزم روھىيىتىنىڭ چىرىك

تۈۋرۈكى بولغان سوفىزىم تەركىدۇنياچىلىقىغا قارشى بەخت - سائادەتنى قوغداشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ جەھەتتىن «جاھاننامە» نى كۈچلۈك زامانىۋىلىككە ئىگە ئەسەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ دۇنيانى بىلىش، ئىنسانىيەت ھاياتىنى ئۆگىنىپ، بۇنداق ئىجتىمائىي ھايات ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ۋە ھاياتنى قايتا قۇرۇش قورالى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت زامانىۋىلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر بىر كونكرېت باسقۇچىدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھايات شارائىتىنى ياخشىلاش، بۇ جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا بولغان مۇھىم ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، سىياسىي مەسىلىلەردە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى سېزىش ياكى سېزىشكە ئىنتىلىش، ياكى ئەنە شۇ مەسىلىلەر ۋە ئېھتىياجلارغا جاۋاب ئىزدەپ تېپىش ھەم تاپالاش ئەدەبىيات - سەنئەتتە زامانىۋىلىك دېيىلىدۇ.

جاھان ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەقىقىي ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى زامانىۋىلىككە ئىگە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت زامانىۋىلىككە ئىگە بولغان ئەسەرلەرلا جاھان ئەدەبىيات تارىخىغا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھەسسىسىنى قوشالايدۇ.

ئەدەبىياتتا زامانىۋىلىك ئەدەبىيات مۇراجىئەت قىلىدىغان ماتېرىيال نۇقتىسىدىن ئۈچ خىل يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. يازغۇچى ئەينى زاماندىكى غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇ چاغ سىياسىي مۇھىتىغا قاراپ، جەمئىيەتتىكى نەق كونكرېت ماتېرىياللارغا، ياكى تارىخى ۋەقەلەرگە، ياكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىپ،

ئۇلار ئۆز ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش ئىقابى قىلىشى مۇمكىن.
بۇ هال ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىدىن كېلىپ
چىققىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى يۇقىرىقى ئېستېتىك ئىدېئال
نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بىلىملىك شاھ يېتەكچىلىكىدىكى قانۇن
ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇپ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە
ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

شائىر مۇشۇ ئېستېتىك ئىدېئال يېتەكچىلىكىدە
«جاھاننامە» ناملىق داستانىدا ئۆز يولىدىن ئېزىشقا باشلىغان
سەئىدخانغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ياكى بۇ يولنىڭ
خەتەرلىك ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ سەئىدخاننى ئىبرەت ئېلىشقا
چاقىرىدۇ.

سەئىدخان ئۆز هاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن مەيدانغا
كەلگەن باياشات، تىنچ تۇرمۇشنى مەشھۇر شائىر ھەم تارىخچى
مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدى» ئىككىنچى جىلدىدا مۇنداق
تەسۋىرلەيدۇ.

بىر كىشى بىر داست ئالتۇننى ئېلىپ غەرب - شەرققىچە،
ئون قورقماستىن كېزەتتى ئۇ جاھان ئەتراپىنى.
يورۇدۇ ئەدىلنىڭ بىلەن كۆك ئۈستىدە يالغۇز قۇياش،
يۇرگىنىدەك چاچىبان بىر توختىماستىن نۇرىنى.

بۇنداق ھاياتتىن رازى بولغان خەلق خۇشاللىقىنى مۇنداق بايان
قىلىدۇ.

بىزدە تىنىمىز يوغۇرۇلغان لالەئىي شارابتىن،
جەمئىيىتىمىز قەدەھ ئىرۇر بادائىي نابىدىن.

سەئىدخان ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئۇتۇقلىرىدىن بەك مەغرۇرلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

«... سەئىدخان 1510 ـ يىلدىن 1521 ـ يىللارغا قەدەر ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى.»

بېيىت

مەست بولۇپ كەلدىم كوچاڭغا، كېتىمەن مەجنۇن بولۇپ،
بىغارەزدۇرمەن نىچۈك كەلدىم نىچۈك كەتتىم يۈرۈپ.

«... 1521 ـ يىلدىن باشلاپ سۇلتان بۇ ئىشنى توستى» دەپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن سەئىدخاننىڭ ھىجرىيە 928 ـ يىللىرىدىن باشلاپ جەڭگىۋار، خەلقپەرۋەر، دىنىي ئىستىبداتلىققا ۋە زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكار روھى سۇسلىشىپ، ئۇ ئۇتتۇرا ئەسىر فېئودالىزمىنىڭ روھىي قورالى بولغان ئەڭ چىرىك سوپىزىم يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇ ھالنى «تارىخى رەشىدى» نىڭ يۇقىرىقى جىلدىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ، «... خان ئابدۇرىشىتخاننىڭ قېشىغا بېرىپ[1]، ئابدۇرىشىتخان بىلەن مۇھەممەت قىرغىزنى تارقاق قىرغىزلارنى يىغىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇ ئىش تاماملانغاندىن كېيىن خان ئەتىيازدا قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. موغۇلىستان ئىشلىرىنى چىڭىتىپ، ئابدۇرىشىتخاننى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەمىشە كۆڭۈل بۆلدى... خان يازدا يەركەنتكە قايتىپ كەلدى. خان بۇ چاغدا سوپىلارنىڭ تەرىقەت كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلدۇردى. ئۇنىڭغا سوپىلارنىڭ خوجىسى ئۇبۇل قاسىم جۇنەيدى باغدادىنىڭ

---

[1] ئابدۇرىشىتخاننى ھىجرىيە 928 ـ يىلى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بىلەن يەنە شۇ تېررىتورىيىسىنى قوغداشقا ئەۋەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئابدۇرىشىتخاننى تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئىدى.

‹سالىھلارنىڭ تەزكىرىسى›، خۇدانىڭ لەشكەرلىرىدىن بىر لەشكەر، دېگەن كىتاب ناھايىتى زور تەسىر قوزغاپ، سوپىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى ۋە ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللاندى. . . ئىمىن خوجىنى ئاقسۇغا ۋالىي قىلدى. ئۆزى ھەممە ئىشتىن خالاس بولۇپ، سوپىلىق يولىغا كىردى. بۇ چاغدا ئىشان خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئەنجاندىن قەشقەرگە كەلدى. كېيىن قەشقەردىن يەركەنگە يېتىپ باردى. بۇنى ئاڭلاپ خان قەشقەردىن يەركەنگە كەلدى. ئۇ خوجىغا قول بەرگەندىن كېيىن خوجا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

سەن ئۆز سەلتەنەت تەختى ئۈستىدە بول،
پاكىز خۇلۇقلۇق ھەمدە دەرۋىش بول.

شەيخ ئۇبۇل نىجاپ نەجمىدىن كوپىرا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇرىت ئۆزى سادىق بولۇپ، ئىرادىسى ھەقىقىي بولسا، ئۇ شەرقتە بولۇپ ‹پىر› مەغرىپتا بولسىمۇ، خۇدا ‹پىر›نى ئىككى ئاتلىق قىلىپ يوگۈرتۈپ ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر تەلەپ سادىق بولمىسا، ‹پىر› بىلەن بىر ئۆيدە بولسىمۇ مۇلازىمىتىنىڭ دۆلىتى مۇيەسسەر بولمايدۇ. مەن ئۇقفانلىرىمنى ئېيتىمەن، ئۆزەمچە سۆزلەشكە ھەققىم يوق ئەمما ئاتام ئەبەيدۇللا خوجا[1] بىر قانچە قۇر خەت يېزىپ بەرگەنىدى. شۇنى سىلىگە بېرەي دەپ خانغا خەتنى بەردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ‹خۇداغا يېتىشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ مۇھىم ئىشى تائامنى ئاز يېيىش، ئاز ئۇخلاش، ئاز سۆزلەشتىن ئىبارەت.› خان مانا شۇ يول بىلەن ماڭدى. كېيىن خوجا ئۇرا كەلدى. تۇرپاندىن

[1] ئەبەيدۇللا خوجا ئەفرار ماۋرا ئۇننەھرنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشانى، ئەڭ زور يومىشچىكى بولۇپ، ئۇلۇغبەگنى ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئابدۇللەتىپكە ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئارقىدىن «ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن خان بولالمايدۇ» دېگەن پەتۋانى چىقىرىپ، ماۋرا ئۇننەھرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان.

خوجا تاجىدىن كەلدى. خان تىلىگەن مەقسىتىگە يەتتى. . .» مانا بۇنىڭدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، دۆلەت ئىشلىرىنى، دۆلەت تەقدىرىنى ئەمدى سوفىزىم بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. سەئىدخان ھېچقانداق ئىسلام سەركەردىلىرىنىڭ ئايىغى يەتمىگەن تىبەتكە قانلىق يۈرۈش قىلىشىنىمۇ ئەنە شۇ خوجىلارنىڭ لاسا (ئورساڭ) دىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ۋەيران قىلىش ھېسابىغا «ئىنتايىن مول ساۋابقا» ئېرىشىش مەسلىھەتى بىلەن قىلغانىدى. شىنجاڭدا 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئەنە شۇ وجىلار ئوينىغان تراگېدىيە بىلەن ئاياغلاشتى.

شائىر ئۆز داستانىدا يۇقىرىدىكى مەقسىتىنى ئەمەلگە اشۇرۇش ئۈچۈن «جاھاننامە» ناملىق داستانىنىڭ سۇژىتىنى خەلق داستانى ئاساسىغا قۇرىدۇ.

بۇ جايدا شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتشۇناسلىرىدىن ئا. خ . ھەيتمەتوۋ «مىفالوگىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى يازما ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىرى فىردەۋسىنىڭ ‹شاھنامە› سى مەيدانغا كېلىش بىلەن تۈگىدى. . . ئەدەبىيات بولۇپمۇ ئېپىك شېئىرىيەت (پوئېزىيە) فىردەۋسىتىن كېيىن پۈتۈنلەي باشقا يولدىن، رومانتىك يولدىن كەتتى. بۇ يېڭى يۆنىلىشنىڭ ئەڭ يىرىك ئاساسچىسى نىزامى گەنجىۋى ئىدى، نەۋائى ئېپىك ژانىر بىلەن شۇغۇللانغاندا ئۆزى ئېتىراپ قىلغانىدەك ئاڭلىق رەۋىشتە فىردەۋسى ئىزىدىن ئەمەس نىزامى ئىزىدىن ماڭدى . . . بۇ پەقەت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، نەۋائى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي تەلەپلىرىگە قاراپ ئىجاد قىلدى. چۈنكى بۇ دەۋردە ئەدەبىياتتىن مىفالوگىك قەھرىمانلارنى ئەمەس، بەلكى زامانىنىڭ بۈيۈك غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئېنىقراق ئىپادىلىگۈچى قەھرىمانلارنى كۈيلەش تەلەپ

قىلىناتتى» دەيدۇ. بۇ ئەدەبىياتشۇناسنىڭ كېيىنكى ئۇقتىئىنەزىرى «. . . زاماننىڭ بۈيۈك غايىۋى ئىنتىلىشلىرىنى ئېنىقراق ئىپادىلىگۈچى قەھرىمانلارنى كۆيلەش تەلەپ قىلىناتتى» دېگەن ئۇقتىئىنەزەرگە قوشۇلغىنى بولسىمۇ، ئەمما مىفالوگىيىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا ھەل قىلغۇچ تەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا «شاھنامە» بىلەن تۈگىمىگەنىدى. بۇ تەسىر تا ١١ ئەسىرگىچە داۋام قىلغانىدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئېپىك شېئىرىيەتنىڭ ئاساسچىسى نىزامى گەنجىۋى ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئېستېتىك غايىسى بولغان «بىلىملىك شاھ قانۇن ئارقىلىق دۆلەت، خەلقنى باشقۇرسا خەلق بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ» نىزامى گەنجىۋىدىن ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلىنىدۇ، دېيىلسە تارىخ ئالدىدا ئادالەتلىك بولار ئىدى. جۈملىدىن كاتتا ئەدەبىياتشۇناس بېرتېلىس ئېيتقاندەك يۇقىرىقى ئەنئەنە نىزامى گەنجىۋى ياكى نەۋائىدىن ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلىنىدۇ دېيىلسە، بىزنىڭ تارىخ ئالدىدا يۈزىمىز ۋە ۋىجدانىمىز تېخىمۇ يورۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاياز قۇشچىنىڭ «جاھاننامە» ناملىق داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى دەپ ئېيتىشقا تارىخ ئالدىدا تامامەن ھەقلىق بىز.

شائىر يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك يىرىك داستانى «جاھاننامە»نىڭ سۇژىتىنى خەلق داستانى ئاساسىغا قۇرىدۇ.

«شەرق خەلقلىرى ئېپوسى (داستانى) ۋە چۆچەكلىرى دەپ يازىدۇ، م. ژىرمونىسكى، شۇنداق سۇژېت ماتىۋى كەڭ تارقالغان، قەھرىمان ئۆز پەرزەنتسىزلىكلىرى ئۈچۈن كۆپ تەنە - دەشنەم كۆرگەن قېرى ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋال

«ئالپامىش» نىڭ تۈرلۈك ۋارىيانتلىرىدا ( X — XII ئەسىر سۇژېتلىرىدا) . . . ، «دادا قورقۇت» ، «ئىدىگەي» نىڭ ئايرىم نۇسخىلىرىدا، قازاق ئەپسانىلىرى «قوبلاندى باتۇر» ، «شورا باتۇر» . . . ، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» تا، ئىپىك ھېكايەت «تاھىر ۋە زوھرا» دا ۋە كۆپلەپ باشقا ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. بۇ ھالنىڭ قەدىمىلىكىدىن مىسىر چۆچەكلىرى گۇۋاھلىق بېرىدۇ①» دەپ كۆرسەتكىنىدەك داستاندا ھېكايە قىلىنىشچە، شەھيار ناملىق بىر پادىشاھلىق بولۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى «سىمىن» شەھىرىدە شاھسۇۋار ئىسىملىك پادىشاھ بولغان، ئۇ ئوغۇلسىزلىق دەردىدە ياشايدۇ. كېيىن قېرىغان چېغىدا فىروز شاھ ئىسىملىك بىر پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇ شاھلارچە تەربىيەت بىلەن ئۆسۈپ - يېتىلىپ بالاغەتكە يېتىدۇ. ئۇ بىر كۈنى مەي ئىچىپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ. . . ئۇ چۈشىدە بىر چارباغدىكى قەسىر ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەردە ئەتراپىنى كېنىزەكلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان پەرىزات رەئنا ئىسىملىك قىزغا كۆزى چۈشۈپ، ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭ قايناق مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. چۈشىدىن ئويغانغاندا ئۆزىنىڭ شاھزادىلىك ھەرىمىدە كۆرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئاشىق - بىقارار كېسىلىگە مۇپتىلا بولىدۇ. ئوغلىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن شاھسۇۋار ۋەزىرى سەلىمگە مەسلىھەت سالىدۇ، ۋەزىر سەلىم ئوغلى شاھزادە فىروزراينى فىروز شاھقا ئەلچى قويۇپ سەۋەبىنى ئۇقۇپ، ئەمدى ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەدبىرىگە ئۆتىدۇ. داستان سۇژېتى مانا شۇ جايدىن باشلىنىپ تېخىمۇ قويۇق داستان (ئېپوس) تۈسىگە كىرىدۇ. ئەمدى داستان كومپوزىتسىيىسى خۇددى داستانلاردىكىدەك رېئال - جىسمانى، كۈندىلىك ئوبيېكتىپ دۇنيا خەلق خىيالىدا

① م. گوركى - ئىككى توملۇق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، 200 - بەت.

يارىتىلغان توقۇلما دۇنيا بىلەن بىرىكىپ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالەمنى يارىتقۇدەك ھادىسە يۈز بېرىدۇ. يەر كۈرەسى بىلەن كائىنات بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ، كائىناتنىڭ قەيەرىدىدۇر ياشاۋاتقان پەرىزاتلار يەرگە چۈشۈرۈلۈپ، پەرىزاتنى ئىنسانغا بويسۇندۇرىدۇ. يەنى ئوۋغا چىققان فىرۇز شاھ بىر كىيىكنى قوغلاپ، چۈشىدە كۆرگەن پەرىزات رەئنانىڭ چار باغىدىكى تەختىراۋىنىغا كېلىدۇ:

ئالىپ ئاندا كىم ئول پەرىزات ئىدى،
كۆردىلەر ئول سەرۋە ئاۋاد ئىدى.
چۇ شاھزادە كىردىيۇ قىلدى نەزەر،
راۋاق ئىچرە ھەر يان پەرىزادلار.
بارى سەرۋى قامات، بارى گۈلئۇزار،
بارى زۇلفى مىشكىنلىرى مىشكبار.
ۋەلى يوقارى باقسا بىر سەرۋە ناز،
كىشى ئاڭا يۈز قاتار جان بەرسە ئاز.
قىلىپ جىلۋە تەخت ئۆزرە يۈز ناز ئىلە،
تەكەللۇم قىلىپ نازۇكۇ ئاۋاز ئىلە.
بولار بىرلە ئۇي گۈلشەن ئول گۈل بولۇپ،
بولار بارچەسى ئاڭا بۇلبۇل بولۇپ.
ئانىڭ ئالدا جامۇ گۈلگۈن چىكىپ،
بارىسى ئۇنىڭ ھۆسنىگە كۆز تىكىپ.
ۋاپاسى ئۇنىڭ بارىنىڭ جانىدا،
بارىسى ئۇنىڭ ئەمرۇ - پەرمانىدا.

داستاننىڭ بىر پۈتۈن كومپوزىتسىيىسىدىكى بۇ بىر تۈگۈن سۇژېت تەرەققىياتىدىكى جىددىي ئېقىملاردىن كېيىن كائىناتنى ماكان قىلغان شاھنىڭ قىزى رەئنانىڭ ئۆز نەسەپنامىسىنى

تونۇشتۇرۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ.

ئاتامدۇر پەرى خىلىنىڭ سەرۋەرى،
هاۋا خوۋا ھېدرولار ئاتامىنىڭ بارى.
ئىرور شەھىرى زەررىن ئاڭا پايتەخت،
ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئاتى تاجۇ بەخت.
ئانامنىڭ ئاتى ماھروي زەررىپ،
يوق ئانداق جاھان ئىچرە زات شىرىپ.
ئاتارلار مېنى ناز بۇ سەرۋە ناز،
سورالار شەلار ئالىمدا روي نىياز.
ئاتام ھەلىمى بىرلە بۇ مەنزىل بولۇپ،
مېنىڭ خاتىرەم مۇندا مايىل بولۇپ.
بۇ گۈلشەننى ئارامىي گۈلشەنى،
چېكىپتۇر مۇنۇنىڭ خۇش ھاۋاسى مېنى.
تۇشۇبمەن ئاتادىن، ئانادىن يىراق،
ئۇلار بىلەن مۇنداق قىلىپ ئىتتىپاق.

شائىر پەرىزات رەئناغا، ئىنسان فىروز شاھقا مۇھەببەت بېغىشلايدۇ. مۇھەببەت ئىنساننى ئىنسان قىلىدىغان ئەڭ بۈيۈك تۇيغۇدۇر. ئەمما ئالىيجاناب پاك مۇھەببەت ئىگىسى رەئنا يىگىتكە مۇنداق شەرت قويىدۇ.

كى شاھۇ شاھزادە خۇش سىۋەر،
ۋىسالىمدىن ئۇلماق تىلار بادەۋەر.
بۇ مەنزىلگە كىم مۇددىئاكى كەلتۇرۇر،
بار ئۈچ شەرتىم ئاۋۋال بىجا كەلتۇرۇر.

فىروز شاھ پەرىزات رەئنانىڭ ئۈچ شەرتىنى مۇۋەپپەقىيەت

بىلەن ئورۇنداپ، ئۇنى قايىل قىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلىدۇ.

ئىنسان قىسمىتىنى ئاسماندىن يەرگە قايتۇرغان، قەدىمي ئەدەبىياتقا قارىغاندا يېڭى ئىنسانپەرۋەرلىكنى باراتقان شەرق ئويغىنىش دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئىجادىي داۋاملاشتۇرغۇچى شائىر يەر كۈرەسى بىلەن كائىناتنى بىر-بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن ئىنسان ياشايدىغان مۇھىتقا ئايلاندۇرىدۇ. رەئنا بىلەن فىرۇز-شاھلارنىڭ (شاھقا ۋەكىل بولۇپ كەلگەن فىرۇزراي بىر پەرى كېنىزەككە ئۆيلىنىدۇ) تويى رەئنانىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەردە ئەمەس كائىناتتا (ئاسماندا) بولىدۇ.

ئاتا ۋە ئانا داغى خوش قىلدىلار،
رىزا باغدا گۈلدەك ئاچىلدىلار.
ئۇلۇق توي ئېتىپ ئىككى ئاي چىرلانغان،
قىلىشىپ پىرى خېلى ياخشى - يامان.

بۇ غايىۋى دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىگە چۆمگەن فىروز شاھ، فىروزرايلار بۇ جايدا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، شاھ لەشكەر تارتىپ، ئۇلار (رەئنا بىلەن فىروز شاھ) تېپىشقان جايغا ئىزدەپ كېلىپ، تاپالماي قايتىپ كېتىدۇ. ئانىسى يالغۇز ئوغلى فىروز شاھنىڭ دەردى - پىراقىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئاتىسىغا بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ دەردى - پىراقى، يەنە بىر تەرەپتىن قېرىلىق يېتىپ مۈكچىيىپ قالىدۇ.

داستاندا سۇژېت تەرەققىياتىنىڭ قۇرۇلمىسى (كومپوزىتسىيىسى) مۇشۇ جايغا كەلگەندە داستانغا خاس خۇسۇسىيەت بويىچە فىروز شاھنىڭ ئۆز يۇرتىدا بولۇپ ئۆتكەن

ۋەقەلەر چۈشىگە ئايان بولىدۇ.

ئاتىسى:

قىلىپ نالۇزار ئەفغان تۈزۈپ،
فىغان بىرلە ھەرلەھەز كۆڭلىن بۇزۇپ،
مۇناجات ئۆزرە دەيدۇ ئى بىرۇ بار،
سىنىڭ ھەزرىتىڭدە ئىرور ئاشكار.
كى يىللار تەلەپكار پەرزەند ئىدىم،
ئەسرو خاراپ جىگەر بەندە ئىدىم.
كى مەن بارسام ئورنۇمدا ئولتۇرغاي ئول،
ئۆچۈرگەن چىراغىمنى ياندۇرغاي ئول.
ئولۇسۇم ئۆزرە پادىشاھلىق قىلىپ،
كىيىپ تاجۇ ـ تەختىم ئۆزرە ئولتۇرۇپ①.

فىروز شاھ:

ئاتاسىنى چۈن كۆردى بۇ ھال ئىلە،
پەرىشان ئاشپتە ئەھۋال ئىلە.
كى نا ئۇمىدلىك ئۆزرە ئەيلەپ نەفر،
فىراق ئوتىدا ئۆرتەنۇر خەستە پىر.
پەرىشان ئولۇپ قوپتى بىدار ئولۇپ،
ئاتاسى فىراقىدىن ئەپكار ئولۇپ.
كۆزىدىن تەرەھھۇم ياشى ئاقىپ،
ئاتىسى ئوتى جانغا ياقىلىپ.②

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمى 9 ـ سان، 129 ـ بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمى 9 ـ سان، 130 ـ بەت.

پەرىزات رەئنا فىروز شاھنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ پىكرى - خىيالىنى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چۈشىنىپ، ھەقىقىي ئالىيجاناب چىن مۇھەببەت ۋە ئىنسانغا خاس ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇنداق ئىپادە بىلدۈرىدۇ.

تۈكۈپ شەمئىدەك ئەشىك دۇردانىسىن،
كۆرەلمەي ئول ئوتتا پەرۋانىسىن.
دېدى ئى ئىزىڭ توزى تاجۇ سەپەرىم،
باشىمدىن ئاياغىم تەپلىڭ بارىم.
سىمىن مېنىڭ مېنىڭدەك زەئىبو ھەزىن،
ساڭا سەدىقى بولسۇن سەن ئۆلمە غەمىن.
نە يەرگە قەدەم قويساڭ ئول يەردە مەن،
باشىمدۇر ئاياغىڭدا ھەر قايدا سەن.
پەلەك ئەمدى سەندىن يىراق ئۆتمىسۇن،
فىراقىنىڭ بالاسىنى كۆرسەتمىسۇن.
ئاتاڭ ئانداق ئۆلسە فىراقىڭدا زار،
ساڭادۇر نە پەرمانلىساڭ ئىختىيار.
ۋەتەن سارىغا خاتىرەڭ قىلسا مەيىل،
نە مەنئى يولىڭدا تومەن جان نەفىل.
مۇڭا مۇنچە خاتىرە پەرىشان نەدۇر،
دىلۇدىدە بەريان گەريان نەدۇر.
ئاتا - ئانا ئاندا ئانداق خاراپ،
بولۇپ بىزگە تۇرماغلىغى ئەرمەس ساۋاپ[1].

پەرىزات رەئنانىڭ ئاتىسى شاھ تاجى، ئانىسى

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 9 - سان، 130 -، 131 - بەتلەر.

ماھرويلارمۇ، ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن قانچىلىك چوڭقۇر، قانچىلىك ئېغىر ئىچكى ھېسسىياتلىق رىيازەت چەكسىمۇ، ئۇلارنى داغدۇغىلىق ھالدا كائىناتتىن يەر كۆرەسىگە فىروز شاھ ۋەتىنى — سىمىن شەھىرىگە ئۇزىتىپ قويىدۇ.

فىروز شاھ، رەئنا ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى شەھيار شاھلىقىنىڭ مەركىزى سىمىن شەھىرىدە ئاتىسى شاھسۇۋار، ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ۋە خەلق بىلەن ھەم قايغۇلۇق، ھەم خۇشاللىق مۇھىتىدا تەنتەنىلىك ئۇچرىشىدۇ ۋە قارشى ئېلىنىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈم ئەنئەنىسى بويىچە ياشىنىپ قالغان ئاتىسى شاھسۇۋار خەلق ئالدىدا شاھلىقنى ئوغلى فىروز شاھقا تاپشۇرىدۇ:

مۇنۇ شەھرومەلىكو ۋىلايەت سېنىڭ،
بارى تەركو تاجو رىئايەت سېنىڭ.
تۈزۈك تەرى ئەيلە ئەدلۇ بۇ نياد قىل،
ئادالەت بىرلە مۇلكۇ ئاباد قىل.
فەقىرۇ، غېرىبۇ، يىگىتۇ، قېرى،
سېنىڭ خەيرىڭ ئىلە قوۋانسۇن بارى.
بوتۇر ئەل دۇئاسى كى ھەمرا ئولۇر،
نە قىلساڭ ئىشىڭ بارى دىلخوۋا ئىرۇر.
ئولۇس ياخشى خۇلقىڭدىن ئولسۇن خۇشال،
نىكەم فىتنىدىن مۇلكۇڭ ئولسۇن ئامان.
ئۇلۇس كوڭلىكىم شاھتىن جەمى ئىرۇر،
نە مەخسۇتكىم بولسا تەڭرى بېرۇر.
دىل ئازارلىق پىششەسى شۇمدۇر،

نە بولغاي دىئازارى مەلۇمدۇر.
بولۇپ رەھىمدىل خەلق ئىچىن شاد قىل،
دۇئادا بىرەرتە بىزنى ھەم ياد قىل[1].

ئۇزاق ئۆتمەي فىروز شاھنىڭ ئاتىسى شاھسۇۋار دۇنيادىن ئۆتىدۇ.

قويۇپ مەنزىلىغە يانىپ خاسۇ ئام،
بولۇپ خەتمى ئۇلۇسقە چىكىلىپ تائام.
قاراسىنى شاھزادىنىڭ سالدىلار،
ئىزاخىلئىتىن ئىگنەدىن ئالدىلار[2].

خەلق داستانى سۆژىتىغا قورۇلغان داستاندا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا چىققان فىروز شاھ شاھيار خاندانلىقىدا خەلق داستانلىرى قەھرىمانلاردەك 150 يىل ئادىل شاھ بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ.

ئۇلۇسنى بىلىپ تەخت ئۆزرە ئولتۇرۇپ،
ئاتاسى ئورنىدا پادشاھلىق سۈرۈپ.
ئۇلۇس ئۆزرە سۇلتانلىق ئاينەنى،
ئەنىگدەك تۈزۈپ قويدى يەئنەنى.
كىم ئاندىن ئوكۇن قىلمادى ھىچكىم،
ھەم ئاندىن ئوكۇن بىلمادى ھىچكىم.
ئادالەت بىلە تۈزدى ئانداق ئۆزىن،
ئىككى قىلمادى بىر ئىيتقان سۆزىن،

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 9 ـ سان، 133 ـ بەت.
[2] «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 9 ـ سان، 133 ـ بەت.

يېتىمۇ، پەقىرۇ، غېرىبۇ ئەسىر،
تۇلۇ بىۋە خوۋاھى يىگىت، خاھى پىر،
غېنى بولدىلەر خەيرى ئېھسانىدىن،
تەمە قىلمادىلەر كىشى خانىدىن.
ئۇلۇس بولدى خۇشھال ئۇنىڭ تورىدىن،
كىشى كۆرمىدى زور ئەنىڭ جەۋرىدىن،
ئۇلۇس ئىچرە پەيۋەستە غەۋغا ئىدى،
تويۇ ئىشۇ ئەيشۇ تاماشا ئىدى،
يۈز ئەللىك يىل ئانداق پەلەك گەردىشىن،
كۆرۈپ دۆلىتۇ ئىشرەت ئاسايىشىن[1].

داستاندىكى سۇژىت تەرەققىياتىنىڭ قۇرۇلما تۈگۈنلىرى بارغانسېرى تېخىمۇ خەلق داستانى خاراكتېرىنى ئالىدۇ. فىرۇز شاھ ئاتىسىدىن كېيىن شاھيار دۆلىتىگە 150 يىل شاھلىق قىلىپ، بۇ دۆلەتنى ئادالەت بىلەن تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. بۇلارمۇ بۇ 150 يىل ئىچىدە پەقەت بىرلا ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىنى فەررۇخ سۇۋار قويىدۇ. بۇ ئوغۇلنى قېيىن ئانىسى تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن كائىناتقا (شاھ تاجۇ دىيارىغا) ئېلىپ كېتىدۇ. ئوغلى بۇ يىللاردا 25 ياشقا كىرىدۇ. مۇشۇ يىللىرى پەرىزات رەئنا دۇنيادىن ئۆتىدۇ... ئۇنىڭ تاۋۇتىنى ئاسماندىن پەرىزاتلار چۈشۈپ ئېلىپ كېتىدۇ. يەردىمۇ ئاسماندىمۇ ھازا ئېچىلىدۇ...

پەرىزاتنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شاھ دۆلەت ئىشلىرىنى تاشلاپ تەركىدۇنيالىققا ئۆتىدۇ.

قويلار زابۇنلارغا بىدات ئېتىپ،
يۈرۈر بولدىلەر ئاھ پەرياد ئېتىپ.

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 9 - سان، 133 - بەت.

ۋىلايەت ئىشى قالدى بىزەبىت ئولۇپ،
ئولۇسنىڭ باشى غەم بىرلە ئۆيرۈلۈپ.

تىنچ - باياشات ھايات بۇزۇلىدۇ. . . خەلق بۇنىڭغا تۇرۇلۇپ كېلىپ، ۋەزىر فىروززاينى قىستاپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ، ئۇنى تەركىدۇنيا يولىنى تۇتقان شاھقا تەنقىد، نەسىھەت قىلىش، ئەقىل كۆرسىتىشكە ئەۋەتىدۇ.

فىروزراي فىروز شاھ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا خەلق پىكرىنى يەتكۈزىدۇ. ئۇنىڭغا تەنقىد بېرىپ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە خەلقنىڭ پىكرى بويىچە ئۇنىڭغا مۇنداق ئەقىل كۆرسىتىدۇ:

پەرىزاد قىزلار بىرلەن نازىنىن[1]،
ئاچىپ جەددىجەھەد ئوزرە بالو پەرىن.
راۋان شەھرۇ زەررىنغە يەتسۇن بارىپ،
بۇ ۋاقىئەنى ئاندائەيتسۇن بارىب.
مەلىك زادە فەررۇخنى ئالىپ كېلىپ،
ئۆز ئورنۇڭدا سەن ئانى سۇلتان قىلىپ.
نە ئىشكە رەجو ئېيتساڭ ئى شەھرىيار،
ساڭا ئاندادۇر ھەر نىچۇك ئىختىيار.
يوق ئەرسە ئولۇسنى بۇ يەڭلىغ خاراب،
قويۇپ ئۆزگە ئىش قىلماق ئەمەس ساۋاب[2].

فىروز شاھ خەلق ۋەكىلى بولۇپ كىرگەن ۋەزىرى فىروززاينىڭ مەسلىھەتىگە كۆنۈپ، پەرىزات نازىنىن بىلەن بىر توپ پەرى قىزلارنى جابدۇپ يولغا سالىدۇ. . . ، نازىنىن

---

① نازىنىن - فىروزراي فىروز شاھقا رەئنانى تويلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىققاندا ئالغان پەنە بىر پەرى قىز.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، نومۇرى ٧ - سان، 136 - بەت.

كائىنات شەھىرى زەررىنغا يېتىپ بېرىپ، شاھ تاجۇبەخت ۋە ماھرويلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. . . . كەلگەن سەۋەبىنى بايان قىلىدۇ، ئۇ شاھ فىروز ئەھۋالى ـ قىياپىتى، خەلق تەلىپىنى مۇنداق گەۋدىلەندۈرىدۇ:

كىيىپ ئىگنىگە بىر قارا ئەسكى شال،
تەقى قىلغانىن دەربەردەرلىك خىيال.
ئۇلۇس چايقالىپ جەمىئەت بىر تەرەپ،
بولۇبان باردۇرغانىن ھەر تەرەپ.
تىگىپ كۆچىسىز ئەلگە قەۋىلار كۆچى،
ئىشىكتىن ئىشىككە يېتىپ سورغۇچى.
تاپالمايىن زار بولغانلارىن،
ئۇلۇس زار ۋە ئەپكا بولغانلارىن.
كۆرۈپ مەسلىھەت شاھ يۈكلەگىنىن،
مەلىك زادەنى ئەل تەلەپ قىلغانىن[1].

ئەسلى ئەھۋالنى چۈشەنگەن شاھ تاجوبەخت فەررۇخ سۆۋارغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى زور ۋە چوڭقۇر ئىچكى تۇقۇنۇش، ئازابلىنىش دولقۇنلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ماقۇل بولىدۇ.

ئەھلۇ مەلىك ئىلكىدىن چىقىپ بىر يولى،
قۇرۇق قالمىغاي بۇ مەلىكلەر قولى.
ئەلىپ بار مەلىك زادە فەررۇخنى پات،
خۇدا قايدا كىم بولسا تۇتسۇن ھايات[2].

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 9 ـ سان، 138 ـ بەت.
② «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 9 ـ سان، 139 ـ بەت.

فەررۇخ شاھسۇۋار شاھىيار دۆلىتىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تەركىدۇنيالىقنى ئۆزىگە نىسبەت دەپ قارىغان ئاتىسى ئوغلىغا ھاكىمىيەتنى مۇنداق تاپشۇرىدۇ:

مۇنۇ تەختۇ تاجۇ ۋىلايەت سېنىڭ،
بارى خەلقۇ شەھرۇ رەئايەت سېنىڭ.
نە قىلساڭ سېنىڭ ئىختىيارىڭ بولۇر،
يامان - ياخشى سېنىڭ شۇ ئارىڭ بولۇر.
مۇنۇ پادىشاھلىقنى بەردىم ساڭا،
مۇئەتتەل باقىپ تۇرۇپ ئەردىم ساڭا.

دەپ، ئۇ ئوغلى ئالدىدا چىن قەلبىنى تۆكىدۇ، ئەمما ئۆزى تەركىدۇنيالىق نۇقتىئىنەزىرىدىن قايتمايدۇ. بۇ ھالنى ئاپتور ياندىن مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بېرىپ تەختۇ تاج سۇلتانلىقىن،
ئۆزىگە راۋا كۆردى ۋەيرانلىقىن.

داستان قۇرۇلمىسىدا (كومپوزىتسىيىسىدە) سۇژىت تەرەققىياتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى ئەسەرنىڭ يېشىمى — تۈگەنلەنمە ئېپلوگلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋەيران بولۇۋاتقان تۈركىي دۆلەتلىرىدە ئۆز «جەننەت»لىرىدىن ئايرىلغان سوپىلارنىڭ توپ - توپ بولۇپ، سەئىدىيە خاندانلىقىغا قېچىپ كېلىپ، سەئىدىيە خانلىقىدىن پاناھ تېپىپ، سەئىدىيە خاندانلىقىنى قۇرغۇچى-ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ كۈچلۈك، باي، گۈللەنگەن دۆلەتكە ئايلاندۇرغان سەئىدخاننى سوفىزم بىلەن زەھەرلەپ، ئۆزىگە مۇرىت قىلىپ، دۆلەت ئىشلىرىدىن ۋاز

كەچكۈزۈپ، تەركىدۇنيالىق يولىغا كىرىپتار قىلىپ، دۆلەتنى مۇتەررزلىك يولىغا يېتەكلىشى ئەڭ خەۋپلىك، ئەڭ دەھشەتلىك تراگېدىيىلىك رېئاللىق ئىدى.

ئۆز دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرى بولغان شائىر ئاياز بېك قۇشچى بۇ رېئاللىقنىڭ دەھشەتلىك ئاقىۋىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ چۈشىنىپ يەتكەن. فېئودالىزمنىڭ چىرىك روھىي تۈۋرۈكى بولغان سوفىزم «قىلتىقى»غا چۈشۈپ، دۆلەتنى مۇتەررزلىك يولىغا باشلاپ كېتىۋاتقان سەئىدخاننى ئۆز يولىدىن قايتۇرۇش، سەئىدىيە خاندانلىقىنى ساقلاپ قېلىش يوللىرىنى ئىزدىلىق بىلەن داستان سۈژىتىدىن پايدىلىنىپ «جاھاننامە»نى يېزىپ ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇرۇن باتۇر، ناھايىتى جەڭگىۋار، خەلقپەرۋەر سەئىدخان بىلەن كېيىنكى سوپىلارنىڭ مۇرتى، تەركىدۇنيا يولىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يوقاتقان سەئىدخاننى «جاھاننامە» ئەينىكىدە سىپلىشتۇرۇپ كۆرسىتىپ فىروز شاھنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ھالىنى ئەسلەپ چوڭقۇر ئاللېگورىيە يولى بىلەن تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان. مانا بۇ «جاھاننامە»نىڭ تۈپ مەركىزىي ئىدىيىسى بولۇپ، كۈچلۈك زامانىۋىلىقى ئىگە. ئەسەرگە «جاھاننامە» دەپ ئات قويۇشمۇ شائىرنىڭ يۇقىرىقى ئىدىيىسى ئابستراكسىيىسىنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك.

داستاندا شائىر شاھيار خاندانلىقىنىڭ بىرىنچى شاھى شاھسۇۋارنى ئەمەس، بەلكى ئىككىنچى ئەۋلادى فىروز شاھنى چۈشكۈنلۈككە دۇچار قىلىپ، تەركىدۇنيا يولىغا ماڭغۇزۇشنىڭ سەۋەبى، ئۆزىنىڭ باي تەجرىبىسى، ئوردىدىكى خىزمەت ئورنى، سەئىدخان بىلەن بولغان بىۋاستە يېقىنلىق مۇناسىۋەتلىرى تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك.

داستاننىڭ مەزمۇنىدا يۇقىرىقى تۈپ ئىدىيىگە ياندىش ھالدا شۇ جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى، ئوتتۇرا

ئەسىر دۆلەت ئىدىيىسى بولغان مەركەزلەشكەن يېرىك فېئودال دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىسى، بۇنداق دۆلەتنىڭ شاھقا ۋارىسلىق تۈزۈمى، بىلىملىك، ئادىل، ئىدېئال شاھ ئىدىيىلىرى ھەم شۇ چاغ جەمئىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئېتنوگرافىك — ئىرىم-ئىرمەك، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق ئۆلچەملىرى قاتارلىقلىرى بىر گەۋدە بولۇپ شائىرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىنى تېخىمۇ روشەن نۇرلاندۇرىدۇ. مانا بۇلار داستاندا شائىر ئوتتۇرىغا قويغان تەرىپى ياكى ئاساسىي تەرىپى.

خەلق داستانى (ئېپوسى) مىفالوگىيىلىك مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن كۆپ ھەم باي قاتلاملىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ سانسىز يىللارنىڭ ۋە بۇ جەرياندا ياشىغان ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن جۇغلانمىسىنىڭ نەتىجىسىدۇر. لېكىن خەلق داستانى فوتوگرافىيە ئەمەس، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن تارىخى ۋەقەلەر قانداق شەكىلدە ئەكس ئېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ ئىنكاسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ خەلق ئېڭىدا قانداق ئەكس ئەتسە، ئۇ خەلق تىلىدا شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ.

«جاھاننامە» ناملىق داستاننىڭ سۇژىتى خەلق داستانى ئاساسىغا قۇرۇلغىنى ئۈچۈن بۇنىڭ مەزمۇنىمۇ باي ۋە كۆپ قاتلاملىق خاراكتېرگە ئىگە. لېكىن شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، يازغۇچى ئەسىرگە سۇژىت قىلىپ ئېلىنغان ھەر قانداق ۋەقە شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئېستېتىك ئەلگىكىدىن ئۆتۈپ، تېپىكلەشتۈرۈلۈپ، بەدىئىي غايىگە خىزمەت قىلدۇرۇلىدۇ.

ھەر قانداق ئەدەبىيات-سەنئەتچىنىڭ ئېستېتىك غايىسى ئىدىيە نۇقتىئىنەزەردىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىن تۇغۇلىدۇ. داستاندا شائىرنىڭ ساددا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم كۆز قارىشى خېلىلا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان ۋە تەبىئەت بىر ئوقنىڭ ئىككى ئۇچى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ يېشمى ھاياتتۇر. تەبىئەت كائىناتىنىڭ چەكسىز بولىقىدەك، ھاياتمۇ چەكسىزدۇر.

شائىر كائىنات، ھاياتنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى بەلگىلىك ھالدا چۈشىنىدۇ.

بىنا بولغانى بۇ رابات جاھان،
ئۆتەرلەر كېلىپ تىنمايىن كارۋان.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
تۈمەن مىڭ بېرىپ بىرى يانمايدۇ،
بارىپ ئول تولۇپ، بۇ تۈگەنمەيدۇ.[1]

«ماركسىزمچە پەلسەپە قارىمۇ قارشىلىق بىرلىك قانۇنى ئالەمنىڭ تۈپ ئاساسي قانۇنى، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ قانۇن، تەبىئەت دۇنياسىدا بولسۇن، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە بولسۇن، ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. بىر - بىرىگە زىت بولغان قارىمۇ قارشى تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ھەم بىرلىك، ھەم كۈرەش بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشلىرى ئالغا سۈرۈلىدۇ»[2].

دىئالېكتىكىنىڭ يۇقىرىقى قانۇنى داستان «جاھاننامە»دە، تۇغۇلماقتا ئۆلمەكلىك، خۇشاللىقتا قايغۇ - ھەسرەت، گۈللىنىشتە خارابلىق ئامىللىرىنىڭ ساقلىنىدىغانلىقى شەكلىدە كائىنات ۋە ھايات بۇ قانۇنىيەتكە زادىلا خىلاپلىق

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، تومۇمىي 9 - سان، 142 - بەت.
② ماۋزېدۇڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە».

قىلمايدىغانلىقىنى، بەدىئىي تەپەككۇردىكى ئۆزگە خاس بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئوبرازلار خەلق داستانى سۇژىتىنى ئاساس قىلغان بۇ داستاندا داستان خاراكتېرىنى ئالغان فىروز شاھنىڭ پەرىزات رەئنانىڭ ئۈچ شەرتىنى ئادا قىلىش ۋاقتىدا، پەرىزات رەئنا ئولتۇرغان «ياغاچ تەخت پايە»، «تاش قاچا»، پەرىزات رەئنا ياندۇرىدىغان «شام» قاتارلىق ھېكايەت شەكلىنى ئالغان ئېپىزوتلار ئارقىلىق مەركەزلىك ھالدا يارىتىلىدۇ. بۇ چاغدا شائىر تەشخىس[1] (شەخسلەشتۇرۇش) ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ «تەختى پايە»، «تاش قاچا»، «شام»لارنى ئىنسان قىياپىتىگە كىرگۈزۈپ، شېئىرىي ئوبراز يارىتىپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قارىشىنى ئىپادىلەشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

شائىر ھاياتنىڭ يوقىرىقى مۇتلەق تەرەققىيات قانۇنىنى بىلمەسلىك ۋە ئېتىبارغا ئالماسلىقنى ئىنسانىنىڭ غەپلەتتە قېلىشى دەپ ھېسابلاپ، داستاندىكى لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ ئېغىزىدىن:

ئايازا ئەجەب غەپلەت ئەمەسمۇ بۇ،
كى سەن خوۋاھى بىدار، خوۋاھى ئويۇ.

دەپ ئەجەبلەنمەسلىكنى تەشەببۇس قىلسا، يوقىرىقى ئالەمنىڭ زىددىيەت ۋە بىرلىك قانۇنلىرىنىڭ چامدام ئۆلچەملىرى بولغان ئاي، كۈن، سائەت، يىللار پۈتۈن دۇنيادىكى شەيئىلەرگە

---

[1] تەشخىس — شەخسلەشتۇرۇش. بۇ شېئىرىيەتتە زور رول ئوينايدۇ. بۇ تەبىئەتتىكى نەرسە ۋە كۈچلەرنى ئىنسانىي سۈپەت ۋە بەلگىلەر ۋاسىتىسى بىلەن جانلاندۇرۇپ تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇل ھەقىقىي سەنئەتكار ئۈچۈن غايىۋى بەدىئىي كەشىپيات قورالى بولالايدۇ.

مۇقەررەر هالدا تەرەققىيات، ئۆسۈش، ئۆلگىيش، ئاجىزلاش، ئاخىرى يوقىلىش ۋە ئالمىشىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغىمۇ سالماقلىق بېشارەت قىلىپ ئۆتۈپ، مۇشۇ جەرياندا ئىنسان ئۆز هاياتىنى «هوسۇلدار»، «داڭدار» قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

سەمەنىد هاياتىڭ ئەزىمەتتەدۇر،
نىكەم هاسىل نەقىدىڭ ئول ئاتتەدۇر.
باردۇر تىنمايۇ نەچە مەنزىل قالۇر،
ئۆتەرسەنۆ غەپلەتتە هاسىل قالۇر.
نەۋاقتۇ نە سائەتكى سەندىن بوگۈن،
ئۆتەر ئۆمۈر ئىرور ئول ئەمەستۇر ئۆكۈن.
يوق ئەرسە ئۇ شۇل ۋاقىت سائەت تۇرۇر،
كىم ئاي، يىلۇ هەر كۈنۇ، تۈن يۈرۈر.
ئۆتەردەك كۆرۈنەر ساڭا ئول ۋەلى،
يۈرۈرلەر جاهاندىن سېنى سورغالى.

بۇ دۇنيانى «بىر رابات» (چۇشۇپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭ) دەپ ئاتاش، بۇ جەرياندىكى ئىنسان هاياتىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئۆلچىمى، ئۇنىڭ «هوسۇللۇق» «داڭدار» بولۇشىنى تەلەپ قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا XI ئەسىر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس هاجىپتىن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەر ئۈزلۈكسىز هالدا پۈتۈن ئېستېتىك غايىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدەك ئەنئەنە بولۇپ كەلدى. بۇ هالنىڭ سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئاياز شىكەستە (قۇشچى) ئىجادىدىمۇ

ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەدەبىيات سەنئەتتىكى ئىلغار ئەنئەنە قانۇنىنىڭ ئىزچىللىق مۇقەررەرلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

## داستاننىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا

بەدىئىي ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى ئەڭ ئالدى بىلەن بەدىئىي تەسىر كۈچى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ، يەنى ئېستېتىك زوق، بەدىئىي تەسىرلەر ئارقىلىق مەيلى ئىجابىي، مەيلى سەلبىي تەرەپتىن بولسۇن، يازغۇچى ئۆز پىكرىنى باشقىلارغا قانچىلىك دەرىجىدە سىڭدۈرەلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا هازىرقى زامان داڭلىق قىرغىز يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋ: «ئەگەر ئەسەر ئوقۇغۇچىنى هاياجانغا سالالمىسا، ئۇنىڭ ئېستېتىك دۇنياسىنى بېيىتالمىسا، ئۇنىڭ ياخشىلىققا ۋە يامانلىققا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆتكۈرلەشتۈرەلمىسە، ئۇنىڭدا نېمىلەر ئېيتىلسۇن، هەر قانداق ناهايىتى پايدىلىق ۋە ناهايىتى مۇهىم پىكىرلەر ئىزهار قىلىنغان بولسۇن، قانداق تېما ۋە مەسىلىلەر قويۇلسۇن، ئۇ هەقىقىي سەنئەتكار ئەمەس. . . ، پۈتۈن جاهان تارىخى قانۇنىيىتىنى مەنسىتمەسلىكى مۇمكىن بولمىغاندەك، سەنئەتنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى هەم نەزەرگە ئىلماسلىق مۇمكىن ئەمەس. مەزمۇن ۋە شەكىل بىرلىكىدە سەنئەت ئەسىرىنىڭ ماهىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىككى كاتېگورىيە ياتىدۇ»[①] دېگەنىدى.

بىز داستاننى ئوقۇغان چېغىمىزدا، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ مۇهىم تېمىلىرىدىن بىرى بولغان مەركەزلەشكەن يىرىك فېئودال دۆلەت قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ بېشىدا دۆلەتنى قانۇن بىلەن

① «ئەدەبىيات گېزىتى»، 1971 - يىل، 7 - ئىيۇل سانىدىن.

باشقۇرۇپ خەلققە بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان ئىدېئال — غايىۋى شاھ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ كىتابخانىلىرىمىزغا ئۆتكۈزمەكچى بولغان باش خاھىشى بولۇپ، ئاپتورنى بۇ مەسىلىدە مەقسەتكە ئېرىشكەن دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

بەدىئىيلىكنىڭ يەنە بىر شەرتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ھاياتنى ھەققانىيلىق، راستچىللىق بىلەن تەسۋىرلىگەن بولۇشى كېرەك. داستان سۇژېتى خەلق داستانىدىن ئېلىنغان بولۇپ، فانتازىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە. ئەمما شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، سۇژېت خەلق داستانىدىن ئاللانغان چاغدا، شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىۋى ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۆز جەمئىيىتىدىكى رېئاللىقنى ئاللېگورىيىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش خاھىشىغا تولۇق بويسۇندۇرۇلۇپ، تىپىك بەدىئىيلىككە ئايلاندۇرۇلۇپ قۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ خەلق داستانى خاراكتېرىگە ئىگە بۇ فانتازىيىلىك سۇژېتى شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ئۈچۈن بىر نىقاب دېيىش تامامەن مۇمكىن.

بىز داستاندا ئاللېگورىيىلىك، سىمۋوللۇق ئاساسىدا يارىتىلغان شاھسۇۋارنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىدە ۋە فىروز شاھنىڭ دەسلەپكى پائالىيەتلىرىدە سەئىدخانىنىڭ دەسلەپكى جەڭگىۋارلىقى، ئۇنىڭ ئادىل شاھ سۈپىتىدە خەلق ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىنى سېزىدىغان، ئۇنىڭغا سادىق بولالايدىغان ئالىي پەزىلەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرەلەيمىز. فىروز شاھنىڭ سۆيۈملۈك يولدىشى پەرىزات ئۆلۈمىدىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزۈپ، تەركىدۇنيالىق ھالىغا چۈشكەن قىياپىتىدىن، سەئىدخانىنىڭ سوپا - ئىشانلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇلارغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرىدىن ئاساسەن قول ئۈزۈپ، تەركىدۇنيالىق يولىغا مېڭىپ، سوپا -

ئىشانلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئۇدۇنيالىق «ساۋاب» ئۈچۈن ئىسلام سەركەردىلىرىنىڭ ئايىغى يەتمىگەن، تىبەت «ئورساڭ» (لاسا) دېكى «بۇتلار» نى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن جىنايى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ ھالاكەتكە دۇچار بولغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلالايمىز.

ئاقىۋەت داستاندا شائىرنىڭ رومانتىكىسى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىققان فىروز شاھنىڭ ئوغلى فەررۇخ سىۋۋارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ فېئودال شاھلىق ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇپ، خەلقنى قايتا يېڭىدىن بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشى، سەئىدخان ئۆلۈمىدىن كېيىن ئابدۇرېشىتخان ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىنكى رېئال مەنزىرىنى ئىختىيارسىز ھالدا كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇنى شائىر رومانتىكىسىنىڭ رېئاللىق قانۇنىيىتى بىلەن قانچىلىك زىچ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان پاكىت دېيىشكە بولىدۇ.

ئەسەر بەدىئىي بولۇش ئۈچۈن ئەسەردىكى سۈژېت شۇ چاغ جەمئىيىتىنىڭ رېئال ھاياتىدىن ئېلىنىشى ياكى داستان خاراكتېرلىك فانتازىيىلىك بولسىمۇ، شۇ زامان چىنلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن تاشقىرى ئۇنى تەبىئىي پەن ياكى پەلسەپە، تارىختەك سېللوگىزمنى قوللىنىپ ئىسپاتلىمايدۇ. يەنى «بۇ كودېكسنىڭ① بىرىنچى قانۇنى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شائىر ئىسپاتلاش ئەمەس، بەلكى كۆرسىتىشى لازىم، سېللوگىزملار بىلەن پىكىر قىلىش كېرەك. . . ، ھەققانىيلىق (چىنلىق) بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر. . . شائىر ھاياتنى ئۇ قانداق بولسا شۇنداق، پەدەزلىمەستىن ۋە بۇزماستىن تەسۋىرلىشى لازىم»، «شېئىرىي تەسۋىرنى بىز ئوبرازلىق

① ئېستېتىك كودېكسى — بۇ جايدا ئەدەبىي سەنئەت قانۇنلار مەجمۇئەسى مەنىسىدە.

تەسۋىر دەپ بەلگىلەيمىز، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئابستراكىت ماھىيەت ئورنىغا ئۇنىڭ كونكرېت رېئاللىقىنى قويىدۇ»① ياكى «پەيلاسوپ سىللوگىزملار بىلەن، شائىر بولسا ئوبرازلار كارتىنا (مەنزىرە) لەر بىلەن سۆز قىلىدۇ، ئىككىلىسى ھەم بىر نەرسىنى سۆزلەيدۇ. بىرى ئىسپاتلايدۇ، ئىككىنچىسى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىككىلىسى ھەم ئىشەندۈرىدۇ. پەقەت بىرى مەنتىقىي دەلىللەر بىلەن ئىشەندۈرىدۇ، ئىككىنچىسى بولسا، كارتىنىلار بىلەن ئىشەندۈرىدۇ»② دېگىنىدەك، ئەسەرنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن توپ ئىدىيىسىنى توشۇغۇچى ئاللېگورىيىلىك ۋە سىمۋوللۇق ئوبرازلار شاھسۇۋار، فىروز شاھ، فەررۇخ سۇۋار، ۋەزىرلەر سەلىم، فىروزراي ۋە كائىنات شاھى شاھ تاجۇ بەخت، ئۇنىڭ خانىشى ماھروي، قىزى رەئنا، كېنىزەكلەر ئوبرازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئۇلار ئارىسىدىكى خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلەر ۋە ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىگە خاس بولغان ئېتنوگرافىك ئىرىم - ئىرمەك، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم نورمۇش ئادەتلىرى جانلىق، رەڭدار ھالدا تەسۋىرلىنىپ، ئاشۇ ئوبراز كارتىنا ئارقىلىق شائىرنىڭ ئېيتىپتىك غايىسى ناھايىتى تەبىئىي ھالدا قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلىشىپ، بىزنىڭ قەلبىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ - دە، بىزنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن خۇلاسىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەسەرنىڭ يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئەسەر كونفلىكتى جىددىي ئىجتىمائىي توقۇنۇشلارغا ئەمەس، مۇھەببەت تېمىسىغا تۇتاشقان ئىنسانپەرۋەرلىك، چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ۋەتەنپەرلىك

① گېگىل، 94 - توم، 134 - بەت، رۇسچە.
② بېلىنسكى، ۋ. گ تولۇق توپلام 3 - توم، 798 - بەت، رۇسچە.

ئىنسان ئۆلۈمىدىن (رەئنا ئۆلگەندىن كېيىن فىروز شاھ تەركىدۇنيالىقتا چۈشكەن چاغدا فىروزراي ۋەزىرنىڭ فىروز شاھقا نەسىھىتىنى ئەسلەڭ) ئۈستۈن قويۇلىدۇ. ئەسەر قەھرىمانلىرى خاراكتېرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەر-لىك، مۇھەببەت توقۇنۇشلىرى ئىچكى پسىخولوگىيىلىك زىددىيەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشى، ئۆرلىشى تەرەققىيات جەريانىدا ئاستا - ئاستا ئېچىلىپ ۋايىغە يېتىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرىنىڭ بىرى بولغان فىروز شاھ ئوبرازىدا ناھايىتى روشەن گەۋدىلىك ھالدا كۆزگە تاشلىنىدۇ.

داستاندىكى باش قەھرىمانلارنىڭ بىرى بولغان پەرىزات رەئنا ئوبرازىدا داستانلىق خۇسۇسىيەت ئالاھىدە قويۇق. ئا. ش. كىچىكوۋ ھەممە خەلق داستانلىرىدىكى ئورتاق بىر خۇسۇسىيەت، ئايال قەھرىمان سېھىرگەرلىك بىلەن داۋالاپ ساقايتىش فۇنكسىيىسى (رولى) بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. . . ، ئۇلار بېشارەتچى، كەلگۈسىدىن خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئادىل، سادىق، يولداشلىقتىن ئىبارەت، دەيدۇ. مانا شۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى رەئنادىن تېپىلىدۇ. ئۇ فىروز شاھ يىگىتلىك چاغلىرىدا مەي ئىچىپ ئۇيقۇغا كېتىپ، چۈشىدە بىر چاھار باغدا رەئنانى كۆرۈپ، ئاشىقى بىقارار بولۇپ ئويغىنىدۇ. ئۇۋغا چىقىپ، شۇ چاھار باغدا رەئنانى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىدۇ. رەئنا ئۇنى سېھىرگەرلىك بىلەن ھوشىغا كەلتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق بولۇپ قالىدۇ. پەرىزات رەئنا داستاندا چۆچەكلەردىكى ئايال قەھرىمانلاردەك دانا، تاپقۇر، ئىنسانپەرۋەر، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، ئىچكى خىياللارغا باي ئوبراز بولۇپ كىشى ئالدىدا شەكىللىنىدۇ.

ئەسەر بەدىئىيلىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنىنىڭ سالماقدارلىقى يەنى ئۆز زامانىسى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا

قويۇپ، ئۇنى توغرا ھەل قىلالىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەركەزلەشكەن يىرىك فېئوداللىق دۆلەتنى قۇرۇش، ئۇنى مۇستەھكەملەش، بۇنداق دۆلەت ئۈستىدە بىلىملىك شاھ ئولتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانىيىتى ئۈچۈن خەلققە بەخت سائادەت كەلتۈرۈشنىڭ يېگانە بىردىنبىر يولى ئىدى. جۈملىدىن داستاندىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، پۈتۈن شەرق ۋە غەرب ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆز دەۋرىنىڭ مۇھىم مەسىلىلىرى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىدا غەربتىمۇ بۇرۇنراق شەرق ئويغىنىشى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىسى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، XI ئەسىر ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىك» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئەنئەنىنىڭ «جاھاننامە» ناملىق داستانىدا ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن داۋاملاشتۇرۇلۇشى ئىدى. بۇ جايدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر دەۋر يازغۇچىسىنىڭ كۆرسەتكەن تارىخىي خىزمىتى ئۇنىڭ ئۆتمۈش ئەنئەنىلەر جەۋھىرىدىن نېمىنى قوبۇل قىلغانلىقىدا كۆرۈلۈپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئۆز جەمئىيىتىگە نېمىنى تۆھپە قىلغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

شائىر داستاندا «ئىدېئال شاھ» غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، سەئىدىلەر خاندانلىقىنى مۇنقەرزلىككە يېتەكلەۋاتقان سوفىزمنىڭ تەركىدۇنيالىق ئەكسىيەتچى ئىدىيىسىنى رەھىمسىز ھالدا تەنقىد قىلدى. بۇ جەھەتتىن داستان ناھايىتى كۈچلۈك زامانىۋىلىق روھقا ئىگە بولۇپ، ئۆز زامانىسىدە ناھايىتى چوڭ رېئال سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان رولنى ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن.

داستاندا تەركىدۇنيالىق كويىغا چۈشكەن فىروز شاھقا ۋەزىر فىروزراينى كىرگۈزۈپ خەلق پىكرىنى ئېيتىشقا خەلق مۇنداق قىستايدۇ:

دېدىلەركى ئى شاھ غەمخوۋارىسى،
دۇئاسى سەن بۇ ئىشنىڭ نېدۇر چارىسى.
ئۇلۇس قالدى بىسەر جاھان چايقالىپ،
تامام ئەل بوزۇقلۇققە كۆڭلىن سالىپ.
كېرىپ شاھ ئالىندا ئەرز ئەيلەگىل،
يامان - ياخشى ھەر ساھادىن سۆزلىگىل.
كىم ئادەم ئاتا چاغىدىن تا بۇدەم،
كىم ئۆلگان ئەمەس ئادەمدىن بۇ غەم.
تۇغۇلۇپتۇر بار ئادەم ئۆلمەك ئۈچۈن،
ئۆلۈم زاھىر ئۆلگان ئەمەستۇر بۇگۈن.
ئۆلۈم باردۇر تا جاھان باردۇرۇر،
فىراقۇ بۇ ئاھۇ فىغان بار باردۇرۇر[1].

يۇقىرىقى مىسرالاردىن ۋاستىلىك ھالدا سەئىدخانىنى تەنقىد قىلىۋاتقان خەلق ئوبرازى يارىتىلىپ، دۆلەت تەقدىرى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتقان خەلقنىڭ ھەققانىي ئاھاڭى قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىدۇ. داستاندىكى مۇشۇ ئابزاستىن كېيىنكى خەلق قىستىشى بىلەن فىروز شاھ ئالدىغا كىرىپ، خەلق پىكرىنى شاھقا يەتكۈزگەن ۋەزىر فىروزراي ئاۋازىدا تەنقىد تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ شاھنى قايىل قىلىدۇ.

ھاياتنى كۆزىتىش، ھاياتنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆزلەشتۈرۈش بۇ غايەت مۇرەككەپ جەريان. ھاياتنى

---

[1] «بۇلاق» ژۇرنىلى، تومۇمى 9 - سان، 136 - بەت.

رېئالىستىك ھالدا ھەققانىي، چىن، راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەش ئاخىرقى ھېسابتا يازغۇچىنىڭ ئىلغار غايىۋى پوزىتسىيىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شائىرنىڭ داستاندا خەلق داستانى سۇژىتىدىن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق سەئىدىيە خاندانلىقى جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي قىياپىتىنى سالماقلىق بىلەن بەدىئىي ئىپادىلەپ بېرەلىشى يازغۇچىنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئىلغار ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بەدىئىيلىكنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى، ئەدەبىي ئەسەردە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىر - بىرىگە ماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، «پەقەت ھەققانىي ئىدىيىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەسەرلا، ئەگەر شەكلى ئىدىيىسىگە مۇتلەق ماس كەلسە بەدىئىي بولىدۇ»[①]. ئۇنداقتا قانداق بولغاندا ئەسەرنىڭ شەكلى ئىدىيىسىگە ماس كەلگەن بولىدۇ؟ بۇ سوئالغىمۇ چېرنىشېۋسكىي مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ: «ھەقىقەتەن ھەم ئەسەرنىڭ ھەممە قىسىملىرى ۋە تەپسىلاتلىرى ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىققىنىمۇ - يوق بۇنى كۆزدىن كەچۈرۈش لازىم. مەلۇم تەپسىلات — سەھنە، خاراكتېر، ئېپىزوت، ئۆز ئالدىغا قانچىلىك قىزىقارلىق ياكى گۈزەل بولسۇن، ئەگەر ئۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى تولۇق ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلمىسا، ئۇنىڭدىن ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە زەرەر يېتىدۇ»[②]. بىزچە بۇنىڭ ئۈستىگە ئەسەردىكى زۆرۈر ھەر بىر سەھنە، خاراكتېر، ئېپىزوت ۋە دېتاللارنىڭ ئېنىق، روشەن تەسۋىرلىنىشى لازىملىقىنى قوشۇمچە قىلىش زۆرۈر.

---

① «چېرنىشېۋسكىي ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 3 - توم، 663 - بەت.
② «چېرنىشېۋسكىي ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 3 - توم، 663 - بەت.

داستاندا بەدىئىيلىكنىڭ بۇ ئۆلچىمىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: فىروز شاھ رەئنا بىلەن دەسلەپكى ئۇچراشقاندا رەئنا فىروز شاھقا ئۆزى ئوخلاۋاتقان چاغدا ئۈچ قېتىم ئۇنىڭغا قول تەگكۈزمەي سۆز ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىي ھالىتى ئەقلىگە تەسىر قىلىپ ئويغىتىشىنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. بۇ جايدا داستاندا ئۈچ ئېپىزوت مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئۈچ ئېپىزوتتا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان باش قەھرىمانلار رەئنا، فىروز شاھلارنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈشتىن باشقا، ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئاپتورنىڭ «ئالەمنىڭ قارىمۇ قارشىلىق بىرلىك قانۇنى» توغرىسىدىكى ساددا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىكى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ماسلىقى يازغۇچى ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان ئاساسىي بەلگىلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ ئېپىزوتنى — بۇنى كۆرسىتىدىغان پاكىتلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. داستان سۆژىتىدىكى بۇ ئېپىزوتلار ھەقىقەتەن ماھارەت بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان.

رەئنا ئۇيقۇغا كەتكەندە، فىروز شاھ رەئنا ئولتۇرغان «تەخت پايە» بىلەن سۆھبەتلىشىدۇ. . . «تەخت پايە» ھېكايىسىدە «ئالەمنىڭ قارىمۇ قارشىلىق بىرلىك قانۇنى شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىيات قانۇنى» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئاپتورنىڭ ساددا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق قارىشى ئىپادىلەنسە، فىروز شاھنىڭ «تەختى پايە» گە جاۋابەن ئېيتقان ھېكايىسىدە فىروز شاھنىڭ رەئنانى قول تەگكۈزمەي، سۆز ئارقىلىق ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە ـ ئەقلىگە تەسىر قىلىپ ئۇنى ئويغىتىشقا مەجبۇر قىلىش ئەقىل ـ پاراستى گەۋدىلىنىدۇ. ھېكايىدە فىروز شاھ يولغا چىققاندا تۆت كىشى ـ بىر ھەيكەلتىراش،

بىر زەرگەر، بىر ماشىنىچى، بىر موللا بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئۇلار بىر غاردا قونۇپ، نۆۋەت بىلەن پوستتا تۇرىدۇ. ھەيكەلتىراش پوستتا تۇرغاندا زېرىكىپ تاشنى يونۇپ گۈزەل بىر قىز ھەيكىلىنى تۇرغۇزىدۇ. ئۇندىن كېيىن پوستتا تۇرغان زەرگەر، ھەيكەلتىراش ھۈنىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئالتۇندىن زىبۇ زىننەتلەر ياساپ قىزنى زىننەتلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پوستتا تۇرغان ماشىنىچى، ئالدىنقى ئىككىسىنىڭ ھۈنىرىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۇنى ئېسىل كىيىم بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئاخىرىدا پوستتا تۇرغان موللا بۇ ئېسىل قىز گەۋدىسىنى كۆرۈپ، ئۆز ھۈنىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن قىزغا جان بېرىدۇ. تاڭ ئاتقاندا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ گۈزەل يۇقىرىقى تۆت كىشى ئارىسىدا تالاشتا قالىدۇ. ھېكايە مانا شۇ جايدا كۇلمىناتسىيە نۇقتىسىغا كۆتۈرۈلىدۇ. ھېكايە مۇشۇ جايغا كەلگەندە فىروز شاھ «تەخت پايە» سوئالىغا جاۋاب بېرىپ:

— مەن مۇشۇ داۋانى ئاجرىتىش ئۈچۈن ئەقىللىق پەرىزات رەئنادىن سورىغىلى كەلدىم، - دەيدۇ. بۇ چاغدا چالا ئويغۇدا ياتقان پەرىزات تەبىئىي ھالدا پىكىر ئېقىمىنىڭ لوگىكىسىغا ئاساسەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئويغۇدىن ئويغىنىپ توغرا جاۋاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ تاپقۇرلۇق ئەقىل پاراسىتىنى نامايان قىلىدۇ. قالغان ئىككى ھېكايىمۇ خۇددى شۇ تەقلىتتە ناھايىتى چوڭ ماھارەت بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان. بۇ ئېپىزوتلار پۈتۈن داستان قۇرۇلمىسى (كومپوزىتسىيىسى) نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى فىروز شاھ بىلەن رەئنانىڭ خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈك شەكىللىنىش باش نۇقتىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسەر ئىدىيىسىگە خىزمەت قىلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان «ئالەمنىڭ زىددىيەت ۋە بىرلىك قانۇنى شەيئىلەر تەرەققىياتىدىكى تۈپ قانۇن ئىكەنلىكى» توغرىسىدىكى

شائىرنىڭ سادىدا دېئالىكتىك ماتېرىيالىزملىق قارىشىنى روشەن هالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. داستان قۇرۇلمىسىدىكى پۈتۈن سۇژېت لىنىيىلىرىمۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى نۇقتىلىق ئىپادىلەشكە تولۇق خىزمەت قىلىدۇ.

شائىرغا سەئىدىيە خاندانلىقىدىكى هاكىمىيەت تالىشىشلار باباچاق سۇلتان، مۇهەممەت سۇلتانلارنىڭ هەرىكەتلىرى جىددىي تەسىر قىلىپ، خاندانلىق ئاقىۋىتىگە زور زىيان كەلتۈرىدىغانلىقى روشەن بولغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئەسەرنىڭ باش قەهرىمانى فىروز شاهنى هاكىمىيەت ئەمەس، بەلكى ئىنسانغا بەخت - سائادەت كەلتۈرىدىغان ئىلىم - پەن، هۈنەرگە قىزىقىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

سۈت ئەمگەندە سائادەت پايە بولدى،
تىلى چىققاچ هۈنەر هەم سايە بولدى.
تاپىپ نەشۋە ناما دۆلەت ئىچىندە،
يىگانە بولدى ئاز مۇددەت ئىچىندە.
كىچىك ياشىدا قامۇق فەنلارنى بىلدى،
كۆپىن، ئاز ئەقىل بىرلە نەهم قىلدى.
نە تۇردى بىر نەپەس، نە يۇردى بىر دەم،
تامام ئۆرگەندى بىلدى بارچە ئادەم[1].

شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئىنىقلىقى ئاپتور غايىسىنى بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ئېنىق ۋە روشەن ئىپادىلەشتۇر. بۇ مەسىلىدە مەزمۇندا چۈشەنمەيدىغان جايلارنىڭ بولۇشى، شەكىلدە چۇۋالچاقلىق، خىرەلىك قاتارلىقلار بەدىئىيلىككە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئەسەر مەزمۇنىدا قاراڭغۇ ئىما - ئىشارىلەرگە

(1) «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 9 - سان، 103 - بەت.

يول قويۇلسا، شەكىلنى قەستەن مۇرەككەپلەشتۇرسە بۇنىڭ ئاقىۋىتى شەكىلۋازلىققا ئېلىپ بارىدۇ، داستاندا بۇ نۇقسانلارغا يول قويۇلمىغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

جۇملىدىن ئەدەبىي ئەسەرنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ بىرى — ئۇنىڭ تىلىنىڭ روشەنلىكى، راۋانلىقى، ئىبارە ۋە سۆزلەرنىڭ كونىرىمىغان يېڭى ئورگىناللىقىدۇر. شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ تىلى ئۇنىڭ رەڭگا - رەڭلىكى ۋە بايلىق بىلەن ئاجرىلىپ تۇرغان ھالدا ئەينى پەيتتە ھەممە ئۇچۇن چۈشىنەرلىك بولۇشى لازىم. يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ئېيتماقچى بولغان پىكرى، تەسۋىرلەنگەن شەيئى ۋە روھىي ھالىتىنى ئەڭ ئېنىق ۋە ئەڭ روشەن ئىپادىلەيدىغان مۇۋاپىق سۆز ۋە ئىبارىلەرنى تاپالىشىدىن ئىبارەت.

داستاننىڭ تىلىنى XVI ئەسىر ئەدەبىي تىل ئۇستىلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىللىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. داستاننىڭ تىلىنى شۇ چاغ چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان تىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرەب، پارسچە ئىبارىلەر ئەڭ ئاز، خەلق تىلىغا ئەڭ يېقىن تىل بولۇپ، بەدىئىي بوياققا باي، ئوبرازلىق ۋە سىمۋوللۇق مەنىگە ئەڭ باي تىل دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئاپتور بۇ تىل ئارقىلىق ۋەقەلەرنى جانلىق، يارقىن تەسۋىرلىگەندىن تاشقىرى، پېرسوناژلارنىڭ پورترېتىنى، ئىچكى كەچۈرمىشى ۋە مەنزىرىلەرنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىزىدۇ. مەسىلەن: فىروز شاھنىڭ ئوۋغا چىققان ۋاقتىدىكى ھالەت تەسۋىرى،

يېغىلىپ ئۇلۇس ئاتلىنىپ چىقتى شاھ،
جاھاننىڭ يۈزىنى تۇتتى خىلۋە سىپاھ.

قىزلارنىڭ تاشقى قىياپىتى - پورترېتى:

چىشى دۇررى، لەبى لەئلۇ، سىمىن تەنى،
ساچى سۇنبۇلۇ، يۈزى گۈل خەرمىنى.
كۆزى نەرگەسۇ، قەددى سەرۋە سەھى،
جاھان شوخى رەئنالىرىنىڭ شەھى.

داستاننى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۇژېتتىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنيا تۇقۇنۇشى زىددىيىتىگە قۇرۇلغان داستان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. داستاندا قەھرىمانلار خاراكتېرىنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ناھايىتى يارقىن گەۋدىلىنىشىنىڭ توپ سەۋەبلىرىدىن بىرى پېرسوناژلار ئىچكى دۇنياسى، روھىي ھالەت (پسىخىك) ئۆزگىرىشلىرى، ئۇنىڭ ھالەتلىرى، ھالەتلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرى يېتەرلىك بەدىئىي بوياقتا ئىگە بەدىئىي تىل بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، شاھسۇۋارنىڭ ئوغلى فىروز شاھ ئۇۋدا رەئنا بىلەن ئۇچرىشىپ، شاھ تاجۇنىڭ كائىناتنىڭ بىر يېرىگە جايلاشقان زەررىن شەھىرىگە چىقىپ توي قىلىپ، كېلەلمەيدۇ. ئاتىسى شاھسۇۋار ئارقىسىدىن ئىزدەپ بېرىپ، تاپالماي يانغان ۋاقتىدىكى قايغۇلۇق روھىي ھالىتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

كى قايسارى باردى جىگەر پارەسى،
قالۇرمۇ ماڭا بۇ يۈرەك يارەسى.
بىلىڭ ئەتتىمۇ توئىمە پىشە ئارا،
ئالىپ كەتتىمۇ تاغ ئارا ئەجدىھا.
سۇغا چۆشتىمۇ، يۇتتىمۇ يا لەھەڭ،
ھاۋا قىلدى سۇمرۇغ ئەلىپ با بەچەڭ.
يىقىلدىمۇ ئاتتىن يامان يەر كېلىپ،

يياق قالدىمۇ ئاتتىن ئايرىلىپ.
سۇباپ سايەئى ئارزۇ قىلدىمۇ،
پاناھى تاپىپ ئاندا يىقىلدىمۇ؟
يىقىلغاندا يا بىخوت ئاتتىن يامان،
كېتىپ ھۇشىدىن بىخود ئۇلغان زامان.
بۆرىلەر گوزەرىغە تۇش بولدىمۇ،
قىنى تۇئمەئى، روھى قۇش بولدىمۇ؟①

پېرسوناژلاردىكى مۇنداق ئىچكى كەچۈرمىشنى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇچرىتىمىز. قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى، ئىچكى تاشقى قىياپەتلىرىنىڭ تولۇق گەۋدىلىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا خاراكتېرلەرنىڭ تولۇق يارىتىلىشىغا ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممە كارامىتى بەدىئىيلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شائىر ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قورالى بولغان بەدىئىي تىلدىن پايدىلىنىشتا ستىلىستىك ۋاستىلەردىن يېتەرلىك ھالدا تولۇق پايدىلىنىدۇ. شېئىرىي شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىپىك تۈرىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى بولغان ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنىۋى شەكلى سەرىھ مەقتۇئى بەھرى مۇستەپئىلۇن، پائىلۇن ۋەزنىنى ھېچقانداق بۇزماستىن ماھىرلىق بىلەن ئىزچىل قوللىنىشى داستان بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئامىلى بولغانلىقى كۆزگە روشەن تاشلىنىدۇ.

ھەر قانداق بەدىئىي ئەسەردىكى مەزمۇن، ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجاناپلىقى، تەسۋىرلەنگەن خاراكتېر (ئادەم ئوبرازى)، ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكى ياكى خۇنۈكلۈكى...

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمى 9 - سان، 126 - بەت.

ھەممىسى كىتابخانىنىڭ يۇرىكىگە تىل ئارقىلىق كىرىپ كېلىدىغان تىپىك ھالەتكە بۇ داستاندىمۇ دۇچ كېلىشىنى ئۇنىڭدىكى بەدىئىيلىكنىڭ ئېستېتىك تەسىرى دەپ چۈشىنىمىز.

شائىرنىڭ «جاھاننامە» دېگەن داستانىنىڭ بارلىقى بەزى تارىخى ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنىسىمۇ، ئەمما بۇ داستانى ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق.

بۇلاردىن باشقا تارىخچى ماخمۇت جوراسنىڭ تېخىچە قول يازما تەرىقىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») كىتابىدا نەقىل تەرىقىسىدە كەلتۈرگەن ئىككى شېئىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ بىرى، ئابدۇرشىتخان يېڭى تەختكە چىققاندا (1533 ـ يىلى) ئۇنىڭ شەرىپىگە ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇپ، ئىككىنچىسى، ئابدۇرشىتخان ھېيت ـ بايرام مەزگىلدە خەلققە كاتتا توي قىلىپ بەرگەن تەنتەنىلىك كۈن مۇناسىۋىتى بىلەن ئابدۇرشىتخان نامىغا ئوقۇلغان قەسىدىدۇر.

ئابدۇرشىتخاننىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «كەلدى» ناملىق قەسىدىسى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن تەشكىل تاپىدۇ:

ساقى مەي پەرەھ بەخش تۇتقىل باھار كەلدى،
ئىشرەت زامانى يەتتى ئول گۈل ئۇزار كەلدى.
بولدى چەمەن مۇنەۋۋەر ئېچىلدى رەڭگى گۈللەر،
تۇت جام روھ پەرۋەر كىم غەمگۇزار كەلدى.
كۆرسەتتى جىلۋە سۇمبۇل ئېچىلدى نەركەس گۈل،
بولدى پىغاندا بۇلبۇل، ئەبىر ئەشكبار كەلدى.
دەۋران ئەيشۇ ـ ئىشرەت، بەش كۈن ئۆمرۈر غەنىمەت.
چۈن چەرخى بى مۇرۇۋەت نا پايدار كەلدى.
يەتكۈزسە غۇسە گەر دۇن چەك بادە. بولما مەھزۇن،
تەسكىن غەمگە گۈلگۈن مەي سازاۋەر كەلدى.

باشىمنى گۆي مەيدان قىلسام يوق ئەمدى ئارمان،
ساھىپ قىرانى دەۋران ئول شاھسۇۋار كەلدى.
ئەي دەھىر سەر پارازى ئابدۇرىشىتخان غازى،
دەرگاھىغا ئايازى ئۇممىدۋار كەلدى.

مەزمۇنى: ئەي شاراب قۇيغۇچى خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى شارابتىن قۇيغىنكى، باھار كۈنلىرى كەلدى. خۇشاللىق زامانى يېتىپ كەلدى، چۈنكى گۈل يۈزلۈك سۆيگىنىمىز كەلدى. چىمەن باغلار نۇرلىنىپ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلدى. شاتلىق شارابىدىن يەنىمۇ قۇيغىنكى، غەمگۇزارىمىز كەلدى. زېمىندىن كۆك، يېشىل مايسىلار ئۆزىنى كۆرسەتتى، نەركەس گۈللەر ئېچىلدى، گۈلنى كۆرۈپ، گۈل ئاشىقى بۇلبۇللار نالە - پىغان چېكىشكە باشلىدى. بۇلبۇلنىڭ نالە پىغانىدىن بۇلۇتلارمۇ يىغلاشقا باشلىدى! ئەيشى ئىشرەت دەۋرى قىسقا، ناھايىتى بەش كۈنلۈكتۇر، ئۇنى غەنىيمەت دەپ بىلىش كېرەك. شاتلىق شارابى بىلەن ئۆزۈڭنى غەمدىن يىراق قىلغىل، غەمنى پەسەيتىشكە ئۇنى گۈللاپ تۇرغان شاراب لايىقتۇر. ئەمدى مەن بېشىمنى جەڭ مەيدانىنىڭ بىر توپىسى قىلسام، ھېچ ئارمانىم يوق. چۈنكى دەۋرىمىزنىڭ ئىگىسى بولغان بەختلىك پادشاھىمىز كەلدى. ئى زامانىنىڭ ئالىي پاراسەتلىكى بولغان ئابدۇرىشىتخان غازى! سىزنىڭ ئوردىڭىزغا ئايازبېك ئۈممىدۋار كەلدى.

ئوبرازلىق، پاساھەتلىك تىل بىلەن يېزىلغان بۇ شېئىر ھەقىقىي شېئىر خۇسۇسىيىتى بىلەن كىشى قەلبىنى غىدىقلاپ، كىشى روھىي ھالىتىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، كىشى دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ، بۇ شېئىردىكى ئېستېتىك روھنى بەدىئىي كۈچنىڭ قۇدرىتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئەينى دەۋرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا

مەيدانغا كەلگەن يېڭى بىر باسقۇچنى بەدىئىي تەپەككۇر ئۇسۇلىدا گەۋدىلەندۈرگەن بۇ بىر پارچە سۈرەت (مەنزىرە) دە شائىرنىڭ «جاھاننامە» داستانىدىكى پىكرى تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. ئابدۇرىشىتخاننى «جاھاننامە» دىكى فەررۇخ سۇۋار دېيىشكە تامامەن ھەقلىق ئەمەسمىزمۇ؟ بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، شائىر رومانتىكىسىنىڭ رېئاللىق تەرەققىيات تارىخى قانۇنى بىلەن قانچىلىك چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

شېئىردا شائىر سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ تەرەققىي تاپقان ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتىنى مەدھىيىلەيدۇ ۋە ئابدۇرىشىتخانغا «ئى زامانىنىڭ ئالىي پاراسەتلىكى بولغان ئابدۇرىشىتخان غازى» دەپ توغرا باھا بېرىدۇ. بۇنى ئابدۇرىشىتخانىنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىدىن چىقىرىلغان توغرا خۇلاسە دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر ئاياز بېك شىكەستە «جاھاننامە» داستانىدا رومانتىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان پىكرى ئابدۇرىشىتخان ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا، ئۇ ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن جەمئىيەتتىكى ئىجابىي؛ سىياسىي، ئىجتىمائىي قىياپەتكە تولۇپ تاشقان ئىلھامى ئارقىلىق مەدھىيە ئوقۇش بىلەن قانائەت قىلمايدۇ، بۇ خاندانلىقنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ «سىزنىڭ ئوردىڭىزغا ئاياز بېك ئۈمىدۋارلىق بىلەن كەلدى!» دەپ ئابدۇرىشىتخانغا ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق سەممىيلىك بىلەن خىتاب قىلىدۇ.

شائىرنىڭ ئابدۇرىشىتخانىنىڭ «ھېيت» بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن توي مۇراسىمىغا بېغىشلاپ يازغان «تۇت» ناملىق قەسىدىسى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن تەشكىل تاپىدۇ:

ئىدى باھار ئەييامىدۇر ساقى لەبالەپ جام تۇت،
ئەيشى تەرەپ دەۋرانىدۇر جامىي مەي گولپام تۇت.
جەمشىت فەر شاھى جاھان چۇن قىلدى ئەزمى گۈلۈستان،

جەمئىتى ۋەختى زامان خوشتۇر ئىشرەت جام تۇت.
مەلۇم ئەمەس دەۋران ئىشى چۈن مۇنقىلىپ تۇر گەردىشى،
ھەرگىز بولۇر بولۇر دەپ كىشى بۇ دەۋرنى مادام تۇت.
بۇ دەمكى باردۇر پۇرسىتىڭ ئەھباب ئىلە جەمئىيتىڭ،
لۇتىپ ئىلە بەزمى ئىشلىرىڭ ئەھلىنى شىرىن كام تۇت.
قوي دەھىر سۇبھى خورىن، پىكىر ئەتمە شامى ماتىمىن،
رۇخسار ئىلە زۇلپى غىمىڭ، ئىشىق ئىچرە سۇبھى شام تۇت.
تارتىپ ئالايىقتىن ئېتەك، ئاۋارىلىقتىن ئوزىنچەك،
پەقىر ئىچرە قالغان قافدەك ساكىن بول ئارام تۇت.
ھەر كىمكى ئىستەر نام ۋە نەڭ غەمدىن قۇتۇلماس ھېچ رەڭ،
ئۆزىنى خالاس ئەيلەي دېسەڭ تەركى نەرگى نام تۇت.
كۆڭلۈم قۇشتۇر بۇلبۇلۇڭ، ئاچقىل ئوزارى گۈل - گۈلۈڭ،
بۇ شىۋە، بىرلە سۇمبۇلۇڭ دامىغا ئەيلەپ رام تۇت.
شاھىنشاھى فورخەندە پەر ئابدىرەشىدى نامىۋار،
ھەق لوتىپ پەتىھى زوپەر تامۇلكى مىسىر، شام تۇت.
ئەيلەپ زىيادە ھەسشىمىتىن ئەفزون قىلىپ جەمئىتىن،
يارەبكى ئۆمرى دەۋلەتىن كۆپ يىل، كۆپ ئەييام تۇت.
گاھى ئايازى سارىغا باققىل سادىق رۇخسارىغا،
ياخشى يامانىڭ بارىغا لۇتپۇ كەرەمنى ئام تۇت.

مەزمۇنى: ھېيت ۋە باھار كۈنلىرىدۇر، (ئەي) شاراب قۇيغۇچى، جامنى لىقمۇ لىق تولدۇرۇپ تۇت. جەمشىتكە ئوخشاش جاھاننىڭ شاھى بۇ گۈلىستانغا قەدەم تەشرىپ قىلدى، ھازىر ھەممە خۇشاللىققا چۆمۈلگەن چاغ، خۇشاللىق جامىنى تۇت. زاماننىڭ ئىشى مەلۇم ئەمەس، ئۇ ئايلىنىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يەنە پۇرسەت كېلىدۇ دەپ ئويلىما، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل، ھازىر شۇنداق ياخشى پۇرسەتكى، ھەممە دوست - يارانلار يىغىلغان ۋاقىتتۇر، مەرھەمەت ئەيلەپ شۇ سورۇن ئەھلىگە

گۈزەل سۆزلىرىڭنى تۇت. ئەتىدىن كەچكىچە زامانىنىڭ ئىشى بىلەن غەم ئەندىشە قىلما، رۇخسارى چىرايلىق بىلەن سۇمبۇل چاچنىڭ غېمىدىمۇ بولما. ۋاقتىڭنى ئىشقى - مۇھەببەت بىلەن ئۆتكۈز: بىھۇدە ئىشلاردىن ئۆزۈڭنى تارت، ئاۋارىچىلىككە گىرىپتار بولما. پىقىرچىلىقتا قالغان قاف ( «ق» ) ھەرپىدەك مۇلايىم، ساكىن ( «.» ) بەلگىسىدەك جىم بولۇپ ئارام ئال. ھەر كىم نام - شۆھرەتكە بېرىلسە غەمدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۆزۈڭنى غەمدىن خالاس قىلاي دېسەڭ، نام - شۆھرەتنى تەرك ئەت (يىراق قىل)، كۆڭلۈم چىرايىڭنىڭ بۇلبۇل قۇشى، گۈل يۈزۈڭنى ئاچقىل. سۇمبۇل چېچىڭنى رام قىلىپ، ئۇنى قىلتىقىڭغا چۈشۈشكە ئۆگەت. ئابدۇرشىتخان نامىلىق ئەي ئىززەتلىك شاھلارنىڭ شاھى، تەڭرى مەرھەمەت قىلىپ، جايلارنى ساڭا قارام قىلىپ بەرسۇن، پۇقرالارنى قول ئاستىڭغا جەم قىلىپ بەرسۇن، ئەي خۇدا ئۇنىڭ دۆلىتىنى كۆپ كۈن، كۆپ ئاي، كۆپ يىللار زىيادە، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىل، بەزى - بەزىدە ئايازى تەرەپكىمۇ، ئۇنىڭ سارغايغان چىرايىغىمۇ قاراپ قوي، ياخشى - يامان ھەممە ئىلتىپات ، شەپقىتىڭنى ئايىما.

بۇ شېئىردا شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقى، قىسمەن پەلسەپىۋى قاراشلىرى لىرىك قەھرىمان ئوبرازىدا خېلىلا روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، ئومۇمەن ئەدەبىياتتا، شېئىرىيەتتە تەبىئەت تەسۋىر ئوبيېكتى، ياكى شېئىرىي تەسۋىر ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئەكس ئېتىدۇ، لېكىن ھەر ئىككى ھالدىمۇ ئۇ ئىنسان قەلبى، روھىي ھېس - تۇيغۇسى، دەرد ۋە خۇشاللىق كەچۈرمىشلىرى بىلەن مۇستەھكەم بىرىككەن بولىدۇ. شائىر يۇقىرىقى شېئىرلىرىدا ستىلىستىك ۋاسىتىلەرنى قوللانغاندا، تەبىئەت تەسۋىرىدىن يالغۇز جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش،

پىكىرلىرىنى تولدۇرۇش ياكى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا پايدىلانمايدۇ، بەلكى شۇ ئارقىلىق دەۋر تېپىشماقلىرىنى ھەل قىلىش، چوڭ ئىجتىمائىي ئومۇملاشتۇرۇشلارنى يارىتىشقا ئىشلىتىدۇ. شائىرنىڭ يىرىك داستانى «جاھاننامە» ۋە يوقىرىدىكى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۆتكەن ئىككى شېئىردىكى بۇ خۇسۇسىيەتلەر شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىنىڭ خېلىلا يوقىرى بالداقتا كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ ناھايىتى باي ئەدەبىي ئىجادىيەت مەھسۇلىدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ناھايىتى ئاز قىسمى يېتىپ كەلگەن.

شائىر ئۆز ئىجادىدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاتىسى ۋە شەرق ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىسى، XI ئەسىر مۇتەپەككۇرى بولغان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «تەڭرى مەركەزلىك نەزەرىيە»گە قارشى ھالدا ئىنسانىي ۋە ئۇنىڭ بەخت سائادىتىنى تېماتىك مەزمۇن قىلغان «ئىنسان مەركەزلىك» دەيدىغان نەزەرىيە، «ئىدېئال غايىۋى شاھ» ۋە «ئىدېئال غايىۋى دۆلەت» ئېستېتىك غايىسى - ئەنئەنىسىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھاياتىنىڭ مەنبەسى، فېئوداللىق جەمئىيەت ماھىيىتى بولغان ئۇرۇشلار، ئۇلارنىڭ خەلق بېشىغا ئېلىپ كېلىدىغان بالايى ئاپەتلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ سىرىنى چۈشىنەلمەيدۇ. بۇنداق ھاللارغا دۇچ كەلگەندە، ئامالسىز ھالدا «ئاللا»غا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرلىرىغا ئورتاق بولغان بۇ ئەھۋالنى ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئۇلۇغ داھىيلىرىدىن بىرى بولغان ئېنگېلسنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن چۈشەندۈرگىلى

بولىدۇ. «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەت ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى»: يۇقىرىقى ئەھۋال مانا شۇ قانۇنىيەت ئارقىلىق يېشىلىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## شاھ ماخمۇت بىن مىرزا پازىل جوراس توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ماخمۇت جوراس ئۆزى توغرىسىدا «ئابدۇللا خاننىڭ بەگلىرى ئىچىدە تۆت كىشى بار ئىدى. ئۇلاردىن قاسىم بەگ ئەسكەر قازىسى، مىر يۈسۈپ خوجا بەھرەيىننىڭ قازىسى بولۇپ، بۇ ئىككىسى چوڭ بەگلەردىن سانىلاتتى. مىرزا پازىل ساغرىچى، يەنە بىرى بۇ تارىخنىڭ ئاپتورى مىرزا شاھ ماخمۇت جوراس ئىدى»[1]، دېمەك، مەشھۇر تارىخچى ۋە ئەدىب ماخمۇت جوراس سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى لېكىن ئەڭ جەسۇر، مەشھۇرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاخان (1640 ـ 1670) دەۋرىدىكى بەگلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئو. ف. ئاكىمۇشكىننىڭ 1976 ـ يىلى موسكۋادا نەشىر قىلىنغان «شاھ ماخمۇت ئىبىن مىرزا پازىل جوراسنىڭ خرونىكىلىق يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا تەتقىقات» (رۇسچە) ناملىق كىتابىنىڭ 50 ـ بېتىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: يەركەنلىك تارىخچى ۋە شائىر شاھ ماخمۇت XVII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ھەربىي ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مەلۇماتلىق كىشىسى بولۇپ، پارس ۋە تۈركىي ئەدەبىياتلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. شاھ ماخمۇت ئۆزىنىڭ «تارىخ ناملىق ئەسىرىنى (ئېھتىمال «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») بولسا كېرەك. —

---

[1] «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») قول يازما.

ئاپتور) XVII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا، 40 ياشتىن ئاشقاندا پارس تىلىدا يازغان. ئەدىبنىڭ بۇ ئەسىرىدە ئايرىم شائىرلار ھەققىدە مەلۇماتلار مەۋجۇت. «تارىخ»تىن كېيىن شاھ ماخمۇت «ئانىس ئات - تالىبىن» (ئەبۇ مەنسۇر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «رەفىق ئات - تالىبىن» دەپ ئاتىغان) ناملىق كىتابىنى XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان. بىئوگرافىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بۇ ئەسەر مەشھۇر شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى ئەرشىنىڭ دادىسى دانىيال خوجىغا بېغىشلانغان»[1]. بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، شاھ ماخمۇت جوراس ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق، يېتىلگەن زىيالىيلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

ئىككىنچىدىن، يۇقىرىقى مەلۇماتتىن شاھ ماخمۇت جوراس جۇڭغار دەۋرىدە ھايات كەچۈرگەنلىكى، (دانىيال خوجا جۇڭغارلار شىنجاڭنى ئىستىلا قىلغان دەۋردە قەشقەردە خانلىق تەختكە ئولتۇرغان ئاپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1730 - يىلى ۋاپات بولغانىدى). ئىشقىلىپ، خېلىلا ئۇزاق ياشىغان ئادەم ئىكەنلىكى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

شاھ ماخمۇت مىرزا پازىل ئوغلى جوراسنىڭ ئەپسۇسكى بىزنىڭ قولىمىزدا «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)[2] دىن (تولۇق بولمىغان قول يازما) باشقا ئەسىرى يوق. ئۇنىڭ «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») نى يېزىشىدىكى ھەقىقىي زىيالىيغا خاس ئىنسانىي بۇرچى ناھايىتى ئېنىق: «... دېمەك، تارىخ بايان قىلىشقا ۋە يېزىشقا مەندەك بىچارە كىشىنىڭ لاياقىتى يوق ئىدى. ئەمما مېنىڭ كۆڭلۈمگە شۇنداق كەلدىكى، مىرزا ھەيدەر ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپ ‹تارىخى

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالمۇتا، 1983 - يىل نەشرى، 71 - 72 - بەتلەر.

② زەيلى — «تارىخى رەشىدى» داۋامى مەنىسىدە.

رەشىدى، دېگەن تارىخنى يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ ئابدۇرىشىتخاننىڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋرلەر ۋە پادىشاھلار ھەم ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىپتۇ، ئابدۇرىشىتخاندىن كېيىن ھەزرىتى مۇھەممەت ئىمىن باھا تۆرىخاننىڭ دەۋرىگىچە ھېچ كىشى تارىخ يازماپتۇ. گەرچە مېنىڭ تارىخ يېزىش قابىلىيىتىم بولمىسىمۇ، ئىلمىي - ئەقىل كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تارىخ يازدىم. بۇ تارىخنى يېزىشتا ئاللا يارى (بىك) نىڭ مېنىڭ تارىخ يېزىشىمغا بولغان تەشەببۇس ئىلتىماسى بىلەن تارىخ كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىقتىم. بۇ تارىخنى يېزىشتىكى مەقسىتىم ئۆتكەنكىلەرنىڭ ۋەقەلىرى ۋە ياخشى خىسلەتلىرى ۋە مېنىڭدەكلەرنىڭ دۇئاگويلۇقى، ئۇلۇس (خەلق) ئارا يادىكار قالسۇن دېمەكتۇر»[1]. مانا بۇ ھەقىقىي ئىنسانىغا خاس كەمتەر، ئەمما ساپ - تازا قەلبىنىڭ ماھىيەتلىك سادىسى.

تارىخچىغا يۇقىرىقى تارىخنى يېزىشقا ئىلھام بەرگەن، تۈرتكە بولغان ئاللا يارى كىم؟ بۇ ئادەم بۇ كىتابتا ئىككى جايدا ئۇچرايدۇ. «ھىجرىيە 1000 - يىلى ئابلاخان بىر قېتىم يۈرۈش قىلىپ سىرىق قول (پامىر) دىن ئۆتۈپ قايتىپ كەلدى...، قارا كۆچۈك بەگ (قىرغىز) قېچىپ كەتتى، لېكىن ساتىم بەگ ھېچقانداق گۇناھ قىلمىغان بولسىمۇ، ئابلاخان ساتىمدىن گۇمانلىنىپ، ساتىم بەگ باشلىق قىرغىزنى قىرغىن قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللا يارى 23 ياشتا بولۇپ، بىر تۈركۈم 10 مىڭ ئادەمنى باشلاپ، قېچىپ كەتتى. ئابلاخان شاھىياز باشلىق بىر تۈركۈم ئەسكەرلەرنى ئاللا يارىغا قارشى ئەۋەتتى، ئاللا يارى بەگلەرنى مەغلۇپ قىلدى، ئابدۇللا بەگنىڭ ئارغىمىقىنى ئالتۇن

---

[1] «تارىخى رەشىدى» («مۇزىبلىق») 84 ـ 85 ـ بەتلەر.

ئىگرى بىلەن، تەڭرى بەگنىڭ ئارغىمىقىنى ھەم ئالتۇن ئىگرى بىلەن ئاللا يارى ئۇلجا قىلىپ قېچىپ كەتتى»[1]. بۇ پاكىتنىڭ قارىغاندا، ئابدۇللا ئۆلتۈرگەن ساتىم بەگ ئاللا يارنىڭ ئاتىسى بولۇپ، ئابدۇللابەگنىڭ ناھەقچىلىقىغا قارشى چىققان ئاللا يارى ئابدۇللاخان ھاكىمىيىتى تەركىبىدىكى قىرغىز بەگلىرىدەك قىلىدۇ. ھەقىقەتەن تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، سەئىدىيە خانلىقى باشتىن ئاخىر ئۇيغۇرلارنى مەركەز قىلغان كۆپ مىللەتلىك ھاكىمىيەت ئىدى.

«... يولۋاسخان (1668 ـ 1671) قالماقلا كېتىشكە تەييارلاندى، مال ـ مۈلۈك خەزىنىلەرنى تەييارلاپ، ئاتلارغا يۈكلەپ تەييارلاپ تۇرغانىدى. يولۋاسخان چىققۇچە، ئاللايارى بەگ باشلىق بىر مۇنچە باشباشتاق قىرغىزلار خەزىنىنى بۇلاپ كەتتى»[2]. دېمەك، بۇ جايدىمۇ قىرغىز ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاللايارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى توغرىسىدا موللا مىرسالىھ قەشقىرى يازغان «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابتا مەلۇمات بېرىلىدۇ: «... مۇھەممەت ئىمىن خان شېھىت بولۇپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇلۇغ خوجام ۋاپات بولدىلەر (ئاپاق خوجىنى دېمەكچى، ۋاپاتى 1694 ـ يىلى. ئاپتور)، خاجەمدىن كېيىن سەككىز ئاي كېيىن كىچىك خوجامنى قالماق ئۆلتۈردى. خاندىن كېيىن ئىككى خوجام ئىككى يىل ۋە ئىككى ئاي جاھاندارچىلىق قىلدىلەر. خانىم ئوغلى پادشاھ خوجە مەملىكەتكە مۇتەسسەررىف بولدىلەر. ئاللايارى بەگ ھاكىم ئىدى. قاچىپ چىقتى. كەينىدىن بەگلەر بارىپ ئەجەپ ئاسان تۇتۇپ كەلدىلەر». ئاقباشخان ھەزرەت باباخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى. تۇرپان بەگلىرى، يەركەنت بەگلىرى يىغىلىپ، ئابائى كىراملارنىڭ ئورنىدا خان كۆتەردىلەر. كاشغارغا چېرىك

---

[1] «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») 114 ـ، 115 ـ بەتلەر.
[2] يۇقىرىقى كىتاب 120 ـ بەت.

ئاتلانديلار، ئارزۇ مۇھەممەت بەگ باشلىق قىپچاقلار خانغا كەلدى، ياڭى ھىسارنى زوردا ئالىپ، خۇدا بەردى ياساۋۇل بىلەن قاسىم خاجەنى قەتل قىلدىلەر، ئاندىن كاشغارغا باردىلەر. دەريايى لەشكەربىلە تىنىُ بەگ، سارىقبەگ قاچىپ چىقتىلەر. كاشغارنى ھەم ئالدىلەر. خاجە مەخسوت خاجەنى، مۇبارەك شاھ بەگنى يۇرتقا بەردىلەر، كاشغار يۇرتى كىيەك سالىپ ئۆلتۈردىلەر. بىر قىرغىز تىنى بەگ بىلەن سارىق بەگنى تۇتۇپ كەلدى. تىنى بەگنى ئاللايارى بەگنىڭ ئوغلانلىرىغا بەردىلەر، ئۇلار ئۆلتۈردى. سارىق بەگنى يۇرت قەتل قىلدى. ئاخوند موللا فەزلولىلا ھاكىمى يەركەند بولدى»[1]. دېمەك، ئاللايارى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرى جۇڭغارلار شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىرىپ، خائىن ئاپاق خوجا قورچاق خانلىققا تىكلەنگەن دەۋردىمۇ يەركەن ھاكىمى بولۇپ، خەلق تەرەپتە تۇرۇپ جۇڭغار ئىستىبداتى، قورچاق ئاپاق خوجا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىپ قۇربان بولغان، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك ھەم ھەربىي، ھەم سىياسىئون ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. ئۆز دەۋرىگە لايىق تارىخنىڭ دىلىنى چۈشەنگەن بۇ ئىنسان ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئادىمى بولغان شاھ ماخمۇت بىن پازىلغا خەلقنىڭ بۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىستىبداتىغا، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى گۈلخان بولۇپ يانغان قانلىق كۈرەشلىرىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن تەجرىبە - ساۋاق، مەدەنىيەت يادىكارلىقى سۈپىتىدە قالدۇرۇشنى جىكىلىگەن، تاپىلىغان، مەسلىھەت بەرگەنلىكى 1694 - 1695 - يىللارغا توغرا كەلسە كېرەك، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەدىب شاھ ماخمۇت بىن جوراسنىڭ «. . . ئەمما مېنىڭ

---

[1] موللا مىر سالىھ قەشقەرى «چىڭگىزنامە»، 177 ـ 178 ـ بەتلەر.

كۈچلۈمگە شۇنداق كەلدىكى، مىرزا ھەيدەر ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپ «تارىخى رەشىدى» دېگەن تارىخنى يېزىپتۇ ۋە ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلاپ ئابدۇرىشىتخاننىڭ دەۋرىگىچە بولغان دەۋر ۋە پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايان قىلىنىپتۇ. ئابدۇرىشىتخاندىن كېيىن ھىجرىتى مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ دەۋرىگىچە ھېچ كىشى تارىخ يازماپتۇ... بۇ تارىخنى... تارىخ كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ بايانىغا ئاساسلىنىپ، يېزىپ چىقتىم...[1] » دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ ئەسىرىگە باھا بېرىشتە ناھايىتى زور دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى بۇ سۆزلەر ناھايىتى سەممىي، رېئال ئېيتىلغان، ئەدىب ۋە تارىخچىنىڭ يوقىرىقى سۆزلىرىنى ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن ئاپتورلارنىڭ شۇ دەۋرلەر توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىنى خېلىلا پۇختا ئۆگەنگەندىن كېيىن ۋە ئۆز دەۋرىنى خېلىلا چوڭقۇر ئۆگەنگەندىن كېيىن چىقارغان خۇلاسىسى دېيىش مۇمكىن.

ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگىنىشتە، مەيلى غەربتە، مەيلى شەرقتە بولسۇن، ئۇلۇغ رۇس ئالىمى بارتولىد (Bartolid) ئەسەرلىرىنى ھەقىقەتەن ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەر دېيىش مۇمكىن. بارتولد ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى، بولۇپمۇ روسىيە قىسمىدىكى خەلقلەر تارىخىنى بىر قەدەر مۇكەممەل يورۇتۇپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي قىسمىدىكى، بولۇپمۇ شىنجاڭ قىسمىدىكى خەلقلەر تارىخىنى يورۇتۇپ بېرەلمىگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئېيتقان رادلوۋمۇ، س. مالوۋمۇ شىنجاڭنىڭ سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرى توغرىسىدا ھېچ نەرسە ئېيتالمىغان، كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر تارىخى

---

① «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») 84 ـ 85 ـ بەتلەر.

توغرۇلۇق ناھايىتى قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان دوكتور تېخنوۋ، ئا. گ. مالياۋكىنلارمۇ ئوخشاشلا شىنجاڭنىڭ سەئىدىيە خاندانلىقى ھەققىدە سىستېمىلىق، كونكرېت پىكىر ئېيتالىغىنى يوق. بۇنداق ئەھۋال تۈرك، ياپون تارىخچىلىرى، پارس، ئەرەب تارىخچىلىرى، ھەتتا ئېلىمىز خەنزۇ تارىخچىلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق بىر ھالەتتۇر.

مەنبەشۇناسلىق نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، ھازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنى چىڭگىزخان ئىستىبلاسىدىن كېيىن XVII ئەسىرگىچە بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخىنى، بىر - بىرىگە ئۇلاپ، بىر - بىرىنى تولۇقلاپ ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ئۈچ مۇھىم ئەسەر بار: ئۇنىڭ بىرى، مىرزا ھەيدەر دوغلاد قەشقەرى يازغان «تارىخى رەشىدى»، بولۇپ ئۇ شىنجاڭنى مەركەز قىلغان ھالدا خۇددى شاھ ماخمۇت بىن پازىل ئېيتقاندەك، تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن تارتىپ ئابدۇرىشىتخاننىڭ ھاكىمىيەتكە چىققان دەۋرگىچە بولغان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ھاياتىدا يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تارىخىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئىككىنچىسى، ئەدىب، تارىخچى شاھ ماخمۇت ئۆز ئەسىرىنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتقاندەك (گەرچە ئەسىرىنى كىدانلار دەۋرىدىن باشلىسىمۇ) شىنجاڭ ئۇيغۇرلار سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى خانى مۇھەممەت ئىمىن باھادىرخانغىچە بولغان دەۋرنى يورۇتۇپ بەرسە، ئەمدى موللا مىر سالىھ قەشقەرى يازغان «چىڭگىزنامە» (گەرچە

ئەسىرنى چىڭگىزخان دەۋرىدىن باشلىسىمۇ) دە «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») دە كەم قالغان شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇھىم سەھىپىلەرنىڭ بىر قىسمى بولغان خوجىلار ۋە جوڭغار دەۋرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ كېيىنكى ئىككى ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ باش قىسمىدا كۆپ ئورۇنلاردا «تارىخى رەشىدى» نى تەكرارلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرىنى مۇشۇ كونگىچە تولدۇرالماي ئاق كېلىۋاتقان ئابدۇرشىتخان دەۋرىدىن جوڭغارلار دەۋرىگىچە بولغان دەۋر بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، تارىخ ئالدىدا، ئەۋلادلار ئالدىدا ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىنى بىجىرگىنى ئۈچۈن خەلق قەلبىدە ياشاپ ئۇلۇغلىنىپ كەلمەكتە. بۇ سىمالار ئۆزلىرى ياراتقان تارىخنىڭ ھۆكمى بىلەن مەڭگۇ شۇنداق بولۇپ قالغۇسىدۇر. بۇ ئۈچ ئەسەر شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيەت تارىخىنى ئۆگىنىشتە ناھايىتى زور تارىخى ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

بۇ ئۈچ ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ ئەسەرلەر ئاپتورلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەنقىدىي ھالدا چوڭقۇر ئۆگەنگەنلىكىدىن ئۆز جەمئىيىتىنى، ئۇ جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن ئىلىم - پەن ئوتۇقلىرىنى سىنچىلاپ ئۆگەنگەندىن ۋە ئۆزلىرى شۇ دەۋرنىڭ شاھىت - گۇۋاھچىلىرى بولغاندىن تاشقىرى، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، بۇ دەۋردە يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ ۋەقەلەرگە بىۋاسىتە قاتناشقانلىقى ياكى قاتناشقان ئادەملەر ئارقىلىق بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن يازغان ئەسەرلىرى تەبىئىي ھالدا چوڭقۇر رېئاللىق، چىن تارىخىيلىققا

ئىگە بولغان ھەم ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ئاشۇرغان.

بايان قىلىش ئۇسۇلى ھەم تىل جەھەتتىن ئالغاندا، تارىخ بىلەن ئەدەبىي نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ چەك - چېگرىسى تېخى ئايرىلمىغان بۇ دەۋردە بۇ ئەسەرلەر ھەم تارىخ، ھەم سىياسىي ئوبزور خاراكتېرلىك بەدىئىي ئەسەر تۈسىنى ئالغان.

## «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») نىڭ مەزمۇن دائىرىسى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

شاھ ماخمۇت بىن پازىل جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») دېگەن ئەسىرى ۋە بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىغان باشقا ئەسەرلىرى شەرق ۋە غەربتە بولسۇن، شەرقشۇناسلار، تۈركولوگلار ئۈچۈن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلار ۋە باي مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قالدۇرغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىنى ئۆگىنىشتە چوڭ مەنبە بولۇپ، خىزمەت قىلماقتا.

شاھ ماخمۇت بىن مىرزا پازىل جوراس - يەنى پازىل مىرزىنىڭ ئوغلى. «جوراس» قەبىلىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇنى شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئەدەبىي تەخەللۇس تەرىقىسىدە ئىشلەتكەن. «جوراس» قەبىلىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئېتنىك تەركىبىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا زور رول ئوينىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك قەبىلىلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. ئۇ بۇ مەسىلىنى ئۆز كىتابى «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») دە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «جاھاننىڭ شاھى چىڭگىزخان خىتاي پادىشاھلىقىنى ئېلىپ، خىتاي مەملىكىتىنى ئۆزىگە

بېقىندۇردى، جوراس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى جامۇ قەساخان چىڭگىزخانغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، كۆپ قەبىلىلەرنى توپلاپ، ئۇلۇغ قاغان چىڭگىزخان بىلەن ئۇرۇش قىلدى. چىڭگىزخان غالىبىيەتكە ئېرىشىپ، دەسلەپكى ئىككى نۆۋەتلىك ئۇرۇشتا جامۇقەساخان قولغا چۈشۈپ، قويۇپ بېرىلگەنىدى. ئۈچىنچى نۆۋەت يەنە قولغا چۈشتى، بۇ قېتىم جامۇقەساخاننى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ خەلقى ناھايىتى كۆپ ئىدى. لېكىن چىڭگىزخان ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ، ئىككى ئىنىسى قىسار بىلەن ئوتچىگىن نويانغا ۋە ئوغلى چاغاتاي خانغا ئۇ خەلقنى تەقسىم قىلىپ بەردى»① دېگىنىدە، ئۆز قەبىلىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تىز پۈكمەي كۆرەش قىلىش، جاسارەتلىك، قەھرىمانلىق روھى بىلەن پەخىرلىنىش روھى كىشىگە زور ئىستېتىك ۋە دىداكتىك روھ بېغىشلايدۇ.

كىتابتا شىنجاڭنى مەركەز قىلغان ھالدا، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى چۆرىدىگەن ھالدا XIII ئەسىردىن XVII ئەسىرگىچە يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھايات تارىخى يىل تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنىدۇ.

كىدانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۆرىسى يىلۇئاشىن — گورخان رەھبەرلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كېلىشى ۋە موڭغۇل دالاسىدا چىڭگىزخاننىڭ باش كۆتۈرۈشى، چىڭگىز زەربىسىدىن ۋەيران بولغان نايمان خانى ناغاي خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكنىڭ قېچىپ كېلىپ گورخانغا قوشۇلۇشى، كېيىن خائىنلارچە خارازىم شاھ مۇھەممەت بىلەن بىرلىشىپ گورخاننى يوقىتىپ، گورخان تېررىتورىيىسى يەتتە سۇ، شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىشى، كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىشى ۋە چىڭگىز باشلىق ئۇنىڭ ئوغۇللىرى جوجى، چاغاتاي،

---

① «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 3 ـ، 4 ـ بەتلەر.

ئوگداي، تولى خانلارنىڭ ھەربىي تاجاۋۇزچىلىق بىلەن ئىگىلىگەن جايلىرى، ئۇلارنىڭ نەسەبنامىسى، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان ھىلاكوخان، مۇبارەك شاھ، بوراخان، سوقاراخان، بوراقخان (سۇلتان غىياسىدىن)، داۋاخان (داۋاجىخان)، كىپەك خان، ئىلچى دارى خان، داۋاتمۇخان، تەرمەشىرىن خان، تۇغلۇق تۆمۈرخان، ئىسەن بۇقاخان، مۇھەممەتخان، شىر مۇھەممەتخان، ئۇۋەيسخان، سولتان يۇنۇسخان قاتارلىقلار يىل تەرتىپى بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە چىڭگىزخان ئۆلۈمى ئالدىدا ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلغان يەرلەرنىڭ چېگرىلىرى، چىڭگىزخاننىڭ ئۆلۈمى ۋە قەبرىسى توغرىسىدا ئىخچام چۈشەنچىلەر بېرىلىدۇ. يۇقىرىقى ئۇزۇن تارىخنى تارىخى رېئاللىققا ئۇيغۇن ئىخچام بايان قىلالىشى ئۇنىڭ ئاشۇ دەۋر تارىخى مەنبەلىرىنى خېلىلا پىششىق ئۆگەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەدىب ۋە تارىخچى ئۆز كىتابىدا ئىنسانىيەتكە تۆھپە يارىتىشتا ئاڭلىق - ئاقىلانە ئىش قىلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ھاياتىدا يورۇتۇلغان تەرەپلەرگە ئەمەس، بەلكى تېخى يورۇتۇلمىغان، قاراڭغۇ تەرەپلەرگە ئاساسىي كۈچنى بۆلىدۇ.

ئاساسىي دىققەت مەركىزىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان غەرب ۋە شەرق تارىخچىلىرى ۋە شەرقشۇناسلىرى تەرىپىدىن تېخى يورۇتۇلمىغان شىنجاڭدا 170 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ چوڭ سىياسىي كۈچكە ئايلانغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشكە قارىتىدۇ. ئۇ سەئىدخانىنىڭ بېشىدىن قانداق سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭدا ئەڭ ۋەھشىي ئىستىبداتقا ئايلانغان ئابابەكرىدىن

ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ سەئىدىيە خاندانلىقىنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭدا قانۇنغا ئاساسلانغان مەركەزلەشكەن فېئودالىق ھاكىمىيەتنى قۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمىنىمۇ ئۆزىگە قارىتىپ، سەئىدىيە خاندانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا يېگانە ھۆكۈمران سىياسىي كۈچكە ئايلاندۇرغان جەريانىنى، سەئىدخاننىڭ ئىنسانغا خاس ئالىيجاناب پەزىلىتى، ئىنساپپەرۋەر، مەدەنىيەتپەرۋەر خىسلەتلىرىنى، تۇغۇلغان، گۈللەنگەن جەمئىيەت مەدەنىيەت مەنزىرىسىنى ۋە سەئىدخاننىڭ شەخسىي بەدئىي ئىجادىيەت پاكىتلىرىنى، سەئىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن ئابدۇرىشىتخان ھاكىمىيەتكە چىقىش ئارىلىقىدىكى دەھشەتلىك ھاكىمىيەت كۈرىشى سىياسىي ئاتموسفېراسىنى، بۇ جەرياندىكى ئابدۇرىشىتخاننىڭ جاسارىتى ۋە ئەقىل كۈچىنى ھەم ئابدۇرىشىتخان ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىچكى - تاشقى كۈچلەرگە زەربە بېرىپ، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ دۆلەت بىرلىكىنى ساقلاپ جەمئىيەتنى گۈللەندۈرگەن جاسارەتلىك پائالىيەتلىرىنى، ئابدۇرىشىتخاننىڭ شەخسىي پەزىلىتىگە، ئىجادىيىتىگە دائىر بىر قاتار مەسىلىلەرنى «تارىخى رەشىدى» گە قارىغاندا تار دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرسىمۇ، ئەمما رېئال چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئەدىب ھەم تارىخچى شاھ ماخمۇت بىن مىرزا پازىل جوراسنىڭ ئەڭ مۇھىم تارىخى تۆھپىسىنىڭ بىرى شۇ جايدىكى، بۇ دەۋردىكى بىردىنبىر ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسەر مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ «تارىخى رەشىدى» سىدە ئەكس ئەتمىگەن، ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئابدۇرىشىتخاننىڭ تەخت ۋارىسى بولغان ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىمخاندىن (1570 - 1580) سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى مۇھەممەت ئىمىن باھادىرخان (ۋاپاتى 1679 - يىلى) غىچە بولغان جەرياندا ئۆتكەن

سەئىدخان ئەۋلادلىرى قۇرايىش سۇلتان[1] ، ئابلىتىپخان ( خەلق ئىچىدە ئاپپاق خان دېيىلىدۇ ) ، ئەخمەتخان، مۇھەممەتخان، ماخمۇتخان ( قىلىچ خان ) ، ئابدۇرىيىمخان ( پولاتخان ) ، ئابدۇللاخان، يولۋاسخان، ئىسمايىلخان، مۇھەممەت ئىمىن باھادىرخانلارنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن سەئىدىيە خاندانلىقىدىكى ھاكىمىيەت كۈرىشىدىكى ئىجابىي، سەلبىي پائالىيەتلىرى كونكرېت، رېئال، چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلىدۇ. كىتابنىڭ بۇ قىسمىنى ئوقۇغاندا كىشىدە تۇغۇلىدىغان شۇنداق قۇدرەتلىك سەئىدىيە خاندانلىقى نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئېچىنىشلىق سىياسىي تراگېدىيىگە دۇچ كېلىپ بەربات بولدى، دېگەن سوئال كىتابتا كونكرېت ۋەقەلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن قارىغاندا، تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇشۇ باسقۇچى بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يورۇتۇلماي كەلگەنىدى. ئاپتور مانا مۇشۇ بىر ئەسىردىن ئوشۇق تارىخى جەرياننى كونكرېت پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بەرگىنى ئۈچۈنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر تارىخىدا ئالاھىدە پەخىرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

مەيلى تارىخچى، مەيلى يازغۇچى بولسۇن، ئۆزى يېزىۋاتقان ۋەقەلىككە ئۆز پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئەسىرى ئۈچۈن تاللاپ ئېلىنغان سۇژېت ( ۋەقەلىك ) يازغۇچىنىڭ ئېستېتىك تەپەككۇر غەلۋىرىدىن ئۆتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. ئەدىب ھەم شائىر، تارىخچى شاھ ماخمۇت بىن مىرزا پازىل جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى» ( «زەيلى» ) ناملىق ئەسىرى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا تارىخى داستانلارغىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. يېزىلىش ئۇسلۇبىدىن ئېيتقاندا شەرق داستانچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ،

---

[1] «چىڭگىزنامە»دە قەرشى سۇلتان دېيىلگەن.

ۋەقەلىكنى ئەسرىي يول بىلەن بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى
ھېسسىياتىنى، كۆز قارىشىنى ماقال - تەمسىللەر، ھېكمەتلىك
سۆزلەر ياكى شېئىر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: موڭغول
دالاسىدا چىڭگىز تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان نايمان خانىنىڭ
ئوغلى كۈچلۈك يەتتە سۇدا دەسلەپتە كىدان خانى گورخاندىن
پاناھ تىپىپ، كېيىن خارازىم شاھ مۇھەممەت بىلەن خائىنلارچە
تىل بىرىكتۈرۈپ، گورخاندىن ھاكىمىيەت تارتىۋېلىپ،
شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، شىنجاڭدا زورلۇق - زومبۇلۇق
قىلىپ، خوتەن خەلقىنى بۇددا دىنىغا كىرىشكە زورلاپ،
قارشىلىق كۆرسەتكەن ھەزرىتى ئالاۋىدىن باشلىق ئۈچ مىڭدىن
ئارتۇق ئۆلىمانى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلىدۇ، ئاقىۋەت،
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن چىڭگىزخانىنىڭ قوماندانى
چېتە نويان تەرىپىدىن سېرىق قولدا ھالاك قىلىنىدۇ. ئاپتور
مۇشۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ، كۈچلۈك توغرىسىدىكى كۆز
قارىشىنى «ھەر كىم زۇلۇم قىلسا، دەۋلىتى زاۋال تاپار» دېگەن
ھېكمەتلىك سۆز ئارقىلىق كۈچلۈكنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ
كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە توغرا يەكۈن
چىقىرىدۇ.

شائىر ئابدۇرىشىتخان ئاغزىدىن ئوغلى ئابدۇكېرىمخانىنى
ئاقسۇنىڭ ئومۇمىي ۋالىيلىقىغا سايلاپ ماڭغۇزۇش ئالدىدا
بېرىلگەن:

پەدەر كوش پادشاھىي رانە شايەت،
ئەگەر شايەت بەجوز شەشى مەھناپايات.

(تەرجىمىسى: ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچى پادشاھلىققا لايىق
ئەمەستۇر. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازانسىمۇ، ئالتە ئايدىن ئۆزۈن
ياشىمايدۇ.) دېگەن ئىككى مىسرا شېئىر ئۇنىڭغا نەسىھەت

تەرىقىسىدە بېرىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بۇ سۆزنىڭ تېگىدە ئۆتمۈش تارىخى ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، خاندانلىقنىڭ كىلەچىكىگە قاراتقان بىر بېشارەت ھېكمىتى ياتىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغبەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھاكىمىيەت تارتىۋېلىشتا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى يۇقىرىقى ئۇسۇلنى قوللانغانىدى. ئۇلۇغبەگ زامانىسىدە ماۋرا ئۇننەھرىدە سوپىلارنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىۋالغان چوڭ ئىشان ئەبەيدۇللا ئەقرار ئۇلۇغبەگدىن سىياسىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلەتىپخاننىڭ قولى بىلەن ئۇلۇغبەگنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئوغلى تەختكە چىققاندىن كېيىن «ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن ئوغۇلغا تەخت راۋا بولمايدۇ» دېگەن «شەرىئەت ھۆكۈمى»نى چىقىرىپ، پۈتۈن ماۋرا ئۇننەھرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈپ ئالغانىدى.

فېئودالىزمنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالغان ۋە بارغانسېرى يۇقىرى. ئۆرلەۋاتقان سوفىزىم ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدىمۇ ئوبدانلا ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىپ ئالغانىدى. خاندانلىقنىڭ مانا شۇنداق سىياسىي، ئىجتىمائىي ئاتموسفېراسىدىن ئۇلۇغبەگ تەقدىرىنىڭ تراگېدىيىسى پۈراپ تۇراتتى. شۇڭا ئابدۇرىشىتخان ئاغزىدىن چىققان يۇقىرىقى ئىككى مىسرا شېئىرنى خاندانلىقنىڭ كېلەچىكىگە بىر بېشارەت، خانزادە، شاھزادىلارگە بىر ئاگاھلاندۇرۇش ئىدى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شاھ ماخمۇت بىن مىرزا پازىل جوراسنىڭ بۇ ئەسىرى تارىخ بىلەن ئەدەبىياتنى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرۇلغان رېئالىست ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن تەبىئىي خاھىشچانلىقتا (تىندىنسىيلىككە) ئىگە. خاھىشچانلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھايات ھادىسىلىرىگە ۋە كىشىلەرگە ئاپتورنىڭ بولغان مۇناسىۋىتىدۇر. بۇ مۇناسىۋەتلەر

ئىجتىمائىي ياكى سەلبىي بولۇشى مۇمكىن، مۇنداق خاھىشچانلىق ھاياتنى ھەققانىي تەسۋىرلەش بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

ف. ئېنگېلسنىڭ 1889 - يىل 26 - نويابىردا يازغۇچى مىنناكائوتسكاياغا يازغان خېتىدە بىز تۆۋەندىكى قۇرلارنى كۆرىمىز: «مەن خاھىشچانلىق شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە ھەرگىز قارشى ئەمەسمەن. تراگېدىيىنىڭ ئاتىسى بولغان ئېسخىل ۋە كومېدىيىنىڭ ئاتىسى بولغان ئارىستوفان ئىككىلىسىنىڭ ھەم خاھىشچانلىققا ئىگە شائىرلار ئىكەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، دانتې بىلەن سىرۋانتىس ھەم خۇددى شۇنداق. شىللېر يازغان ‹ماكىر ۋە مۇھەببەت›، ناملىق ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىكى، بۇ ئەسەر سىياسىي خاھىشچانلىققا ئىگە بىرىنچى نېمىس دراممىسىدۇر. ناھايىتى ياخشى رومانلار يازغان ھازىرقى زامان رۇس ۋە نورۋېگىيىلىك يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى باشتىن ئاخىر خاھىشچانلىققا ئىگە يازغۇچىلاردۇر»؛ «خاھىشچانلىق ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ۋەزىيەتتىن ۋە ۋەقەلىكتىن ئۆز - ئۆزىدىن كېلىپ چىقىشى لازىم، ئەسەردە بۇنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش شەرت ئەمەس، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي كونفلىكتنىڭ كېلەچەكتە قانداق ھەل بولۇشىنى ئوقۇغۇچىغا تەييار ھالدا بېرىشكە مەجبۇر ئەمەس»①.

١٩ - ئەسىردە سوتسىيالىستىك رومان يازغۇچىلار، بۇرژۇئا ئوپتىمىزمىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، بۇرژۇئا تۈزۈمى «مەڭگۈلۈك» دېگەن سەپسەتىنى بەربات قىلىپ، سوتسىيالىستىك تاڭنىڭ سۈبھىسىدىن دېرەك بېرىشكەنىدى. بۇنى ف. ئېنگېلس «شېئىرىي ئادالەت»② دېگەنىدى، يۇقىرىقى كلاسسىك تەرىپىنى ماخمۇت جوراس ئەسىرىگىمۇ تەتبىق

① ئەينى زاماندا ئەدەبىي ئەسەر (ئەسىرمۇ، شېئىرمۇ) شېئىرىيەت دەپ ئاتىلاتتى.
② ف. ئېنگېلس، ك. ماركس «سەنئەت توغرىسىدا»، 1 - توم، 332 - بەت.

قىلىش ھەقىقەتكە تامامەن ئۇيغۇندۇر.

شاھ ماخمۇت جوراستىكى «خاھىشچانلىق» نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ رېئاللىقا ئەڭ سادىق بولۇپ، تەسۋىرلىشى نەتىجىسىدە ئەسەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدىيىسى سۇپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ.

مەسىلەن: قەشقەرنىڭ باش ۋالىيسى ئىبراھىم سۇلتان (ئابدۇرىشىتخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى مەشھۇر سوپى سۇلتان) نىڭ قارا قورساق زالىم ھۆكۈمدارلىقىنى مىرزا مىرەك ئاغزىدىن «دىلىڭغۇ كور ئىدى، كۆزۈڭمۇ كور بولسۇن» دېگەن ئافورىزمنى بەرگىنىدە، فېئودالىزمنى ساتىرا قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ.

ياكى: قارسام كۆرۈنمەيدۇ دۇنيانىڭ ئۇچى،
بۇ دۇنيا بىر كونا رابات بىز يول ئۆتكۈنچى.

ياكى: سېنىڭ ئېتىڭ بۇراق[1] ئىگىرىڭ گەۋھەر،
مەغرۇر بولما ئۇنىڭغا ئەقلىڭ بولسا گەر.
بۈگۈن سۇنسا پىيالە،
ئەرتە كوزا سۇنار.

دېگەن كۇپلېتلارمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىچكى زىددىيەتكە تولغان فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ تەۋرەپ تۇرغان چىرىك ئۆلىمىنىڭ ئىنسان تەپەككۇرىدىكى ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئىدىيە شائىرنىڭ ئابدۇكېرىمخاننىڭ سۇيىقەست بىلەن ئېچىنىشلىق ھالاكىتىگە بېغىشلانغان «پىش ئەمەس» رادىپلىق بۇ شېئىردا تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ:

---

[1] بۇراق ـ جەننەتتىن چىققان ئۇچار ئات.

٢

دۇنياغا بەرمە كۆڭۈل نا مېھرىبانى پىش ئەمەس[1]،
بىر راباتى[2] كوھىندۇر بىزگە راۋانى[3] پىش ئەمەس.
تەڭرىلىك دەۋاسى قىلدى نەمرۇد[4] قەتل ئەتكۈچى[5]،
پىشەئى زارو زەئىپ ناتىۋانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت ئەھلىگە لازىم ۋە ئام[6] پىكرىنى يېمەك،
بىر ئىبغىل قويدۇر ئۇلۇس[7] شاھلار شوبانى[8] پىش ئەمەس.

بۇ بىر پارچە شېئىردا ھەل قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ئىچكى زىددىيەتكە تولغان توقۇنۇشتىن ھاسىل بولغان، فېئودال خانلىرىنىڭ تەخت - مەنپەئەت تالىشىشىدىن تۇغۇلغان پاجىئەلىك مەنزىرىسى ئاستىدىكى خەلقنىڭ بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈك دىداكتىك پىكرى ئەكس ئەتكەن.

ئابدۇرىشىتخاننىڭ يەتتىنچى ئوغلى قۇرايىش سۇلتان (1580 - 1582) («چىڭگىزنامە»دە قەرشى سۇلتان دېيىلگەن، ئابدۇرىشىتخاننىڭ باشقا خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللىرىدىن بىرى) ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىمخان (خەلق ئىچىدە ئادىل خان دەپ نام ئالغان) نى ئوبولمانى باشلىق يامان كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. ئابدۇكېرىمخان تەرەپدارى بولغان شۇ زاماننىڭ بىر بۆلۈم ئىلغار كىشىلىرى ئابدۇكېرىمخاننىڭ «يۇسۇپ سۇپەت» چىرايلىق ئوغلى ئابدۇلتىپخان (كىشىلەر ئىچىدە ئاپپاقخان دېيىلىدۇ، بۇ چاغدا 14 ياشتا ئىدى) نى ئابدۇكېرىمخاننىڭ تەختى ۋارىسى دەپ

---

① دۇنيانىڭ مېھرىبانلىقى ھەمىشە بولىۋەرمەيدۇ.
② راباتى - يول ئۈتكۈچىلەر قونۇپ ئۆتىدىغان دالا. لەڭگەر.
③ راۋانى - داۋاملىق بولۇش.
④ نەمرۇد - ئەرەب ئەپسانىلىرىدىكى خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغۇچى شەخس.
⑤ قەتل ئەتكۈچى - خەلقنى قىرىپ ئۆلتۈرگۈچى.
⑥ ئام - ئومۇمىي خەلق.
⑦ ئۇلۇس - خەلق.
⑧ شوبان - قويچى، پادىچى.

تونۇپ، قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، قۇرايىش سۇلتان بىلەن تىغمۇ-تىغ ئېلىشىپ، قۇرايىش سۇلتاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. شۇ جەمئىيەت نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئېيتقاندا، ھەققانىيلىق ئابدۇللەتىپخان (ئاپپاقخان) تەرەپتە ئىدى. ئابدۇللەتىپخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنى خەلق تەبرىكلەپ مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇيدۇ:

شاھ ساڭا ھەق تابارەك بولسۇن،
ئەل ئۈززە ئىزىڭ تاج تارىك بولسۇن.
لۇتپ ئەتتى خۇدا بەردى ساڭا تىنىق ئىلە بەخت،
بۇ بەخت ئىلە تەختىڭىز مۇبارەك بولسۇن[1].

خەلققە ھەممەنپەس شائىر خەلق ئاۋازىغا مۇنداق جور بولىدۇ:

ھەق ئەزىز ئەتكەن كىشىنى خار ئېتەلمەس ھېچ كىشى،
كىمنى ئۇ خار ئەيلىسە ھەر يەردە بولسا خار كىشى[2].

شائىر بۇ جايدا كىشى تەقدىرىنى «ئاللاغا» باغلىسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتنى قوغداشتا خەلق تەرەپتە تۇرغانلىقىنى ئىلغار دېيىشكە بولىدۇ:

ئابدۇللەتىپخان ئاتىسىنىڭ تەختىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئادالەتلىك بىلەن ئىش يۈرگۈزۈش ياخشى ئىستىلىغىمۇ ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئۇ ئۆز كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىشكىمۇ ماھىر ئىدى. ئۇ قارا نىيەت سۇيىقەستچى قۇرايىشخاندىن ھاكىمىيەت تارتىۋېلىپ ئۇنى سۈرگۈن قىلغاندا بەزى ياخشى كىشىلەرمۇ بىللە سۈرگۈن قىلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، سۈرگۈندە يۈرگەن شاھ خوجا ئابدۇرازاق ئوغلى مۇنۇ شېئىرنى

① «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 74 - بەت.
② «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 74 -، 75 - بەتلەر.

يېزىپ ئاپپاقخانغا ئەۋەتىدۇ:

بۇلبۇل قەپەسدە ئەسىرۇ، قاغىلار باغدا،
سۇمرۇغ غەرىب، كەرگەس قۇشى ۋەتەندە.
كېپىكلار ۋەيرانىدا، ئىتلار بىنادا،
ياتلار دوس يولىدا، مەن سەرگەردانلىقتا.

ئاپپاقخان بۇ شېئىرنى تاپشۇرۇپ ئالغان زامان، ئۇنى قايتىپ كەلسۇن دەپ بۇيرۇق چۇشۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ كىشى يولدا كېلىۋېتىپ ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئاپپاقخاننىڭ ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئىپادىلەيدىغان پاكىتلارنىڭ بىر مىسالىدۇر خالاس. ئابدۇلتىپخاننىڭ ئۆزىنىڭ ئادىل، خەلقچىل ئىشلىرى بىلەن خەلق قەلبىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنى، شائىر ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى:

سەنسىز گۇل ماڭا ئالەم ھەرگىز گۇلۇستان بولمىسۇن،
سەندىن ئۆزگە بۇ كۆڭۈل مۇلكىدە سۇلتان بولمىسۇن.

دەپ مارش ئوقۇيتتى دەپ خاتىرىلەيدۇ. شائىر بۇنىڭ يەنە بىر ئىپادىسىگە پاكىت قىلىپ يەرلىك بەگلەر ئاپپاقخانغا ئۆز مەيلىلىرىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن ئىتتىپاقلىشىپ، كوللىكتىپ نامىدىن مۇنۇ شېئىرنى يېزىپ ئەۋەتكەنلىكىنى خاتىرىلەيدۇ:

ھەر كوچا - كوي ئارا گاھىدا بىز،
بىر كۆرگىلى زارو موپتىلا بىز.
كەلدى بېشىمىزغا خەسىم مۇھلىك[1]،

[1] خەسىم مۇھلىك — دۈشمەنلىك ھالاكىتى.

خەسىم ئېلىدە زارۇ - بىناۋا بىز.
ئىشقىڭ ئارا زارمەن - كۆيۈكمەن،
ھىجرىڭدا نىگار - دۇئاگۆيمەن.
كۆزدىن نېرى دەپ، بىزنى ئۇنۇتما شاھ،
ھەر قايدىكى، بار دۇئاگۆيۇڭمەن[1].

قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇلدىن بۇگۇرگىچە، مەنسۇرخان دەۋرىدىن (سەئىدخانىنىڭ ئاكىسى) ۋاسسال خاتىرىگە ئىگە (يالغۇز) خانلىق ئىدى. بۇ تېررىتورىيىگە خانلىق قىلغان ئابدۇرىشتخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇرېيىمخانىنى ئاپتور بۇ خان ئۆزىگە ئادالەتنى شوئار قىلغان بولۇپ، زۇلۇم - جەبىرنى يوقاتتى، - دەيدۇ - دە، ئۇنىڭغا مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى بېغىشلايدۇ:

ئوغانىم ئېلىگەي قەبىرنى پۇرنۇر[2]،
ئۇلۇسنى ھەر شاھنشاھ قىلسا مەنۇر[3].

ئابدۇللاخان دەۋرىدە ئۆتكەن ئەمىر ئوبۇلھارىبەگ (ئابدۇللاخان ئەمىرلىرىدىن بىرى) ئىنتايىن قارا نىيەت، سىياسىي كاززاپ، ھەم زالىم، ھەم جاللات بىر بەگ بولۇپ، نۇرغۇن ئادىل بەگلەر ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. بۇنى ئابدۇللاخان ئاتىسى ئابدۇرېيىمخانىنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن قاراشەھەرگە باشلاپ كېلىپ، ئۇ جايدىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ ياردىمى بىلەن

[1] «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 77 ـ 78 - بەتلەر.
[2] پۇرنۇر — نۇرغا پۈركەش.
[3] مەنۇر — ئاۋات، گۈللەنگەن.

يوقىتىدۇ. («چىڭگىزنامە»دە بۇ ۋەقە ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ). شائىر بۇ تارىخىي شەخسكە باھا بېرىپ كېلىپ: «بۇنىڭغا لايىق بىر مەسەل تۈركىي خەلقى ئىچىدە مەشھۇردۇر:

ھەركىم قىلۇر ئۆزىگە،
قارا سۇرتەر يۈزىگە.
ئۈستۈن بىقىپ تۈكۈرسە،
يېنىپ چۈشەر يۈزىگە[1].

دېگەن تەمسىلنى كەلتۈرىدۇ.

شائىر مۇھەممەتخان (1582 ـ 1599) نىڭ ئوغلى ئەخمەتخان (1599 ـ 1610) ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغدا، قەشقەر ۋالىيسى تۆمۈر سۇلتان (ئەخمەتخاننىڭ ئوغلى) نىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان خەلق مەرسىيىسى ئارقىلىق تۆمۈر سۇلتاننىڭ ماھىيىتىنى رېئاللاشتۇرىدۇ:

پەريادكى، ھىجىر ئايرىدى جانانىمدىن،
ئەپسۇسكى، تەن بولدى جۇدا جانانىمدىن.
بىداد پىراق خانۇ ھاكىمنى بۇزۇپ،
ھەم جانىمدىن ئايرىدى ھەم سۇلتانىمدىن.

شائىر خەلقچىلىق نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ، «زۇلۇم» نىڭ ھاكىمىيەتنىڭ ئۆلىنى بۇزغۇچى ئاپەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ.

① «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 90 ـ بەت.

بولۇر پايەندە مۇلكى پادشاھىنىڭ،
پايەندە داۋاملىق مۇستەھكەم،
ئۇلۇسنى زۇلۇمدىن كىم - ئەيلىسە ساق.

دەپ يۇقىرىدىكى ھەقىقەتنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۇرىدۇ.

ئابدۇكېرىمخاندىن تارتىپ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خانى مۇھەممەتئىمىن باتۇرخان (1679 - يىلى ۋاپات بولغان) غىچە بولغان 109 يىل ئىچىدە ئىچكى جەھەتتىن خانلىق تالىشىش ماجىراسى، سىرتقى جەھەتتىن دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزى سەئىدخان ۋە ئابدۇرشىتخانلار دەۋرىگە قارىغاندا ھەددىدىن زىيادە نۇرغۇن بولۇپ، خەلق بېشىغا ئىنتايىن دەھشەتلىك بالا - قازالارنى ئېلىپ كەلدى.

بۇنداق ئەھۋال شائىردا مۇنداق ھايات ۋە شاھلارنىڭ كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان سەلتەنىتى ئېچىنىشلىق، يىرگىنىشلىك بىر ھېسسىياتنى تۇغدۇرغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئابدۇللاخان بىلەن ئاقسۇ ۋالىيسى نۇردۇنخان ئارىسىدا بولغان ئۇرۇش ۋە بۇ ئۇرۇشتىكى قىرغىنچىلىقلارنى ئېيتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالغا مۇنۇ شېئىر لايىقتۇر دەيدۇ:

دۇنيا ئىشى دۇنيا ئۆزى ھېچ ئەرزىمەس،
ئەرەم باغىي سەلتەنەتى ھېچ ئەرزىمەس①.

ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاسخان ئاخىر قەشقەرگە 32 يىل ۋالىي بولغان، پۈتۈن خانلىقا (1668 - 1671) خان بولغان ئابدۇللاخاندىنمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىپ، خەلق تەرىپىدىن خۇلاسە چىقارغاندا شائىر خەلق ھاكىمىيەتنىڭ تۇۋرۇكى ئىكەنلىكى،

① «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 117 - بەت.

ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى بەلگىلىك ھالدا چۈشىنىپ يېتىپ، يولۋاسخاننىڭ ئاخىرقى ھالىغا مۇنۇ شېئىرنى بېغىشلايدۇ:

پوتور[1] بارغاي شاھەنشاھ دۆلىتىگە،
گەر قىلسا ئۇلۇسقا زۇلۇم بىدات،
رەئىيەت[2] بىخ[3] ئىرۇر سۇلتان شەجەر كىم[4]،
شەجەرنىڭسىز ئىسە ئېلىتەر ئۇنى باد[5].

بۇلاردىن باشقا بۇ كىتابتا سەئىدخان، رىشتىخانلارنىڭ پۈتۈن شېئىرلىرى ۋە ئايازبېك قۇشچى، ماخمۇتخاننىڭ قىسمەن شېئىرلىرى ساقلىنىپ قېلىپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكى كىشىنى ئىنتايىن خۇشال قىلغان ۋەقەدۇر.

كىتابنىڭ ۋەقەلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش شەكلىدىكى بىر يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بەدىئىي ئامىللار كىتابقا ناھايىتى قويۇق بەدىئىي تۈس بېرىپ، شائىرنىڭ شېئىرىيەتتىمۇ خېلىلا پىشىپ يەتكەن قەلەم ئىگىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇندىن باشقا كىتابقا بەدىئىي تۈس بېرىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى، كىتابتا بايان قىلىش ئۇسۇلىدا خېلىلا نۇرغۇن ئورۇنلاردا دىئالوگ، مونولوگلاردىن ئەپلىك پايدىلانغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: خارازىم شاھ مۇھەممەت بىلەن ئوغلى جالالىدىن ئوتتۇرىسىدا مۇنداق دىئالوگ باردۇ: «سۇلتان مۇھەممەت خارازىم شاھنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان جالالىدىن ئاتىسىغا ئەرز (ئىلتىماس) قىلىپ:

---

1. پوتور — تۇقان، بۇزۇلۇش.
2. رەئىيەت — پۇقرا، خەلق.
3. بىخ — بۇ جايدا يىلتىز مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.
4. شەجەر — دەرەخ.
5. باد — شامال.

— ئۇلۇغ ئاتا، سىزنىڭ شۆھرىتىڭىز دۇنياغا تونۇلغان، 21 يىل دۇنيانىڭ يېرىمىغا پادىشاھ بولدىڭىز، بۇ دىنىمىز كاپىردىن مۇنداق قېچىپ يۈرىسىز؟ - دېدى، سۇلتان مۇھەممەت خارازىم شاھ:

— ئوغلۇم جالالىددىن، مەن ئاڭلاۋاتقاننى سىز ئاڭلىمايۋاتىسىز، ھەر قاچان ئالدىنقى سەپكە ھازىرلانسام، «ئى كاپىرلار بۇزۇقلارنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايمەن. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشۈپ كېتىدۇ.

سۇلتان جالالىددىن ئاتىسىغا:

— ئى ئاتا! ماۋرا ئۇننەھر قولدىن كەتتى، خۇراسان، ئىراق (ئەجەم) قولدىن چىقمىسۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق قوشۇننى توپلاپ ئىراققا بېرىڭ، ھەربىي ئىختىيارنى ماڭا بېرىڭ، مەن چىڭگىزخان بىلەن جەڭ قىلاي، - دېدى»[1]. شائىر خارازىم شاھ قېچىپ يۈرۈپ «ئايكۆل» دېگەن جايدا ئۆلگەنلىكىنى ئۇنى قەبرىگە قويۇشقا «كېپەن» تېپىلماي، يىرتىلىپ، تىتىلىپ كەتكەن ئەسكى كىيىمى بىلەن قويۇلغانلىقىنى بايان قىلىپ كېلىپ «بۇ دۇنيانىڭ ئىبرەتلىك ئىشىدۇر، ئەقىللىق كىشى ئىبرەت ئالسۇن!» دېگەندىمۇ رىتورىك ئۇندەش قوللىنىلىدۇ. ئۇزۇن - ئۇزۇن مونولوگلارنى كىتابنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. شائىر كىتابتىكى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى پورترېتىنىمۇ سىزىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: كىتابنىڭ ئابدۇرىشىتخان بابىدا ئابدۇرىشىتخاننىڭ خاراكتېرىنى مۇنداق سىزىپ بېرىدۇ «سۇلتان ئابدۇرىشىتخان خۇش تەبىئەت، شېرىن سۆزلۈك شائىر ۋە مەردانە پادىشاھ ئىدى. . . ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئاتقان ئوقى ھەرگىزمۇ خاتا كەتمەي، مۆلچەرگە تېگەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ شىجائەتلىك، جەسۇر، قولى ئوچۇق، سېخىي،

---

[1] «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 6 . بەت.

مەرد ئىدى».

بۇلاردىن باشقا رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ شاھلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىنمۇ كەڭ پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن: كىتابنىڭ چىڭگىزخان بابىدا، چىڭگىزخان ئۇرۇش تاكتىكىسىدىكى مىللىي، دىنىي سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت ۋە ئوگدايىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان رىۋايەتلەر بۇنىڭغا ياخشى دەلىل بولالايدۇ.

كىتابتىكى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بىر قاتار ئامىللار بىزگە تارىخىي كىتاب تەرىقىسىدە تارىخىي مەلۇماتلارلا ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىمىزدا جانلىق ئادەملەرنى، ئوتتۇرا ئەسىر ھايات كارتىنىسىنى سىزىپ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئېستېتىك تەربىيە ئېلىش رولىنىمۇ ئۆتەيدۇ. شۇڭا ئاپتورنىڭ بۇ كىتابى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ، سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبىرىدىن ھۆرمەتلىك ئورۇن ئېلىشتىن تاشقىرى، ئۇيغۇر نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ (پروزىسىنىڭ) ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى شەك - شۈبھىسىز ئىكەنلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەدىب ۋە تارىخچى شاھ ماخمۇت بىن مىرزا پازىل جوراس ئۆز دەۋرىنىڭ ئوغلى سۈپىتىدە تارىخىي شەخسلەرگە ۋە ۋەقەلەرگە قاراشتا ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار كۆز قارىشى بولغان ئابستراكت ئومۇمىي ئىنسانپەرۋەرلىككە ۋە تار ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىكى بۇ كەمچىلىكىنى كىتابتا ئۇنىڭ كۈچلۈك رېئالىزمى يېپىپ كەتسىمۇ، ئەمما بەزى جايلاردا بۇ نۇقتىئىنەزەر شائىرنىڭ مۆمىن مۇسۇلمان ئىسلام ئىدېئالىزمى بىلەن قوشۇلۇپ خېلىلا ئېغىر خاتالىقلارغا يول قويىدۇ.

ئۇلۇغبەگنى چەتئەل ئالىملىرى ھەددىدىن تاشقىرى

مۇبالىغىلەشتۈرۈپ مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. تۆمۈر ۋە تۆمۈرلەرنىڭ ئەۋلادى ماۋرا ئۇننەھر ۋە پۈتۈن خۇراساننى سوراپ تۇرغان مەزگىلدە، شىنجاڭنى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى باشقۇراتتى. شىنجاڭدا ھاكىمىيەت ماڭلاي سۆيەر دوغلات ئەۋلادى قەمەرىددىننىڭ قولىغا ئۆتكەن مەزگىلدە ئاقساق تۆمۈر شىنجاڭغا ئۈچ، تۆت قېتىم قوراللىق كۈچ بىلەن بېسىپ كىرسىمۇ، ئەمما قەمەرىددىننىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى نەتىجىسىدە شىنجاڭنى بېسىۋېلىش تاجاۋۇزچىلىق نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. لېكىن تۆمۈر ئەۋلادىنىڭ بۇ ياۋۇز نىيىتى ئۇنىڭ ئەۋلادى ئۇلۇغبەگ دەۋرىدىمۇ داۋاملاشتى. 1435 - يىللىرى شىنجاڭ ھۆكۈمرانى ئۇۋەيسخان (تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادى) دۇنيادىن ئۆتتى. (ئۇنىڭ ئۇلۇغبەگ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بار ئىدى). بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئېسەن بۇقاخان بىلەن يۇنۇسخان ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش ماجىراسى جىددىي تۈسكە كىردى. ئۇلۇغبەگ يىراق ستراتېگىيىنى كۆزلەپ بۇ ئىشقا دەرھال ئارىلاشتى. تەختكە ئېسەن بۇقاخان Ⅲ نى يۆلەپ چىقاردى. ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قالغان يۇنۇسخان 30 مىڭ كىشى بىلەن سەمەرقەنتكە — ئۇلۇغبەگ ئالدىغا بارغاندا، ئۇلارنى سېپىلنىڭ سىرتىدا توختىتىپ قويۇپ «بىر - بىردىن ئەكىرىپ تىزىمغا ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرىمىز» دېگەن باھانە بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىگە ئۇدۇللۇق كىرگەننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، 30 مىڭ كىشىنى قىرىپ تۈگىتىپ، مال - مۈلكىنى ئولجا ئېلىپ، ئولجىنىڭ بىر قىسمى بىلەن يۇنۇسخاننى قوشۇپ، خۇراساندىكى ئاتىسى شاھرۇھ مىرزىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتىدۇ، ئاتىسى شاھرۇھ مىرزا كايىغان بولۇپ، يۇنۇسخاننى شەرىپىدىن يەزدىنىڭ ئالدىغا شاگىرتلىققا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. يۇنۇسخان شەرىپىدىن يەزدى ئۆلگەندىن كېيىن 20 يىل ئىران، ئىراقلاردا

سەرگەردان بولۇپ يۈردى. شاھرۇھ ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدا ھاكىمىيەت تالىشىش باشلىنىپ كەتكەندە، ئىسەن بۇقا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەرغانىنى بېسىۋالىدۇ. ھاكىمىيەت بېشىغا تۆمۈر ئەۋلادىدىن ئەبۇسەئىد مىرزا چىققاندىن كېيىن ئۇنى پەرغانىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇ ئەمدى ئىسەن بۇقاخانىنى ئۆزئول - كېسەل يوقىتىش ئۈچۈن ئىراندا سەرسان بولۇپ يۈرگەن يۈنۇسخانىنى تېپىپ كېلىپ، قوراللاندۇرۇپ، ئىسەن بۇقاخانىنى شىنجاڭدىن ھايداپ چىقارغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم.

بۇ مەسىلىلەر «تارىخى رەشىدى» («زەيلى») دە نۇقتىلىق يېزىلغان.

ئۇلۇغبەگ ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن چاغدا قەشقەرنى ۋاسسال شەكلىدە 14 يىل كونترول قىلغانىدى. مانا شۇ مەزگىلدىكى بىر ۋەقەنى ئاپتور ئۆز كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ساتۇقخاننى مىرزا ئۇلۇغبەگ كوراگان ماۋرا ئۇننەھردىن موغۇلىستانغە ئەۋەتكەنىدى. موغۇل خەلقى ساتۇقخاننى خانلىققا قوبۇل قىلمىدى، ساتۇقخان چارىسىز بولۇپ، قەشقەرگە باردى. بۇ چاغدا ئەمىر خۇدايداتنىڭ نەۋرىسى قارا قۇل ئەخمەت قەشقەرگە ھاكىم ئىدى. قاراقۇل ئەخمەت ساتۇقخاننى ئۆلتۈردى. بۇ خەۋەرنى مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاڭلاپ قاراقۇل ئەخمەتنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى.

ھەركىمكى قازار بىراۋگە چاھى،
ئول چاھىغا سالار ئۇنىڭ گۇناھى.

(يەشمىسى: ھەركىم يامان نىيەت بىلەن بىراۋغا ئورا كولىسا،

ئۇنىڭ يامان نىيىتى ئۆزىنى ئاشۇ ئورىغا سالدۇ)[1]. بۇ يەردە ئاپتور قەلىمىدە خەلق مەنپەئىتى، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بولىۋاتقان ھايات - ماماتلىق جەڭدە ئومۇم ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئۆز ئېلىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن تاجاۋۇزچى دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بەرگەن جەسۇر جەڭچى قاراقۇل ئەخمەت قارىلىپ، تاجاۋۇزچى جاللات مىرزا ئۇلۇغبەگ ئاقلىنىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئابدۇلېتىپخان تەختكە چىققاندا:

ھەق[2] ئىزىز ئەتكەن كىشىنى خار ئېتەلمەس ھېچ كىشى،
كىمكى ئۇ خار ئەيلىسە ھەر يەردە بولسا خار كىشى.

دېگىنىدىمۇ، خەلق تەقدىرىنى خۇداغا باغلاپ قويىدۇ.

شائىر كۆز قارىشىدىكى مۇنداق ئەھۋاللارنى بىز تارىخى چەكلىمە ۋە دەۋر چەكلىمىسىنىڭ كاشىلىسى دەپ قاراپ ئاپتورنى ئەيىبكە بۇيرۇيالمايمىز. ئاپتورنى ئۆز دەۋر ۋەقەلىكىنى ۋە تارىخي شەخسلەرنى بويىماستىن رېئاللىققا سادىق بولۇپ، رېئالىستىك روھىدا ئەكس ئەتتۇرگەن رېئالىزمى بىلەن ئۇلۇغلايمىز.

ئەدىب ۋە تارىخچى شاھ ماخمۇت بىن مىرزا جوراسنىڭ پۈتۈن ئەسىرىنىڭ روھىدىن قارىغاندا كەمتەر پەزىلەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم. ئۇنىڭ بۇ خىسلىتى، مەقستى مۇنۇ پارچىدىمۇ ئوچۇق گەۋدىلەنگەن.

ئەگەر سۆزۈم كىتابقا لايىق ئەرمەس،
جاھان ئىچرە پاراۋان گۈل ۋە ھەم خەس.

---

① «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 24 - بەت.
② ھەق — خۇدا مەنىسىدە.

دېمەدىم بولسۇن سۆزۈم ئېتىبارى،
دېدىم قالسۇن جاھاندا يادىكارى.

بۇ خىسلەتلىك ئىنسان ئەسىرلەر ئاتلاپ خەلقىمىز قەلبىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقاندەك جاھان خەلقى قەلبىدىمۇ مەڭگۈ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا، ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇر تارىخىدا پارلاق بىر دەۋرنى ئىگىلەپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىن زور تەسىر كۆرسەتكەن بىر دەۋردۇر. ئەمما بۇ دەۋر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىلمۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن، يېتىپ كەلگەنلىرى بولسا، بىزنىڭ ھازىرغىچە قېزىۋېلىشىمىز يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، تېخىچە خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى ئىسپاتلانماقتا. بۇ بىزگە داۋاملىق ھالدا ئىزدىنىش، قېزىش، يىغىشنى ئۇقتۇرىدۇ.

بۇ دەۋردە بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولغان يۇقىرىقى ئەدەبىيات، سەنئەت، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن تاشقىرى، خېلىلا نۇرغۇن دىنىي يازما يادىكارلىقلار مەلۇم. بۇلارنى بىز ئەدەبىي ئەسەر نۇقتىسىنەزىرىدىن تەتقىق قىلمايمىز. ئەمما بۇ يازما يادىكارلىقلار دىنشۇناسلار ۋە تىلشۇناسلار ئۈچۈن يەنىلا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يازما يادىكارلىق ۋە تەتقىقات مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

# جۇڭغارلار ۋە خوجىلار دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

500 يىل دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن موڭغۇل خەلقىنىڭ جاسارەتلىك تارىخى XII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مەيدانغا چىققان چىڭگىزخاندىن باشلىنىدۇ. بۇ ئۇزاق تارىخنى تەشكىل قىلغان موڭغۇللار شەرق موڭغۇللىرى ۋە غەرب موڭغۇللىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ تارىخي ھەرىكەتلەر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، چىڭگىزخاننىڭ ناھايىتى كەڭ ئىستىلاچىلىق — تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى شەرق موڭغۇللىرىنىڭ ھەرىكەت نەتىجىلىرى بولۇپ، غەرب موڭغۇللىرى — جۇڭغارلار (قالماقلار، ئۇلار ئۆز ئىچىدە ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتاشقان) چىڭگىزنىڭ ھەرىكەت داستانىغا ئارقىدىن كېلىپ قوشۇلغان چوڭراق ئېپىزوتلاردىن بولۇپ، كېيىنرەك ئىككىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىغان. ئۇنىڭ چىڭگىز ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان كۈچلۈك تارىخى ھەرىكەتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە يېرىم ئەسىردىن كېيىن ۋاقىتلىق مەغلۇپ بولغانىدى. بۇ قۇبلاي قۇرغان يۈەن سۇلالىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى چىڭگىز روھىنىڭ ئۇچقۇنلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ ئارىدا شەرقىي موغۇلىستاندا دايانخان ۋە شۇ قاتاردا ئالتۇنخان غەيرىي بىر شەكىلدە چىڭگىز ئەنئەنىلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. بۇنى مىڭ سۇلالىسى چىڭگىزخان ئەنئەنىلىرىنىڭ يېڭىدىن مەيدانغا كېلىشى دەپ ھېسابلاشتى. بۇ

چاغدا دايانخان جاھاننى باشقىدىن ئىستېلا قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغاندا ئالتۇنخانمۇ ئۆزىنى قۇبلايخان دەپ ھېسابلايدىغان ھېسسىياتقا كەلگەنىدى. لېكىن چىڭگىز ئىمپېرىيىسىنىڭ غايىسى غەربىي شىمالدا قوبدىدا، كەڭ موڭغۇل يايلاقلىرىدا ئەمەلگە ئېشىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن غەربىي جەنۇبتا — سەددىچىن سېپىلىنىڭ يېنىدا ئەمەلگە ئاشمايتتى.

يۇقىرىقى موڭغۇل خانلىرى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كونا غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان، بىر بايراق ئاستىغا توپلايدىغان، بىر روھىي تۈۋرۈك ئېتىقاد بىرلىكىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىشىنىپ كەلگەن شامانىزم ئەمدى ئۇلار ئويلىغان يۇقىرىقى غايىۋى بىرلىك رولىنى ئوينايدىغان تەسىرچانلىقنى يوقاتقانىدى.

بۇ چاغدا، 11 ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تىبەتتە Tsong — kha — pa تەرىپىدىن قۇرۇلغان سېرىق كۆلالىق مەبۇدى ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن غەيرەت بەرگۈچى، ئىلھاملاندۇرغۇچى ئىدى. ئوردوس موڭغۇللىرىنىڭ 1556 - يىلىدىن تارتىپ بۇددىزمغا كىرىشى بۇ دولقۇننى پۈتۈن موڭغۇل دالالىرىغا يېيىۋەتتى، كېيىنرەك بۇ پائالىيەت زور بىر شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن تىبەت سېرىق كۆلالىق مەبۇد - بۇددىزمغا ئېلىپ كىرىپ، چىڭگىز ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستېلاچىلىق غايىلىرى دالاي لامالارنىڭ دۇئالىرىغا سىڭدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈككە ئايلاندۇرۇلۇشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا سىياسىي سەھنىدىكى بىرىنچى رول ئالتاينىڭ قىراچ ۋادىلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇرۇشقاق غەرب موڭغۇللىرىغا كۆچكەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ يىلتىزى XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان. باتۇخان ۋە ئالتۇن ئوردىنىڭ ئىزلىرى بولغان تورغوتلار جەنۇبىي روسىيىدە ئاستىراخان يېنىدا، ۋولگا

بويلىرىدا يەرلەشكەنىدى. خوشۇتلار چىڭخەيگە (كۆك نۇرغا) ئورۇنلاشقانىدى. بۇلار لاساغىچە — تىبەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. چاررۇسلار ياكى جۇڭغارلار بىر تەرەپتە بۇخارا خانلىقىنىڭ قوبدىدىن تاشكەنتكە، ئىككىنچى تەرەپتە جۇڭگونىڭ قوبدىدىن تارتىپ ۋە روسىيە سىبىرىيىسىنىڭ كەڭ تېرىتورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردا كۆچۈپ يۈرۈشەتتى.

جۇڭغارلار مەركەزلىرىنى قوبدىدا ۋە غۇلجا (قاينۇق) قىلىپ بەلگىلەپ، چىڭگىزخاندىن مىراس قالغان قاراقورۇم شەھىرىنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئىگىلەپ تۇراتتى.

جۇڭغارلارنىڭ سىياسىي ھەرىكەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالدىدا غالدانىنىڭ سىياسىتى، ئۇنىڭدىن كېيىن چىۋاڭ رابدانىنىڭ ۋە چىرىن دوندوپنىڭ قۇدرەتلىك كۆچلىرى لاساغا ھاكىم بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭ — قەشقەر ۋە يەركەندە مۇسۇلمان خانلىرىنىڭ «روھانىي تەبىقىسى» «ئىقتىدار»لىرىنى قانات يايدۇرۇشقا باشلىغان چاغدا، جۇڭغارلار لاما مەبۇدىنىڭ مەنىۋى قۇدرىتىنى ئاستا - ئاستا بىر - بىرىگە باغلىماقتا ئىدى.

باشلىق ئۇنىۋانلىرى «Kong tayci» ئاتالغان باتۇر غالدان، چىۋاڭ رابدان، غالدان چىرىنلار جۇڭغارلارنىڭ بۇ جەريانىدىكى كۆرەشتە جاسارەتلىك سىياسىي ئادەملىرى ئىدى. جۇڭگودا ھاكىمىيەت مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتىشى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي موڭغۇللار بىلەن مانجۇلار ئارىسىدا يېڭى ماجىرالار باشلاندى.

XV ئەسىردىن باشلاپ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، غەربىي موڭغۇللارنىڭ — تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، قالماقلارنىڭ رولى جانلاندى. 1434 - يىلدىن 1552 - يىلغا قەدەر پۈتۈن موڭغۇلىستانغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن تومە ۋە قالقىلار خانى ۋە رەھبىرى بولغان ئالتۇنخانغا قارشى ئاتلاندى، لېكىن ئالتۇنخان كۈچلۈك قوشۇن بىلەن ئۇلارنى غەربكە، تاكى

تارباغاتاي - چۆچەككچە سۈرۈۋەتتى.

ئويراتلار خان ئىسەنتاينىڭ 1445 - يىلدىكى ئۆلۈمىدىن كېيىن پارچىلىنىپ كەتكەننىدى. ئۇلارنىڭ ئۇششاق - ئۇششاق تۆت خانلىقا بۆلۈنۈپ كېتىشى مانجۇ خانى چيەنلۇڭغا ئوڭايلىق تۇغدۇردى. چيەنلۇڭ ئۇلارنى بىرلەشتۈرمەي، قەبىلىلەر بويىچە چاررۇسلار، دوربىت (دوربات ياكى توربەتلەر)، تورغۇت ۋە خوشۇتلار بويىچە باشقۇرۇشقا باشلىدى. پۈتۈن قەبىلىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى چاررۇس دوربىت، قويت ھاكىمدارىنىڭ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان موڭغۇلچە «Cegungar» ياكى «Cungar» ئىسمىنى چيەنلۇڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا «جوڭغار» نامىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئەستىقلىدى. شۇندىن باشلاپ «جوڭغار» دېگەن بۇ نام ئۇلارغا تارىخى نام بولۇپ قالدى.

## جوڭغار خانلىقى ۋە ئۇنىڭ سەئىدىيە خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

جوڭغار خانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى باتۇر قونتايجىدىن باشلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 1620 - يىللىرى جوڭغارلار قالقى ھۆكۈمدارى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ غەربكە - چۆچەككە سۈرۈۋېتىلگەننىدى.

بارتولدنىڭ ئېيتىشىچە، خەلقنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى تارباغاتاي ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە جايلاردا موڭغۇلىستاننى قايتا ئىستېلا قىلىش پىلانىنى تۈزگەن چاررۇسلاردىن چىققان ھۆكۈمدار قارا كۇلا بولۇپ، ئۇ 1634 - يىلى ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئورنىغا باتۇر قونتايجى

(1634 ـ 1653) چىقىپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ جۇڭغار ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن چۆچەككە قاراشلىق ئىمىل دەرياسى ياقىسىدا، قوبۇقساردا جۇڭغار خانلىقى ئۈچۈن تاشتىن بىر ساراي سالدۇرۇپ، ئۇنى مەركەز قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلى تېررىتورىيىسىدە، ئىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا ئورداگاھ قۇرۇپ، بۇ ئورداگاھتا جۇڭغارلارنىڭ سىبىر دالالىرى ۋە چىڭخەيدىن كەلگەن ۋەكىللىرىنى شان ـ شەرەپ بىلەن قوبۇل قىلغانلىقلىرى تارىختىن بىزگە مەلۇم. ئۇ جۇڭغارلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، 1638 ـ يىلى سەيدەم ـ چىڭخەي ھۆكۈمدارى گوشىخان بىلەن بىرلىكتە تىبەت سېرىق كۆلالىق مەبۇدلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىددەتلىك جەڭلەر ئېلىپ بېرىپ، بۇددا لامائىزم مەنىۋى بىرلىك يارىتىپ، شۇ بايراق ئاستىدا جۇڭغارلاردا مىللەت، دۆلەت سىياسىي ئېڭىنى ئويغىتىپ، بىرلىككە كەلتۈرگەنىدى.

لېكىن يېڭىدىن تىكلەنگەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ئىنتايىن جىددىي ئىدى. نەتىجىدە 1653 ـ يىلى يامان ئادەملەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن باتۇر قونتايجىنى ئوغلى سېنگە ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىقىدۇ (1653—1671)، كېيىن سېنگەنى ئىككى قېرىندىشى چىچەنخان ۋە چاتبا باتۇرلار ئۆلتۈرىدۇ. بۇ چاغدا باتۇر قونتايجىنىڭ 1645 ـ يىلى تۇغۇلغان تۆتىنچى ئوغلى غالدان لاسادىكى دالاي لامانىڭ قېشىدا تەربىيە ئېلىۋاتاتتى، ئۇ 1676 ـ يىلى قايتىپ كېلىپ قېرىندىشى چىچەنخاننى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىر قېرىندىشى چاتبانى سۈرگۈن قىلدى. لېكىن چاررۇسلارنىڭ خانى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، چاتبا باتۇرنى ئاجرىتىپ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن غالداننىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن غالدان ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. گالدان (غالدان) زايسان كۆلى ئەتراپىنى ئىگىلەپ تۇرغان خوشىد خانى ئوچىر توچچەنىنىڭ ياردىمىدە تەختكە چىقىپ

ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەيدۇ. 1677 - يىللىرى ئۇنىڭغا قارشى بىر بۆلۈم كىشىلەر كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىقتۇرۇپ ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن غالدان قونتايجى ئىلىدىن جەنۇبقا قەدەر دوربىت، خوشىد، قويىتلىرىنىڭ قالدۇقلىرى چارۋىسلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئائىلىلىرىگە ئەگىشىپ كۆچۈپ يۈرىدىغان پۈتۈن ئويرات ئۇرۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرگەن بىر پۈتۈن مۇستەھكەم بولغان جۇڭغار خانلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ چىڭگىزخاننىڭ XIII ئەسىردە پۈتۈن موڭغۇللارنى بىر بايراق ئاستىغا ئۇيۇشتۇرغىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ تارباغاتاي، ئىلى ۋادىلىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆز تىكمەكتە ئىدى. . . جۇڭغارلار چاغاتاي دەۋرىدىن تارتىپ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئابلاخان (1636 - 1668) دەۋرىگىچە ئۇيغۇرلارغا بويسۇنۇپ كەلگەن. سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ راسا ئاجىزلىشىپ، ئابلاخان ھاكىمىيىتىنىڭ قالايمىقانلاشقان دەۋرى جۇڭغار خانلىقى غالداننىڭ راسا كۈچەيگەن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ دەۋرلەردىلا ئۇلار تورپاندىن قومۇلغىچە بولغان ئارىلىقنى بېسىۋالغانىدى. ئۇ ئەمدى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا چاڭگال سېلىش سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئىزدەۋاتاتتى . . .

بۇ چاغدا سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ۋەزىيىتى مۇنداق ئىدى: «ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئاۋۋال ئابدۇللەپ سۇلتان، ئىككىنچى ئابدۇلكېرىمخان، ئۈچىنچى ئابدۇرەھىم سۇلتان (بۇ ئابدۇرەھىم سۇلتان 18 ياشتا تىبەتكە بېرىپ، شەھىد بولدى. خان بەسى مايىل ئىدىلەر. ئاتىنى ئابدۇرەھىمخانغا قويدىلەر)، تۆتىنچى سۇلتان ئىبراھىمول مەشھۇر سوپى سۇلتان، بەشىنچى مۇھەممەتخان، ئالتىنچى ئەبۇ سەئىدخان، بۇ ئالتە ئوغۇل چوڭچوك خانىمدىن ۋۇجۇدقا

كەلگەن. چۇچۇك خانىمنىڭ ۋەلىدەسى ئالاچى خاننىڭ قىزى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىر تۇغقان، ئانىسى قازاق تۆرىلەرىدىن، بۇ چۇچۇك زاھىدە ۋە ئابىدە ۋە ھازىمە، سالىھە كىچىك‌شىلىك كىشى ئىدى. يەتتىنچى قىرىش سۇلتان سەئىد مىرزا تەرمەزىنىڭ قىزىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، سەككىزىنچى مۇھەممەت باقى سۇلتان — ئانىسى شاھىخانىنىڭ قىزى خوپ نىگارخانىم، توققۇزىنچى، مۇھەممەت شاھ سۇلتان — ئانىسى ساداتىدىن ئۇن، ئون بىرىنچى يۇنۇس سۇلتان ۋە ئابدۇللا سۇلتان — ئەمۇەلەد بىر ئانىدىن، ئون ئىككىنچى ئابدۇرەھىمخان — نۇرمەر قەدەھ، ۋەلدەسى ساير ۋىناسىدىن»①.

سەئىدىيە خاندانلىقى ئابدۇرىشىتخان ئۆلۈمىدىن كېيىنلا ھالاكەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ.

ئابدۇكېرىم خاندىن (1570 - يىلى ھاكىمىيەتكە چىققان) سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى مۇھەممەت ئىمىن باتۇرخاننىڭ ئۆلۈمى (1679 - يىلى) گىچە بولغان 109 يىل جەريانىدا مەركىزىي ھاكىمىيەتتە ئون ئىككى قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش بولدى. بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى قانلىق قوراللىق كۆرەشلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ تۈپكى سەۋەبلىرىدىن بىرى بولغان شەرق فېئودالىزمىنىڭ ئەنئەنىسى بولغان فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇرەھىم سۇلتانغا تەگرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى «بېشى قولىدىن تارتىپ، ئايىغى بۇگۇرگىچە» بولغان ئارىلىق سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلىشى ئابدۇرىشىتخان ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشىنىڭ شەكىللىنىشى ئىدى. ئابدۇرىشىتخان ۋاپاتىدىن كېيىن تا ئابلاخان دەۋرىگىچە (1636 - 1668) بۇ

---

① موللا مىرسالىھ قەشقەرى، «چىڭگىزنامە». 106 - بەت.

تەرەپ ئۆز ئالدىغا ئىچكى مۇستەقىل ۋاسسال شەكلىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ كەلدى. سەئىدىيە خاندانلىقىدا ھەر بىر قېتىم سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغان شاھزادىلەر ئەمەلدارلارنى يەڭگۈشلەپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ۋە يېڭى ئەمەلدارلارغا يېڭىدىن يەرلەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ تۇردى، نەتىجىدە، سەئىدخان ۋە ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدىكى مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت ئەمەلىيەتتە كىچىك خانلىقلارغا پارچىلىنىپ، كۆپىيىپ بارىۋەردى. سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپ كۈچىيىشكە باشلىغان خوجا «پەيغەمبەر ئەۋلاد» لىرىنىڭ ھەرىكىتى بۇ دەۋردە راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ چاغدا تەرىقەت - ئىشانلىق - سوفىزم سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ئايلىنىپ، خاندانلىقنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ چىرىتماقتا ئىدى. خانلىقتىكى ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغان شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى سوپى - ئىشانلارغا مۇرىت ئىدى سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن دىن بارغانسېرى چىرمىشىپ كېتىۋ باراتتى. ئۇلار سىياسىي ھاكىمىيەتتىن بەلگىلىك مەنپەئەتدار بولۇشتىن تاشقىرى، خاندانلىقنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدىنمۇ بەھرىمەن بولاتتى.

«سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ دەۋرىدە خوجا مۇھەممەت شېرىپ دېگەن تەرىقەت ئۇستازى (ئىشان) مەككىنى زىيارەت قىلىپ قايتىپ يەركەنتكە كەلگەندە، ھەزرىتى ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭغا مۇرىت بولغانىدى. خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ دەۋرىدە ۋاپات بولغانىدى①. ئۇنىڭ ئورنىدا شاگىرتى مۇھەممەت يۇسۇپ قالدى...②» ئابدۇرېشىتخان

① خوجا مۇھەممەت شېرىپ — بۇ كىشىنىڭ ئۆزى ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرىسىنىڭ بايانىچە تاشكەنتنىڭ سايرام دېگەن يېرىدىن بولۇپ، تەرىقەتنى ئۆگىنىپ، مەككىنى زىيارەت قىلىپ، قايتىپ يەركەندە تۇرۇپ قالغان، ئەۋرىسى يەركەندە «ھەزرىتى پىر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

② «تارىخى رەشىدى» («زەيلى»)، 58 - بەت.

ئەنە شۇ مۇھەممەت يۇسۇپكىمۇ مۇرىت ئىدى. ئەنە شۇ مۇھەممەت يۇسۇپ باشلىق بىر بۆلۈم خوجا - ئىشانلار ناھايىتى كەڭ ۋەخپە سۇيۇرغاللىقا ئىگە ئىدى.

ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيگەن سۇيۇرغاللىق نەتىجىسىدە كۆرۈنۈشتە بىر پۈتۈندەك كۆرۈنگەن سىياسىي ھاكىمىيەت ئەمەلىيەتتە ئۇششاق خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار مەركىزىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئىسيان قىلغانلىرىدا، بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە پەردە ئارقىسىدا ئەنە شۇ ئىشانلار بار ئىدى. فېئودالىزمنىڭ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بۇ ئىچكى زىددىيىتى سەئىدىيە خاندانلىقىنى مۇقەررىزلىككە ئېلىپ بارغان تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغدا شىنجاڭدا باش كۆتۈرگەن جۇڭغارلار، غەربىي تەرەپتە باش كۆتۈرگەن ئۆزبېك، قازاقلارنىڭ ھۇجۇملىرىمۇ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ مۇقەررىز بولۇشىنى تېزلەتتى.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى پارچىلانغان سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ بىرلىكىنى تۇرپان ۋالىيسى ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوغلى ئابلاخان (1639 - 1668) ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىر مەزگىل بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدىكى دۆلەت چېگراسىنى ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىر مەزگىل سەئىدخان دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى ياخشىلىغان بولسىمۇ، ئەمما سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ فېئودالىزمنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدىن تۇغۇلغان تۈپ ماھىيەتلىك قانۇنىنى ئۆزگەرتەلمىدى ۋە ئۆزگەرتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرىدا سوپىلارنىڭ خاندانلىقىنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىگە بىۋاستە قول تىقىپ، تاشقى تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەر —

جوڭغارلار بىلەن سىياسىي بىرلىك ئورنىتىشى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى تېزلەتتى.

ئىشانلارنىڭ دىنىي نىقابقا ئورالغان سىياسىي ھەرىكىتى بۇ دىيار ·ەلقىنى III ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئىككىگە بۆلۈۋەتكەنىدى. بۇخارادىن كەلگەن مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەخمەت كاسانى) ئوغۇللىرى ئىمامىي كالان (خوجا مۇھەممەت ئىمىن)، خوجا ئىسھاق ۋەلىلەرنىڭ مەزھەپلىرى شەكىللەنگەنىدى. ئىمامىي كالاننىڭ مەزھىپى قەشقەر، ئاتۇش تەرەپلەرنى ئىگىلىگەن بولسا، خوجا ئىسھاق ۋەلى يەركەنتتە تۇرۇپ، يەركەنت ئەتراپىنى ئىگىلىگەن. ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئالدىغا مۇرىت توپلاپ، ئۆز مەزھىپىنى كۈچەيتكەن.

ئىمامىي كالان ئۆز مەزھىپىگە «ئىشقىيە» دەپ نام قويغان بولسا، خوجا ئىسھاق «ئىساقىيە» دەپ نام قويغان. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىمام كالاننىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى ئاتۇشنىڭ شىمالىدىكى «ئاق تاغ» ئاھالىسى ئاتۇش ۋە قەشقەر خەلقى بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنى «ئاق تاغلىقلار» دەپ ئاتاپ، ئۆز مەزھەپلىرىنى تاشقى شەكىل جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بېشىغا ئاق دوپپا (تەقىيە) كىيگەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئاق تەقىيە، ئاق دوپپىلىقلار، ئاق تاغلىقلار دەپ ئاتىغان بولسا، ئىسھاق ۋەلىگە مۇرىت - مۇخلىس بولغانلار قاغىلىقنىڭ غەربىدىكى قاراتاغ ئەتراپى، قاغىلىق ۋە يەركەن ئاھالىسى بولغاچقا، ئۇلار باشلىرىغا قارا دوپپا كىيىپ ئۆزلىرىنى «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتاشتى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانلىرىدا «جىھاد فى سەيداللە» (خۇدا يولىدا كۈرەش) دېگەن دىنىي بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشاتتى، بۇ كۈرەش بۇ پاك دىياردا ئەسىرلەر داۋام قىلىپ، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ھاياتىغا ناھايىتى ئېغىر بالا -

قازالارنى ئېلىپ كېلىشتىن تاشقىرى، خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا سوفىزمنى سىڭدۈرۈپ، خەلق مەنىۋىيىتىنى چوڭقۇر زەھەرلەپ بولغىدى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا يېرىك پومېشچىك خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان سىياسىي سەھنىگە چىقتى، ئۇنى خەلق ئاپاق[1] خوجا دەپ ئاتاشتى.

ئاپاق خوجا — ھىدايىتۇللا 1638 - يىلى ئاتىسى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپكە ئەگىشىپ پەرغانىدىن كەلگەن دېگەن تارىخى مەلۇماتلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما ئۇ قۇمۇللۇق ئىدى، 1638 - يىلى ئاتىسىغا ئەگىشىپ قەشقەرگە كەلگەن دېگەن مەلۇماتلارمۇ بار. ئاپاق خوجا مەزھەپ جەھەتتىن سەئىدىيە خاندانلىقىدا ئابلاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىل خان ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن (1671 - 1678) يىللىرى «ئاق تاغلىقلار» نىڭ ئاقساقىلى خانلىقنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. . . (ئۇ يەركەنگە، تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1667 - يىلى كەلگەنىكەن). ئۇ سىياسىي (دۆلەتنىڭ) ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە كۈچ توپلاش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئىسمائىل خاندىن ئۆز مۇرىتلىرىدىن سېلىق ئالماسلىقنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىمىغان خان ماقۇل بولىدۇ. خاننىڭ ئىشانلارغا قوللانغان بۇ سىياسىتى ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى تەدرىجى كۆپىيىپ، ھاي - ھۇي دېگۈچە 30 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئاپاق خوجا 30 مىڭدىن ئارتۇق جاھىل، نادان، ئەمما ناھايىتى

[1] ئاپاق — جۇڭغار خانى غالدىن سىرىن بەرگەن نام بولۇپ، موڭغۇلچە «مۆرمەتلىك كىشى»، «ئۇقىرى مەرتىۋىلىك زات»، «موللا» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئۇزى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى سىياسىي مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «ئاپاق» سۆزىنى سوفىزم روھى سىڭدۈرۈلگەن ئەرەبچىدىكى «ئاپپاق» - «پۈتۈن ئالەم پىر ئاپاق دائىرە ئاستىدا تۇرىدۇ» دېگەنگە ئۆزگەرتىپ، خوجا ھىدايىتۇللانى پۈتۈن ئالەمنىڭ ئۈستىگە ئاپپاق نۇر چاچقۇچى، ئەۋلىيا قىلىپ كۆككە كۆتۈرۈشكەن.
خوجا — ئەرەبچە «باشلىق»، «ئىگە»، «ئۆي ئىگىسى»، «ئائىلە باشلىقى»، «چوڭ سودىگەر» مەنىلىرىنى بېرەتتى. كېيىن ئۇ ئىسلام دىنى ئېتىقادىدىن كېيىن «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدىغان بولدى.

قارام تەييار ئارمىيىنى تەربىيىلەپ ئۆزىگە قارىتىپ ئالغاندىن كېيىن ئۆزىگە قارشى ئەبەيدۇللا خوجا (ئىسھاق خوجىنىڭ نەۋرىسى) رەھبەرلىكىدىكى «قارا تاغلىقلار»نى يىمىرىپ تاشلاپ، ئىسمائىلخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كويىغا چۈشىدۇ - دە، «قارا تاغلىقلار»غا قارشى كۆرەشنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ كۆرەشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپكە ئاددىي پۇقرادىن تارتىپ ئەمەلدارغىچە قاتنىشىدۇ. (چۈنكى بۇ چاغدا سوفىزم — ئىشانلىق شۇنچىلىك ئەۋج ئالغانكى، بىرەر ئىشانغا مۇرىت بولمىغان ئەمەلدارنى تېپىش قىيىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كەينىگە بەلگىلىك سىياسىي غەرەزمۇ يوشۇرۇنغانىدى.) نەتىجىدە، ئىسمائىلخان دۆلىتى ئىچىدە ناھايىتى چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ.

ئەمدى خان ئاپپاق خوجىنىڭ سىياسىي غەرىزىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ 1671 - يىلى جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئاپپاق خوجىنى يەركەن تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاپاق خوجا ئۆز مۇرىتلىرىغا تايىنىپ جان - جەھلى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ئىسمائىل خانغا قارشى تەدبىر - چارىلەر ئىزدەيدۇ.

«قەشقەر خانى ئىسمائىل زور جاسارەت بىلەن ئاپپاق خوجىنى ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە بېرىپ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنىشكىمۇ ئۇلگۇردى ۋە ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە قەشقەر، يەركەننى قايتۇرۇپ ئېلىش توغرىسىدا دالاي لامانىڭ جۇڭغار خانى قونتايجى گالدانغا (غالدانغا) يازغان خېتىنى ئېلىپ گالدانغا كەلدى. گالدان بۇ يۈز بەرگەن ۋەقەدىن پايدىلىنىپ، 1678 - يىلى كىچىك بۇخارانى (شىنجاڭنى دېمەكچى، ئاپتور) بېسىۋالدى ۋە ئاپپاق خوجىنى ئۆزىنىڭ

ئادىمى سوپىتىدە يەرلىك ھاكىمىيەت بېشىغا چىقاردى»[1].
دېمەك ئاپپاق خوجا يەتتە يىل ھەرىكەت قىلىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىنى ھەل قىلدى.

مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرى خوجىگان» دېگەن ئەسىرىدە «ئاپپاق خوجا كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە كېلىپ، دالاي لامانى زىيارەت قىلدى ھەمدە تىبەتتىن سوجۇغا كېلىپ دىنىنى تەرغىب قىلدى...»[2] دېيىلگەن.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئاپپاق خوجا شۇ چاغ بۇددىزمنىڭ مەركىزى بولغان لاسادىكى دالاي «٧» دىن قونتايجى غالدانغا يېزىپ بەرگەن «ئەڭگۈشتەر» خەتنى ئېلىپ كۆكنۇر (چىڭخەي)، كەنسۇ (گەنسۇ) يولى ئارقىلىق ئىلىغا يېتىپ بېرىپ، جۇڭغار خانى غالدان قونتايجىغا تاپشۇردۇ. غالدان ئىنتايىن خوشال بولدى، چۈنكى بۇ ۋەقە غالداننىڭ سىياسىي مەقسىتىگە ئىنتايىن ماس چۈشكەنىدى. غالدان ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا ھەرىكەت قوزغاۋاتقان «ئاق تاغلىق»مۇ، «قاراتاغلىق»مۇ ئوخشاشلا پايدىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غالدان چوڭ لاما بولغىنى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئورتاق سىياسىي ۋە دىنىي تىلغىمۇ ئىگە ئىدى.

غالدان قونتايجى ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ ئەمەلگە ئاشۇرالماي يۈرگەن سىياسىي مەقسىتىگە يول ئاچقان، ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكىتىگە ماددىي ۋە كۈچ قوشۇپ شارائىت يارىتىپ بەرگەن خوجا ھىدايىتۇللاغا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن «ئاپاق» ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۇنى يول باشلىغۇچى قىلىپ، تاللانغان 12 مىڭ ھەربىي كۈچ بىلەن يولغا چىقىپ 1678 - يىلى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، قەشقەر شەھرىنى قانغا بوياپ، قەشقەر شەھرىنىڭ ۋالىيسى ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباقنى

---

① ۋېلىخوۋ چوقان (Веҗuxab) «تاللانغان ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 316 - بەت.
② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات» ژۇرنىلى.

ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، قەشقەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. بۇ چاغدا ئىسمائىل خان خاندانلىقىنىڭ مەركىزى يەركەندە قەتئىي ئىرادە بىلەن مۇداپىئەدە ئىدى.

ئاپپاق خوجىنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى، ئەڭ ۋەھشىي، ئەڭ جاھىل مۇرىتلىرى غالداننى ئاپپاق خوجا يېتەكچىلىكىدە قەشقەرگە قانداق ئوڭۇشلۇق باشلاپ كەلگەن بولسا، يەركەنگىمۇ شۇنداق ئوڭۇشلۇق ئېلىپ كىرمەكچى بولۇشتى. يەركەن بۇ چاغدا ئەكسىيەتچى سوفىزم - ئىشانلارنىڭ مەركىزى بولۇپ، خەلق مەنىۋىيىتى چوڭقۇر زەھەرلەنگەنىدى. غالدان يەركەنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئالدىدا ئاپپاق خوجا ئۆز مۇرىتلىرى ئارقىلىق يېتەرلىك ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى توپلاپ، مۇرىتلار ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالغانىدى.

غالدان سىرتتىن قوراللىق ھۇجۇم قىلغاندا، ئىسمائىلخان يېتەكچىلىكىدىكى قوشۇن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئىچكى جەھەتتىن ئاپپاق خوجا مۇرىتلىرىنىڭ ماسلىشىشى ۋە خەلقنىڭ ئۇلارغا مايىل بولۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە ئىسمائىل خاننىڭ جەڭچىلىرى تارىخنىڭ بۇ سىياسىي سەھنىسىدە دەۋرنىڭ ياراتقان ئۇلۇغ بىر كىتابىنىڭ تراگېدىيە قەھرىمانلىرىدەك تىز پۈكمەي قەھرىمانلارچە ھالاك بولۇپ، قانغا بويالغان بۇ دىياردا ئىسمائىل خان ئەسىرگە چۈشتى، سوفىزمنىڭ غالدانغا بۇ قېتىم كۆرسەتكەن ئەكسىلئىنقىلابىي خىزمىتى كىشىگە چىڭگىزخان XIII ئەسىردە ماۋرا ئۇننەھرگە — سەمەرقەنت، بۇخاراغا بېسىپ كىرگەن چاغدىكى «خىزمىتىنى» ئىختىيارسىز ئەسلىتىپ، سوفىزمنىڭ چىڭگىز ئىستېلاسىدىن 400 يىل كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدا يەنە بىر قېتىم سىياسىي سەھنىدە باش كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ 1678 - يىلى يەركەن بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن غالداننىڭ شىنجاڭغا قاراتقان سىياسىي مەقسىتى ئەمەلگە

ئاشتى، ئەمدى پۈتۈن شىنجاڭ جۇڭغار خاندانلىقىنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىغا چۈشتى.

يۇقىرىقى ۋەقەدىن كېيىن غالدان ئاپپاق خوجىنىڭ كۆرسەتكەن «خىزمىتى» بەدىلىگە ئۇنى ئالتە شەھەرگە قورچاق «خان» قىلىپ تىكلەپ، قېشىغا ئاساسىي هوقۇقنى تۇتىدىغان كۈچلۈك موڭغۇل سىياسىئونلىرىنى قويۇپ، يىلىغا 100 مىڭ سەر كۈمۈش سېلىقنى جۇڭغار خانلىقىغا تۆلەشنى بەلگىلەپ، ئەسىرگە چۈشكەن ئىسمائىل خاننى ئېلىپ قوشۇنلىرى بىلەن ئىلىغا قايتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق ئەمدى جۇڭغار خانلىقى، ئاپپاق خوجا يەرلىك ئەمەلدارلىرى ۋە سوپى - ئىشانلارنىڭ شۇلۇپ يەيدىغان توگمەس تەييار مۈلكىگە ئايلىنىپ، قاتمۇ قات زۇلۇم ئىسكەنجىسىگە مۇپتىلا بولدى.

ئاپپاق خوجا قورچاق تەختكە چىققاندىن كېيىن تەرىقەت (ئىشانلىق) — سوفىزمنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ قۇرئان، ھەپتىيەكتىن باشقا خەلق ياراتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ كۆيدۈردى ۋە ئىلغار ئىلىم - مەرىپەت ئەھلىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دارغا ئاسقان بولسا، بىر قىسمىنى سۈرگۈن قىلدى. قارا تاغلىق مەزھىپىنىمۇ باستۇردى. قىسقىسى، بىر قېتىم تەرىقەت ئاق تېررورلۇقى يۈرگۈزۈپ، تازىلاش ئېلىپ باردى، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئۈستىدە ئىقتىسادىي بېسىم كۈچىيىپ، ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان بۇ جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي بوھران باشلاندى. سوپى - ئىشانلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن خەلق ئاستا - ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى.

مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىسمائىلخاننىڭ ئۇچتۇرپاندا ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن باتۇرخان ئەسكەر توپلاپ، 1679 - يىلى

ئەمدىلا ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغىلى تۆت ئاي بولغان ئاپپاق خوجىنى ئۆرۈۋەتتى. ئاپپاق خوجا ۋاقىتلىق تاكتىكا قوللىنىپ، دۆلەت ئىچىدە دىنى ئىشلارنى بېجىرىش ۋەزىپىسىگە ماقۇل بولدى.

موللامىر سالىھ قەشقەرىنىڭ يازغان «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇھەممەت ئىمىن باتۇرخان خەلق مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاپپاق خوجىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن شەرقنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە سىڭلىسى «جاللات خېنىم» نى ئاپپاق خوجىغا بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل «تۇغقان» قىلىۋالغان. لېكىن ئىنتايىن قۇۋ، قارا نىيەت ئاپپاق خوجىنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئىلىغا — غالدان ئالدىغا كەلدى. بۇ قېتىم غالدان ئاپپاق خوجىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن 30 مىڭ كۈچلۈك قورallanغان قوشۇن بىلەن ئاپپاق خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يولغا سالدى. بۇنىڭدىن تولۇق خەۋىرى بار مۇھەممەت ئىمىن باتۇرخان ئەسكەر توپلاپ جۇڭغار قوشۇنىنى ئاقسۇدا توستى. . . ، ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا يەركەند ئاپپاق خوجا مۇرىتلىرىنىڭ ئىسيان — توپىلاڭ كۆتۈرگەن خەۋىرى كەلگەنلىكتىن، ئىسمائىل خان بىر بۆلۈم كۈچىنى ئالدىنقى سەپ ـ ئاقسۇدا قالدۇرۇپ، ئۆزى يەركەن قەلئەسىنى مۇستەھكەملەپ مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىلاجسىز يەركەنگە قايتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭغار كۈچلۈك ئارمىيىسى ئاقسۇدىكى مۇھەممەت ئىمىن باتۇرخاننىڭ قالدۇرغان مۇداپىئە ھەربىي كۈچىنى يىمىرىپ ئۆتۈپ يەركەنگە يېتىپ بارغاندا، باتۇرخان ئەسكەرلىرى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ بىر مەزگىل جۇڭغارلارنىڭ شۇنچە قۇدرەتلىك كۈچىگە تاقابىل تۇرۇپ، قەلئە ئىچىگە كىرگۈزمىدى. ئەمما بۇ جەڭدىمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ

ئەكسپېدىتسىيەچى مۇرىتلىرى يەنە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. بۇ خائىنلار جۇڭغارلار بىلەن ئىچىدىن ماسلىشىپ، قەلئە دەرۋازىسىنى جۇڭغار ئارمىيىسىگە ئوغرىلىقچە ئېچىپ بەردى. كەلكۈندەك بېسىپ كىرگەن جۇڭغار ئارمىيىسى، ئۆز ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن جان تىككەن يەركەن ئارمىيىسىنى قانغا غەرق قىلىۋەتتى. مۇھەممەت باتۇرخانمۇ ئۆز سەپداشلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا 171 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق تۆھپە ياراتقان سەئىدىيە خاندانلىقى ئالەمدىن غايىب بولدى. ئاپپاق خوجىنى ئىككىنچى قېتىم جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى قونتايجى غالدان دەريا - دەريا ئاققان قان ھېسابىغا يۇلەپ قۇرچاق تەختكە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزدى.

مەشھۇر فرانسۇز تارىخچىسى «بوزقىر ئىمپېراتورلۇقى» ناملىق ئەسىرىدە ر. گرۇسېتنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، غالدان بۇ قېتىم مۇھەممەت ئىمىن باتۇرخانغا ياردەم بەرگەن «قارا تاغلىق»لارنىڭ باشلىقى دانىيال خوجىنى قولغا ئېلىپ، جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرۇپ، ئاپپاق خوجىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا كۆپلەپ موڭغۇل ئەمەلدارلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خاتىرجەم قايتقان.

ئاپپاق خوجا ئىككىنچى قېتىم تەختكە چىققاندىن كېيىن خەلقنى قاتمۇ قات ئېكسپىلاتاتسىيە، رەھىمسىزلەرچە زۇلۇمغا دۇچار قىلىپ، قۇللۇق گىردابىغا مۇپتىلا قىلغانىنىڭ سىرتىدا، قارا تاغلىقلاردىن قانلىق ئۆچ ئېلىپ، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەرنى گۇناھسىز قىرىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ قاتىللىق ھەرىكىتى خەلقنىڭ قەھرى غەزىپىنى چەكسىز ئۆرلەتتى. ئاخىرى قاتىل، ئىستىبدات، مۇتەئەسسىپ ئاپپاق خوجا ئىسھاق ۋەلى ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن 1697 - يىلى ئەجەلىدىن بۇرۇن زەھەر بېرىپ

ئۆلتۈرۈلدى. جەسىتى ئۆزى ئۆلۈشتىن يېرىم يىل ئىلگىرى ئۆزى ياساتقان ھەزرەتتىكى گۈمبەزگە، يەركەندىن ئېلىپ كېلىپ قويۇلدى. خەلق ھازىرمۇ ئۇنى ئاپپاق خوجا گۈمبىزى دەپ ئاتاپ تاۋاپمۇ قىلىشىدۇ. بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆز تارىخىنى بىلمەسلىكى ۋە نادانلىقىنىڭ ھېلىمۇ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپپاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى يەھيا خوجا، ئەخمەت خوجىلار ئارقا - ئارقىدىن تەختكە چىقتى...، ئەمما «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار كۈرىشى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىنىۋاتاتتى...

قونتايجى غالدان باتۇر قونتايجىغا ۋارىسلىق قىلىپ، موڭغۇللار ھەرىكەت تارىخىنىڭ قەھرىمان داستانى بولغان چىڭگىزخان ھەرىكەت داستانىغا يېڭىدىن بىر راۋاج بېرىش ئۈچۈن، بوۋىسى چىڭگىز ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى تارمار قىلغان كونا دۈشمەنلىرىدىن ئۆچ ئالماق بولۇپ، پۈتۈن موڭغۇل خانلىرىنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاش ئۈچۈن مۇنداق بــ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى: «بىر زامانلاردا ئەمىرىمىز بولغانلارنى قولىمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك، ئىمپېراتورلۇق ئاتىلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قالغان» دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، موڭغۇل خانلىرىنى شۇ بايراق ئاستىغا توپلاپ، ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئەنە شۇ يۆنىلىش بويىچە شىنجاڭنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن جۇڭگونى سوراۋاتقان مانجۇ خاندانلىقىغا قارشى كۈرەشنى باشلىغانىدى.

غالدان قونتايجى مانجۇ خانى كاڭشى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، ئۇنى خېلىلا تەمتىرىتىپ، 1694 - يىلى ئۇرۇشتا مەغرۇرلىنىپ كېتىپ بىخەستەلىكتە ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى رابدان چىۋاڭ (1697 - 1727) چىقتى. بۇ چاغدا جۇڭغارلار شەرقتە مانجۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتسا، غەربتە ئىسسىق كۆل بويىدا رابدان قونتايجىنىڭ قېرىندىشى

چىرىن دوندۇپ رۇسلار بىلەن خېلىلا قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتى.

مانا مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتا جەنۇبىي شىنجاڭدا پامىر تاغلىرىدىكى قىرغىزلاردىن ياردەم ئالغان «قارا تاغلىقلار» «ئاق تاغلىقلار»نى يېڭىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ. بۇ چاغدا (1700 ـ يىلى) جۇڭغار خانلىقى رابدان چىۋاڭ ئاز ۋاقىت جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈزۈلۈپ قالغان ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇزاقتىن بېرى غۇلجىدا «تۇرغاق»دا تۇرغان «قارا تاغلىق»لارنىڭ بۇرۇنقى باشلىقى دانىيال خوجىنى «قارا تاغلىق»لاردىن يۈزمىڭ يامبۇ ئېلىپ، خانلىقتا تىكلەپ بېرىپ ھاكىمىيەتنى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ ۋارىسلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ، غۇلجىغا ئەكىلىپ تۇرغاقتا تۇرغۇزىدۇ.

جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدىكى بۇ قارا تاغلىقلار ھاكىمىيىتى .انىيال خوجا ئۆلىمىگۈچە (1730 ـ يىلغىچە) ھۆكۈم سۈردى.

1727 ـ يىلى رابدان چىۋاڭ ئۆلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى غالدان سېرىن (1727 ـ 1745) چىقتى. فرانسۇز تارىخچىسى گرىئوستىنىڭ يېڭى تارىخىي مەلۇماتلارنى توپلاپ يازغان «بوز قىر ئىمپېراتورلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، دانىيال خوجا ئۆلۈمىدىن كېيىن غالدان سېرىن جەنۇبىي شىنجاڭدا پۈت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن «بۆلۈپ ئىدارە قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەركەننى ساغانغا (خوجا جاھانغا)، قەشقەرنى يۇسۇپكە، ئاقسۇنى ياقۇپقا، خوتەننى ئابلاخانغا بەردى. غالدان سېرىن 1745 ـ يىلى ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقى تەشكىل قىلغان يۇقىرىقى تۆت قەبىلىنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلىدۇ، ئىچكى ھاكىمىيەت تالىشىش ناھايىتى جىددىي تۈس ئالىدۇ. جۇڭغارغا غەربتە رۇسلارنىڭ، شەرقتە مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۇجۇمى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

جۇڭغار خانلىقى ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى زىددىيەتلەر

ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كونتروللۇقىنى بوشىتىپ قويغانىدى. بۇ چاغدا پۇرسەتتىن پايدىلانغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاق تاغلىق، قارا تاغلىقلار كۈرىشى يەنە كۈتۈرۈلۈشكە باشلاپ، قارا تاغلىق سوپىلارنىڭ قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغان مۇرىتى يۇسۇپ جوڭغارلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى (1753 ـ 1754) . بۇ يىللاردا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان داۋاجىدىن يېڭىلگەن ئامورسىنا مانجۇ ھاكىمدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈردى ۋە ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيدۇ.

بۇ چاغدا 1730 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىلىدا تورغاقتا تۇتۇپ تۇرغان ئاق تاغلىقلارنىڭ ۋەكىلى بۇرھاندىن خوجا بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئامورسىناغا ئاقتاغلىقلارغا تايىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ پىكىر ئامورسىنا تاكتىكىسىغا ناھايىتى ماس چۈشىدۇ.

ئامورسىنا مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، بورھاندىننىڭ يول باشلىشى بىلەن ئالدىدا ئۇچتۇرپان، كېيىن قەشقەر، يەركەننى، ئاخىرى پۈتۈن قەشقەرىيەنى ئالىدۇ...

قەشقەرىيەنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۇلارغا ياردەملەشكەن ئاقتاغلىقلار ۋەكىلى بۇرھاندىن خوجا بىلەن، كىچىك خوجا جاھان (بۇ خان خوجا بولسا كېرەك) غا تۇتقۇزىدۇ (1757). بۇ چاغدا ئامورسىنا بىلەن مەنچىڭ ئارىسىدا شىنجاڭنى تالىشىش قانلىق ئۇرۇشى باشلىنىپ كېتىپ، يۇقىرىقى خوجىلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالىدۇ. ئاخىرى مانجۇ گېنېرالى جاۋخۇ 1759 ـ يىلى ئامورسىنانىمۇ، خوجىلارنىمۇ قوراللىق ئۇزۇل ـ كېسىل بېسىقتۇرۇپ، شىنجاڭنى تىنچلاندۇرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن موڭغۇللارنىڭ چىڭگىزخاندىن باشلانغان، پۈتۈن دۇنياغا دەھشەت سالغان، ئاسىيادا 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن خاندانلىقىمۇ، ئۇنىڭ ئاخىرى بولغان جوڭغار خانلىقىمۇ،

جەنۇبتا 91 يىل ھۆكۈم سۈرگەن خوجىلار ھاكىمىيىتىمۇ دۇنيادىن غايىب بولدى.

جۇڭغارلارنىڭ ۋاسالى سۈپىتىدە سەئىدىيە خاندانلىقى ئورنىغا چىققان خوجىلار ھاكىمىيىتى يۇرگۈزگەن سۇفىزمنى ئاساس قىلغان دىنىي - ئىقتىسادىي ئەڭ چىرىك فېئودال ئىستىبدات سىياستى بىر ئەسىرگە يېقىن فېئودال دىنىي تەخت ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشلار ۋە جۇڭغارلار، يەرلىك دىنىي فېئودال ھاكىملارنىڭ قوش زۇلۇملۇق ئېكسپلاتاتسىيىسى سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا شانلىق تۆھپە ياراتقان باي، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋە ئىقتىسادىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقنىڭ ئاڭ مەنىۋىيىتىنى ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئېغىر ھالدا زەھەرلىگەنىدى.

ماركسچە - لېنىنچە پەلسەپىنىڭ تەلىم بېرىشىچە، جەمئىيەتتىكى ھەممە ھادىسىلەر (جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ھادىسىلەر) ئۇستقۇرۇلمىدا شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات دەرىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ھەر بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات دەرىجىسى بولسا ئۇنىڭدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. يەنى «ماددىي ھاياتنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئومۇمەن ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى ھاياتنى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئۇلارنىڭ بارلىقىنى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي بارلىقى ئۇلارنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ»[1] ئەمما بۇنىڭ مەنىسى بازىس ئۇستقۇرۇلمىنى

[1] ك. ماركس، ف. ئېنگېلس، «سەنئەت توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 1- توم، 85- بەت.

بەلگىلىگەندە ئۇستقۇرۇلمىنىڭ بازىسقا ھېچقانداق تەسىرى يوق دېگەنلىك ئەمەس. «تارىخنى ماتېرىيالىستىك ھالدا چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، ھەقىقىي تارىخى جەرياندا ھەل قىلغۇچى پەيت ئاقىۋەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتۇر. يا مەن، يا ماركس ھېچقاچان بۇنىڭدىن ئارتۇق پىكىرنى ئېيتقىنىمىز يوق. ئەگەر بىرەر كىشى بۇ پىكىرنى گويا ئىقتىسادىي ئامىل بىردىنبىر ھەل قىلغۇچى ئامىلدۇر، دېگەن مەنىدە بۇزۇپ چۈشەندۈرسە، ئۇ ۋاقىتتا بۇ پىكىر ھېچ نەرسىنى ئۇقتۇرمايدىغان ئابستراكت، مەنىسىز ئىبارىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.»[①] ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ پىكرىچە، يۈكسەك سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە بۈيۈك سەنئەتكارلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن قالاق مەملىكەتلەردە ھەم مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا شۇ قالاقلىققا قارشى ۋە يېڭى ھايات ئۈچۈن كۈرەش ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيادا فىردەۋسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ماخمۇت قەشقىرى، نەۋائى قاتارلىق ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى بۇنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. دۇنياغا داڭلىق ئېپوسلار — «ماناس»، «جاڭغىر» داستانلىرىمۇ ئوخشاشلا يۇقىرىقى قانۇنىيەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ماركسىزملىق ئېستېتىكىنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىدىن يەنە بىرى، بۈيۈك سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھېچقاچان قىممىتى پەسەيمەسلىكى ھەققىدىكى تەلىمات بولۇپ، مەلۇم دەۋردە يارىتىلغان ۋە دەۋرنىڭ سىنىپىي كۈرەش ھادىسىلىرىنى،

① ك. ماركس، ف. ئېنگېلس، «سەنئەت توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 1- توم، 83- بەت.

جەمئىيەتنىڭ پىكىر قىلىش دەرىجىسىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن سەنئەت ئەسەرلىرى ئۆمۈر باقى بولۇپ قالىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە، قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلار بۇ بۈيۈك ئەسەرنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرمەيدۇ، قەدىمي خەلق ئېپوسلىرى، داستانلىرى، ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ھەممە ئەۋلادلار ئۈچۈن «ئۆلچەم ۋە ئېرىشىپ بولمايدىغان يۈكسەك نەمۇنە»[1] بولۇپ قالىدۇ.

يازما ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپ ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكى تارىختىن بىزگە مەلۇم. بۇ ئۇنىڭ ماددىي ئىمكانىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ ھالنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقاردى. مەنىۋى بايلىقلارنى يارىتىشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھوقۇقى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قېلىشى تارىختا شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدىكى، ھەر بىر خەلق ئەدەبىياتىدا يازما ئەدەبىيات ئەڭ ئالدى بىلەن كۆپىنچە دىنىي ئەدەبىيات تەرىقىسىدە مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يازما ئەدەبىيات بارغانسېرى دىنىي ماۋزۇلاردىن يىراقلىشىپ، ھاياتقا، ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىرىغا، ئۇستقۇرۇلمىدا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىگە يېقىنلىشىپ باردى. پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ھەر بىر تارىخىي دەۋردە يازما ئەدەبىياتنىڭ غايىۋى - بەدىئىي قىممىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەنە شۇ خەلق مەدەنىيىتىدىكى ئىدېئولوگىيىسىگە قانچىلىك يېقىنلىق دەرىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

---

[1] ك. ماركس، ف. ئېنگېلس، «سەنئەت توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 1. توم، 921. بەت.

ئاشۇ قانۇنىيەتلىك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭغارلار ۋە خوجىلار دەۋرىگە سەپ قارىساق، مۇنداق مەنزىرىنى كۆرىمىز.

جۇڭغارلارنىڭ ۋاسسالى سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈپ ئالغان فېئودال يەر ئىگىلىرىگە ئايلانغان خوجىلار ئوردىسىدا مەنپەئەتلىرى بىر-بىرىگە ماس كەلگەن ئىككى خىل ئەدەبىيات بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئاساسى ئىدېئالىستىك ئىسلام پىرىنسىپىنى يېيىنغان فلاتونىزم ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، ئوردا دىنىمىستىك ئەدەبىيات بولسا، يەنە بىرى، دىنىمىستىك مۇفزىم ئەدەبىياتى ئىدى.

سوفزىم ئەدەبىياتى تەرەققىيتنى ئۆزىگە ئىستىبتىك ئىدېئال قىلغان ھالدا، «تەڭرىگە مۇھەببەت»، «تەقدىرچىلىك»، «باقىي دۇنيا»نى گەۋدىلەندۈرۈپ. خوجىلارنى «ئۇلۇغ ئەۋلىيا»، «كارامات ئىگىسى» قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ۋەھشىي ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنى «ئاللا ئاتا قىلغان مەڭگۈ ھاكىمىيەت» قىلىپ كۆرسىتىپ، زۇلۇم تۈگمىنىگە سۇ قۇياتتى. قوش زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلگەن مېھنەتكەش ئاممىنى «تەقدىرگە تەن بېرىشكە» ئاچ-يالىڭاچ، ئەركىسىز ياشاشقا ئۈندەپ، خەلق ئېڭىنى پاتالىزم، سوفزىم بىلەن زەھەرلەشكە ئۈندىسە، ئۇنىڭ بىلەن قوشكېزەك تۇغۇلغان ساراي ئەدەبىياتى يۇقىرى تەبىقە ساراي ئەھلى، خوجىلارنى بېزەپ كۆرسىتىپ، بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى ئاللا يۇقىرى تەبىقە ساراي ئەھلى، خوجىلارغا ئاتا قىلغان، «بۇ دۇنيانىڭ راھەت-پاراغىتىنى سۈرۈپ كەيپ ساپا قىلىش كېرەك»، دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ فېئودال خوجىلارنى خەلقنىڭ قېنىنى ئېچىمۇ زور ئىشتىھا بىلەن شورىشقا ئىلھام بېرىپ ئۈندەيتتى. بۇ خوجىلار دەۋرىدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ — فېئودال ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار

مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. بۇ فېئودال خوجىلارنىڭ، جوڭغارلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىتى ۋە ئۇلارنىڭ فېئودال مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىستىبدات تۈۋرۈكى تەرىقەت سوفىزمىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشاتتى. ئىككىنچى تەرەپتە، خەلق دېموكراتىك ئەدەبىياتى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. «خەلق ھەممە ماددىي بايلىقنى ياراتقۇچى كۈچلا ئەمەس بەلكى روھىي بايلىقنىڭمۇ بىردىنبىر ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسى، دەۋر جەھەتتىنمۇ، گۈزەللىك ھەم ئىجادىي دانالىقى جەھەتتىنمۇ بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە ھەممە بۈيۈك داستانلارنى، يەر يۈزىدىكى جىمىكى تراگېدىيەلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ مۇھىمى جاھان مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىنى ياراتقان شائىردۇر»①

جوڭغارلار بىلەن خوجىلار گەرچە سەئىدىيە دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان باي ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەلگىلىك ھالدا ۋەيران قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تارىخنى، مەدەنىيەتنى ياراتقۇچى خەلقنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى يوقىتالمىغان ۋە تۇسىيالمىغانىدى ۋە ئۇنداق قىلىش قولىدىن كەلمەيتتى ھەم كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خەلق ھېكمىتى بولغان ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلغۇچى يازما ئەدەبىيات خەلقنىڭ چەكسىز ئەسىرلەرنى يەڭگۈچى ھاياتىي قۇدرىتىنىڭ دىئالېكتىكىسى بويىچە جوڭغارلار ۋە خوجىلارنىڭ قاتمۇ قات ماددىي ۋە مەنىۋى قورشاۋىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھەر قانداق تارىخى دەۋرلەردىكىگە ئوخشاشلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمى بولغان بۇ دەۋرنىڭ

---

① ئا. م. گوركى، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1- توم، 57- بەت

ئۆزىگە خاس باي دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى ياراتتى.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خوجىلار ئوردا ۋە سوفىزم ئەدەبىياتىغا قارشى ھالدا تەنقىدىي رېئالىزم روھىغا باي قوشاقلار، خەلقنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان، رومانتىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، «ئازادلىق - ئەركىنلىك»، «ئادىل شاھ»، «ئادالەتلىك»، «ئىنسانپەرۋەرلىك» روھىغا تولغان بىر قاتار خەلق چۆچەك، داستانلىرى مەيدانغا كەلدى.

يازما ئەدەبىياتتا خوجىلار دەۋرىدىكى دىنىمىستىك «تەڭرى مەركەزلىك» كە قارشى شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ سەركەردىسى، بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (11- ئەسىر) نىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» دىن باشلانغان ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتىنى تېما، مەزمۇن قىلغان «ئىنسان مەركەزلىك نەزەرىيىسى» ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىستېتىك ئىدېئال جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» تىن باشلانغان «بىلىملىك شاھ قانۇن ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرسا، خەلق بەختكە ئېرىشىدۇ» دېگەن «ئىدېئال شاھ» ئىستېتىك غايىسى، ئۆزىدىن كېيىنكى تۈركىي ۋە پارس ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئىستېتىك غايە يۆنىلىشى بولۇپ خىزمەت قىلغىنىدەك بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ ئىستېتىك غايە بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ دەۋر يازما ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇ ئىلغار نەزەرىيىۋى ئەنئەنىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، كونكرېت ھالدا خوجىلار دەۋرىدىكى سوفىستىك ئەدەبىياتقا قارشى ھالدا «ئىنسانغا مۇھەببەت»، «چىن ئىنسانى سۆيگۈ»، «تەڭرى گۈزەللىكى» گە قارشى «ئىنسان گۈزەللىكى»،

«تەقدىرچىلىك»، «قۇللۇق»قا قارشى «شەخس ئەركىنلىكى»، «باقىي دۇنيا راھەت - پاراغەت»كە قارشى «رېئال دۇنيا ئەمگەكىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى»، «خوراپاتقا» قارشى «ئىلىم مەرىپەتنى»، «ئاللا بەقشەندە قىلغان دىن ۋە فېئودال ھاكىم مۇتلەقلىق ئىستىبداتىغا» قارشى «ئادالەتنى» كۆيلىدى.

بۇ دەۋر ئەدەبىياتى كۆيلىگەن ئىنسانپەرۋەرلىك مەيلى شەرقتە بولسۇن، مەيلى غەربتە بولسۇن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىنساننى، ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى ئۇلۇغلاشقا قارىتىلغان بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىلەر جەۋھىرى بولۇپ قالدى.

بەدىئىي ئىجادىيەت ئۇسۇلى (مىتود) جەھەتتىن ئالغاندا تەنقىدىي رېئالىزم ئامىللىرى جىددىي، قويۇق تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بەدىئىي جەھەتتىن ئالغاندا شېئىرىيەت سالماق ئورۇننى ئىگىلەپ، كلاسسىك شېئىر شەكىللىرى ئەنئەنىۋى ھالدا داۋام قىلىپ، نۇرغۇن ئېپىك داستانلار مەيدانغا كەلدى.

داستانلارنىڭ بەدىئىي تىلى، سۇژىتى، رەھىمسىز دىنىي فېئودال تۈزۈمنىڭ دەھشىتى تۈپەيلى سىمۋوللۇق ئىزوپ[1] ئۇسلۇبىغا ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلىندى.

---

[1] ئىزوپ - قەدىمىي گرېك مەسەلچىسى بولۇپ، ئەسلى قۇل ئىدى. ئىزوپ ئۆز پىكرىنى ئوچۇق ئېيتىشقا ھوقۇقسىز بولۇپ، يۈرەكتىكى دەرد - ئەلەمنى كىنايە، ئاللېگورىيە، سىمۋوللۇق ئىشارىلەر بىلەن بايان قىلاتتى.

# لىرىك شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

«شېئىرىيەت — بۇ ياشاشنىڭ يورۇق تەنتەنىسى، بۇ بېزنى گاھ- قامراپ ئالغۇچى ھايات سورۇرى؛ بۇ ئىپتىراسلار ھالاۋىتى ۋە تىترىكى، ئەۋج نۇقتىسى، تۇيغۇلارنىڭ دولقۇنى ۋە بورىنى، مۇھەببەت تاشقىنى، زوق- شوق راھىتى، دەردكەش خىياللار دادى، ئازاب - ئىزتىرابلار لەززىتى، تۈگىمەس كۆز ياشلار چانقى، بۇ قاياقلارغىدۇر، كۆز يەتمەس، جازىبىدار يىراقلارغا ئۈزلۈكسىز ئىچىكىپ تەلپۈنۈشلەر؛ بۇ ھەممە نەرسىنى قۇچاقلاپ ئېلىش، ھەممە نەرسىگە يولۇقۇشنى كۆزلىگەن دائىمىي ۋە تۈگىمەس ئىشتىياق، بۇ قەلبىمىز كائىنات بىلەن بىر ئاھاڭدا تېپىپ، مەھلىيا كۆزىمىز ئۈنىڭدىكى يۈكسەك ھاياتنىڭ جىسمىمىز سەييالىرى بىلەن پەرۋاز ئېتىدىغان، قولىقىمىزغا بولسا پەلەكلەر ۋە دۇنيالار ئۇيغۇنلۇقى دولقۇنىدىكى ئىلاھىي قىزغىنلىق، بۇ شۇنداق ئىلاھىي قىزغىنلىقكى، ئۇندا يەر ساماۋى نۇر بىلەن پارلاپ، ئاسمان بولسا زېمىن بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. . . پۈتۈن دۇنيا، ئۇنىڭدىكى ھەممە گۈللەر ۋە بوياقلار، تەبىئەت ۋە ھاياتنىڭ بارلىق شەكىللىرى شېئىرىيەت ھادىسىسى بولالايدۇ. ئەنە شۇ ھادىسىلەردە يوشۇرۇنۇپ ئۇلارنى ھايات جىلۋىلىرى بىلەن جازىبىدار قىلغان نەرسە شېئىرىيەتنىڭ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شېئىرىيەت بۇ ئادەم ھاياتىنىڭ تىرىك تومۇرى، ئۇنىڭ قېنى، ئۇنىڭ

يالقۇنى، ئۇنىڭ شولىسى ۋە قۇياشىدۇر»[1].

دېمەك ئەدەبىيات مەنئۇيەت ئىكەن، لىرىكا مەنئۇيەتنىڭ مەنئۇيىتى، يەنى مېغىزىنىڭ مېغىزى، بېلىنىسكىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما ئومۇمىي بەلگىلىرى بىلەن ئۇ باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىر تارمىقى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ بىر شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمنى كونكرېتنى ئوبرازلار، ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋاسىتىسىدە ئىنكاس قىلىدۇ. باشقا ئەدەبىي ژانىرلار قاتارىدا لىرىكا ھەم ھاياتنى ئۆگىنىدۇ، ھايات ھادىسىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ھاياتنى قايتا قۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، ئوبيېكتىپ ئالەم — ئۇنىڭ ھەم ئۆگىنىش ئوبيېكتى، ئىنسان ھاياتى — ئۇنىڭ ھەم تەسۋىرى ئوبيېكتىدۇر. قىسقىسى، لىرىكا ئومۇمىي تەرەپلىرى بىلەن سۆز سەنئىتىنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىغا نەپەس جەھەتتىن ھەم ئاھاڭ، رەڭ تەرەپتىن رەڭداشتۇر. پەقەت ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۇلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ.

لىرىكا قانداق شارائىتتا پەيدا بولىدۇ؟

لىرىكا ئىنسان ئۆز شەخسىنى تونۇغان، ئۆزىنى شەخس سۈپىتىدە ماھىيەتتىن تونۇپ يەتكەن، ئۆزىنى ئالەم ئىچىدە يەنە بىر ئالەم دەپ بىلگەن ۋە تاشقى ئوبيېكتىپ ئالەمگە يېقىنچە قارىغان شارائىتتا پەيدا بولىدۇ. ئىنسان ئۆز شەخسىنى ئالەم بىلەن قىياسلايدۇ. گاھ ئۇنىڭغا قارىمۇ قارشى قويىدۇ. گاھ تاشقى ئالەم بىلەن تۇتاش بىر يۆنىلىشتە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئەمما ھېچقاچان ئالەم قارشىسىدا ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇمايدۇ. ئالەم بىلەن بىرلىكى، بىر پۈتۈنلۈكىنى ئېتىراپ

[1] ۋ. گ. بېلىنسكى «تاللانما ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 1- توم، 643 - 644 - بەتلەر.

قىلغۇچى ئىلھامى دەقىقىلىرى، روھىي جازىبىدارلىقىنىڭ ئەڭ
ئالىي نۇقتىلىرىدا ھەم شائىر شەخس ئۆزلۈكىدىن خەۋەر بېرىپ
تۇرىدۇ. «مەن ۋە بارلىق»، «بارلىق ۋە مەن» دېگەن جۈپلۈك
ھەمىشە ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئىنسانىيەت بەدىئىي تەرەققىياتىدىكى
بۇ باسقۇچ «خەلقىنىڭ تارىخى پەقەت ئەپسانە بولغان»، «خەلق
ھاياتى تېخى ئىككى قۇتۇپ — نەزىم ۋە نەسىرگە ئايرىلمىغان»، «دۇنيا
ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر پەقەت دىنىي تەسەۋۋۇرلاردىن ئىبارەت
بولغان»، ئىنسانىيەت ئۈچۈن گۈدەكلىك دەۋرى دەپ ئاتالغان
باسقۇچتىن كېيىن كېلىدۇ. ئەكسىچە، ئۇ بېشارەت بەدىئىي
تەپەككۇرىدا ئىپوستىن كېيىنكى خەلقنى تەشكىل قىلىدۇ.
ئىنسانىيەت لىرىكىدا ئۆزلۈكىنى چۈشەنگەن، شۇ سەۋەبلىك
كۈچىگە كۈچ، غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلغان، ھوشيارلىقى ۋە
سەزگۈرلۈكى بىر قەدەر ئاشقان قىياپەتتە نامايان بولىدۇ.
ئىنسان ئەمدى تاشقى ئالەم، تاشقى ھادىسىلەرگە تەلمۈرۈپ،
ئۇلارغا كۆمۈلۈپ قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئالىمىگە
ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك جەريانلارغا ھەم كۆز سالىدۇ، ئۇلارنى
ئۆگىنىشكە، قەيت ئېتىشكە، مۇئەييەن قانۇنىيەتلەرنى
كەشىپ قىلىشقا ئىنتىلىدۇ... بەزەن «ئۆز» ئالىمىدىن
كۆز ئۈزۈپ، تاشقى ئالەمگە باقىدۇ. ئۇ ئادەتتىكىچىلا قاراپ
قويمايدۇ. روھىدىكى نازۇك، مەيىن تاۋلىنىشلىرىنى
كۆزىتىپ، يېتىلگەن ۋە تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان نەزەرى بىلەن
سىنچىلاپ باقىدۇ... بۇ چاغدا ئىككى ئالەم ئارىسىدا گاھ
رەڭداشلىق، ئۇيغۇنلۇق كۆرۈنۈپ زوقلىنىدۇ، ھاياجانغا
كېلىدۇ، گاھ ئوخشىماسلىق، زىددىيەت كۆرۈنۈپ، نارازى
بولۇپ غەمگە چۆكىدۇ.

لىرىكا پەرۋازىنى ھەمىشە جەمئىيەت ھاياتى بەلگىلەيدۇ،
مىللىي - ئىجتىمائىي كۆتۈرۈلۈش دەۋرىدە لىرىك شېئىرىيەت
ھەم يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. قەدىمكى يونان لىرىكىسىنىڭ

ئەۋج نۇقتىلىرى پولىس دېموكراتىيىسىنىڭ (ئارخېئولوگ ئالكەي، سەپغو، ئاناكىرىئونلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە) ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. گىيوتى ۋە شىللېر لىرىكىسى فرانسۇز ئىنقىلابىغا ئاھاڭداش بولۇپ مەيدانغا كەلگەنىدى. كلاسسىك ئۇيغۇر لىرىكىسىمۇ IX ئەسىردىن XI ـ ئەسىر ئارىلىقىدا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى باش قىلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئېقىم بىلەن مەيدانغا كېلىپ نەۋائىي دەۋرىدە، نەۋائىي ئىجادىدا بىر قېتىم يۈكسەك چوققىغا كۆتۈرۈلگەنىدى.

پرولېتارىيات بەدىئىي تەپەككۇرى دەسلەپ رومان ياكى درامىدا ئەمەس، لىرىك شېئىر ۋە لىرىك قوشاقلاردا ئىپادىلەنگەنىدى.

جۈملىدىن خوجا جاھان ئەرشى لىرىكىسىنىڭ مەنبەسىمۇ شىنجاڭ تۇپرىقىدا يۈز بەرگەن مەشھۇر تارىخىي مىللىي كۆتۈرۈلۈشلەر — جۇڭغار، خوجىلار دەۋرى (1678 ـ 1759) جەڭگى جېدەللەر بىلەن تولغان مىللىي مۇھىت بولدى.

XIX ئەسىرنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى ۋە ئەدىبى مۇھەممەت سىدىق قەشقىرى (1722 ـ 1856) نىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتابىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، قارا تاغلىق خوجىلارنىڭ ئاقساقىلى خوجا ئىسھاق (خوجاكالان) نىڭ نەۋرىسى دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان)[1] بولۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ئەرشىدۇر.

خوجا ياقۇپ ھىجرىيە 1097 ـ يىلى (مىلادى 1685 ـ

---

[1] «تەزكىرەئى ئەزىزان» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، خوجا ياقۇپنىڭ «خوجا جاھان» ئاتىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇ تۇغۇلۇپ مەلۇم ياشقا كەلگەندە، قۇرئەندازلار ئۇنىڭ بەختنى ئىقبالىغا پال ئېچىپ: «بۇ جاھانگىر بولۇر، ئالەمنى ھال، ئىلمىنى قەۋلىدە (سۆز ئىلمىدە) زىرەك، ئەقىل پاراسەتتە ئۆز ئەسرىدە تېڭى بولماس» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان دانىيال خوجا «مانا بۇ بوۋىمىز خوجا كالاننىڭ ئىشلىرىنىڭ قايتا راۋاج تېپىشىغا قىلىنغان بېشارەت» دەپ تونۇپ، شۇندىن ئېتىبارەن ئۇنى «خوجا جاھان» دەپ ئاتىغان.

1686) يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراشلىق خوجەندتە تۇغۇلغان، بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: خوجا جاھان تۇغۇلۇشتىن 7- 8 يىل ئىلگىرى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، غالدان قونتايجى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن يولەپ تەختكە چىقارغان ئاپاق خوجا تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆزى «تارىخىي دۈشمەن» ھىسابلاپ كەلگەن «قارا تاغلىقلار» غا قارىتا دەھشەتلىك ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزىدۇ. مانا شۇ قىرغىنچىلىقتا خوجا جاھاننىڭ بوۋىسى خوجا شۇئەيب باشچىلىقىدىكى قارا تاغلىقلار كەشمىرگە قېچىپ كېتىدۇ. ئاپاق خوجا ئىنتايىن ھىيلىگەر ئادەم ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى دۆلەت ئىچىدە مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن سىرتتىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ يىلتىزىنى ئەقتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ كەشمىردە تۇرۇۋاتقان قارا تاغلىقلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان شۇئەيبقا «ئەلۋەتتە كەلگەيلەر، ھەر نېمەرسە بىساتىمىزدا باردۇر، دەر مايان كۆرگەيمىز، ئاۋالقىدىن خوپراق تۇرغايلار»[1] دەپ خەت يازىدۇ، شۇئەيب دەسلەپ ئاپاق خوجىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، بالا- چاقا، مۇرىتلىرى بىلەن بىللە يەركەن تۇپرىقىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەمما سەزگۈر شۇئەيب دەر گۇمان بولۇپ، ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئوغلى دانىيال خوجىنى كەلگەن يېرىدە توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى تىزناپ دەرياسىغا يېتىپ كەلگەندە ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئالدىنقاچان ئۇيۇشتۇرۇپ قويۇلغان سوپىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن دانىيال خوجا ئۇدۇل دەھبتكە قېچىپ بېرىپ، خوجا ئىسھاق ۋەلىيوللا مازىرىدا بىر مەزگىل ئىستىقامەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن خوجەندكە كېلىپ

[1] «قەدىمىي كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، 85- يىل، 1- سان، 8- بەت.

ماكانلىشىدۇ. خوجا جاھان مانا مۇشۇ جايدا دۇنياغا كېلىدۇ. «تارىخى نادىرە» دېگەن كىتابتىمۇ «ھەزرىتى مەۋلانە خوجا ياقۇپ خوجام خوجەنتتە تەۋەللۇت تاپتىلەر» دەپ يېزىلغان.

تارىخي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوجا جاھان دەسلەپكى مەلۇماتنى خوجەند مەدرىسلىرىدە ئالغان، كېيىن خوجا شەيخ خوجەندىنىڭ مازىرىغا بېرىپ بىر مەزگىل ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان. «تارىخى نادىرە» دە «تەھسىل ئىلىملىرى ئانچە بولدىكى، تەسلىرىدە ھەر مۇشكۈل بولسا ھەل قىلۇر ئەردى گاھ سەمەرقەند، بۇخاراغا بېرىپ ئەھلى پەزىللەر بىلەن مەشرەپ تۈزۈپ، مۇنازىرە قىلىشۇر ئىدى»① دېگىنىگە قارىغاندا ئۇنىڭ مەلۇماتى خېلىلا يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ.

«چىڭگىزنامە» نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئاپاق خوجا ئۆلۈمىدىن كېيىن (1697) جوڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەت ئىمىن باھادىرخاننىڭ ئىنىسى ئارسلانخان (ئاقباش خان) يەكەندە قاراتاغلىقلارغا تايىنىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالىدۇ (1708- 1709). مۇشۇ چاغدا ئۇ خوجەندتە تۇرغان دانىيال خوجىغا (ھەزرىتى دانىيال خوجام) بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز بۇرۇندىن سىلەرنىڭ ئاتا - بوۋاڭلارغا بەيئەت ۋە ئىناۋەت قىلىپ، دۇئالىرىنىڭ بەرىكاتى بىلەن مەملىكەتنى باشقۇرۇپ كەلگەنىدى، ھازىر بىزنىڭ ۋاقتىمىزدىمۇ سىز ئەلۋەتتە بۇ يەرگە كېلىپ، بىز گۇمراھلارغا ھىدايەت قىلغايسىز»② دېگەنىدى، چۈنكى ئارسلانخانغا مۇنداق مەنىۋى تۈۋرۈك بەك لازىم ئىدى. مانا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن دانىيال خوجا ئائىلىسى بىلەن ئانا ۋەتىنى يەكەنگە يېتىپ كېلىپ ئارسلانخان ھاكىمىيىتىگە ياردەملەشتى.

---

① «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات مەۋزۇرى»، 85- يىل، 1- سان.
② «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات مەۋزۇرى»، 85- يىل، 1- سان.

بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا بىر تەرەپتىن يەكەن مەدرىسلىرىدە تېخىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، مەلۇماتىنى ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوردىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ياردەملەشتى...

مىلادى 1715-، 1716- يىللىرى يەكەننى مەركەز قىلغان دانىيال خوجا (قارا تاغلىقلار بىلەن) قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەخمەت خوجا (ئاق تاغلىقلار) ئارىسىدا يەنە جېدەل باشلاندى، ئۇلار ئورۇشۇپ ھالسىزلانغان يۇرسەتتىن پايدىلانغان رابدان چېۋاڭ كۈچلۈك قوشۇن ئەۋەتىپ، بۇ جېدەلنى بېسىقتۇرۇپ، ئەخمەت خوجىنىمۇ، دانىيال خوجىنىمۇ بالا- چاقىسى بىلەن ئەسىرگە ئېلىپ غۇلجىغا ئاپىرىپ «تورغاق» قا تورغۇزدى. ئەمما جېدەل بۇ ئارىلىقتا يەنىلا بېسىقمىدى... 1727- يىلى رابدان چېۋاڭ ئۆلدى، ئورنىغا غالدان سېرىن چىقتى. بۇ چاغدا «قارا تاغلىقلار» سىياسىي سەھنىدە غالىب چىققىنى ئۈچۈن جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدان سېرىن جەنۇبىي شىنجاڭ سىياسىي كۈچلىرىنى مۆلچەرلەپ، «ئالتە شەھەر» گە دانىيال خوجىنى خان قىلىپ ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئوغلى خوجا جاھاننى ئېلىپ «تورغاق» قىلدى. ئەمما ياشىنىپ قالغان دانىيال خوجا 1730- يىلى دۇنيادىن ئۆتتى. غالدان سېرىننىڭ ئالتە شەھەرنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن «تورغاق» تا تۇتۇپ تۇرغان خان باللىرى ئىچىدە ياقۇپ خوجىدىن مۇۋاپىقراقى يوق ئىدى، شۇڭا ئاخىر دانىيال غوجىنىڭ ئورنىغا ياقۇپ خوجىنى يەكەنگە خان قىلىپ بەلگىلىدى. لېكىن جەنۇبنى پارچىلاپ ئىدارە قىلىشنى كۆزدە تۇتقان غالدان سېرىن ئۇنىڭ ئىنىلىرى خوجا يۇسۇپنى قەشقەرگە، خوجا ئايۇپنى ئاقسۇغا، خوجا ئابدۇللانى خوتەنگە خان قىلىپ بەلگىلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا پۈتۈن ئالتە شەھەرنى ياقۇپ خوجا كونترول قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىنىلىرى فېئودال

خانلىق تۈزۈمنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۇنى چوڭ خان دەپ تونۇيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجا جاھاننىڭ بىلىملىكى، پاساھىتى، ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ۋە سىياسىي قاراشلىرىمۇ ئىنىلىرىنى قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

خوجا جاھان ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن خېلى ئۇزاق بىر دەۋر ئىزىدىن چىقىپ، داۋالغۇپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمىنى شەرئىي ئىسلام قانۇن - مىزانلىرى ئاساسىدا تۇراقلاشتۇرۇپ، بەلگىلىك ھالدا ئادىل، مۆتىدىل دېموكراتىك سىياسەت يۈرگۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆز زامانىسىغا لايىق تەرەققىي قىلدۇردى. ئالتە شەھەر تېررىتورىيىسىدە سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كارۋان يوللىرىغا لەڭگەرلەرنى سالدۇرۇپ، ئۇلارنى قوغداش ساقچىلىرىنى قويۇپ، سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كەڭ يول ئاچتى. بازارلاردا ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن تارازىلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈملىرىنى ئورناتتى. نەتىجىدە بازارلار جانلىنىپ ئاۋاتلاشتى. خەلق تۇرمۇشى بىر ئىزىغا چۈشۈپ، تىنچ - خاتىرجەم تۇرمۇش ئېقىمى مەيدانغا كەلدى. خوجا جاھان قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر، خەلقچىل دۆلەت ئەربابى ئىدى. ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ تېررورلۇق دەۋرىدە ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ، سىرتقا چىقىپ، مۇساپىرچىلىقتا، سەرگەردانلىقتا يۈرگەن ۋەتەنداشلىرىغا خەت يېزىپ، ئۇلارنى ئۆز دىيارلىرىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ماددىي، مەنىۋى ياردەم بېرىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ خاتىرجەم قىلدى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خوجا جاھان جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىلىم - پەن بىلەن باغلاشنى بەلگىلىك ھالدا چۈشەنگەن ئادەمدەك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆز تېررىتورىيىسىدە مەدرىس - بىلىم

يۇرتلىرىنى ئېچىپ، تاللانغان مۇدەرىسلەرنى بەلگىلەپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرغان. ھەتتا ئۇ ئۆز دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان يەكەندە ئۆزى بىۋاستە ھەر چارشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى مەدرىسلەرگە بېرىپ، دەرس ئاڭلاپ، ياخشى دەرس ئۆتكەن مۇدەرىس ۋە ياخشى ئوقۇغان تالىپلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مۇكاپاتلاپ، مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

خوجا جاھان ئۆزى يېتۈك لىرىك شائىر سۈپىتىدە ھەر قانداق جەمئىيەتتە دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش، كىشىلەردە ئەخلاقىي، سىياسىي، ئېستېتىك روھ يېتىشتۈرۈشنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك قورالى بولغان ئەدەبىيات- سەنئەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. شۇڭا ئۇ ئوردىدا ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك شائىر، ئالىملىرى بولغان مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، نوبىتى، ھاجى داموللا، خوجا سىدىق (پۈتۈھى) قاتارلىق كىشىلەرنى توپلاپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە مەسلىھەتچى قىلغاندىن تاشقىرى، يەركەن شەھرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە تۆت پاتمانلىق يەرگە ئۇ نامىدا كاتتا باغ سالدۇرۇپ، ئۇلارنى ياز كۈنلىرى شۇ جايغا يىغىپ، «سىيەر»، «تارىخى ئەنبىيا»، «ئەنبىيائى ئىزام ۋە ئەۋلىيائى ساھىپ كىرام»، «پادىشاھى مۇقەددەملەرنىڭ قىسسىسى» قاتارلىق كىتابلارنى ئەرەبچىدىن، پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇزۇپ، تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن كەڭ شوغۇللىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى ۋە خوجا جاھان ئەرشى «شۇئارالار[1]» بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، شېئىر، ئەدەبىياتلارنى بىللە ئوقۇيتتى... ئىلغار پىكىرلىك شائىرلارغا ئىلتىپات ئەيلەپ، شاھانە لىباسلارنى كىيدۈرۈپ،

---

[1] شۇئارالار- شائىرلار.

سەر ئەبراز[1] قىلغان» ۋە ئۆزىنىڭ «نەزىم دۇر[2] لىرىنى مەشىققە ئېلىپ، كۆڭۈللەر خىرمەنىگە ئوت سالغۇدەك قەسىدە ئەشئەر[3] لەرنى توقۇغان» لىقى يۇقىرىقى خوجا جاهان توغرۇلۇق ئېيتقان پىكرىمىزنىڭ ئۇچۇق ئىسپاتى بولالايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، خوجا جاهان جۇڭغار خوجىلار دەۋرىدە هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چارەك ئەسىرگە يېقىن دەۋر ئىچىدە، يەنى مانجۇلار ئاق تاغلىقلار ۋەكىلى ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەخمەتخاننىڭ ئوغلى بۇرھانىدىن خوجىغا هاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىپ بەرگەن دەۋرگىچە (1754 ـ، 1755 ـ) خەلق بىر قەدەر تىنچ ـ ئاسايىشقا ئىگە، مەدەنىيەت مائارىپ، ئەدەبىيات- سەنئەت بىر قەدەر گۈللەنگەن دەۋر بولدى. مۇشۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرىدىن بولغان مۇھەممەت سىدىق زەلىلىنىڭ خوجا جاهان ئەرشىگە بېغىشلانغان تۆۋەندىكى قۇرلىرىنى خوجا جاهاننىڭ ئۆز ئېلىگە قىلغان خىزمىتىنىڭ ناهايىتى ئىخچام خۇلاسىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئى خوجا جاهان خۇدا هەمىشە يارىڭ بولسۇن،
گەر دۇن قەدىمىڭدىكى غۇبارىڭ بولسۇن.
دۈشمەن ئىلە تۇغ. ئەلەم جىلۋىگەر ئولدى،
هىممەت ئېلىكىڭدە زۇلپىقارىڭ بولسۇن.
بۇرھانىدىن غورور نەسەپ ئول سەگى ئەبلەخ،
ئىسلام ئېلىگە قىلغان غەمخورلۇقۇڭ مۇبارەك بولسۇن.
بىچارە زەلىلىي خوجا جاهاننىڭ ئۆلپىتى ئەردى،
دۈشمەنلىرىڭ دۈشمەن قولىدا خارۇ زارىڭ بولسۇن.

---

① سەر ئەبزار ـ ياساپ جابدۇش، زىننەتلەش.
② دۇر ـ گۆھەر.
③ ئەشئەر ـ شېئىر.

ئۆز دەۋرىنىڭ يىرىك، داڭلىق لىرىك شائىرى خوجا جاھان ئەرشى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنىڭ چۈڭقۇر ئۇستىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پىشىقلىق بىلىدىغان ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى مەلۇماتلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىمكانىيىتى، تۇرمۇش شارائىتى شەرق كلاسسىكلىرىنى پىشىقلىق ئۆگىنىپ، داڭلىق شائىر بولۇپ يېتىشىشكە سەۋەب بولغان تۆپكى ئامىللارنىڭ بىرى بولغان بولسا كېرەك.

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى - بەدىئىي ئىستىلىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، XV ئەسىر شەرق كلاسسىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسى بولغان ئەلشىر نەۋائىينى ئۈلگە قىلىپ ئۆگەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنى لىرىك شائىر خوجا جاھاننىڭ ئۆز ئاغزىدىنمۇ ئوچۇق ئاڭلىيالايمىز.

مەسىلەن: شائىر «كۆرۈپ» رادىپلىق بىر غەزىلىدە:

بىي نەۋا ئەرشى تىلەر، روھى نەۋائىدىن پۈتۈھ،
ھۆر غىزارى نەزىم ئارا مورغ خوش ئەلھانىنى كۆرۈپ.

دەيدۇ.

ئۇ بۇ غەزەلدە نەۋائىينىڭ «مەنتى قۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكىنى بايان قىلسا، «چەكتى» رادىپلىق يەنە بىر غەزىلىدە ئۇ نەۋائىينى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنى ئەگىشىپ ماڭغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

دىيارى نەزىم ئارا شاھلىق نەۋائى گەرچە كۆپ سۈردى،
گادا ئەرشىمۇ ھەم سۆز مۈلكىدە يىللار قەدەم چەكتى.

دەپ بايان قىلىدۇ.

شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى ياقۇپ خوجا. قورئاندازلار ئۇنىڭ خىسلەتلىرىگە قاراپ، كېلەچەك ئىستىقبالىغا «پال سېلىپ» خوجا جاھان دەپ نام قويغان. «ئەرشى» شائىرنىڭ شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، ئۆزىگە قويغان ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر.

بىز ھەر قانداق چاغدا ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا گەپ قىلىدىكەنمىز، ئۇنىڭ بىر- بىرىگە باغلىق بولغان ئىككى مۇھىم نۇقتىسى — ئۇنىڭ بىلىش ئوبيېكتى ۋە تەسۋىرلەش ئوبيېكتى ئالاھىدە قەيت قىلىنىدۇ. ئىنسانىي ئوراپ تۇرغان رەڭگارەڭ ئالەم، چەكسىز ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئەدەبىياتنىڭ بىلىش، ئۆگىنىش ئوبيېكتى، مانا شۇ ئالەمدە تۇرلۇك - تۇمەن مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى ئىنسان ھاياتى بولسا، ئۇنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ بارلىق ئەدەبىي ژانىرلار ئۈچۈن ئورتاق قانۇنىيەتتۇر. لېكىن ئۇلار بىرىنچىدىن، تەسۋىري ئوبيېكتىغا نىسبەتەن نۇقتا قورۇلۇشىنى قانداق ئويۇشتۇرۇش؛ ئىككىنچىدىن، زامان ۋە ماكانىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى بىلەن ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. «لىرىكا ئالدى بىلەن ئۆزىگە خاس ئوبراز — بىۋاستە كەچۈرمە شەكىلدە بېرىلگەن بەدىئىي پىكىر بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئەنە شۇنىڭغا تايىنىپ نۇقتا قورۇلۇشىنى ئويۇشتۇرىدۇ. ئوبراز — كەچۈرمە (ئىچكى كەچۈرمە) بەدىئىي ئىپادە ئۈچۈن ئۆز — ئۆزىچە مەقسەت بولالمايدۇ، ئۇ مەلۇم ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئومۇملاشتۇرىدۇ»[1] ياكى بېلىنىسكى ئېيتقاندەك «بۈيۈك شائىر ئۆزى ھەققىدە، ئۆز - (مەن) ھەققىدە سۆزلىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئومۇم ھەققىدە سۆزلەيدۇ. زاتەن

---

[1] ئى. ل. تىمافايېۋ «ئەدەبىيات نەزەرىيە ئاساسلىرى»، رۇسچە نەشرى، 378- بەت.

ئىنسانىيەتكە خاس ھەممە نەرسە ئۇنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ھەر بىر كىشى ئۇنىڭ ھەسرىتىدە ئۆز ھەسرىتىنى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز قەلبىنى تېپىپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتىدە بولسا، پەقەت شائىرنى ئەمەس، بەلكى ئىنساننى ئۆز قىياپىتى، بۇرادىرىنى كۆرىدۇ»[1]

ئېپوستا ئادەم ۋەقە، ھادىسە ئىچىدە، كۆمۈلۈپ، ئۇنىڭ ئېقىمىدا ئاقىدۇ. درامىدا ئىنسان ۋەقە ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ مۇھىتىدا تۇرۇلىنىپ كۆرۈنىدۇ. لىرىكىدا بولسا ئىنسان ئۆز ھالىچە قالىدۇ. ئارىستوتىلنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا: «تەقلىد قىلغۇچى ئۆز قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.»[2]

بىۋاسىتە كەچۈرمە - ئوبراز بىزگە ئىنساننىڭ ئەنە شۇ ئۆز ھالىچە قالغاندىكى قىياپىتىنى سىزىپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ ئورۇندا ئېپوستا ھۆكۈمران مەۋقەنى ئىگىلەپ، درامىدا مۇھىت ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋەقە لىرىكىدا پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئېرىپ لىرىكىنىڭ جىسمىغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاھاڭلىرىغا قوشۇلۇپ، ھەر بىر پەيتتە يۇمشاق يېقىملىق ياكى ئاچچىق، ئېچىنىشلىق، ياكى قايغۇ - ھەسرەتلىك سادا بېرىپ تۇرىدۇ.

ئەنە شۇ يۇقىرىقى ئېستېتىكا نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن شائىر خوجا جاھان ئەرشى ئىجادىنى كۆزەتكىنىمىزدە شائىر ئەسەرلىرى ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوتلۇق مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىكەنلىكىگە كۆزىمىز چۈشىدۇ. تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، شائىر ئىجادىنىڭ بۇ تېماتىكىسىنى شۇ زامان، شۇ تارىخىي دەۋر بەلگىلىگەندۇر.

ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى پەلسەپە، سىياسىي،

---

① ۋ. گ. بېلىنىسكى «تاللانما ئەسەرلەر» 1 - توم، 671 - بەت.
② ئارىستوتىل «شېئىرىيەت سەنئىتى توغرىسىدا»، 45 - بەت.

قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەت ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. پۈتۈنلەي دىنىناڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زۇرۇر ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ، ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى»[①].

ئېنگېلسنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيىسى ۋە بۇ چاغدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ خاراكتېرىگە بەرگەن يۇقىرىقى تەرىپىي شائىر ياشىغان دەۋر رېئاللىقىنى، دەۋر روھىنىڭ خاراكتېرىنى بىزگە ئىنتايىن روشەن ئېچىپ بېرىدۇ. «ئاق تاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار»نىڭ سىياسىي ھاكىمىيەت كۈرىشى ئەنە شۇنداق قىلمىدىمۇ؟! ئەدەبىياتقا كەلسەك، بۇ دەۋر دەل ئاپاق خوجا باشلىق خوجىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان سوفىزمنىڭ غالجىرلاشقان تەرەققىياتىنىڭ راسا چوققىسىغا كۆتۈرۈلگەن، فېئوداللىزم تۈزۈمىنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان «تەڭرى مەركەزلىك» سوفىزمنىڭ تۈپ ئاساسىي پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزىرى يۇقىرى پەللىگە چىققان دەۋر بولۇپ، ئەدەبىياتتا «ئاللا»غا ئاشىق بولۇش، تەركىدۇنيالىق يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ «ئاللا»غا سادىقلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇ دۇنيا — باقىي دۇنياغا بېرىپ ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش، بۇ دۇنيادىكى ئىنسان گۈزەللىكى، ئىنسان بەخت - سائادىتى، ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى رەت قىلىپ، خەلقنى زۇلۇمغا، ئېكسپىلاتاتسىيىگە، «تەقدىرگە تەن بېرىش»كە ئۈندەيدىغان، خوجىلار ئۈچۈن، ئەزگۈچى سىنىپ ئۈچۈن، فېئوداللىزم ئۈچۈن

---

① ئېنگېلس «لىيۇدۋىك فېيېرباخ نېمىس پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 76 - بەت.

جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئىنتايىن ئەكسىيەتچى بۇ ئېقىم بۇ جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپ ئىدېئولوگىيىسى سۈپىتىدە پۈتۈن ئۈستقۇرۇلما ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى.

مانا مۇشۇنداق ئاساسىي ئاتموسفېرادا ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە تەكرارلىنىش مەيدانغا كەلدى، يەنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى، نەۋائىلار دەۋرىدە ئەۋج ئالغان تەڭرى مەركەزچىلىككە قارشى «ئىنسان مەركەزلىك» ئېقىمى باشقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ دەۋردىكى بۇ ئېقىمنىڭ باش ۋەكىلى — باشلامچىسى لىرىك شائىر خوجا جاھان ئەرشى بولدى. ئۇ بۇ چاغدىكى سوفىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي باش ئېقىمى بولغان «ئاللاغا مۇھەببەت»، «ئاللاغا ئاشىق بولۇش»، «ئاللا گۈزەللىكىنى يېزىش»، «تەركىدۇنيا يولىنى تۇتۇپ باقىي دۇنيادا بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش»كە قارشى ھالدا، رېئال ئىنسان «گۈزەل يار»، ئاياللار گۈزەللىكىنى يېزىش، رېئال قىز- يىگىت مۇھەببىتىنى يېزىش، چىن ئىنسان مۇھەببىتىنى يېزىش، يالغانچىلىق ئالدامچىلىق، ۋاپاسىزلىققا قارشى ئالىيجانابلىق، راستچىللىق، ۋاپادارلىقنى؛ ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى — رېئال دۇنيادىكى ئەركىنلىك، ئازادلىق، بەخت- سائادىتىنى مۇھەببەت ئېقىمى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە كىرىشتى. بۇ ئەمەلىيەتتە «ئىنسان مەركەزلىك» ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر.

مۇھەببەت كونفىلىكتى — مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپتىكى كونفىلىكتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

لىرىك قەھرىماننىڭ «مەن» ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىشى، لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ ھەسرىتى، دەردى، خۇشاللىقى، پۈتۈن كەچۈرمىشى ئۆز دەۋرىدىكى ئىنسان قەلبىنىڭ ئەينىكى. لىرىكىنىڭ ئاساسىدا شائىر شەخس بار، لېكىن بۇنىڭدىن

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، لىرىك قەھرىمان شائىرنىڭ ئۆزىنىلا ئىپادە قىلىدۇ، دېگەن خۇلاسە چىقمايدۇ. شائىر ئۆزىنى (شەخسنى) قىزغا ئايلاندۇرۇپ، مەھبۇبە سۈپىتىدە كۆيلىشى ھەم مۇمكىن، ئۇ يىگىتكە ئايلىنىپ ئاشىق سۈپىتىدە كۆرۈنۈشى ھەم مۇمكىن. ئۇ يالغۇز ئۆز مىللىتى ئەمەس، ھەر قانداق مىللەت سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھاللارنىڭ ھەر قانداقىدا، ئۇ ئۆزىنىلا (شەخسنى) ئىپادىلىمەيدۇ. شائىر مۇئەييەن تىپ قىياپىتىگە كىرگەن چېغىدا شۇ تىپ قەلبىنى ئەكس ئەتتۇرگەن بولىدۇ. بۇنى ئۇلۇغ رۇس شائىرى ۋ. بىريۇسوۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «لىرىك شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە گويا تۇرلۇك - تۈمەن شەخسلەر نامىدىن سۆزلىگەندەك ھەر خىل ئاۋازدا سۆزلەيدۇ. . ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرىدا يېڭى مەن بولىدۇ»①. دېمەك، لىرىك قەھرىمان شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز غايىسى بويىچە يۇكسەلدۇرۇپ، تەسۋىرلىگەن شەخس، ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە تىپىك قەھرىماندۇر.

لىرىك قەھرىمانغا خاس ئوبرازلار كۆرۈنۈشلەرنى خۇددى ئەنە شۇ لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنىڭ قانداق نامايان بولۇش شەكىللىرى بەلگىلەيدۇ. شائىرنىڭ ئايرىم ئەسەرلىرىدە بۇ ئوبرازلار توغرىدىن توغرا، يەنى بىۋاستە ئەكس ئەتسە، باشقا ئەسەرلىرىدە خىلمۇ خىل جىنسلار ۋە مىللەتلەر ھەم كىشى سۈپىتىدە شائىر غايىسىنى تىپىك ۋە ۋاستىلىك ھالدا ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇنداقتا خاراكتېر دېگەن نېمە؟

زاماندا ھەم ماكاندا چەكسىز بولغان ماددىي ئالەم ھەر قاچان، ھەر نەپەستە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يېڭىلىنىپ، خىلمۇ

① ۋ. بىريۇسوۋ «تاللانما ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى، 2- توم، 443- بەت.

خىل قىياپەتلەردە تاۋلىنىپ، ئۆز ماھىيىتىنى رەڭمۇ رەڭ
قىرلىرىدا نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئالەمنىڭ بۈيۈكلۈكى ئۇنىڭ
چەكسىزلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى چەكسىز رەڭمۇ رەڭلىكى بىلەن
ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ماددىي دۇنيانىڭ رەڭمۇ رەڭلىكى
ئۇنىڭ ھاياتىي خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالەم ئىچىدە ئۆزىنى يەنە بىر دۇنيا ھېسابلايدىغان ئادەم
ئەنە شۇ چەكسىز رەڭمۇ رەڭ ئالەمنىڭ ئالدىدا جىمجىت،
ھەرىكەتسىز، تىمتاس تۇرۇپ قالمايدۇ، ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۆز
مەنىۋى دۇنياسىنىڭ چەكسىز رەڭمۇ رەڭلىكىنى نامايان قىلىدۇ.
ئەدەبىيات ئاشۇ رەڭمۇ رەڭلىكنى ئەينەكتەك ئەمەس، بەلكى
ئىجادىي، جانلىق ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەنە شۇ مەنىدە
خاراكتېرلەرنى ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ چەكسىز رەڭمۇ رەڭلىكى
دۇنياسى دەپ ئاتاش مۇمكىن.

خاراكتېرلەر ئىنسان مەنىۋى ھاياتىنىڭ چەكسىز رەڭمۇ
رەڭلىك دۇنياسىنى يورۇق دۇنياغا چىقىرىپ، شۇ ئارقىلىق
ماددىي ۋە مەنىۋى ئالەملەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزىگە خاس ئۈزۈلمەس
مۇتاناسىپلىقنى (تەڭپۇڭلۇقنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

ئەدەبىياتنى «ھايات دەرسلىكى» ئىنسانشۇناسلىق پېنىگە
ئايلاندۇرغان ئاساسىي نەرسە ھەم ئۇنىڭ خاراكتېرلەر دۇنياسى
ئىكەنلىكى بىلەن ئىزاھلىنىدۇ.

لىرىك خاراكتېر بولسا ئىجادكارنىڭ مەلۇم بىر غايىنى
ھېسسىي، ئىدراك قىلىشىدىكى ئۆزىگە خاس قارىشى، ئۆزىگە
خاس مۇناسىۋىتى، ئۆزىگە خاس قىياپىتى دېمەكتۇر. ئاشۇ
ئۆزىگە خاس مۇناسىۋەت، ئەنە شۇ سۇبيېكتىپ چۈشىنىش
بولمىغان جايدا لىرىك قەھرىمان مەۋجۇت بولمايدۇ.

مەلۇمكى ئىنسان خاراكتېرى ئۇنىڭ ھايات شەكىللىرىدىن
بىرى ھېسابلانغان ئوي- پىكىر ۋە تۇيغۇلار بىلەن نامايان
بولىدۇ. لىرىكا پىكرى ۋە ھېسسىي ئامىللارغا ئاساسلىنىپ،

دولقۇنلۇق، ھاياجانلىق خاراكتېرلەر يارىتىلىدۇ.

لىرىك شېئىرىيەت پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى ئەنە شۇ بىرلىك ۋە چەكسىزلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ۋەقەلىك ۋە ئىنساننى ئۆزىگە خاس بىرلىك ھەم چەكسىزلىكتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لىرىكا پىكىر ۋە ھېسسىياتلار دىئالېكتىكىسىنى تەسۋىرلەش بىلەن ئىنسان تەبىئىتى قىرلىرىنى، ئىنسان خاراكتېرى جىلۋىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن لىرىكا زورۇر ئىمكانىيەت ۋە ۋاسىتىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنساني خاراكتېرلەرنى يارىتىشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ.

ن. گ. چېرنىشېۋسكى: «شېئىرىيەت (پوئېزىيە) — ھايات دراممىسىدۇر» دەيدۇ. بۇ — ئەدەبىيات ھاياتنى ئۇنىڭدىكى قارىمۇ قارشى خاھىشلار كۈرىشى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ دېگەن مەنىنى بىرىدۇ. لىرىك شېئىرىيەت ئەنە شۇ پرىنسىپقا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ. قارىمۇ قارشى خاھىشلار كۈرىشى، ھاياتي كونفلىكتلار — لىرىك خاراكتېر، لىرىك ماھىيەت پۈتۈن روشەنلىكى، چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئىزھار قىلىنىدىغان ئاجايىپ مەيداندۇر.

بىرچە خاراكتېرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ھايات كونفلىكتى (زىددىيەت توقۇنۇشى) لىرىكىدا ئاساسەن ئۈچ كۆرۈنۇشتە گەۋدىلىنىشى مۇمكىن:

1) ئاكتىپ ئىقرار (ياكى تەستىق)، 2) ئاكتىپ ئىنكار، 3) بىر يولى ھەم ئىقرار ھەم ئىنكار كۆرۈنۈشىنى ئېلىشى مۇمكىن.

— شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ بىزگە «ئەرشى» ناملىق قول يازما «دىۋانى» يېتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. بۇ «دىۋان» نىڭ ئاخىرىغا ئوغلى شائىر پۈتۈھىنىڭ شېئىرلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىلى نەشر

قىلىنغان 21. ساندا شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ يۇقىرىقى «دىۋان» دىكى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. دىۋانىنىڭ بۇ قول يازما نۇسخىسىغا دىۋان تەرتىپى بويىچە 90 غەزەلى، سەككىز رۇبائىيسى، بىر ساقىنامە، ئالتە مۇخەممەس، ئىككى مۇسەممەن، ئۈچ مۇھەببەتنامە، بىر مۇستەھزاد ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ دىۋاندىكى شائىر ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە قارىغاندا شائىر ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ، قىيامىغا يەتكەن چاغلىرىدىكى ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەندەك تۇرىدۇ. بۇ نەرسە بىزگە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىجادىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا دەۋرلىرىدىكى «دىۋان» نىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنچە يىراق، شۇنچە زۇلمەتلىك زامانلارنى يېڭىپ ئۆتۈپ شائىرنىڭ يۇقىرىقى دىۋانىنى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ كەلگەن بىزنىڭ ئۇلۇغ، قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئۇنىڭ قالغان «دىۋان» لىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوينىدا ساقلاپ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يورۇق دۇنياغا چىقارسا ئەجەب ئەمەس.

بىز ھازىرچە شائىر ئىجادىغا بولغان تەھلىللىرىمىزنى بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى بويىچە ئېلىپ بارىمىز.

خوجا جاھان ئەرشىنى ئاخىرقى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىيات مەيلى شەرقتە بولسۇن، مۇنداق ئۈچ خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى: بىرىنچىدىن، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى دىنغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى قىلىپ قويۇلغان شارائىتتا، شەرق ۋە غەرب ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىزچىل كېلىۋاتقان روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، «تەڭرى مەركەزلىك» كە قارشى ھالدا «ئىنسان مەركەزلىك» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىنسان گۈزەللىكى، ئىنساننىڭ ئالىيجاناب ھېس- تۇيغۇلىرىنى،

ئىنساننىڭ دۇنياغا ئەڭ ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئەزىزلەش ئۇتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

ئىككىنچىدىن، ئەدەبىياتنى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلىرى بىر بۆلۈك ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئىنساننى، ئىنساننىڭ دۇنيانى بىلىش ئىقتىدارىنى ئۇلۇغلاش، ئىنساننىڭ ھۆر پىكىرلىك (ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئىنتىلىش) بولۇشىغا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا يېقىنلاشتۇردى.

ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر قورالى بولغان ئەدەبىي تىلنى خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇردى. بۇ ئۇتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىنىڭ مەيلى شەرقتە بولسۇن، مەيلى غەربتە بولسۇن، ئەدەبىياتنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر يازغۇچى، بىر شائىر ئەسىرىدە تولۇق كۆرۈلۈشى شەرت ئەمەس. بۇ چاغدا ئىنسانپەرۋەرلىك ئورتاق ئىنسانىيەت مەنپەئىتىنى كۆزلەش نۇقتىسىدىن سىنىپلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ، خەلقتىن بەلگىلىك ھالدا ئايرىلىپ قالسىمۇ، ئەمما خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان ئورتاق ئامىلغا ئايلىنىپ، كېيىنكى ئەدەبىيات ئۈچۈن ئىلغار ئەنئەنىگە ئايلانغانىدى. خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئىجادىيىتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئەنە شۇنداق ئۈلگىلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

سوۋېت مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ بىرى بولغان ئا. ۋ. لۇناچارىسكى: «شائىر ئىجاد قىلىدىكەن، ئۇ تەنها نىكولاي ئالىكسۇۋىچ بولۇپ قالمايدۇ، ئۇ ئەمدى ناھايىتى خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر، تۇيغۇ، كەچمىشلىرىنىڭ جارچىسىغا ئايلىنىدۇ. شائىر ئىجاد قىلىدىكەن، يۈزمىڭلار، مىليونلار ئۈچۈن سۆزلىگىنىنى، مۇنبەر ئىكەنلىكىنى، ۋەتەنداشلىرى

بىلەن، ئېھتىمالكى ئەدەبىيات بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. خۇددى ئەنە شۇ ئورۇندا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي شەخسىي ئۈستۈن كېلىدۇ. ئۇ قايتا تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ قەلب قوڭغۇرىقىدا ئەڭ ياخشى، ئەڭ تازا مېتال جاراڭلاپ سادا بېرىدۇ.» لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن غايەت مۇھىم بىر شەرت مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەللىپ مۇنداق قوشۇمچە بايان قىلىدۇ: «مانا شۇ قايتا تۇغۇلىدىغان زات، مانا شۇ ئىجتىمائىي ئادەم، مانا شۇ ئىنسان ئۆز شەخسىي بىلەن بۈيۈك بولۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئۇ بۈيۈك شائىر بولالايدۇ»[①].

شائىر ئەرشى ئۆز زامانىسى ئۈچۈن قايتا تۇغۇلغان ئۇلۇغ زات ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىنى ئاساسەن غەزەللىرى تەشكىل قىلىدۇ. غەزەل ژانىرى توپ مەنىدە لىرىك ژانىر بولۇپ، ئەرشى ياراتقان قەھرىمانلار لىرىك قەھرىمانلار قاتارىغا كىرىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، بىز شائىر ياراتقان قەھرىمانلارنى ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى دەپ ئاتايمىز.

## ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى توغرىسىدا

ھەر قانداق دەۋرنىڭ رېئال ئىجتىمائىي چىنلىقى ئەدەبىي چىنلىققا ئايلىنىش ئۈچۈن يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ئېستېتىك غەلۋىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئەدەبىي - بەدىئىي چىنلىققا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شائىر ياكى يازغۇچى ياراتقان بەدىئىي ئوبراز ئۇنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىنى — غايىسىنى توشۇغۇچى شەكىلدۇر، دېگەن سۆز.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شائىر ئەرشى

---

① ئا. ۋ. لۇناچارىسكى «ئەدەبىيات توغرىسىدىكى ماقالىلەر»، 256- بەت.

ياشىغان دەۋر ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلغان تىپىك شارائىت ئىدى. گەرچە خوجا جاھان ئوردىدا ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاللىقاچان فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن دىنىمىستىك ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان سوفىزىم يەنىلا ئەدەبىيات، سەنئەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. بۇنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىش يالغۇز خوجا جاھان ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى، چۈنكى مەسىلە بىر پۈتۈن فېئوداللىزم تۈزۈمى بىلەن باغلىق مەسىلە ئىدى. ئەمما XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIV — XV ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا راۋاجلانغان سوفىزىمنىڭ نەقشىبەندىچىلىك ئېقىمى بۇ دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىلغار ئېقىم ئىدى.

بۇ ئېقىم پۈتۈن ماددىي ھاياتنى ئاللا ياراتقان، پۈتۈن مەۋجۇدىيەت ئاللانىڭ شولىسى دەپ قارىسىمۇ، ئۇ دۇنيا جەننىتىنى ئىقرار قىلسىمۇ، ئەمما سوفىزىمنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى ئېقىمى بولغان ئەلغازالى ئەخمەت يەسۆيچىلىك — ئىكىلكستىك سوفىزمغا قارشى بولغان، بۇ دۇنيانى ئەرزىمەس نەرسە، يالغان دۇنيا، جان تەنگە نىسبەتەن قەپەز، ئۇنى — جاننى، تەننى بەربات قىلىش يولى بىلەن «ئازاد» قىلىش كېرەك. مۇھەببەت، گۈزەللىك ئاللاغا خاس، ئىنسان ئاللانىڭ شولىسىدىن ئىبارەت، بۇ يالغان پانىي دۇنيادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، باقىي دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئىنسان تەركىدۇنيا يولىنى تۇتۇپ، جاننى قەپەزدە تۇتۇپ تۇرغان تەننى بەربات قىلىپ، ئەسلى ماھىيەت بولغان ئاللا بىلەن بىرلىك

قىلىپ قوشۇلۇپ كېتىش كېرەك، دەپ قارىمايدۇ.

نەقشىبەندچىلەر[1] — پەلسەپە نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، سوفىيانە فانتىزم ۋە ئىدېئالىستىك مونىزىم پوزىتسىيىسىدە تۇرىدۇ. ئۇلارچە بىرلا خۇدا بار، ئۇ بىر كۆرۈۋاتقان رېئال نەرسىلەردە ئىپادىلەنگەن، ئۇ يوشۇرۇن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان خۇلاسە بىرلا رېئاللىق بار، بىرلا دۇنيا بار؛ ئەسلىنى ئالغىنىمىزدا شۇ بىرلا دۇنيا، بىرلا هايات بار دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا نەقشىبەندىنىڭ ئىجادچىسى باھاۋدۇن نەقشىبەندنى «ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قارشى چىقتى» دەپ، تۇتۇپ دارغا ئاسماقچى بولغاندا، ئۇ ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن، ئۇنىڭ كەينىدىن «ئىسلام ئۆلىمالىرى» ئۇ قېچىپ بارغان ئەلدە — پادىشاھ ئوردىسىدا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قاتىللىق قىلدى دەپ، پىتنە تارقاتقاندى.

نەقشىبەندچىلەر ئۆزلىرىنىڭ پانتىزم ۋە شۇ ئاساستىكى مونىزىم قارىشىغا تايىنىپ تۇرۇپ، تەركىدۇنياچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان خۇلاسە چىقارمايدۇ. ئۇلار تەركىدۇنياچىلىق يولى بىلەن ئاللاغا قوشۇلۇپ كېتىش، رىيازەت چېكىش يولى بىلەن بەخت - سائادەت، ئازادلىققا ئېرىشىش غايىسىنى ئالغا سۈرمەيدۇ. ئۇلار ئەكسىچە بۇ دۇنيادا، تەبىئەتتە، شاد - خۇرام ياشاش كېرەك، شۇ ئارقىلىق دۇنيانىڭ، تەبىئەتنىڭ لەززەتلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك، دەپ قارايدۇ، بۇنداق هالەت خۇدانى، كېلەچەكنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا، بىر تەرەپكە سۈرۈپ قويۇشقا ئېلىپ كەلمەسلىك كېرەك، دەپ قارايدۇ.

---

[1] بۇنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەت ئىبنى مۇھەممەت باھاۋدۇن فەزىلى بۇخارى (1347- يىلى تۇغۇلغان) بولۇپ، ئۇلار ئۆز تەلىمىنى ساز بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئېلىپ بارغىنى ئۈچۈن نەقشىبەند دەپ نام ئالغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن باتىندىن (ئىچتىن) ھەق ـ خۇدا بىلەن، زاھىردىن (سىرتتىن) خەلق بىلەن بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىنى كىشى ئېزىشكە، قۇل قىلىشقا قارشى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۇلار شەرىئەتنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىگە تەنقىدىي قارىغان. مەسىلەن: روزا تۇتۇشنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئىنسان سالامەتلىكى ئۈچۈن زىيان دەپ ھېسابلىغان، جۈملىدىن نەپى ناماز (بەش ۋاخ نامازدىن تاشقىرى ناماز) نىمۇ بىكار قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم بېرىشنى ئورۇنلۇق دەپ ھېسابلىغان، نەقشىبەندچىلەر ئەنە شۇ قاراشلىرى بىلەن نىسپىي مەيدان جەھەتتىن خەلق مەيدانىغا گاھى ئاڭلىق، گاھى ئاڭسىز ئۆتۈپ قالغان.

ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئەنە شۇنداق رېئال ماددىي ھايات بىلەن ئۇزۇقلاندۇرغان ئوتتۇرا ئەسىر شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي مېتودىمۇ رېئالىزملىق ئامىللارغا باي بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتنى يارىتىشقا مۇيەسسەر بولالىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلەرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك يىرىك ئەرباپلىرىدىن سەيدى قەشقىرى، ئابدۇراخمان جامى، نەۋائىلارمۇ نەقشىبەند ئېقىمىغا مەنسۇپ ئىدى.

نەۋائى ئەنئەنىلىرىنى بىۋاستە داۋاملاشتۇرغان شائىر خوجاجاھان ئەرشى پەلسەپىۋى كۆز قاراش جەھەتتىن-سوفىزمنىڭ ئەنە شۇ نەقشىبەندچىلىك ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، نەقشىبەندچىلىكنىڭ سەلبىي ئىدېئالىستىك، دىنىمىستىك تەرىپى ئۇنىڭ 62 غەزىلى، ساقىنامىسى، 68- بەيتتىكى بىرىنچى مۇسەممەسىدە نۇقتىلىق ھالدا ئىپادىلەنگەن.

شائىر ئەرشىنىڭ ئېستېتىك كۆز قارىشىدىن تۇغۇلغان

لىرىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، روھى ئىنتايىن باي، تۇيغۇسى ئىنتايىن نازۇك، پىكرى تۇيغۇلىرى ئىنتايىن چوڭقۇر، خاراكتېرى سالماقلىق، مۇقىم، ئۇ ئۆزى سۆيگەن گۈزەل يارنىڭ گۈزەللىكىنى، گۈزەللىكىنىڭ جىلۋىلىك سېھرىي كۈچىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ. ئۇ ئۆزى سۆيگەن گۈزەل يارنىڭ ئالدى بىلەن گۈزەل قىياپىتىنى ۋە جىلۋىلىك سېھرگەرلىك كۈچىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئويناشىپ تۇرغان كۆز ئۆزرە ئىككى قاشىڭ ياراشۇر،
ياراشىپ بەلكىم ئىكەۋ ئولتۇرگەلى جان تالاشۇر.
غەمزە كافىر كۆزلەرىڭنى تەقد تاراجى ئۈچۈن،
سەبقەت ئەيلەرگە ئىكەۋلەن بىر- بىرىنى ماراشۇر.
غەمدە سارغۇلغان تەنىم گەردىن كۆرۈپ شاشماس كۆزىن،
توغ كۆرۈپ ئانداغ كىيىكلەر كىم تېخىرقاپ قاراشۇر.
مىكر ئايىن دام پىشە ئەنبەرىن كاكۇللارىڭ،
خاتىرىم تارتماق ئۈچۈن ھەر تەرەپكە تاراشۇر.
ئەنبەرىن خالىڭ فىداسى قىلغالى ئۇششاقلار،
جان فۇلۇرىن ئىلكىگە ئالىپ دەما - دەم ساناشۇر.
ئويناشىپ تۇرغان ئىككى كۆز جادۇيى مەست،
يائىكى ئاھۇ بەچە ئىككى قازاندا قايناشۇر.
ئايو، كۈن دەرمەن قىران قىلمىش مەگەر كىم بۇ مەھەل،
ئويناغان چاغ قوۋلاشىبان بىر- بىرىنى ماراشۇر.
بول ئەجەپ يار ئالدىدا مەھرەم بولۇپ نەچچە رەقىب،
ئاھ، نەيلەي كەلمەگىل دەپ مېنى دائىم قاۋلاشۇر.
ئەرشى مەۋزۇنىڭ جانى كۆرگەن زەمان سەكرەپ چىقار؛
سەكرەتىپ گاھى سەمەندىن شوخلار كىم ئويناشۇر.

ياكى:

ئەي پەرى بىتاپلىقتىن بەرقدەك پەررانمۇ سەن؟
ئوت ساچىپ ھەريان يۈزۈڭدىن ئاپەتى دەۋرانمۇ سەن؟
يا لەبى مەيگۇن بىلە دەرد ئەھلىغە دەرمانمۇ سەن؟
جىسم ئەمەس سەن، جانمۇ سەن، يا جان ئارا جانانمۇ سەن؟
شۇئلەسەن يا شەمئىسەن، ھەي، ھەي، خۇش جەۋلانمۇ سەن؟

چالغىنىپ مىھر سە بۇھندەك ئەجەپ مەستانىسەن،
تەلبە سەن، بىباكسەنمۇ ياكى ئوتتەك يانەسەن.
مەستىسەن، مەستانىسەن ھەم مەيسەنۇ مەيخانەسەن،
خومر سەن، مەخمۇر سەن، خومر ئەھلىگە خومخانە سەن.
چەشمەئى خۇرشىد سەنمۇ يا گۇلى خەندانمۇ سەن؟

ياكى:
سارغايىپ خۇرشىد كۆكتە، يەردە گۇل يەپ ھەسرەتىڭ،
مۇنچە ھەم بولمىش يىاڭا ھۆسن ئىچرە ئەي شاھبازلىق.

ياكى:
نىمچە نارەنجى - قىزىل كۆڭلەك، باشىدا قەر قارا،
سۇنبۇلى بەشىدىن ئۆرۈلگەن تالچىبىق بوركلوككىنە،

بۇ ئاجايىپ گۈزەل قىياپەتتىن كېيىن لىرىك قەھرىماننىڭ يار گۈزەللىكىنى سىزىش تۈيغۇسىنىڭ نازۇكلۇقى، چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى، ئۇنى گەۋدىلەندۇرۇش تەسەۋۋۇر كۈچى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

يۈزمۇ يا مىھرى تابان يا يەدى بەيزامۇدۇر،
يا كۆڭۈللەر كۆزگۇسى يا بىر گۇلى ھەمرامۇدۇر.
شەھپەرى جىبرىل يا نەۋرەس نىھالى باغى ئىشق،
جىلۋەگەر يا روھ شەكلى يا قەدى رەفتا مۇدۇر.
رىشتەئى ھىجرانمۇ بۇ يا سۇنبۇلى باغى بىھىشت،

ئاھ دودىدىن نىشان يا زۇلفى ئەنبەر سامۇدۇر.
كۆز ئىكى خونرىز كافىر يا ئىكى ئاھۇ بەرە،
يا ئىكى جان نۇقتەسى يا نەرگىسى شەھلامۇدۇر.
سەھنى گۈلشەن يا تەجەللى يا مەگەر ئەينى جەمال،
مەشئەلى خۇلدى بەرىن يا مىھرى روھ ئەفزامۇدۇر.
مەددى بىسمىللاھمۇ بۇ يا سەرخەتى ئاياتى ھۆسن،
يا جەفا جىمى يازىلمىش يا خەتى زىبامۇدۇر.
نۇقتەئى مەۋھۇم ئىبرۇر يامىمى فەم يا ئەينى ئىشق،
يا ئاغىز يا غۇنچە يا يوقلۇق سارى ئىمامۇدۇر.
كويىدۇرمۇ رەشكى جەننەت يا مەلائىككە مۇتەۋۋ،
يا كۆڭۈللەر خىلۋەتى يا مەسجىدى ئەقسامۇدۇر.
بۇلبۇلى باغى سىيادەت مەنبەئى فەيزى غەفۇر،
جامدىن جام ئىزدەگەن يا ئەرشىئى گويامۇدۇر.

بۇ لىرىك قەھرىمان ئەقلىنىڭ ئەينىكىمۇ ياكى ھېسسىيات تەسەۋۋۇرىنىڭ ئۇچقۇر قانىتىنىڭ پەرۋازىمۇ؟! كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان شائىر ماھارىتىنىڭ بۇ مۆجىزىلىك كارتىنىسىدۇر.

مۇنداق تەسۋىرلەر شائىرنىڭ نۇرغۇن غەزەللىرىدە ئۇچرايدۇ. ئەمدى لىرىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ گۈزەل مەھبۇبىسىنىڭ جىلۋىلىك قىياپەتلىرىنىڭ مۇنداق سېھىرلىك تەرەپلىرىگە دۇچ كېلىدۇ.

ناز. نازان كەلمەگەي ئالەمگە سەندەك نازەنىن،
گۈلشەنى فىردەۋس ھۆسنىڭ خىرمەنىدىن خوشەچىن،
مىھىرئايىن، ھۆر تەلئەت، سەرۋ قامەت، مەھجەبىن،
ئەرزىمەس بىر كاكۇلۇڭ چىنغە يۈز ئاقسايى چىن.
غۇنچەئى سىرابسەنمۇ يا گۈلى خەندانمۇ سەن؟

سەرۋ ئۆزە گۆلدەك يۈزۈڭ قەد ئۆزرە تۈشمىش بول ئەجەپ،
ئىزدەگەن تاپماس سېنىڭدەكنى ئەجەمدىن تا ئەرەپ،
چىن. ماچىن، تۈرك، تاجىكو، خوراسان، تا ھەلەب،
بارچە ئالەم ئىچرە ئىشقىڭ سالدى يۈزشۇرۇ تەئەب،
ئىشقسەن، مەئشۇقسەن، يا ھۆر، يا رىزۋانمۇ سەن؟

ياكى:

ئول بۈتى چابوكسەۋار ئۇلغاچ سەمەندىن سەكرەتۇر،
تىترەگۈچ باشىغە سانجىپ ئالەم ئەھلىن تىترەتۇر.
ئىشق ئېلى كۆڭلىن بارىن غارەت قىلۇرغە، قالپاقىن،
گاھى تۈزۈ گاھى ئەگرى قويۇبان گەھ ئىرغەتۇر.
قامەتىم خەم ئەيلىبان جانىمنى سەكراتمەك ئۈچۈن،
گاھى قاشىن تەبرەتىپ، گاھ كۆزلەرىنى ئويىنەتۇر.
كەئبە ۋۈ خولدى بەرىنىنى كولبەئى ئەھزان دىمىش،
كىمسە گەر شەمئى جەمالىڭنى قۇياشقە ئوخشەتۇر.
ئاھلار كىم ئارەزىڭ مېھرىدە چەكسەم زەررەدەك،
ئايۇ، كۈن بەلكىم توقۇز چەرخى بەرىنىنى تىترەتۇر.

لىرىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ گۈزەل يارىنىڭ يۇقىرىقى يىقىملىق سېھىرگەر قىزلارغا خاس نازۇ كەرەشمىلىك خۇلقىنى ئىنسان خۇلقىنىڭ بەدخۇي تەرىپىگە سېلىشتۇرما قىلىپ، ئۇنىڭ سەت، يېقىمسىز، بەد بەشرە مىجەزىنى مۇنداق تۇستە كۆرسىتىدۇ:

كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،
زىشت رويۇ تۇندخوي سەخت بىھەمتا ساۋۇق.
قىشلار ئەتفالىغە توڭدۇرماق بەسى تەئلىم ئېيتىپ،
دەرسى سەرد ئەيلەرگە يوقتۇر بۇ كەبى موللا ساۋۇق.
بىر نەفەسدە ئىچۇ تاشىن ئەيلەر ئول ئۆز ھالىدەك،

بولسا يۈزمىڭ ئالەم ئىچرە سەرۋگەر بەرنا، ساۋۇق.
كۆر بۇ دەم ئەشجار ھالىنى، ساۋۇق زاھىد كەبى،
ئىچىدە مۇزلار توڭىبان تاشى سەر تاپا ساۋۇق.
دەلۇ چاغى جىدد چاغى جىلۋىگەردۇر بول ئەجەپ،
يوقدۇرور دەۋزەخدە مۇنداغ ھەم يانا ھاشا ساۋۇق.
نەچچە يىل كوھسار ئارا كۆردۈم ساۋۇقلار كىم بەسى،
كۆرمەدىم مۇنداغ ساۋۇق دەملىق يانا ئەسلا ساۋۇق.
كىلىبان كەلمەكلىكىدىن كىمگە غەم بىل، كاشكى،
سود يوق پەيدالىغىدىن بولسا نا پەيدا ساۋۇق.
يوق ساۋۇقراق بۇ جەھان ئىچرە ساۋۇق ئەلدىن بۆلەك،
ئەرشى نادان بولسە بولغىل، بولماغىل ئەسلا ساۋۇق.

لىرىك قەھرىمان ئىنسان خۇلقىنىڭ بۇ ئىككى تىپىنى ئوبرازلىق سىپلىشتۇرۇپ، يېقىملىق، ئىللىق، مېھرى ئىسسىق، ھەقىقىي ئىنسان خۇلقىغا مەدھىيە ئوقۇپ ئۇنى مۇقىملاشتۇرسا، ھەقىقىي ئىنسان خۇلقىغا يات، بەتبەشرە، مېھىرسىز، سوغۇق خۇلقنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىق قىلىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەت ئىنسانىي ئەخلاق مەسىلىسىدە كىشىلەردە ئىپتىپتىك تۇيغۇ ئويغىتىپ، گۈزەل خۇلق ئېتىبارىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئىنسانىي ئىنسان قىلغان پاك ئىنسانىي مۇھەببەت ھېسسىياتى، ئەنە شۇ ھېسسىيات بىلەن گۈزەللىكنى سۆيۈش ئىنسانغا خاس تەبئىي ئالاھىدە خۇسۇسىيەت. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. ئەرشى لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆزىنىڭ ساپ ئىنسانىي مۇھەببىتىنى گۈزەل يارىغا بېغىشلىشى، ئۇنىڭ گۈزەل جىلۋىلىك خاراكتېرى، قىلىقلىرىنىڭ ئۇنى جەلب قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئىنسان گۈزەللىكنى ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى

پەزىلەتلىرىنى سۆيۈش، ئۇنىڭغا قارشى ئىنسانىي خاراكتېرگە
يات، ئەپت - بەشىرىسىنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئەرشى
لىرىك قەھرىمانىنىڭ گۈزەل يارىغا بولغان پاك مۇھەببىتىنىڭ
دىئالېكتىكىسى مەسىلىسىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى گۈزەل يارىغا
بولغان سادىقلىقى ئىنسانىيەت مەدەنىي ھاياتقا قەدەم قويغاندىن
بېرى، ياكى ئىنسان ئۆز ماھىيىتىنى تونۇغاندىن باشلاپ،
ئىنسانىي مۇھەببەت ئەخلاقىي ئۆلچىمى كۆرسەتكۈچ ئۆلچەم
بولۇپ، مەڭگۈ قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالىدىغان ماھىيەتلىك
مەسىلىنى ئىپادىلەيدۇ.
ئەرشى لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئۆزى سۆيگەن گۈزەل يارىغا
سادىق قەلبى خىلمۇ خىل تەرەپلەردىن مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ،

جان ماڭا ئىرمەس كېرەك، دەھر ئىچرە جانىم بولسا بەس،
مېھرى كۆڭلۈم مەھۋ ئەتكەن مېھرىبانىم بولسە بەس.
گەرچە كۆپتۇر دىلرەبالار ۋەسلىن ئەتمەن ئارزۇ،
دەھر ئارا دىلجويلۇق ئەتكەن دىلىستانىم بولسە بەس،
مېھر ئەگەر پۇرنۇردۇر چەرخ ئەۋجىدە، سالمان نەزەر،
كۆلبەم ئىچرە جىلۋەئى ماھى جەھانىم بولسە بەس.
ھۆر ۋەسلى بىرلە ئۇچماق قۇشلارىن لەفزىن دىمەي،
گاھى. گاھى شىۋەئى شىرىن زەبانىم بولسە بەس.
يەتتە ئىقلىم ئۆزرە كۆپ شەھلەر ماڭا مەنزۇر ئەمەس،
كىشۋەرى ھۆسنى مەلاھەت ئۆزرە جانىم بولسە بەس.
نېتكۈڭ ئەي جان گەرچە ئىستەر بوتى ئارامىڭ سىنىڭ،
رام ئۇلغان كۆپدىن ئۇق ئارامى جانىم بولسە بەس.
بىلمەگەن قەدرىم يىگىتلىك چاغى، ئەمدى كىم بىلۇر،
ئەرشى تاشلاپ ئۆزگەنى بۇ قەدىردانىم بولسا بەس.

ياكى؛

نىگارا خاكى پايىڭغا نىسار ئۇزخانۇ مانىمدۇر،
دەمى تىيغى ھىلالىڭغا فىدا يۈز قاتلە جانىمدۇر.

ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆزى سۆيگەن گۈزەل مەھبۇبىنى جەننەت ھۆر پەرىلىرىدىن ئۈستۈن قويىدۇ:

نىتەي جەننەتتە بولسا يۈزتۈمەن ھۆر،
جەھان باغىدە بىر ھۆرلىقا بەس.
چەك ئەمدى، ئەرشىيا، تۈرلۈك نەۋانى،
نەۋائى سەۋتىدە چەكسەڭ نەۋا بەس.

ياكى:

ئىشق تىغى بىرلا جانىم، دەرمە، قۇربان ئەيلىسە،
بولسا يۈز جان، بولماسۇن ھەر كۇندە قۇرباندىن خالاس.

ياكى:

بەسى كۆڭلۈمنى ئالدىڭ بىر نىگاھى بىرلە، ئەي جانىم،
ساڭا ئەمدى فىدا ئەيلەي بۇ جانىم، بەلكى ئىمانىم.
ئىشتىسەم ھەر كۈنى سەن ئاندا شادۇ خوررەم ئىرمىشسەن،
بەس سەنسىززەبۇن بولدى مېنىڭ ھالى فەرىشانىم.
مۇھەببەت ۋادىسىدا ھەر كىشى بىر سارى مەيلاندۇر،
بۇ ئالەمدە مېنىڭكى سەندىن ئۆزگە يوقتۇر ئارمانىم.

ياكى:

جەننەتى فىردەۋس ئارا گەر ھۆرى رىزۋان ئىزدىسەم،
تاپمىغايمەن بىر سىنىڭدەك ساھىب ئەسرارى يەنە.
ۋەسىف ئىتەي دەپ گەر ئاتىن تۇتسام زەبانىم ئۆرتەنۇر،
يوقتۇرۇر ئالەمدە بىر مەندەك گىرىفتارى يەن.

ئەرشى لىرىك قەھرىمانى ئۆزىنىڭ مەھبۇبىسىنى شۇنىڭ ئۈچۈن جان دىلى بىلەن سۆيىدۇكى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پاكلىقىنى

ھەتتا ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئان سۆزلىرىدىنمۇ ئاڭلايدۇ.

سۈرەئى «تاھا»[1] ى زاتىدىن بىر ئىما ئاڭلادىم،
ئايەتى «ۋەللەيلى»[2] شەرھىن زۇلفى يەلدا ئاڭلادىم،
«ۋەززۇھا» تەفسىرىنى ۋەجھىدە پەيدا ئاڭلادىم،
مەتلەئى ھۇسنىدە «ۋەششەمسى» ھۇۋەيدا ئاڭلادىم،
سۈرەئى «نون ۋەلقەلەم»[3] دەك سەبزەخەت توغراسى بار.

ئەرشى لىرىك قەھرىمانىنىڭ مەنىۋىيىتى كىشى ھەيران قالغۇدەك باي. ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈسىگە سادىق، قەلبىنىڭ پاكلىقىنى قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

كەمالى ھۆسنىگە «ئەلھەمد» ئىلە دۇئا قىلايىن،
يۈزۈڭ سىفاتىنى «ۋەششەمس» ئىلە ئەدا قىلايىن.
سەۋادى سايەئى سەرۋى قەدىڭ ئەگەر تۇشسە،
ئىككى جەھاندا ئىككى يۈزۈمە قارا قىلايىن.
ھەۋايى كاكۇلى كۇفرۇڭنى ئەيلەبان زۇننار،
ساچىڭ سەۋادى خىيالىنى مەن رىدا قىلايىن.
بۇ دەير ئىچرە نىچە يۈرگەن خۇمار ئالۇد.
شەرابى شەۋق ئىچىپ زەۋقنى راسا قىلايىن.
مەيى لەبىدىن ئەگەر ئەيلەسەم رەۋا كامىم،
كى نەقد، جانۇ جەھانىنى ئاڭا فىدا قىلايىن.
بوشۇرش ئىلە سالاي ئالەم ئىچرە يۈز غەۋغا،
كى تىير، ئاھ ئىلە كۆك كۆكسىنى يارا قىلايىن.

---

① «قۇرئان كەرىم»، 16. پارە، 20. سۈرە، 1. ئايەت.
② «قۇرئان كەرىم»، 30. پارە، 1. ئايەت 1. سۆزىنىڭ تەرجىمىسى.
③ «قۇرئان كەرىم»، 29. پارە، 68. سۈرە، 1. ئايەتنىڭ باش سۆزى.

نىتەي بۇ زۇھدى رىيانى مەسجىد ئىچرە مۇدام،
بارىپ سەنەمكەدەگە زىكرى رەببەنا قىلايىن.
مۇيەسسەر ئولماسە گەر ئىتلارنىڭ ئىزىدىن ئۆپمەك،
ئۆپۈپ كۆزۈمگە غۇبارىنى تۇتىيا قىلايىن.
بۇ نەزىم تارىغا مەئنى دۇرىن تىزىپ ئەرشى،
سۇخەنىسەرالە يۈزىن مىسلى كەھرابا قىلايىن.

بۇنداق ھالەتنى بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا نۇقتىلىق ھالدا كۆرەلەيمىز ۋە بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن غەزەللەرنىڭ مەزمۇنىغا بۇ ھالەت ھەر خىل يوللار بىلەن سىڭىپ غەزەل مەزمۇنىدا ئالتۇن ئۈزۈكتىكى ياقۇت كۆزدەك پارقىراپ، نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. شائىر لىرىك قەھرىمانىنى گۈزەل يارنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلىتىنى گۈزەللىك ئېستېتىك كاتېگورىيىسىدەك قانداق تەستىقلىغان بولسا، ئەمدى ئىنسان خاراكتېرىگە يات بولغان ۋاپاسىزلىقنى خۇنۇكلۇك كاتېگورىيىسى شەكلىدە رەت قىلىدۇ.

ئول سىنەم ئاشوفتە بولغاچ بۇ كۆڭۈل خۇررەم ئەمەس،
بىۋاپالىق قىلغاچ ئول جانىم مېنىڭ بىغەم ئەمەس.
سەربە سەھرا ئورغۇمۇ جاندىن داغى كەچكۈمدۇرۇر،
بۇ جاھان ئىچرە ماڭا جانان ئەگەر ھەمدەم ئەمەس.
ئىككى گىريان كۆزلەرىم كۆيۈڭدا يىغلاپ ئولتۇرۇپ،
كەئبەدە ئەھلى جاھان كۆرگەن چەھۇ زەمزەم ئەمەس.
خوشە زارى دەھر ئارا بىر ھۆسىن كۆندەم كۆن كۆرۈپ.
پۇشتى پايى ئورماسا فىردەۋسنى، ئادەم ئەمەس.
قان يۇتۇپ شامۇ سەھەر لەئلى لەبىڭ ئارمانىدا،
بىر زامان كىرپىكلىرىم شاخىدا مەرجان كەم ئەمەس.
ئالەم ئارا قامەتىڭ چۇن سەرۋى بولماي جىلۋىگەر،

بوستانلار بوستان، ئالەم ماڭا ئالەم ئەمەس.
ئەرشنى مەھجۇرىدىن ئۆتتى نىچۇك تەقسىرلەر،
ۋەسلىگە ئەي شاھى خوبان بىر زەمان مەھرۇم ئەمەس.

لىرىك قەھرىماننىڭ بىۋاپالىق دەۋرىدە تارتقان ئىنسان قەلبىنىڭ ئاچچىق ئىچىنىشلىرىنى ئەڭ نازۇك قەلب تارىلىرىنىڭ، ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە يەتكۈزۈپ ھېس قىلىدۇ. بۇ ئاجايىپ ئىنسان روھىي دۇنياسى مەنىۋىيىتىنىڭ باي كارتىنىسى ئەمەسمۇ؟!

ئۇلۇغ پارس تاجىك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇراخمان جامى ئۆزىنىڭ «ئىسكەندەر نامە» سىدە تۆمۈرىلەر دەۋرىدىكى زالىم شاھلارغا قارشى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى ئادىل شاھ قىلىپ تەسۋىرلەشتىن تاشقىرى، ئىسكەندەر شەرققە يۈرۈش قىلىپ، شۇنداق بىر شەھەرگە يېتىپ كېلىدۇ، بۇ شەھەرنىڭ خەلقلىرى ئېزىش- ئېزىلىشسىز بەختىيار ياشايدۇ، ھەتتا ئىشىكلىرىگە قۇلۇپمۇ سالمايدۇ. ئۇلاردا ئوغرىلار، ئۇلارنى تەقىپ قىلىدىغان ئامانلىقنى ساقلاش ئىدارىلىرىمۇ، شەھەر ھاكىملىرىمۇ بولمايدۇ. خەلق ئىنتايىن باي، جېدەلسىز، بەختىيار ياشايدۇ. ئىسكەندەر بۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ھەيران قالىدۇ. ئۇ ئەمدى ئۆزى قۇرماقچى بولغان دۇنياۋى دۆلەتنى ئەنە شۇنداق بولۇشى لازىملىقىنى ھېس قىلىدۇ، دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

نەۋائى «ئىسكەندەرنامە» سىدە ئىسكەندەرنى جامىدەكلا ئادىل پادشاھ قىلىپ تەسۋىرلىسىمۇ، ئەمما جامىدىكى «سىنىپسىز جەمئىيەت» رومانتىك ۋەقە يوق. چۈنكى بۇ مەسىلە بۇ ئىككى ئۇلۇغ زاتنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. نەۋائى ھۇسەيىن بايقارا دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى ھەم مۆھۈردارى، دۆلەت ئەربابى ئىدى. نەۋائىغا جامىدىكى

ۋەقەلىكنى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزۈشكە ئۇنىڭ ھۈسەيىن بايقارا دۆلىتىدە تۇتقان سىياسىي ئورنى يار بەرمەيتتى.

خوجا جاھان ئەرشى خوجىلار دەۋرىدە تەخمىنەن 1730 — 1757 - يىللىرىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى. ئۇنىڭ زامانداشلىرى سالاھى، مەھزۇنلار بۇ دەۋر فېئودال ئىستىبدات تۈزۈمنى، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىي ۋە بوزۇق سوفىستىك مەنىۋىيىتىنى ناھايىتى كەسكىن تەنقىد قىلىدۇ. ئەمما بەدىئىي تەپەككۇردا مۇتەپەككۇر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەرشى ئۇلاردەك ناھايىتى ئۆتكۈر، چوڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي سالماقتا ئىگە مەسىلىلەرنى ئوچۇق ھالدا ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبمۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان سىياسىي ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئىزاھلىنىدۇ.

ئەرشى ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولغان سىياسىي ئازادلىق، ئەركىنلىك مەسىلىسىنى شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئاشىق ۋە مەشۇقلارنىڭ «ھىجران»ى ئارقىلىقلا ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما ئۇ باشقا زامانداشلىرىغا ئوخشىمايدىغان ھەم قىز، ھەم يىگىت ھىجرانلىرىنى، ئاجايىپ باي تۇيغۇلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

قىز ھىجرانى:

ئاھكىم، كەتتى بۇ ئاخشام مېنى زار ئەتكەن يىگىت،
شىش پەر مىژگان بىلە جانىم فىكار ئەتكەن يىگىت.
ئاچىبان گۈلدەك يۈزىن ئەيلەپ كۆڭۈل سەھنىن چەمەن،
بىر نىگاھى تىغىن ئاندا خار-خار ئەتكەن يىگىت.
دىمەدىم شەيدا بولاي ئۆزلۈكىدىن ئول جادۇسىنە،
ئاسراسام ھەر چەند كۆڭۈلنى ئىختىيار ئەتكەن يىگىت،

ئەيلەر ئېردىم بىر ئۆزۈم دەۋايى ئاشىقلىق سائا،
ئاقىبەت يۈز مۇنچە مەندىن شەرمىسار ئەتكەن يىگىت.
بىر كىچە كۆلبەم يارۇپ، بۇ شەمئى ۋەسلى ماھۋەش،
بەلكى يۈزىن يۈز تەجەللى ئاشكار ئەتكەن يىگىت.
مەن ۋە فاۋۇ مىھىر ئايىنىنى خوقلىغان سارى،
سەن جەفاۋۇ جەۋر رەسمىينى شىئار ئەتكەن يىگىت.
ئاتەشى لەئىلىڭ ئىلە ئۈستىدە خالىڭ داغىدىن،
ئاھكىم، بۇ خەستە كۆڭلۈم لالەزار ئەتكەن يىگىت.
ئالىبان مەندىن قەرارىم، سەبىر ھۇشۇم بىدەرىخ،
بەلكى يۈز مەندەكنى ھەردەم بىقەرار ئەتكەن يىگىت.

•

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، قىز تۇيغۇسى ئىنتايىن نازۇك ھەم چوڭقۇر، ھەتتا ئىنسانىي مۇھەببەت ئىستىكىنىڭ تەبىئىي مايىل ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىختىيارى ئەمەسلىكىنىمۇ ئىقرار قىلىدۇ.

قىز تۇيغۇسىنىڭ مۇنداق چوڭقۇر، پاك، نازاكەتلىك، باي ئوتلۇق ھىجرانىنى شائىرنىڭ 14-، 18- غەزەللىرىدىمۇ خىلمۇ خىل شەكىلدە ئەكس ئەتكىنىنى كۆرىمىز.

يىگىت:

ئىرۇر دەردىم نىھايەتسىزكى مەن جانىمدىن ئايرىلغاچ،
نە تەنھا جانىم ئېردى، بەلكى ئىمانىمدىن ئايرىلغاچ.
كۆرۈڭ ھەجر قارارتتى روزىگارىم يوق قارالىقتىن،
قالىب زۇلمەتتە سەندەك ماھى تابانىمدىن ئايرىلغاچ.
يۈزۈڭ ئۆزرە ئەرەقلەر يادى كۆزۈمنى پۇرئاپ ئەيلەپ،
دەۋا تاپماي قالىپ دەرد ئىچرە دەرمانىمدىن ئايرىلغاچ.
بىلىڭ ئارماندا مەندە نىچۈككىم قالمادى دەرمان،

كى سەندەك شوخ تەبىئىي شوخ جەۋلانىمدىن ئايرىلغاچ.
ماڭا مۇمكىن ئەمەس بۇ كۈن بولاردىن بىرى ھەم ئەسرو،
سىبنىڭدەك نۇش جان خورشىد رەخشانىمدىن ئايرىلغاچ.
فىراقىم زورىدىن گاھى بارىم بەرباد ئەيلەرمەن،
كى سەندەك بىر سۇخەن فەھم سۇخەندانىمدىن ئايرىلغاچ.
كى ئاندىن سەۋتى دىلكەش بۇ مىبنىڭ يارىمغا يەتكۈزگىل،
نەۋا تۇرلۇك چىكەي شەمئى شەبىستانىمدىن ئايرىلغاچ.

ياكى:
يۈزى مەيگۈن ئەمەس قانلىق ياشىم تەسرىدۇر بەلكىم،
قارا كاكول ئەمەس باشىمدا پۈتكەن دودى ئاھىمدۇر.

ياكى:
ئات ئاياغىدا قالۇر فەرھاد - مەجنۇن خوبلاشىپ،
ئىشق مەيدانىدا قىلساڭ نەچچە تۈركتازلىق.
مىھىر كىم سەركەشلىغىدىن شۇ ئىلەسى توشمىش قەۋى،
دانە ئەيلەر يەرگە ياتقاچ، كۆركى. سەر ئەفرازلىق.
چەرىخ ئۆزە خورشىددەك بار مەن جاھان ئىچرە غەرىب،
دەرمەندى تاپمادىم قىلغاي ماڭا ھەمرازلىق.

شائىر ئەرشى لىرىك قەھرىمانىنىڭ ھىجرانلىق ماھىيىتىنى تەلتۆكۈس ئىچىپ بىرىدىغان مۇنۇ مۇخەممىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

كۈندۈزۈمدۇر كىچە ئول خورشىدى تاباندىن جۇدا،
مەشئەلى ئەيشىم ئۆچۈن ئول ماھى تاباندىن جۇدا.
تەۋقى غەم بوينۇمدا ئول سەرۋى خىراماندىن جۇدا،
گويىيا بولمىش بۇ دەم بۇلبۇل گۈلۈستاندىن جۇدا،
يا مەگەر تۈتى بولۇپتۇر شەككەرىستاندىن جۇدا.

ھەجرى ئوتى تەندىن ئۆتۈپ نەچچە سۆڭەكنى ئۆرتەگەي،
كۆل قىلىپ كۆڭلۈم بىناسىن تا يۈرەكنى ئۆرتىگەي،
ئەندەك ئاھىم، قورقەمەن، توققۇز فەلەكنى ئۆرتىگەي،
گەر قويى يۈزلەنسە بىللە تا سەمەكنى ئۆرتىگەي،
بولسا ناگەھ بىر ئوچۇق بۇ دۈرى ئەفغانىدىن جۇدا،

ئەشك ئەمەس ئاقتى كۆزۈم ھەجرىدە قانلىغ ژالە كۆپ،
بەلكى باغرىم چىقتى فورقەتدىن تۆكۈپ پەركالە كۆپ،
داغدىن ھىجران ئاچىلدۈرمىش تەنىمدە لالە كۆپ،
نى ئەجەپ ھەددىن فۇزۇن قىلسام بۇ كۈندە نالە كۆپ.
بولغۇچى ئاندىن جۇدا، بولغاي ئىدىم جاندىن جۇدا.

كۆيدۈرۈپ كۆل قىلدى ھىجران ئوتىدىن جانان مېنى،
ھەم ساۋۇردى كۆلدىن ئارتۇق سەرسەرى ھىجران مېنى،
قىلدى گولدىن ئايرۇ تۇشكەن بۇلبۇلى نالان مېنى،
كۆركى، بۇ شەكىلى بۇزۇلغان گەردىشى دەۋران مېنى،
قىلغۇدەك ئېرمەس داغى ئۆلگۈنچە ھىرماندىن جۇدا.

كۆڭلۈمە ئەي نىشى فۇرقەت دەم - بەدەم سانچىلماغىل،
ئەي فىراق ئەندۇھى تىغى بىرلە باغرىم تىلماغىل،
جانسارى ئەي تىرى ھىجران تۇنۇكۈن ئاتىلماغىل،
كىم ساڭا دېدىكى، بۇ دەمنى تىيانىنى تىلماغىل،
قىلغاي ئېردىڭ بارچىدىن، قىلغۇنچە جانانىدىن جۇدا،

سۆز ئىشق ئىچرە كۆڭۈلنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلدىكىم،
جانغا ئانداغ ھەجر ئوتىنىڭ شۇئلەسى ياقىلدىكىم،
باشىمە، باشىدا مەگەر ھىرمان خەتى يازىلدىكىم،
گويىيا پەرۋانە كۆيدى ھەجر داغىن بىلدىكىم،

ئۆلمەك ئىستەپ بولغىچە شەمئى شەبىستاندىن جۇدا،

قۇمرۇۋەش ئۆلمەسمۇ ئاشىق سەرۋىگۈل رۇخسارسىز،
تۇتىدەك ئۆچماسمۇ ئارامى شەكەر گوفتارسىز،
ۋا، ئۇل بىدىلغە كىم، ئىرمىش تىرىك دىلدارسىز،
ئەرشى ئاغىنار ئۆلمەلىك قۇشتەك نېچۈككىم يارسىز،
بولماسۇن پەرۋانە، يارەب، شەمئى رەخشاندىن جۇدا.

بۇ مۇخەممەستە ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان جۇدالىق ئازابىدا ئاھ - زار چەككەنلەرنىڭ قانلىق كۆز ياشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ جايدىكى جۇدالىق ئاھ - زارىنىڭ سەۋەبچىسى خەلقنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىكىنى بوغقان فېئودال ئىستىبدات تۈزۈمىنىڭ قاتىللىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇشۇ ھەقىقەتنى مۇھەببەت ھىجرانى شەكلى ئارقىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان شائىر بۇ مەسىلىنى دەرد بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

شاھىدى مەئنىغە ئەرشى كەيدۈرۈپ تۈرلۈك لىباس،
كۆرگۈزەي ئەمدى خىرەدئەھلىغە سىبئىتسازلىق.

دېگىنىدە يۈز ھەقلىق ئىدى.

ئەرشى لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئىدىيىۋى لوگىكىلىق تەرەققىياتى ئاخىر فېئودال ئىستىبداتلىق، زۇلمەتلىك دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ چىرىك مەنىۋىيىتىنى خىلمۇ خىل شەكىل ۋە ئاھ-زار، پىغان بىلەن مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

ۋىسالى ھەجرىدىن نالان كۆرەرمەن جانى زارىمنى،
ماڭا، يارەب، نەسىپ ئەتمەڭ نە بولغاي گۈلئۇزارىمنى.
نەچە بىرەھم ئىلكىگە بولۇپ مەن مۇبتەلا ئاخىر،

ساۋۇرمىشلار ھەۋاغا ھەر كۈنى غەمكىن غۇبارىمنى.
تاپىپ ئىشقىم كەمال ئانداغكى روھى ۋامىقۇ فەرھات،
كېلىپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆيرۈلۈر شەمئى مەزارىمنى.
كۆرۈپ ئەھلى تەماشا نەۋ باھارى لالەزارى دەر،
باغرى قانىن شەپەقگۈن ئەيلەگەن گاھى ئۆزارىمنى.
دېگىل بۇ ئۆمر ئالەمدىن ۋەفانى كۆرمەدىم ھەرگىز،
بۇ دەھر ئىچرە نەپەس ئالغۇنچە بىلمەسمەن تۇرارىمنى.
ئەگەر گۈل پەردەدە بولسە، نېچۈك ئارام ئالۇر بۇلبۇل،
يۈز ئاچقىل بىقەرار ئەتكىل بۇ جانى بىقەرارىمنى.
نەچەكىم خەستە جاندۇرمەن مەيى لەئلىڭگە، ئەي ساقى،
تەبەسسۇم جامىنى پۇر ئەيلەگىل، دەفئى ئەت خۇمارىمنى.
جەمالىڭدىن نىچە مەھرۇم ئۆلۈپ مەھزۇن يۈرۈي جانا،
ۋىسالىڭ بىرلە مەمنۇن قىل دىلى ئۈمىدۋارىمنى.
بولۇرمەن شاد كۆكسۈم داغىنى قايغۇ قاناتقاندىن،
كۆرۈپ خۇرسەند ئۇلۇپ بىرەھم ئاچىلغان لالەزارىمنى.
ئەگەر ئەنقا ئالۇر بولسە نىشان، مەندىن نىشان تاپماس،
فەنا دەشتىدە نە پايدا كۆرەرمەن مور غىزارىمنى.
لىقا مۇمكىن ئەمەس تەجرىد ھاسىل قىلمايىن ئەرشى،
خەزان بەرگى كەبى بەرباد ئەيلەي ھەرنە بارىمنى.

بۇ نەقەدەر ئالىيجاناب قەلب - ھە؟

ياكى:
چۈن نەزەرگە تىيرەلىك يوق چەرىخ مېھرىن كۆردىكىم،
كويى گەردىن سۈرمە ئەيلەپ، ئەرشى كۆزۈڭنى يارۇت.

ياكى:
ۋەفاسىزدۇر جەھان بىھبوي، ئەرشى، بولماغىل خۇرسەند،
نەچە كام ئەھلىدىن ئارتۇق ئۆزۈڭنى كامران كۆرگەچ.

ياكى:

گوشەئى ۋەيرانەدە يۈرسەم نىشمەن نى ئەجەب،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر چۈنكىم ئۇلۇس غەۋغاسىدىن،

ياكى:

دەھر ھەرچەند كۈلسە، ئەرشى، سەن سارى بىل زەھرخەند،
بارمۇ جان قەسدىن قىلۇردىن ئېھتىمال ئۆزگەچە.

ياكى:

بۇ ئالەم كۆرگۈزۈر لالەۋۇ باغ،
ئېرۇر باغى سەقەر ھەر لالەسى داغ.
جاھاننىڭ قۇشلارىدا پەرق نېدۇر؟
ئانىڭدۇرزاغى بۇلبۇل، بۇلبۇلى زاغ.

..............................

بۇ ئالەم جامىدۇر بىر زەھرى قاتىل،
ھەزەر قىل گەر ئېرۇرسەن مەردى ئاقىل.
قاچان ئاقىل كۆرۈپ ئىچمىش تولازەھر،
كى جاھىللىقتۇر ئولماق ئاڭا مايىل.

..............................

ھىنا رەڭگى ئەمەس ئىلكىدە قاندۇر،
قارارتماغلىق ئۈچۈندۇر كۆزى قارە،
بىساتلارىدا ئەنجۈمدەك ساچىلغان،
نۇخۇددۇر گەر ئۈچۈندۇر گوشۋار.

..............................

بۇ ئالەم شوخىنى ئانداغ قىلىكىم ئىخساس،
كىيەر زەر بەفت يازدىن، قىشتىن ئۇل ئاس.
بوزنۋەر بىرلە يۈزمىڭ گەنجى قارون،
كىبلۇر قانچە كىشىگە ئانچە ئىفلاس.
جان تۇتماق فىكرىدە غەم كەئىبەتىنىن،
يۈز ئاچسا كىشىگە بەرمەس يۈزدە بىر تاس.

ھەۋادىس راھىغە ئەل نۇشى ئۈچۈن،
فەلەكنى تاس ئەيلەپ، مىھرىنى كاس.
بولۇپ ئاجىز كى ئاندىن قورغا شۇنغە،
موسوللەت گەر ئىدى تاشلارغا ئالماس.
كۆرۈپ قاتىللىغىن بولماق نە يەئنى،
ئۈمىد ئۆرنىغە ئاندىن كىمسەگە پاس.

ياكى:

نىچۈكتۇر ھالىڭىز فۇرقەت ئىچىدە، ئەي بۇرادەرلەر،
مۇسىبەت شامى كۆپ ئەۋۋارە، بولغان بارچە ئەختەرلەر،
بەلىيەت خارىدىن مەجرۇھ بولغان بارچە ئەسغەرلەر،
فىراق ئەندۇھى تىغىدىن بەسى ئازۇردە پەيكەرلەر،
ئېرۇرمۇ سەۋەتىڭىز دەپ بۇ مەھەل ئارامى جان كەتمىش.

خوجا جاھان ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانى فېئودال ئىستىبداتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈمىنى ئەنە شۇنداق ساتىرا قامچىسى ئاستىغا ئېلىپ ساۋايدۇ. بۇنداق ھالنى بىز شائىرنىڭ كۆپلىگەن غەزەللىرىدە مەركەزلىك ھالدا كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئەمدى ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانى فېئودال ئىستىبداتلىقنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان سوفىزم ۋە ئۇنىڭ جانلىق كۆچلىرى بولغان رىياكار زاھىد، شەيخلەرنى ساتىرا تەيزىسى ئاستىغا ئالىدۇ:

.........................

خانىقەھ شەيخى ئۈماچىن ئىچمەكىم يوق ئەمدى سۇد،
ساقى ئەمدى جامى مەي ئىچ، بول ھەم ئۇلدەم ھەقشۇناس.
كۆزۇ قاشى، يۈزۇ زۇلفى، لەئلىدىن ئول بەس بولۇپ،
ئالدى مەندىن جىلۋىلەر ئەيلەپ بۇ بەس ھۆسنى ھەۋاس.
خانىقەھ تەۋفىنى قىلسام ئەرز، شەيخ ئەتمەس قەبۇل،

مەرھابا، دەر دەير پىرىدىن گەر ئەتسەم ئىلتىماس.

ياكى:

بۇ تەلەپ ۋادىسىدە ھەر كىمگە بىر مەقسۇد بىل،
زاھىدا، سالۇسىغە جەننەت، ماڭا جانانەدۇر.

ياكى:

خىيالى شۇئىلەئى رەڭگىن قۇياشىم قىبلە گاھىمدۇر،
دەمى فىكرى ھىلالى نازەنىنىم سەجدە گاھىمدۇر.
مەيۇ مەيخانەنىڭ دائىم راۋاجى مەندىن ئولغاندىن،
رىياۋۇ زۇھد ئەہلى فەرياد ئەيلەپ داد خاھىمدۇر.

ياكى:

ئانىڭ گۈلزارى ھۆسنىنى خەزاندىن ئاسراغىل، يارەب،
نىھالى قەددىن ئاسىبى زەماندىن ئاسراغىل، يارەب.
مېنى ئۇچراتمىغىل ئول زاھىدى تەررار زەھرىگە،
كۆڭۈل ئەھلىن بەلايى ناگەھاندىن ئاسراغىل، يارەب.

لىرىك قەھرىماننىڭ مۇنىستىك قارىشى تېخىمۇ ئۇچۇق، تېخىمۇ كەسكىن تۇس ئالىدۇ:

نېچۇككىم گۈل ۋىسالىن تاپسا، بۇلبۇل كۆپ چېكەر. چەھ. چەھ،
مەنۇ زاھىد چېكەرمىز ئاھۇ ۋەھ بۇ دەھر ئارا ھەر چەند،

ئەمدى ئۇ زاھىد بىلەن ئۆزىنىڭ دەردلىك ئاھ چېكىش ئوبيېكتلىرىنى مۇنداق كەسكىن ئايرىيدۇ:

زەنەخدانى ئارا نون چەشمەسىدەك كۆلكى قازىمىش چەھ،
ماڭا مەتلۇبى دەرد، سۆز ئېرۇر، زاھىدقا ئاسايىش،

ياكى:

زاھىد ئەھلىن قويكى، ھەر چەند نوش ئېتەر كەۋسەر سۇيىن،

بىر دەمى ھەم بولسا، بولغىل رىندە دەرد ئاشام ئىلە.

ئۇ ئاخىر مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ:

تەقۋا ئېلەپ دەير ئارا يول تاپمادۇق، كەل ئەي رەفىق،
مەست ئولۇپ مەيخانىلەر يەڭلىغ بارايىلى ئۆزگىچە.

شائىرنىڭ مۇنداق قارىشىنى باشقا غەزەللىرىدىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ناھايىتى كەڭ ساھەسىنى كېچىپ ئۆتكەن ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانى جۇڭغار خوجىلار دەۋرىدىكى مىللىي زىددىيەت بىلەن سىنىپىي زىددىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن جەمئىيەتتە خەلق تەقدىرىنى، ئازادلىق، ئەركىنلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن دۆلەت ئىچكى بىرلىكىگە ئىگە بولۇشى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى ئۆزۈل - كېسىل تارمار قىلىشى كېرەك ئىدى، بۇ خەلق تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش ئىدى. ئەمما بۇ مەسىلىگە قارشى ھالدا جۇڭغار تاجاۋۇزچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مالايلىرى — خەلق خائىنى ئاپاق خوجا مۇرىتلىرى ۋە خىلمۇ خىل ئىچكى دۈشمەنلەر ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ھەممىشە پىتنە - ئىغۋا تېرىپ تۇراتتى. مانا شۇ ھالنى خوجا جاھان ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانى چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن مۇنداق ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ:

چەرىخ زالىم كۆركى، يوز رەڭ مىكر بۇنيادئەيلەمىش،
يۈز جەھان شاد ئەھلىنى بىر دەمدە ناشاد ئەيلەمىش،
كۆرە ئالماي ئافىيەتتىن دەھر ئېلى خوررەملىغىن،
شادلىغ مەئمۇرەسىنى فىتنە ئاباد ئەيلەمىش.
مىكرى تارىدىن يۈزىگە سالىبان تورلۇك تۇگۈن،
ئۆزىگە ئازادەلەر قەيدىنى مۇئتاد ئەيلەمىش.

فىتنه ئەھكامىدىن سورۇرگە دانەئى ئەنجۇم ساچىپ،
ئىگنەسىن غەم خىرقەسىن تىكمەككە فولاد ئەيلەمىش.
ۋۇسئەتى كۆڭلۈمدە سالسام شادلىقىدىن يۈز بەنا،
فىتنەلەر ئەيلەپ دەما ـ دەم، جۇملە بەرباد ئەيلەمىش.
بۇ نە تالىئىدۇر، مۇسۇلمانلار، نە بەختى ۋاژگۇن،
ھىممەت ئەھلىن بەند ئېتىپ، دونلارنى ئازاد ئەيلەمىش.
يۈزجە فاۋۇ جەۋرئەسبابىن تۈزەر كۆركىم، بۇ دەھر،
خاتىرىم خۇررەملىغىن ھەر لەھزە كىم ياد ئەيلەمىش.
ئىستەمە قەددىڭ جەھاندىن بەسكى ئەفرىدۇن ئەسىر،
مىد ھەتى دىۋ ئەيلەبان سۇلبى پەرىزات ئەيلەمىش.
بارچەغە ئەيلەپ سىتەم ھەم ئەيلەپ ئارتۇغراق ماڭا،
زۇلۇمكەشلىك بابىدا ئەرشىنى ئۇستاد ئەيلەمىش.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، لىرىك قەھرىمان «سىپىلنى ئىچىدىن بۇزۇش» نىڭ خەۋپىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ ۋە بۇنىڭغا ھوشىيار بولۇش ئۈچۈن خەلققە مۇنداق چاقىرىق قىلىدۇ:

بۇ نە ئالىئىدۇر، مۇسۇلمانلار، نە بەختى ۋاژگۇن،
ھىممەت ئەھلىن بەند ئېتىپ، دونلارنى ئازاد ئەيلەمىش.

ياكى:

دەھر ھەر چەند كۈلسە، ئەرشى، سەن سارى بىل زەھرخەند،
بارمۇ جان قەسدىن قىلۇر دىن ئېھتىمالى ئۆزگىچە.

دەپ تەكىتلەپ ئەسكەرتىدۇ. باشتىن ـ ئاخىر فېئودال ئىستىبدات سىياسىي تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ چىرىك مەنىۋىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، خەلقنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان ئەرشىنىڭ لىرىك

قەھرىمانى ئۆز كۆرەش تەجرىبىلىرىنى مۇتەپەككۇر سىياسىئونلارچە مۇنداق يەكۈنلەيدۇ:

ئەرشى كەۋنەيىن ئىچىدىن ئىستە مەجۇز فەقىر ھوسۇل،
يوق ئىمىش ئەھلى شەرافەت فوقارادىن غەيرى.

بۇنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك باسقۇچىدىن خەلقچىللىق باسقۇچىغا ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن بىرىلگەن ئىشارەت دېيىشكە بولىدۇ.

ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانى ھايات ۋە ئۆلۈمگە مونىستىك ھالدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى نۇقتىدىن قارايدۇ:

ئالىپسەن باشىمىزدىن تاجىمىزنى ئەي ئەجەل تويساڭ،
نە بولدى ئەي قەزا ئەمدى ئەجەلنىڭ كۆزلەرىن ئويساڭ،
ئويۇپ كۆزىنى جانىمغە تومەنىمىڭ مىننەتىن قويساڭ،
جەھان ياخشىسىنى چۈنكىم كۆرەلمەيدۇر كۆرۈپ تورساڭ،
ۋىلايەت شەھرى ئۆزرە سەرۋەرى ساھىبقىران كەتمىش.

بۇ كىشىگە ئافراسىياپ ئۆلۈمگە ئوقۇلغان مەرسىيىنى ئەسلىتىدۇ. خوجا جاھان ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانى خەلقنىڭ تارىختىكى رولىنى بەلگىلىك ھالدا چۈشەنگەندەك، خەلق ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىنىمۇ بەلگىلىك ھالدا چۈشىنىپ ئۇنىڭ كېلەچىكىگە تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدۇ.

ئاخىرى بىر كۈن ئەجىلى دامىغە چۈشكەي باشىمىز،
ئەيلەبان بىچارە، ئاجىز قويماغاي دەرمانىمىز.
دەردىمىزنى ئەيتۇشۇرغە قالماغاي ئىمكانىمىز،

تاپماغاي تەغيىردىن خەتلەر بىزنىڭ پىشانىمىز،
باشىمىزدا سايەبان بولغاي ئەزىز ئىمانىمىز،
يەر يۈزىنى لالىزار ئەتكەي تۆكۈلگەن قانىمىز.
بارچە يارى موئتەقىدلەر كۆپ يىگەي ئارمانىمىز،
قانىمىزنى ئىچكۈسى بىر نەچچە خۇنخار، ئەي كۆڭۈل.

ئەھدلەر ئەيلەپ مەگەر بۇ چەرىخ ئاخىر سىنىدۇرۇر،
قايدا بىر ئازادە ۋەشدۇر ئانى جەۋرى يەتكۇرۇر،
دانىش ئەھلىن قايدا كۆرسە، تىغى شىددەت بەلگۇرۇر،
يۈز تۇمەن دەردۇ بالا ئوقىن باشىغە ياغدۇرۇر.
دېمەسە جانىنى بۇ غەم گەر دېسە تىلنى كۆيدۇرۇر،
ئاسراسا ھەر چەند مەخفى ھەم كۆڭۈلنى ئاغدۇرۇر.
ئۆلتۇرۇر بۇ غۇسسە ئانداغكىم تىرىلگوم يوقتۇرۇر،
بەسكى، بۇ ئىشلارغا سەن قىلدىڭ گىرىپتار ئەي كۆڭۈل.

كەلگۈسى مەشرىق سارىدىن بىزنى ئىزدەپ نەچچە يار،
بىزنى دەپ بولغان مۇسافىر غۇربەت ئىچرە خارۇ- زار.
رىشتەئى ئەھدىنى قىلغان بىزگە مەھكەم ئۇستۇۋار،
ئەيلىگەي بىرھەملەر بىرلە نەچچە يىل كارزار.
رۇستەم ئاسا سالغۇسى خۇنخارەلەرگە ئىزتىرار.
قانىمىزنى ئالماغۇنچە بولماغايلار بەرقەرار،
جۇملەئى خۇنخارەلەر ئۆز شەھرىدىن ئەتكەي فىرار،
تورفە تولئەينى ئۆلاردىن قالماس ئاسار، ئەي كۆڭۈل.

شائىرنى شەرقتە خەلق دەردىنى، بەخت - سائادىتىنى كۈيلىگىنى ئۈچۈن بۇلبۇل دەپ ئاتىغان. روسىيىدە كېلەچەكنى جەمئىيەتنىڭ قانۇنى بويىچە مۆلچەرلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىغاندى. خوجا جاھان ئەرشى ھەقىقەتەن

يوقىرىقى مۇسەممەسدە كىلەچەكنى پەيغەمبەرلەرچە توغرا مۆلچەرلىيەلىگەن. ئۇ خۇددى يوقىرىقى مۇسەممەسدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى بۇرھانىدىن خوجا 1757- يىلى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن خوجا جاھان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ دىيارىنى قانغا بوياپ، خوجا جاھاننى ئائىلىسى بىلەن قەتل قىلغان بولسا، 1759- يىلى جۇڭغار ھاكىمدارلىرىنىڭ بىرى بولغان ئامۇرسىنا مەنچىڭ خاندانلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، باشلاپ چىققان مەنچىڭ ئارمىيىسى بەدەخشانغا قاچقان بۇرھانىدىن ۋە ئىنىسى جاھان خوجا (كىچىك خوجا[1]) لارنى تۇتۇپ ئەكىلىپ كاللىسىنى ئالدى.

ئەنە شۇ سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز شائىر ئەرشى لىرىك قەھرىمانىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىزلىرىنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتىدۇر.

ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى بىرىنچى قېتىم گېگېل «پوئېتىك تەسەۋۋۇرنى بىز ئوبرازلىق تەسۋىر دەپ بەلگىلەيمىز، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئابستراكت ماھىيەت ئورنىغا ئۇنىڭ كونكرېت رېئاللىقىنى قويىدۇ» دېگەن بولسا، بېلىنىسكى «پەيلاسوپ سىللوگىزملار بىلەن، شائىر بولسا ئوبرازلار مەنزىرىلىرى بىلەن سۆزلەيدۇ... بىرى ئىسپاتلايدۇ، ئىككىنچىسى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىككىلىسىلا ئىشەندۈرىدۇ، پەقەت بىرى مەنتىقىي دەلىللەر بىلەن ئىشەندۈرىدۇ، ئىككىنچىسى بولسا مەنزىرىلەر بىلەن ئىشەندۈرىدۇ» دېگەنىدى.

شائىر خوجا جاھان ئەدەبىياتنىڭ يوقىرىقى خۇسۇسىيىتىنى ناھايىتى تولۇق ئورۇنلىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ھاياتىنى

---

[1] نۇرغۇن تارىخچىلار خوجا جاھان ئەرشىنى ئەنە شۇ جاھان خوجا (كىچىك خوجا) بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ خاتا قىلىدۇ.

كۆرمىگەنلىغان رەڭمۇرەڭ ئوبرازلار بىلەن كۆرسەتتى.

ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر تەسىرچان بولىدۇ. قىرغىز يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋ «ئەگەر ئەسەر ئوقۇغۇچىنى ھاياجانغا سالالمىسا، ئۇنىڭ ئىستىبىتىك دۇنياسىنى بېيىتالمىسا، ئۇنىڭ ياخشىلىققا ۋە يامانلىققا مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتەلمىسە، ئۇنىڭدا ئىملەر ئىپتىلسۇن، ھەر قانداق ئىنتايىن پايدىلىق ۋە ئىنتايىن مۇھىم پىكىرلەر ئىزھار ئېيتىلسۇن، قانداق تىما، مەسىلىلەر قويۇلسۇن ئۇ ھەقىقىي سەنئەت ئەمەس» دېگەنىدى. ھەقىقەتەن كىتابخاننى ھاياجانغا سېلىشنى بىلگەن ئەسەرلا يۇكسەك تالانت مەھسۇلىدۇر، چۈنكى تالانتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى سەنئەتكار كىشىلەردە خالىغان ھاياجاننى قوزغاشنى بىلىش، يەنى ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا يۇقتۇرۇشنى بىلىشتۇر. شائىر ئەرشىنى ئەنە شۇنداق تالانت ئىگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەدەبىياتتىكى سېھرىي كۈچنى ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي كۈچى دەپ ئاتايمىز. ئەدەبىياتتىكى بۇ بەدىئىي كۈچ بىرنەچچە ئامىللاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسىنى بېلىنسكى «پوئېتىك ئەسەرنىڭ قەدرىنى بەلگىلىگۈچى ئۆلچەم، ئۇنىڭ ۋەقەلىككە توغرىلىقىدۇر» دەپ كۆرسەتسە، گ. ۋ. پلېخانوۋ «ھەققانىيلىق ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر... شائىر ھاياتنى ئۇ قانداق بولسا، شۇنداق پەردازلىماستىن، بۇزماستىن تەسۋىرلىشى لازىم» دەيدۇ. ئېنگېلس XIX ئەسىر رېئالىست رومانچىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىنى كۆرسەتكەندە «رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەققانىي تەسۋىرلەپ بېرەلىگەنلىكىدە» دەپ كۆرسەتكەنىدى. جۈملىدىن، ئەدەبىي ئەسەرنى «ھاياتنى بەدىئىي تەتقىق قىلىش» دەپ چۈشەنگەن چېخوۋ «قانچىلىك ئوبيېكتىپ بولسا، تەسىرات شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىدۇ» دەيدۇ. دېمەك، بەدىئىيلىكنىڭ تەسىرچانلىق

كۆچى ئۇنىڭ چىنلىقىدا. شۇڭا بىز خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بىزنى مەپتۇن قىلغۇچى سېھرىلىك كۈچ ئەڭ ئالدى بىلەن ئەينى زامان رېئاللىقى بەلگىلىك كەڭلىك دائىرىدە ئاجايىپ چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن رەڭمۇرەڭ ئوبراز خاراكتېرلەرنىڭ ناھايىتى نازۇك، ئاجايىپ باي، چوڭقۇر تۇيغۇلاردا ئەينەن، بويىماستىن، بۇزماستىن بەدىئىي چىنلىقتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، دەپ ھېسابلايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە شائىر ئەرشىنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىسى — خەلقىنىڭ ئاھۇ زارىنىڭ ۋە ئازادلىق ئەركىنلىكىنىڭ جارچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۈچلۈك زامانىۋىلىقنى ئىپادىلەپ، «چىنلىق» نىڭ سالمىقىنى ۋە تەسىرچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئەرشى ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرىدۇ.

ئەسەر بەدىئىيلىكىنىڭ سېھرىلىك كۈچى ئەسەر شەكلى بىلەن مەزمۇنىنىڭ ئۆزئارا ماسلىقى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەممە نەرسە شەكىل ۋە مەزمۇندىن تەشكىل تاپىدۇ. ۋ. ئى. لېنىننىڭ پىكرىچە تەبىئەتتە ۋە جەمئىيەتتە شەكىل شەيئىنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بولۇپ، مەزمۇننىڭ ئىچكى ئۇيۇشمىسىدۇر، ئۇ شۇنداق نەرسىكى، مەزمۇننىڭ ئامىللىرىنى بىر- بىرىگە باغلايدۇ ۋە ئۇنىڭسىز مەزمۇننىڭ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، شەكىل ماھىيەتلىكتۇر، ماھىيەت شەكىللەنگەندۇر.

بىز بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، ماھىيىتىنى ئۇنىڭ شەكلى ئارقىلىق پەملىيەلەيمىز. شەكىل مەزمۇننىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر. بەدىئىي ئەسەردە ھايات ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئوبراز خاراكتېرلىرىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئوبرازچانلىق بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھاياتنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاسىتىسى شەكلىدۇر.

ئوبراز چانلىق بەدىئىي ئەسەردە خاراكتېرلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات خاراكتېر يارىتىش سەنئىتىدۇر. خاراكتېرلەر بولسا مەلۇم بىر ژانىردا يېزىلغان كونكرېت ئەسەردە تىل، سۇژېت، كونفلىكت، كومپوزىتسىيە، قۇرۇلما، تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەت بەدىئىي ئەسەرلەردە خاراكتېر يارىتىشتا ئورتاق مەسىلە بولۇپ، بەدىئىي ئەسەر ژانىرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر يارىتىش ۋاستىلىرى، ئۇسۇللىرى بار.

مەزمۇن شەكىلگە نىسبەتەن يېتەكچى — بەلگىلىگۈچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شەكىل مەزمۇنغا نىسبەتەن نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، مەزمۇننىڭ گەۋدىلىنىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى بەلگىلىگۈچى ئامىللارنىڭ بىرى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ماسلىقىدىن ئىبارەت. شەكىلنىڭ مەزمۇنغا ماسلىقى دېگىنىمىز، شەكىل ئامىللىرى مەزمۇنغا تولۇق خىزمەت قىلىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. شېئىرنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسلىق ۋە ياردەمچى ئامىللار بولىدۇ. ئاساسلىق ئامىللىرى — رىتىم، تۇراق، قاپىيە، مىسرا، بەندلەر بولۇپ، بۇلار ھەمىشە تۇراقلىق ئىشلىتىلىدۇ. ياردەمچى ئامىللىرى — باشلانغۇچ سۆز تەكرارى، ئاخىرقى سۆز تەكرارى، ھاجىب، رادىف، تەجنىس (ئومونىم) لار بولۇپ، شېئىرىي مەزمۇنى تەلەپ قىلغان چاغدا ئۇلار بەدىئىي خاراكتېرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

«مېڭە ۋە يۈرەكنىڭ شۇنداق جايلىرى باركى، ئۇلارغا پەقەت شېئىرىيەت (پوئېزىيە) ئارقىلىقلا كىرىش مۇمكىن» دەيدۇ بېلىنىسكى.

شائىر ئەرشىنىڭ شېئىرلىرىنى ئەنە شۇنداق شېئىرلار

تىپىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

ئەرشى لىرىك شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ھەر بىرى نەۋائى تىلى بىلەن ئېيتقاندا «خاس ھال»، «خاس مەزمۇن» نى، يەنى ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي قىممەت دەۋر روھىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇنىڭ ھەر بىر شېئىرى لىرىك ھېسسىياتنى مەيدانغا چىقىرىدىغان كونفلىكت شۇ لىرىك شېئىر ئوتتۇرىغا قويغان تېپىشماق مەسىلە يېشىمى جەريانىدا نامايان بولىدۇ. ھەر بىر لىرىك شېئىردا شائىر ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلە، باشقىلارنىڭ لىرىك كەچۈرمىشى شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا «مەن» گە يەنى تىپىك خاراكتېرنىڭ خاسلىقىغا ئايلاندۇرغان شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ھەر قانداق شېئىرىيەتتە بىلىنىسكى ئېيتقاندەك، شېئىردىكى پىكىر ھېسسىيات بىلەن مۇۋاپىق ئىتتىپاق تۈزمىسە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىجتىمائىي، مەنىۋى دۈشمىنىنى يېڭەلمەيدۇ.

بۇ مەسىلە شائىر ئەرشى شېئىرىيىتىدە ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت، تالانت بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ھەر بىر شېئىرىدا پىكىر شائىرنىڭ ناھايىتى باي سەزگۈ، تۇيغۇ - ھېسسىيلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، بەدىئىيلىك بىلەن خاھىشچانلىقنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرغان. خاھىشچانلىق ئەمەلىيەتتە بەدىئىي ئەسەرنىڭ بىز ھەمىشە تىلغا ئالىدىغان مەركىزىي ئىدىيىسىدۇر.

بىز شائىرنىڭ «دىۋان» نىغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلىرىنىڭ ھېچقاندىقىدا يالىڭاچ شوئارۋازلىقنى ئۇچراتمايمىز، ئەرشى شېئىرلىرى باشتىن - ئاخىر خاھىشچانلىققا ئىگە شېئىرلاردۇر. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ھەر قانداق شېئىرىنى ئوقۇغاندا چوڭقۇر ھاياجانغا چۆكمەي قالمايمىز. ئۇنىڭ شېئىرىدىكى سېھىرلىك كۈچنىڭ مەنبەلىرىنىڭ تۈپكى ئاساسلىرى ئەنە شۇ يۇقىرىقى

ئۇقتىلارنى ئۆزىدە بىرلەشتۇرگەنلىكىدىن تۇغۇلىدۇ.

شائىر ئەرشى شېئىر جەھەتتە غەزەل، رۇبائىي، ساقىنامە، مۇخەممەس، مۇسەممەن، مۇھەببەتنامە، مۇستەھزات قاتارلىق كلاسسىك شېئىرى ژانىرلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىستېتىك غايىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

كلاسسىك شېئىر ژانىرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك پايدىلىنىش شائىرنىڭ ئىستېداتى، ماھارىتى، شېئىرىي تەجرىبە ۋە بەدىئىي سەۋىيىسى بىلەن زىچ ئالاقىدار مەسىلىدۇر.

XV ئەسىر تۆمۈرىلەر دەۋرىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى خاندىمىر نەۋائى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «شېئىرنىڭ بىر قانچە تۈرى بار: قەسىدە، غەزەل، قىتئە، رۇبائىي، مەسنەۋى. شائىرلارنىڭ بىر خىللىرى ئۆزلىرىدە قابىلىيەت كۆپلۈكىگە كۆرە بۇلارنىڭ ھەممە تۈرىدە شېئىر ئېيتقانلار ۋە بەزىلىرى ئىقتىدارىنىڭ ئازلىقىدىن بۇ تۈرلەرنىڭ بەزىسىنى تەجرىبە قىلىش بىلەن كۇپايىلەنگەنلەر. . . ئالىي ھەزرەتنىڭ ماھارىتى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر ئىلگىرى ئۆتكەن شائىرلار ئۇنىڭ زامانىدا بولسا ئىدىكى، سۆزلەش دەپتىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، دۇنيا ئەتراپىدىن ئۇنىڭ پەزىلەت ئۆيىنىڭ مەركىزىگە قاراپ يۈگۈرگەن بولاتتى»① دەيدۇ.

مانا بۇ تەرىپنى بەلگىلىك مەنىدە شائىر ئەرشى ئىجادىغا ھەم تەئەللۇق دەپ قارايمىز. ئەرشى ئۆز ئىستېتىك ئىدېئالىنىڭ كەڭ ئۇپۇقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن شەرق كلاسسىك شېئىرىيەت ژانىرلىرىدىن كەڭ پايدىلىنالىشى (ئۇ ساقىنامە، مۇھەببەتنامىلىرىدە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان مەسنەۋى شېئىر

① غىياسىدىن بىننى خوجامىدىن خاندىمىر «ماكرو مول- ئەخلاق»، 30-، 31- بەتلەر،

شەكلىدىن پايدىلانغان) ئۇنىڭ شېئىرىي ماھارىتىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئىگىز چوققىلارنىڭ بىرىنى ئىگىلىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شائىر شېئىرىيىتىدە شېئىرنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان رىتىم، تۇراق، مىسرا، قاپىيە، بەندلەر شائىرنىڭ ئىستېتىك ئىدېئالىنى تەشكىل قىلىدىغان مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشكە تولۇق خىزمەت قىلىدۇ. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ماسلىقىنى بۇزىدىغان ھېچقانداق نۇقسانلارنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

شائىر غەزەللىرىدە، كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ غەزەل قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا 7 دىن 10 بېيىتلىك بەندلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، لىرىكىنىڭ تۈپكى قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى بولغان لىرىك ھارارەتنىڭ ئۆچۈپ قالماسلىق قانۇنىيىتى ئاڭلىق ھالدا كۆزدە تۇتۇلۇپ، بۇ قانۇنىيەت تولۇقى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

بەدىئىيلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالامىتىنىڭ بىرى ئەدەبىي ئەسەردە بەدىئىي خاراكتېر يارىتىدىغان بەدىئىي تىلدۇر. بەدىئىي ئەسەردە بەدىئىي خاراكتېر يارىتىدىغان تىل بولۇپمۇ شېئىرىيەت تىلى روشەن، راۋان، يارقىن، يېڭى، رەڭدار - بوياققا باي، ئاددىي، چوڭقۇر مەنىلىك، ھەممە چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنى، لىرىكىدا ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىگىچە تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان بەدىئىيلىككە ئىگە بولغاندىلا، ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا مەشھۇر قازاق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى ئاباي شېئىرنىڭ تىلى كىشى قەلبىنى كۆيدۈرىدىغان چوغدىن ياسىلىشى كېرەك، دەپ ئېيتقاندى. شېئىردىكى ھەر بىر سۆز چوڭ مەنزىرە، ئوبراز، ھەرىكەتنى ئاساسلىسا ئۇ ھەقىقىي شائىر بولالايدۇ. ئەنە شۇنداق

خۇسۇسىيەتلىك شېئىرلا كىشىنىڭ دىلىغا سانجىلىپ، كىشى روھىي مۇۋازىنىتىنى بۇزالايدۇ، ياكى كىتابخاننىڭ ھېسسىنى ئىنقىلاپ، ئۇنى بىرپەرۋالىق گىردابىدىن چىقىرالايدىغان بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شېئىرىيەتتىكى بەدىئىي ئوبرازنىڭ كۈچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شېئىرىيەت بۇنداق ئوبرازلىق كۈچكە شېئىرىي تىلىدا ستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيدۇ. شەرق شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى شۇكى، تەبىئەت شېئىرىيەتتە ياكى تەسۋىرىي ئوبيېكتى سۈپىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. لېكىن ھەر ئىككى ھالدىمۇ ئۇ ئىنسان قەلبى، روھى، ئىھتىراسى، دەرد، كەچۈرمىشلىرى بىلەن مۇستەھكەم بىرلەشكەن بولىدۇ. لېكىن تەبىئەت بەرىبىر ھەممە دەۋر ئىجادكارلىرى ئۈچۈن چوڭ يۆلەك، ئىلھام ئۇچقى، زوق-ئىختىراس بۇلىقى، تەسەۋۋۇردىن تارتىپ، تىلىنىڭ سېھرىگەرلىكىگىچە تەبىئەت روھى بار. شائىرلار تەبىئەت تەسۋىرىدىن يالغۇز جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش ۋە پىكىرلىرىنى تولدۇرۇش ياكى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈنلا پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى شۇ ئارقىلىق دەۋر تىپىشماقلىرىنى ھەل قىلىشقا، چوڭ ئىجتىمائىي ئومۇملاشتۇرۇشلارنى يارىتىشقا ئۈلگە تىكلەشكەن. مانا شۇ يۇقىرىقى ھالنى بىز شائىر خوجا جاھان شېئىرلىرىدا خېلىلا تەلتۆكۈس كۆرەلەيمىز.

تەشخىس — شەخسلەشتۈرۈش بۇ شېئىردا زور رول ئوينايدۇ. بۇ تەبىئەتتىكى نەرسە ۋە كۈچلەرنى ئىنسانىي سۈپەت ۋە بەلگىلەر ۋاسىتىسى بىلەن جانلاندۇرۇپ تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇل ھەقىقىي سەنئەتكار ئۈچۈن غايىۋى بەدىئىي كەشپىيات قورالى بولالايدۇ. بۇ ۋاسىتە تەبىئەتتىكى شەكىلسىز شەيئىلەرنى، پىرىدمىنتلارنى خىيال ۋە تەپەككۇر كۈچى بىلەن شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. قىياپىتى ئېنىق بولمىغان كۈچلەرنى

رېئاللاشتۇرۇپ، ئىنسان ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلارنى تىكلەيدۇ. مەسىلەن:

يوشۇرۇپ گۈلدەك يۈزىن گۈلنار شوپۇكى ئىچرە ۋاي،
گويا بولمىش قىزىل ئەبىر ئىچرە پىنھان تولۇن ئاي.
شۇئلەدىن سالمىش يۈزىگە پەردە ئانداغكىم قۇياش،
بولمادى مۇمكىن دېسەم كىم تىكلەنىپ بىردەم قاراي.

ياكى:

ئارەزىڭ ئۈستىدە قاشلار كۆك ئاتىڭ ئەفكەندەسى،
ئاي يۈكۈنۈپ، كۈن سېغىنىپ سەجدە ئەيلەر بەندەسى.

ياكى:

سۇنۇق كۆڭلۈم ئۇزارىڭ شەۋقىدىن تاپمىش توگۈنلۈكىم،
ھىلال ئانداغكى ئولمىش مېھرىدىن ئون تۆت كۈنلۈك ماھ.

ياكى:

ئايۇ، كۈن، بىلكىم يەدى بەيزاغە پەرتەۋ سالدى بۇ،
كىم كۆرۈپتۇ بۇ كەبى دەھر ئىچرە دىدارى يەنە.

ياكى:

نە مود زۇلفى يۈزىگە تىلەرئەسىز تەشبىھ،
قارا تۈن ئۆيقۇ قۇيۇبان سەھەر ساباغا باقىڭ.

شائىر لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنى مۇكەممەل يارىتىش ئۈچۈن باشقا ستىلىستىك ۋاستىلەردىنمۇ كەڭ پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن: مۇنداق مۇبالىغىلەرنى ئۇچرىتىمىز:

ساچىسە گەر ئەندەك زەكاتى ھۆسنىدىن ئول قان نەمەك،
توزغا قانمىشتۇر جاھان ئەھلى سامادىن تەسەك.

ياكى:

سىفاتى ۋە سىفىدە ھەركىمگە ھەد ئېتەر ئىمىش ھەددىدىن،

تۈگۈنمەس مىڭدە بىرى مىڭ يىل بولسا ئۆمۈر ئەۋقاتى.

ياكى:
كۆزۈم شەۋقى سالىپ كۆڭلۈمگە ئوتلارنىچە كىم كۆرگەچ،
جاھاننى كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلغۇسىدۇر سۆز ئەفغانىم.

تەكرار:
سانائى ئىلكىدە بىرگە زەرەر سوراغىنى سىز،
قارا. قارا مۇژژە بىرلە كۆزى قاراغا باقىلىڭ.

ياكى:
بىلمەدىم ۋەجھىن نىدىندۇر ئەيلابان قەتئىينەزەر،
زارە كۆڭلۈم، زارە ئەيلەپ، زار ئۆزرە، زار ئەيلىمەك.

ئانا پارا:
چەرىخ ھەرگىز كۆرمىگەن ئۆمۈر ئىچرە مۇنداغ چورىخكىم،
چەرىخ ئۈستۈن، چەرىخ ئورغاي ئاندىن ئارتۇق مەن قارىسى.

ياكى:
ئەلەمگە تىلىمدىن ئوت ياقىلسۇن،
ئەلەم ئىلى كۆڭلىگە ساچىلسۇن.

ئاسونانس:
نەچچە ئىچمەك ئەتكەسەن ئى ساقى پەيدەر پەي تۇتۇپ،
بىر يولى ياغۇ يىقىت يا ياز خۇمارىم جام ئىلە.

ياكى:
زەمزى رەموز نازىغا يوق بارىمنى نىياز ئېتىپ،
جان كۆڭۈل گۆرۈ قىلاي شىۋەئىي خوش ئاداسىنى.

ئوخشىتىش:
كۆيۈپ ۋەسلىدە ھەم ھىجرىدە سارغايماقلىغىم،
ئىرور كەيگەنگە ئوخشاش نەستەرىن يافراغىدىن كۆڭلەك.

ياكى:
سىنان كىرپىكلارىدىن تارتىبان يۈز،
قىلىچلار قاشىدىن ئەيلەپ مىسلى جاللات،

ھاجىپ ۋە رادىق

بۇ باشۇ تاش ئارا ھەر كۈن نىجاغ يارەب تالاش ئولسۇن.
فالاقنى گەر ئاتار ئول باش تاش ئورنىغا بۇ باش ئولسۇن.

شائىر خوجا جاھان ئەرشى كلاسسىك شېئىر شەكىللىرى بولغان قەسىدە، غەزەل، مەسنەۋى، رۇبائىي، تەجەنىس، مۇۋەششەھ قاتارلىق شېئىر شەكىللىرى ئارقىلىق شېئىر يېزىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. شائىرنىڭ كلاسسىك شېئىر شەكلىدىكى ھەرپى ئوبرازلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ لىرىك قەھرىمانلىرىنى يارىتىش ئىمكانىيىتىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن. مەسىلەن:

ئەيىندۇر ئانىڭ چۇ ئەيىنى ئەفلاك،
ئۆرلەپ بارى ئالەم ئەھلىنى پاك.
شىنى نىكىم ررەئى جەفادۇر،
ئۈچ نوقتەسى ئانىڭ ئۈچ بەلادۇر.
قافى كېلىبان چۇكوھى ئەنبوھ،
ئەنبوھ نە مەئىنى كوھى ئەندۇھ.
ئۇستىدە ئىككى نوقتە ئىككى زاغ،
يوق زاغ، كۆڭۈللەرگە ئىككى داغ.

يۇقىرىقى شېئىرىي شەكىل كلاسسىك ئەدەبىياتتا «مۇۋەششەھ» دېيىلىدۇ. مۇنداق شېئىرىي شەكىلدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ھەر بىر بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى ئېلىپ قۇراشتۇرساق بىر مەنا چىقسا، ئۇڭدىن سولغا قاراپ پۈتۈن شېئىرىي تەلقىننى ئوقۇساق، ھېلىقى مەنانى كېڭەيتىپ يېشىدۇ. يۇقىرىقى قائىدە بويىچە بىرىنچى مىسرادىكى «ئى»، ئۈچىنچى مىسرادىكى «ش»، بەشىنچى

مىسرادىكى «ق» ھەرپلىرىنى قوشساق «ئىشىق» يەنى «مۇھەببەت» دېگەن ئاتالغۇ چىقىدۇ. ئەمدى ئۇ شېئىرنى ئۇچىدىن سولغا ئوقۇساق ئەنە شۇ «ئىشىق» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ مۇنداق يېشىدۇ:

بىرىنچى مىسرادىكى «ئەيىن» ھەرپى «ئىشىق» سۆزىنىڭ بىرىنچى ھەرپى «ئى»نى كۆرسىتىدۇ. ئىشىق خۇددى ئاسمان جىسىملىرىدەك يەنى ئاي، كۈن، يۇلتۇزدەك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. قايسى پاك ئادەم ئەھلى ئاڭا كۆڭۈل بەرسە ئۇنى ئۆرتەپ سورۇۋېتىدۇ.

ئۈچىنچى مىسرادىكى «شىن» ھەرپى «ئىشىق» سۆزىنىڭ ئىككىنچى ھەرپى «ش »نى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بۇ مىسرادىكى ئىشىق يولىغا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ كىرگەنسېرى ئۇ جانغا جاپا بولىدۇ. بولۇپمۇ «شىن» نىڭ ئۈچ چېكىتىنى جانغا تىكىلگەن ئۈچ بالادۇر دېسە، بەشىنچى مىسرادىكى «قاپ» «ئىشىق» سۆزىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى «پ»نى ئىپادىلەيدۇ. شائىر بۇ يەردە ئىشىق سەۋداسى ئاخىرقى چېكىگە يەتكەندە ئۇ ئاشىق بولغۇچىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ ياكى توگىمەس ئەندىشىگە قويىدۇ. «ق » ھەرپىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى چېكىت خۇددى قونۇۋالغان ئىككى قاغىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى قاغا يوق بولىدىكەن، ئاشىقنىڭ كۆڭلىگە داغ چۈشۈپ، ئەبەدىي يارا قالىدۇ، دەپ يېشىدۇ. دېمەك، شائىر كلاسسىك شېئىر شەكلى بولغان «مۇۋەششەھ» نىڭ يۇقىرىقىدەك ھەم ھەرپى ئوبراز، ھەم لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق لىرىك قەھرىمان ئاغزىدىن مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغۋار قۇدرىتىنى تەسىرلىك ھالدا ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۇرىدۇ.

شائىر ئىنساننى ئىنسان قىلغان «مۇھەببەتنى»، «گۈزەل يار»نى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. ئۇ:

پەنجەڭنى كۆرەر ئېسەم بەنا گاھ،
قىلغۇمدۇ خىيال زاتى ئەللاھ.

دېگەن ھەرپى ئوبراز ئارقىلىق گۈزەل يار پەنجىنى (بەش بارمىقى ئېچىلىپ تۇرۇشنى «الله» «ئاللا») ئىسمىنىڭ يېزىلىشىغا تەپارتمايلا ئوبرازلىق ئوخشىتىدۇ.

ــ شائىر ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى تەجنىس ۋە تۇيۇقلارنى يېزىش ئارقىلىقمۇ نامايان قىلىدۇ.

تەجنىس (ئومونىم) شەكلەن بىر خىل، مەزمۇنەن ھەر خىل بولغان سۆزلەرنى شېئىردا ماھىرلىق بىلەن ئىشلىتىشتۇر. بىر جىنس ياكى شەكىلداش دېمەكتۇر. تەجنىس مىسرا ئىچىدە ۋە كۆپىنچە ئاخىرىدا ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن سۆز تەكرارلىنىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئەمدى «تۇيۇق» ژانىر بولسا تەجنىسكە ئاساسلانغۇچى شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان تۆت مىسرانىڭ 1-، 2-، 4- مىسرالىرىنىڭ ئاخىرى تەجنىس بىلەن تۈگەيدۇ.

ــ تەجنىس مىسرا ئاخىرىدىكى تەكرار سۆز، ئەمما قاپىيىسىز سۆز تەكرارىدۇر. لېكىن ئۇ ئومونىم سۆزىدۇر، ئەكسىچە بولغاندا ئاخىرقى تەكرار (ئەپىفورا) غا ئايلىنىپ قالغان بولار ئىدى. رادىف ھەم تەجنىس، ھەم ئاخىرقى تەكراردۇر. ئەمما رادىف قاپىيىلىك بېيىتتىكى ئاددىي تەكرار بولسا، تەجنىس قاپىيىسىز مىسرالاردىكى شەكلەن بىر خىل، مەزمۇنەن ھەر خىل بولغان سۆزدۇر. بىراق تەجنىسنى ئومونىم قاپىيە دېگۈچىلەر ھەم بار، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى قاپىيىداش سۆزلەر ئوتتۇرا ئەسىر نەزەرىيىچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئاھاڭداش لېكىن ئۆز مەنىسىگە ئىگە بولغان تۈرلۈك سۆزلەردۇر. بىراق تەجنىس تەكرار سۆزدۇر. شۇ سەۋەبتىن، تەجنىسنى قاپىيە بىلەن بىر خىل ھالدىكى ھادىسە دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. مەلۇمكى،

تەجنىس سۆز تۈرلىرىگە ئىگە، تولۇق تەجنىسنىڭ يېزىلىشى، ئېيتىلىشىمۇ بىر خىل بولىدۇ.

شائىر خوجا جاھان ئەنە شۇنداق «تۈيۇق» تەجنىسلىرىنىڭمۇ ماھىرى ئىدى. مەسىلەن:

ئول كىمسەگە كىم يار ئاڭا چىنىدۇر،
يوق چىنىكى بىر نىگار ماچىنىدۇر.
گۈلشەن ئارا بەزم ئېتەرگە ئول ئەيلەسەئەزىم،
مەرغۇب ئاڭا جايى بىلە چىنىدۇر.

بۇنىڭدا بىرىنچى مىسرادا «چىن» راست مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا، ئىككىنچى، تۆتىنچى مىسرادا «چىن» جۇڭگو مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

ياكى:

دەۋران قىزىنىڭ ھۆسنىدە بىر چىنى يوق،
گەر كۆپ دىسە ئەل بىرىدە ھەم چىنى يوق.
بوغوسسەنى دەفئى ئېتەرگە سەئىي ئەتسە كىشى،
مۇشكۇلدۇر ئاڭا چايى بىلە چىنى يوق.

يۇقىرىدىكى بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا «چىنى» سۆزى قورۇق، بەلگە، نۇقسان، داغ مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن بولسا، ئىككىنچى مىسرادىكى «چىنى» سۆزى راست، ھەقىقەت، چىن مەنىسىدە، تۆتىنچى مىسرادىكى «چىنى» قاچا، چىنە، پىيالە مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

شائىر خوجا جاھان ئەرشى شېئىرىيىتىدىكى يۇقىرىقى پاكىتلار ئۇز زامانىسىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور بەدىئىي كامالەتنى كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ بەدىئىي ئوبراز يارىتىش قورالى بولغان ئەدەبىي

تىلى توغرىسىدا خۇلاسە قىلىپ شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، شېئىرىي ژانىرلار تەبىئىتى تەقەززا قىلىدىغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەردىن مۇزىكىلىق ئامىللار يەنى ئۇنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى — رىتىم، قاپىيە، بەند، سۆز تەكرارى، تەجنىس؛ ياردەمچى ئامىللار — ئىنتوناتسىيە، تاۋۇش تەكرارى ۋە باشقىلار... ھەم شېئىرىيەت تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ستىلىستىك ۋاستىلەر، سۆز ئويۇنلىرى، ھەرپى ئوبرازلار، جۈملىدىن شېئىرىيەت تىلىنىڭ مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس بىلەن باغلىق بولغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر، رىتورىك سوئال، رىتورىك ئۈندەش، ئىنۋېرسىيە قاتارلىق ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ.

شېئىرىي تىلنىڭ ساپلىقى جەھەتتىن قارىغاندا، خوجا جاھان بەدىئىي تىل ساھەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى سۆز سەنئەتكارلىقىدا نەۋائىدىن كېيىن ئەڭ يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرۈلگەن شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ سۆز سەزگۈسى، سۆز جازىبىدارلىقى، سۆز سېھرى قاتارلىق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، سۆز سەنئەتكارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىردۇر.

گىيوتى «كۆزنى ئەڭ تاكامۇللاشقان سەزگۈ ئەزاسى دېيىشكە بولار، ئۇ ئارقىلىق شەيئىلەرنى ئەڭ ئاسان ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما ئىچكى سەزگۈ ئەزالار ئۇنىڭدىنمۇ مۇكەممەل بولىدۇ. ئەڭ مۇكەممەل تىل ۋاستىسى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئەڭ تېز سۈرئەتتىكى ھەرىكىتىنى ئىچكى سەزگۈ ئەزالارغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ. چۈنكى تىل ھەقىقەتەنمۇ چېچەكلەپ مېۋە بېرەلەيدۇ» دېگەنىدى.

— شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ بەدىئىي تىلىنى ئەنە شۇ يۇقىرىدا گىيوتى تەرىپلەپ ئۆتكەن بەدىئىي تىل تېپىگە كىرىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

ئەدەبىيات نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەڭ كىچىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تۈرى «مىسرا» دۇر.

بىر مىسرادا بىرەر مەنزىرە، ئوبرازنى ئىپادىلىگەن شائىرنى ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن شائىر دېگىلى بولىدۇ. بۇ ھالنى بىز شائىر خوجا جاھان ئەرشى ئىجادىيىتىدىن تاپالايمىز. مەسىلەن:

ئەلىق ئىرمەن ئۇقىدۇر «جان» ئىچىندە جانغا ئاتقاندۇر.

ياكى:

جەننەتۇل مەئۋا ئالۇر ھەمرەڭگى دەشتى كەربالا.

ياكى:

مەجمە ئۇل بەھرەيىن يەڭلىخ كۆزلەرىم دەرياسى بار.

ياكى:

باش ئايانى كاكۇل ئەجدىھاسىدەك سەۋداسى بار.

ياكى:

دەفتەرى لۇتفۇڭغە ئىسيان خاماسى سوقتى قەلەم.

شائىر خوجا جاھان ئەرشىنىڭ بەدىئىي تىلى قويۇق بەدىئىي بوياققا ئىگە، خەلقتىن چوڭقۇر ئۆگىنىلگەن، شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي تىل ساھەسىدە ئېرىشىلگەن ئۇتۇقلارنى مۇكەممەل، ئىجادىي ئۆزلەشتۇرگەن، لاكونىزىم ۋە ئاپىرىزىمغا ئىنتايىن باي تىل بولۇپ، ئۇ شائىر بەدىئىي تەپەككۇرى بىلەن بىللە ئۆسۈپ يېتىلگەندۇر. چۈنكى تىل تەپەككۇرنىڭ تاشقى پوستى، كۆرۈنۈشى، لىباسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شائىرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئۇنىڭ بەدىئىي تىلىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى بەلگىلىگەندۇر. شۇڭا شائىر بەدىئىي تىل جەھەتتە يۇقىرىدا مىسال

كەلتۈرگىنىمىزدەك، بىر مىسرا شېئىرنىمۇ مۇستەقىل ئەسەر دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىگەن. شائىرنىڭ غەزەللىرىدىن ئىككى مىسرالىق ئوبرازلىق مەنزىرىلەرنى نۇرغۇن تاپقىلى بولىدۇ.

نى ئاسىغ ئۇتلۇق كۆڭۈلدىن مۇنچە ئۆرلەمەك تۈتۈن،
مۇنچە سورۇلماق نېدۇر غەن دەشتىدە گويا قويۇن.

ياكى:

نەغمەئى قەقنۇس ئىلە تەڭ ئۇلسا ئاۋازى جەرس،
سۇر ئىسرافىل ئىلە ئاھىم ئىرۇر ھەمنەپەس.

ياكى:

قارا بەخمەل ئەمەس غەم شامىدىن كەيدى كولاھ باشىم،
كى فورقەت تونلىرى جانە فىراقىڭ ئىچرە يولداشىم.

ياكى:

يەتتە فەلەكنى ئۆرتەسە ئاھىم ئەگەر چىقىپ نىتاڭ،
چۈنكى توشۇپتۇر كۆڭلۈمە ئىشىق ئوتىنىڭ ھەرراتى.

ۋە باشقىلار. . . .

شائىر بىرىنچى مۇسەممەسىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئاللاغا، ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بولغان تۆت چارياغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ. جۈملىدىن 62- غەزىلى ۋە «ساقىنامە» سىدە قويۇق سوفىزىم تەسىرى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شائىر دۇنيا قاراش جەھەتتىن «ئاللانىڭ بىرلىكى، ئۇنىڭ ھەممىنى ياراتالىغىنى، بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭ شولىسى ئىكەنلىكىنى سوفىزىمنىڭ نەقشبەندچىلىك ئېقىمى نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ ئىقرار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ شائىرنىڭ

ئېستېتىك غايىسى، بەدىئىي مېتودىغا كاشىلا قىلمايدۇ.

شائىر خوجا جاھان ئەرشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى، شۇنداقلا گۇمانىستىك ئەدەبىياتتىن خەلىقچىللىق ئەدەبىيات باسقۇچىغا ئۆتۈشتىكى كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان شائىردۇر.

ئەرشى ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي تىلىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى يۇقىرىلىقى ۋە بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتىكى ماھارىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئەڭ ئېگىز چوققىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنى يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئۆز دەۋرى ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەڭ زور تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

# خوجا سىددىق پۈتۈھى[1]

خوجا سىددىق پۈتۈھىنىڭ ئىسمى خوجا سىددىق بولۇپ، «پۈتۈھى» شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى، ئۇ جۇڭغارلار دەۋرىدىكى يەكەن خاندانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر خانلىرىنىڭ بىرى بولغان خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان ئەرشى) نىڭ ئوغلى، دانىيال خوجىنىڭ نەۋرىسى ئىدى.

ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت مۇنلىرىدىن قارىغاندا، خوجا سىددىقنىڭ ئاتىسى شائىر خوجا جاھان ئەرشىدىن تەلىم ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىلغار ئىشلىرىنىڭ ياردەمچىسى ۋە داۋاملاشتۇرغۇچىسى، تالانتلىق شائىر ۋە يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

تالانت — كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ھەر قانداق ساھەسىدە ئىجراچى قابىلىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن نامايان بولۇشى دېمەكتۇر.

ل. تولستوي «مۇپاسسان تالانت ساھىبى ئىدى، يەنى نەرسىلەرنى ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن كۆرەر ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىيارسىز ھەقىقەتنى ئاچاتتى. ياخشى دەپ ھېسابلىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىنى ئىختىيارسىز پاش قىلاتتى. . . سەنئەتكار يازغۇچى شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتكاركى، ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزى خالىغىنىدەك ئەمەس، ئۇلار قانداق بولسا، شۇنداقلىغىچە كۆرىدۇ. تالانت ئىگىسى بولغان ئادەم خاتا

---

[1] پۈتۈھى – پەيزىلىك، كۆڭۈللۈك، شەپقەت قىلغۇچى، ئىلتىپات كۆرسەتكۈچى، قولغا كەلتۈرگۈچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

قىلىشى مۇمكىن، لېكىن ئەگەر مۇپاسسان ئەسەرلىرىدە ئۆز تالانتىغا يول بەرگەنگە ئوخشاش تالانتقا يول بېرىلسە، تالانت شەيئىلەرنى ئېچىپ، قانداق بولسا شۇنداق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مېھرىگە لايىق بولسا مېھىر قويۇشقا، نەپرەتكە لايىق بولسا ئۇلاردىن نەپرەتلىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ»[1]

ل. تولستوينىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى شائىر پۇتۇھى ئىجادىغىمۇ تەئەللۇق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«تارىخى نادىرىيە» دېگەن كىتابنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شائىر پۇتۇھى ھىجرىيە 1126- يىلى (مىلادى 1714- يىلى) يەكەندە شاھلار ئائىلىسىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ھېسابلىغاندا ئۇ جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى رابدان چېۋاڭ (1697-1727)، غالدان چېرىن (1727- 1745)، چېۋاڭ دورجا (1745- 1750)، داۋاجى (1753- 1755) ۋە ئامۇرسانا دەۋرىدىكى مەنچىڭ خاندانلىقى بىلەن جۇڭغارلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، يەكەن خانلىقى بىلەن جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۆز ئىچىدە ھاكىمىيەت تالىشىش جەڭگى. جېبدەللىرى، جۈملىدىن يەكەن خانلىقى ئىچىدە دىنىي نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي گۇرۇھلار «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» نىڭ ھايات-ماماتلىق قانلىق كۆرەشلىرى گىرەلەشكەن بوران چاپقۇنلۇق، تىنچسىز ئالەم ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.

جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ يەكەن خانلىقىنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى جۇڭغار خانلىقىنى قۇرغۇچىسى باتۇر قونتايجى دەۋرىدىن تارتىپ ئىزچىل بولۇپ كەلدى، يەنى يەكەن خانلىقىنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى ئىككىگە بۆلۈۋالغان «ئاق تاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار» ئارىسىدىكى ھايات-ماماتلىق

① ل. تولستوي، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، رۇسچە نەشرى، 287- بەت.

كۆرۈشىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ بۇ دەۋردىكى قانلىق جەڭگى- جېدەللىرى، ئېنگېلسنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى جەڭگى - جېدەللەر ھەققىدىكى «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەر ئىلاھىي تۈسنى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ھېسسىياتى، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى» دېگەن تەلىماتىغا تولىمۇ ماس كېلەتتى. جۇڭغار ئاجاۋزچىلىرى ئۈچۈن «ئاق تاغلىق» لارنىڭ غەلىبىسىمۇ، «قارا تاغلىق» لارنىڭ غەلىبىسىمۇ ئوخشاش ئىدى. ئۇلار قايسى غالىب كەلسە ئۇنى يۆلەپ، ھاكىمىيەتكە چىقىرىپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە غالچا تاپسا بولاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ مەنپەئەت لوگىكىسىغا ئاساسەن، ئاپاق خوجىنى بىرىنچى قېتىم سىياسىي سەھنىدىن قوغلىۋەتكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى مۇھەممەت ئىمىنخان ۋە ئارسلانخان (ئاقباشخان) لاردىن ئۆچ ئېلىپ، ئۆز گۇماشتىلىرىنى تىكلەش ئۈچۈن ھىجرىيە 1128- يىلى (مىلادى 1716- يىلى) زور قوشۇن بىلەن تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ، يەكەن خانلىقىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۆز گۇماشتىسى ئاپاق خوجا قورچاق ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەپ، «قارا تاغلىقلار» ۋەكىلى بولغان دانىيال خوجىنى پۈتۈن ئەۋلادى بىلەن ئەسىرگە ئېلىپ، «ئىرىن قوبىرغا» دېگەن جايدا تۇرغاققا تۇرغۇزىدۇ، مانا شۇ چاغدا شائىر پۈتۈمى ئىككى ياشتا ئىدى. ئارىدىن 11 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەكەن خاندانلىقىدا «ئاق تاغلىق» بىلەن «قارا تاغلىق» لار ئارىسىدا يەنە جېدەل چىقىپ، ھاكىمىيەتنى قارا تاغلىقلار

تارتىۋالدۇ، قارا تاغلىقلارنىڭ سىياسىي بېسىمى بىلەن رابدان
چىۋاڭ دانىيال خوجىنى يەكەنگە خان قىلىپ ئەۋەتىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا (خوجا جاھان ئەرشى)
نى تورغاقتا تۇتۇپ تۇرىدۇ. شائىر پۇتۇھى نەتىجىدە ئائىلىسى
خوجا ياقۇپ بىلەن 18 يېشىغىچە ئېلىدا تورغاقتا تۇرىدۇ.
ياقۇپ خوجا (شائىر خوجا جاھان ئەرشى) ئۆز
زامانىسىنىڭ يېتىلگەن مەدەنىيەت ئەربابى، تالانتلىق شائىرى
بولغىنى ئۈچۈن ئۆز ئوغلى خوجا سىددىقنى ئۆز ئائىلىسىدە
ساۋادىنى چىقىرىپ، ھەر تەرەپتىن تەربىيىلەپ، ئۆز زامانىسىغا
لايىق مەدەنىيەتلىك زىيالىي، شائىر قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. بۇ
ئەھۋالنى «تارىخى نادىرىيە»دە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ھەزرىتى
خوجا جاھان خوجامىنىڭ خوجا سىددىق ئاتلىق بىر پەرزەنتى بار
ئىدى، ھۆسنى جامالدا ئاپتاپتىن غەلىبە قىلۇر ئەردىلەر. خۇش
خۇيلۇقتا ھەممە خۇلۇق ئاندا زاھىر بولۇر ئەردى. پەم -
پاراسەتتە ئەپلاتون، ئارىستوتېل كەمتەرىن شاگىرتلىرىدىن
ئەردى. تەبئىي زېھنلىرى پەيزەئىي پولاتتەك مەزمۇت -
نەسپتەنى زوھەل چالاكلىرى ئالماس بىلەن شىكاپ ئەيلەر
ئىدىلەر، ۋۇجۇد سېخىلىقتا ھاتەم بىر غۇلام چاكار ئەردىلەر.
ئەدلۇ - ئادالەتتە نۇشىرۋان بەستەرىن خادەم ئەردى. سىن
سالىلىرى ئون سەككىز ئەردىلەر، تەھسىللىرى ئاقارغان
ئىدىلەر. تەپتىش ۋە تەتقىقلىرى تەھسىل تامام بولغان تالىپى
ئىلىملەردىن يۈز دەرىجە ئارتۇق ئىدى. پەھىم ئەشئاردا ئانداغ
ئىدىلەركى ئۆزگە يارەنلەر بېيىتىنى ئىبغىزلىرىغە ئالغۇنچە
مەزمۇننى تەسرۇپ قىلىپ تەقرىرىغە كەلتۇرەر ئىردىلەر.
ئەشئار نەزمىدە ئىككى ئۈچ غەزەلنى بەدىيە تەن بىر دەفئەدە
كىتابقا ئالۇر ئىدىلەر. ھەممە يارەنلەر مۇنداق تەبئىي چالاك،

تېز پەھىملىرىگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن قىلۇر ئېردىلەر»[1] دەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇ گۇۋاھلىق بىزنىڭ پۈتۈھى توغرىسىدىكى تەرىپىمىزنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

غالدان چېرىننىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يەكەنگە (1727-يىللىرى) خان قىلىپ ئەۋەتىلگەن دانىيال خوجا يەكەننى مەركەز قىلىپ، ئالتە شەھەرگە ئۈچ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، يەكەن خانلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە تىنچ، ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىتقا ئىگە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بەلگىلىك ھالدا تەرەققىيات ئىزىغا سالغان چاغدا ھۆكۈمدار دانىيال خوجا دۇنيادىن ئۆتتى. بۇ چاغدا جۇڭغار ھاكىمىيىتىدە رابدان چېۋاڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى غالدان چېرىن چىققان ۋاقىت بولۇپ، ئۇنىڭ بۇۋىسى باشلىغان مانجۇلاردىن «ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش» كۈرىشىنىمۇ داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى . . . مۇنداق شارائىتتا ئالتە شەھەرنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن دانىيال خوجىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا (خوجا جاھان) دىن باشقا ياخشىراق كىشى تېپىلمىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئالتە شەھەردە «قارا تاغلىقلار» سىياسىي گۇرۇھى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى. نەتىجىدە غالدان چېرىن ھىجرىيە 1144-يىلى (مىلادى 1732-يىلى) خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان ئەرشى) نى ئاتىسى دانىيال خوجىنىڭ ئورنىغا يەكەنگە ئالتە شەھەرنىڭ خانى قىلىپ ئەۋەتتى. مانا مۇشۇ چاغدا شائىر پۈتۈھى - خوجا سىددىق ئائىلىسى بىلەن بىرگە يەكەنگە كېلىپ، ئوردا ھاكىمىيىتىگە قاتنىشىشقا باشلىدى. خوجا سىددىق پۈتۈھى شەرق شاھزادىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تەربىيىسى بولغان مەدەنىيەت تەربىيىسىدىن تاشقىرى ھەربىي تەلىماتتىن ئۆز زامانىسىغا لايىق

[1] «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1986-يىل، 2-سان، 113-بەت.

تەربىيە ئېلىپ تاۋلانغانىدى.

خوجا سىددىق پۈتۈھى ئوردىغا كىرىش بىلەن ئاتىسىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. . .

خوجا جاھان ئەرشى ئاتىسى دانىيال خوجىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئوردا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە تىنچ، مۇقىم شارائىت بەرپا قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچتى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 20 يىل جەريانىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك راۋاجلىنىپ بازارلار ئاۋاتلاشتى.

خەلقنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان ئەرشى) شەرق ئىلغار شاھلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئوردىغا يازغۇچى، شائىر، ئالىم، ئۆلىمالارنى توپلاپ، ئۇلارنى ئوردا ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىش، كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىش، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشلىرىغا ئۇيۇشتۇردى. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا شائىر پۈتۈھىنىڭ ئاتىسىغا ياردەملىشىپ زور كۈچ چىقارغانلىقى مەلۇم.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر زەلىلىي، نوۋبىتى، ئۆمەر باقى يەركەندى، مەۋلانە موللا ناسىر، خوجا ناسىر، خوجا ھاجى ئابدۇللا، موللا مۆمىن يەركەندى قاتارلىقلار ئوردا تۇگورىكىگە توپلانغان ئالىم، يازغۇچى، ئۆلىما، شائىرلارنىڭ يادروسى بولغان بولسا كېرەك.

نەۋائىنى ئۆگىنىش بۇ چاغدىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققەت مەركىزىنى تەشكىل قىلغانلىقى خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئىجادىدىنمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا ئوردىغا توپلانغان يۇقىرىقى شائىرلار بىر ئەدەبىي ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ كامالەتكە يېتىشىنى، خوجا سىددىق ئىجادىيىتىنىڭ بالاغەتكە يېتىشىنى ئەنە شۇ ئەدەبىي ئېقىم پائالىيىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمىسا كېرەك. جۈملىدىن ھازىر ئىز - دېرىكى بولۇۋاتقان «دىۋان پۈتۈھى»مۇ ئەنە شۇ ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئىلھامى، ياردىمىنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولىدۇ.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش-باشقۇرۇش ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان 13×20 فورماتتىكى ئەرشى بىلەن پۈتۈھىنىڭ شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن 42 بەتلىك قول يازما يۇقىرىدىكى «دىۋان پۈتۈھى» ۋە يەنە باشقا «دىۋانلار» نىڭ بولغان بولۇشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى خوجا جاھان ئەرشى، خوجا سىددىق پۈتۈھى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى، بەدىئىي سەۋىيىسى، شېئىرىي ژانىر رەڭدارلىقى، بايلىقى، سەۋىيىسى ئەينى زاماندا يۇقىرىقىدەك «دىۋان» لاردىن نەچچىلەپ مەيدانغا كېلىشىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

غالدان چېرىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن جۇڭغار ئىمپېراتورلۇقىدا ئىچكى زىددىيەت ئىنتايىن كۈچەيدى. بىر ئەسىردىن بېرى چارروس «قونتايجى» لار بايرىقى ئاستىغا توپلانغان تۆت خوشۇت ۋە كويىت قەبىلىلىرى بۇ بايراق ئاستىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ جۇڭغار دۆلەت بىرلىكىنىڭ بۇزۇلۇشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. . . خېلى ئۇزاق زىددىيەت، تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن غالدان چېرىننىڭ ئوغلى لاما دورجى ھاكىمىيەتكە چىقىپ، ئۇ خان ئەترىتىنى ئۆزگەرتىپ قۇردى. لېكىن بۇ يېڭى خان لاما دورجى زالىم، ئىستىبداتسىز، دۆت ۋە چۈشكۈن بىر زات ئىدى. ئۇنىڭغا شۇ چاغدىكى جۇڭغار خاندانلىقىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن، سىياسىي ۋە ھەربىي ئەربابلار

نارازى ۋە قارشى ئىدى. ئۇنى پەقەت ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان فېئودال خانلىق ۋارىسلىق تۈزۈمىنىڭ قانۇن تۈسىنى ئالغان كۈچىلا يۆلەپ تەختكە چىقارغانىدى. ناھايەت ئاقىۋەتتە غالدان چېرىڭنىڭ كۈيئوغلى ئانارخىست ئامورسانا 1753- يىلى غۇلجىدا خان لاما دورجىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى «خان» دەپ ئېلان قىلدى. شۇ يىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاتاقلىق سىياسىي ئەربابى، تەشكىلاتچى ۋە رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان غالدان چېرىڭنىڭ تاغىسى چېرىن دوندۇپنىڭ ئەۋلادى داۋاچى ئامورسانانىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ كەلدى، غۇلجىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ، نەتىجىدە ئۇرۇشتا ئامورسانا يېڭىلىپ قېچىپ كەتتى. ئەمدى داۋاچى ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى ھاكىمىيەت تالىشىشىدىن پايدىلىنىپ (بۇ چاغدا يەكەن خانلىقى — پۈتۈن ئالتە شەھەر دانىيال خوجىنىڭ تۆت ئوغلىغا بۆلۈپ بېرىلگەنلىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدى)، جۇڭغار خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

داۋاچىدىن يېڭىلگەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاتاقلىق قوماندانلىرىنىڭ بىرى بولغان ئامورسانا مانجۇ خانلىقىدىن ياردەم تىلەپ، بېيجىڭغا بېرىپ چىندىدا① چيەنلۇڭنىڭ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشىغا ۋە ئالقىشىغا ئىگە بولدى. چۈنكى جۇڭغار خانلىقى چيەنلۇڭغا ئارام بەرمەي كېلىۋاتقان يىراق غەربىي ئۆلكىدىكى تارىخىي دۈشمىنى ئىدى.

چيەنلۇڭ ئامورسانانىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، مانجۇ مارشالى پەنتىنىڭ قوماندانلىقىدا (1755- يىلى باش باھاردا) كۈچلۈك قوشۇننى داۋاچىغا قارشى شىنجاڭغا يۈرگۈزدى.

مارشال پەنتى ئامورسانانىڭ يول باشلىشى بىلەن غۇلجىنى

---

① چىندى بۇ چاغدا چيەنلۇڭنىڭ يازلىق دەم ئېلىش داچىسى ئىدى. بۇ چاغ خاتىرىلىرى چىندىدا تاشقا ئويۇپ يېزىلغانىكەن، ھەمدا تۇرۇپتۇ.

ئۇرۇشسىزلا ئالىدۇ. جەنۇب ـ يەكەن خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئامورسىنا «ئاقتاغلىقلار» كۈچىدىن پايدىلىنىشقا، ئۇزۇندىن بۇيان ئىلىدا تورغاقتا تۇرغان ئاپاق خوجا ئەۋلادى بۇرھانىدىن چوڭ خوجا ۋە ئىنىسى كىچىك خوجا (خان خوجا) لارنى ئىشقا سېلىشقا مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ مەسلىھەت مارشال پەنتىنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياقىدۇ. بۇ مەسلىھەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەزكۇر ئىككى خوجىغا يەتكۈزۈلگەندە بۇ ئىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەك بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى كۈتۈپ كەلگەن ئارزۇسى ئىدى. ئەمدى جەنۇبقا يول باشلاشنى بۇرھانىدىن خوجا ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. پەنتىنىڭ كۆچلۈك قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان داۋاجىنى ئاقسۇدا تارمار قىلىپ، داۋاجىنى ئەسىرگە ئېلىپ بېيجىڭغا ئەۋەتىدۇ. چيەنلوڭ يىراق كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇپ، داۋاجىنى ياخشى قارشى ئالىدۇ. بەختكە قارشى داۋاجى 1759- يىلى بېيجىڭدا ئۆلىدۇ.

غالدان چېرىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان يىللاردا جەنۇبنى ئەپلىك باشقۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمدارلارنىڭ «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش» جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، «جەنۇبنى قارا تاغلىقلار» ۋەكىلى دانىيال خوجىنىڭ تۆت ئوغلى خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان ئەرشى)، خوجا يۈسۈپ، خوجا ئابدۇللا، خوجا ساغانلارغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. لېكىن غالدان چېرىن بۇ ئادەملەرنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنىدى. خوجا ياقۇپ (ئەرشى) دانىيال خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، باشقىلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. شۇڭا ئۇ يەكەننى مەركەز قىلغان ھالدا پۈتۈن ئالتە شەھەرنى بىر گەۋدە قىلغان؛ خېلىلا كۈچلۈك مەركەزلەشكەن يەكەن خانلىقىنى قۇرۇپ، سەئىدىيە

خاندانلىقىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مىلادى 1745-، 1746- يىللىرى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى ھاكىمىيەت تالىشىش قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ (بۇ چاغدا غالدان چېرىن ئۆلۈپ، چىۋاڭ دورجى يېڭى ھاكىمىيەتكە چىققان، جۇڭغار ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلى تەۋرەپ قالغانىدى)، ئىسيان قىلغاندا جۇڭغار ئىمپېرىيىسىنىڭ قوماندانى مەرجىنىڭ 3000 ئاتلىق قوراللىق «ئەلچىلەر ئۆمىكى» كېلىپ يەكەن شەھىرى — ئېلىچىنىڭ بېگى غاز بەگنىڭ ئۆيىدە ياقۇپ خوجىنى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرگەندە، خوجا سىددىق پۈتۈن خوتەندىن 7000 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ كېلىپ، پۈتۈن يەكەننى قوراللىق قورشاۋ ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ، ئاتىسى ياقۇپ خوجا ۋە يەكەن خانلىقىنى بالا- قازادىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى.

بۇ قېتىم مۇناپىق خائىن ئاپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى بۇرھانىدىن خوجا ۋە ئامۇرسانانىڭ يول باشلىشى بىلەن مارشال پەنتىنىڭ 22 مىڭ كىشىلىك قوراللىق قوشۇنى ئالتە شەھەرنىڭ باشقا قىسىملىرىنى ۋەيران قىلىپ، بۇلاپ - تالاپ ئاخىر يەكەننى قورشاۋغا ئېلىۋالدى. يەكەن خانلىقى خوجا ياقۇپ، خوجا سىددىقلار قوماندانلىقىدا مانجۇ ۋە قورچاق جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن جان تىكىپ ئالتە ئاي قانلىق جەڭ قىلدى. لېكىن ئۇزاق قورشاۋدا قالغان يەكەن خەلقى ئوزۇق - تۈلۈك تۈگەپ ئاچارچىلىقتىن قىرىلىشقا باشلىدى. ئەمما جەڭ قىلىشتىن قەتئىي يانمىدى. چۈنكى بۇنداق ھايات - ماماتلىق جەڭدە دۈشمەنگە تىز پۈكسە، ئۆز تەقدىرلىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى ئوقتۇرىدىغان ئەجدادلىرىنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى ئۇلارنىڭ ئېسىگە چۈشۈپ، ئۇلارغا كۈچ- قۇۋۋەت جاسارەت بېغىشلايتتى.

ئەمما خەلقنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرگەن خوجا جاھان ئەرشى ئامالسىز ھالدا يەكەن شەھىرىنى تاشلاپ، زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىدىكى «قارا يانتاق» دېگەن جايغا چېكىنىدۇ. ئاخىر كۈچ سېلىشتۇرمىسى، قورال تاكامۇللۇقىنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولغان مارشال پەنتى ئارمىيىسى غەلىبە قىلىپ، خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ قەھرىمان ئوغلى خوجا سىددىق پۈتۈھى ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئۇلارنى شەھەرگە يالاپ ئەكىلىپ، خوجا جاھاننىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلىرى ھەم يېقىن كىشىلىرى بولۇپ، 17 كىشىنى بىر ئۆيگە قاماپ ئۇ ئۆينىڭ ئىشىك تۈڭلۈكلىرىنى مۇستەھكەم تاقاپ، سىرتتىن كاكۇل لاي بىلەن قېلىن سۇۋاپ تاشلايدۇ. نەتىجىدە، ئۆمۈر بويى ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىكى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۆرەشكەن بۇ پەزىلەتلىك قەھرىمان خەلق ئوغۇللىرى جەڭ ئىچىدە تۇغۇلۇپ، جەڭ ئىچىدە ھېلىقى زىنداندا ئاچارچىلىق ۋە سوغۇقتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارەت بىلەن يۇغۇرۇلغان جىسمىنى ھېلىقى دەھشەتلىك زىندان ۋەھشىيلەرچە يۇتۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى، قەھرىمانلىقىنى، خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە بەخت- سائادىتى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى جەڭ قىلغان جاسارەتلىك روھىنى يۇتۇپ كېتەلمىدى، يۇتۇپ كېتىشى ھەم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ھەممىگە ئايان بىر قانۇنىيەت.

ئۇلارنىڭ خەلق ئازادلىقى، بەخت- سائادىتى ئۈچۈن قىلغان قەھرىمانلىق كۆرەشلىرى ۋە غەيرەت جاسارەتكە تولغان روھى ئەسىرلەر بويى خەلق ئازادلىق ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۆرەش قىلغان جەڭچىلەرگە ئىلھام بېرىپ، كۆرەش يوللىرىغا نۇر

چىچىپ كەلدى ھەم تىللاردا داستان بولۇپ، قاراڭغۇ ئەسىرلەر ئىسكەنجىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىزنىڭ نۇرلۇق دەۋرىمىزگە كېلىپ قوشۇلدى.

## خوجا سىدىق پۇتۇھىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

بەدىئىي تەپەككۇر شەكلىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئەدەبىيات، سەنئەت ئىجتىمائىي جەمئىيەت مەسىللىرىنى بىلىش، ئۆزگەرتىشكە ئۆز ژانىرلىرى بويىچە ياراتقان تىپىك بەدىئىي ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىستېتىك زوقىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق قاتنىشىدۇ. ئاپتور تەرىپىدىن يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ قىممىتى ئاپتور دۇنيا قارىشىغا تايانغان ئىستېتىك قارىشى ئارقىلىق يارىتىلغان تىپىك قەھرىمانىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي ئۇنۇمى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئاپتور ياراتقان ھەرقانداق ئەدەبىي تۈر ۋە ژانىرنىڭ بەدىئىي تىپىك خاراكتېرگە ئىگە قەھرىمانىنىڭ شەكلى، ئۇنىڭ يارىلىش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش مۇھىتى ھەم تۈپرىقى بولغان تىپىك بەدىئىي ۋەقەلىك ئاپتور ياشاۋاتقان جەمئىيەت ھەم ئاپتورنىڭ سىنىپىي ئورنى، جۈملىدىن ئاپتور ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ يول قويۇش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە بولىدۇ. مەسىلەن: مەشھۇر مەسەلچى ئىزوپ قۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز پىكرىنى ئوچۇق ئېيتىشقا شۇ زامان ھۆكۈمران سىنىپى يول قويمايتتى. شۇڭا دەرد، زەردابقا تولغان يۈرەك سۆزىنى ھۆكۈمران سىنىپلارغا غەزەپ - نەپرىتىنى مەسەل ژانىرى ئارقىلىق سىمۋوللۇق بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن ئىپادىلىشى يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ يارقىن مىسالىدۇر.

شائىر خوجا سىدىق پۇتۇھى ياشىغان خوجىلار دەۋرى

«ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلغان. . .» تىپىك مۇھىت ئىدى. بۇ چاغ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى سوفىزم ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى «تەڭرى مەركەزلىك نەزەرىيىسى» بولۇپ، دىنىمىستىك، سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ تېما ۋە تېماتىكىسىمۇ ئىلاھىيەت دىنىي فانتازىيىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ چاغدىكى «ئىنسان مەركەزلىك نەزەرىيىسى»نى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات «دۇنياۋى ئەدەبىيات» (ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەدەبىيات) دەپ ئاتىلىپ، ئىنسان بەدىئىي تەپەككۇرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، رېئاللىققا يېقىنلىشىشتا ئالغا قاراپ تاشلانغان زور بىر قەدەم بولۇپ، بۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، غايەت زور ئىلغارلىق ئىپادىلىنىدۇ. مانا شۇ ئىلغار ئەدەبىياتنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى خوجا سىددىق پۈتۈھى ئىدى.

ھازىرقى بار بولغان خوجا سىددىق پۈتۈھى ئىجادىغا دائىر ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرى چىن ئىنسانىي مۇھەببەتكە بېغىشلانغان. شائىرنىڭ ياشىغان شارائىتى جەمئىيەتتىكى تۇتقان ئورنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى فېئودال ئىستىبداتلىق مۇناسىۋەتلەرنى پاش قىلىش، ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى بىلدۈرۈش، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى، بەخت-سائادىتىنى كۈيلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئەپلىك ئۇسۇلى «چىن ئىنسان مۇھەببىتى»نى تېما قىلىشتىن باشقا يول ئۇنىڭغا مۇۋاپىق كەلمەيتتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى مۇھەببەت كونفلىكتى مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈم تەرتىپىدىكى كونفلىكتنىڭ كونكرېت نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

شائىر پۈتۈھىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن لىرىك قەھرىمانلارنىڭ ۋىسال ئارزۇسىدا قان - زەرداپقا تولغان

يۈرەكلەرنىڭ مۇنداق ھەسرەتلىك ئاھاڭلىرىنى ئاڭلايمىز.

يىگىت:

سارىغ چېھرەم كۆرۈپ ئول گۈل كۈلۈمسۈپ ئىلتىپات ئەيلەر،
ئانىڭدەك كىم تەرەپ يۈزلەنگەي ئەلگە زەئفىرەن كۆرگەچ.
يۈز ئۆزرە ئەگمە قاشىڭغە مىسال ئەتمەك مەھەل ئولغاي،
فەلەك ئۆزرە يېڭى ئاينى قۇياش بىرلە قىران كۆرگەچ.
قۇياش كۆك ئەشھەبىدىن① ئۆزىن تاشلاپ تاۋاپ ئەيلەر،
سەمەندەك② نەقشى پايىنى يەر ئۆزرە ناگەھان كۆرگەچ.
فىراقىڭدىن تەنىم ئۆزرە يۈزۈم سارغارماقى گويا،
ئىرور بەرگى كىم ئول شاخ ئۆزرە سارغايغان خازان كۆرگەچ.

قىز:

تىكەرمەن ياغلىقىڭنى كۆز سەۋادىدىن③ مۇراد ئەيلەپ،
ياسارمەن خاما كىرپىك يىڭنەسىدىن ئېھتىيات ئەيلەپ.
رۇسۇل ئەتتىم كۆزۈمنىڭ مەردۇمىن④ مۇنداق خىيال بىرلە،
ئۆزۈمنى ئىشق ئەھلى شاھىسەن شاھى قوبان⑤ ئەيلەپ.
ئىپەك جان جەۋھەرى تارىدىن ئەيلەپ ئاندا جان چەكتىم،
ئىككى جان بەخش لەئلىڭ سۈرىتىدىن ھەر لەھزە ياد ئەيلەپ.
يازىمەن قاماتىڭ سەرۋە⑥ كەبى پايىڭغا سورنەي دەپ،
قەۋى⑦ ئول سەرۋىدىن مۇڭلۇغ كۆزۈم شەكلىن سەۋاد ئەيلەپ.
بۇ ياغلىق تىككۈچى ئەشكىمنى⑧ ساچتىم كۆڭلۈم ئۆرتەنگەچ،

---

① 1) ئاقۇچ، كۆلرەڭ تۈس ۋە شۇ رەڭلەردە يانغان ئوت يالقۇنى. 2) يوز ئات، كۆك ئاسمان.
② 1) باھا، نەرقى، قىممىتى. 2) ئات، سېرىق رەڭدە ئېچىلغان بىر خىل خۇشپۇراق گۈل (ياسەمەن گۈلى).
③ كۆز قارىچۇقى.
④ كۆز قارىچۇقى.
⑤ مىلادى 483 ـ 531. يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن ئىران پادىشاھى كەي قوبان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
⑥ تىك ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ، سۆۋادان تېرەك.
⑦ كۆچلۈك.
⑧ كۆز يېشى.

چېكىپ ئاھىم يەلى گەردىمنى[1] كۆككە گەر دىبان ئەيلەپ.
چېكىپ زۇلفى پەرىشانىڭنى ئاھىم ئەيلىدى كۆڭلۈم،
لەبىڭدىن غۇنچىلار سەزدىم جانىمنى بەلكى شاد ئەيلەپ.

ئىنسان سەزگۈلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ نازۇك، ئەڭ قىممەتلىك ئەڭ ئالىيجاناب، ئىنساننى ئىنسان قىلغان سەزگۈنىڭ بىرى چىن مۇھەببەت سەزگۈسىدۇر. «دادا قورقۇت» داستانىدا قىز ـ يىگىت مۇھەببىتىدىن جان ئالىدىغان ئەزرائىل تەپ تارتىپ يېڭىلىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە «مۇھەببەت» نىڭ مەڭگۈلۈك تېما بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبمۇ ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك «قىممىتى» دە بولسا كېرەك. يۇقىرىدا بىز نەقىل كەلتۈرگەن ئىككى لىرىك قەھرىمان بىر ـ بىرىنى جان دىلى بىلەن سۆيىدۇ، قىز كلاسسىك ئەدەبىياتتا مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولغان يىگىتكە ئاتاپ تىككەن قولياغلىقتا مۇنداق نەزمە پۈتىدۇ:

ئېپەك جان جەۋھىرى تارىدىن ئەيلەپ ئاندا جان چەكتىم،
ئىككى جان بەخش لەئلىڭ سۈرىتىدىن ھەر لەھزە ياد ئەيلەپ.

بۇنى قىز يۈرىكىدىكى يىگىتكە بولغان پاك مۇھەببىتىنىڭ قەسەمنامىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى قىزنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان يىگىت مەمنۇنلۇق بىلەن:
«سارىغ چېھرەم كۆرۈپ ئول گۈل كۈلۈمسۈپ ئىلتىپات ئەيلەر» دېگىنىدە بۇ تىپىك لىرىك قەھرىمان شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان يىگىت ـ قىزنىڭ ئۆز مەيلىلىرىدە قىلچە گۇمان يوق، ئەمما چىن مۇھەببەتتە ئوتتەك يانغان يۈرەكلەرنىڭ مەيلىلىرى

---

① پەلەك، ئاسمان، كۆك.

كونكرېت ۋىسال يولىغا چىققاندا، ۋىسالغا ئېرىشەلمەي ئاھ چېكىدۇ.
يىگىت:

فىراقىڭدىن تەنىم ئۆزرە يۈزۈم سارغارماقى گويا،
ئىرور بەرگى كىم ئول شاخ ئۆزرە سارغايغان غازاڭ كۆرگەچ.

دېسە، قىز:

قەۋى ئول سەرۋەدىن مۇڭلۇغ كۆزۈم شەكلىن سەۋاد ئەيلەپ،
بۇ ياغلىق تىككۈچى ئەشكىمنى ساچتىم كۆڭلۈم ئۆرتەنگەچ.
چېكىپ ئاھىم يەلى گەردىمنى كۆكە گەردىباد ئەيلەپ.
چېكىپ زۇلفى پەرشانىڭنى ئاھىم ئەيلىدى كۆڭلۈم.[1]

دەيدۇ. بۇ جايدا «ئاشىق- مەشۇق» شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ تىپىك لىرىك قەھرىمانلارنىڭ ۋىسال يوللىرىنى توراپ تۇرغان، بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ناھايىتى چوڭ بىر سەددىچىن سېپىلى بار. بۇ شائىر تىلىدىن ئوچۇق قويۇلمايدۇ. بۇنى پەقەت شائىرنىڭ يوشۇرۇن خاھىشلىق قىزغىنلىقىدىنلا بايقاپ ئالالايمىز. سىنچىلاپ قارىغىنىمىزدا مەزكۇر چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ئاشىق - مەشۇقلىرىنىڭ ۋىسال يولى بولغان «مۇھەببەت ئەركىنلىكى» نى توساپ تۇرغان سەددىچىن سېپىلى شۇ چاغ فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان «شەرىئەت» قانۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى بىزگە ئايان بولىدۇ. بۇنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇشقا شائىرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئىجتىمائىي شارائىتى يول قويمىغان بولسا كېرەك.

ئەمما شائىر سىددىق پۈتۈھىنىڭ ئىجتىمائىي قىزغىنلىقى،

---

[1] «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 87- يىل، 2- سان (نەقىللەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ساندىن ئېلىندى).

ئەينى چاغدىكى فېئوداللىق ئىستىبداتلىق تۈزۈمگە نارازىلىقى
ئاتىسى خوجا ياقۇپقا قارىتاندا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شائىر ئەرشىدىن
بۇ جەھەتتە ئۆزۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەت جەڭچىسى
ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلىدۇ.

پۇتۇھى ھەر نىچە ھازار ئەتمىش نە پاك[1] بولغاي،
كى بەند ئۆلمىش ھەقىقەت تارخودىدىن رەسەن ئىچرە.[2]

شائىرنىڭ ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك جەمئىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە
كىشىلىك سالاھىيىتىگە بەرگەن باھاسى ھازىرمۇ دىققەتكە
ئەرزىيدۇ.

تەبىئىي يوقلار[3] تۇرىدىن ئۆلگۈنچە قاچقان ياخشىراق،
ياستانىپ تەبئەھلىنىڭ ئىشىكىدە ياتقان ياخشىراق.
دەردى يوق دانا ۋە ئاقىل نەچچە گولدەك ئاچىلۇر،
دەردىدىن پەژمۇدە بولغان كۇللى[4] نادان ياخشىراق.

شائىر پۇتۇھى ئوردىنىڭ چىرىك ئەيشى-ئىشرەت، كەيپ-
ساپاسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن باتۇرلارچە پاش قىلىپ
تاشلايدۇ:

قەدىردان ئەرمىش كىشىلەر بەزمىدە ئىچكۈنچە مەي،
ھىجرىدە خونابىئى ھەسرەتنى[5] يۇتقان ياخشىراق.

---

① قورقۇنچ، خەۋپ، زەرەر دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. شائىر بۇ يەردە قورقىماي، پايدا-زىيانغا قارىماي دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن.
② ھەقىقەت ئەسرارىغا خۇددى ئاتىغا باغلانغاندەك باغلىنىپ قالسەن.
③ مۇرەتسىز، تەبىئىتى يىرىك، ھۇرۇن.
④ كاتتا، يىرىك، ھەممە، پۈتۈن، تولۇق، كۆپ.
⑤ قانلىق ھەسرەت، يىغلىق ھەسرەت، قاتتىق يىغا، ھەسرەتلىك ياش.

گەرچە سود[1] تەكەللۇپى بىرلەدۇر ئاراسىگە،
بى تەكەللۇپ پەقىرلەردىن سەۋرى چەندان ياخشىراق.
ئەھلى دۇنيا بەزمىسىدە ئىچكەن شاراب نايابىدىن،[2]
ئىشت يالاغى ئىچرە ئىچكەن قىپقىزىل قان ياخشىراق.

شائىر كونكرېت ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرى بىلەن جەمئىيەتكە ياندىشقاندا رېئال فېئودال جەمئىيەتنىڭ ئىستىبداتلىق سىياسىتىنى قاتتىق سۆكىدۇ ۋە فېئودال ئىستىبداتلىق سىياسىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان «ئىسلام شەرىئەت»نى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئاتېئىزم بوسۇغىسىغا بېرىپ قالىدۇ.

گەرچە يوق شەۋكەت ئىلىغا نالىدىن پەريادى جەڭ،
بەلكى تاۋۇس چەمەنىدىن[3] مۇرغى خوشغان[4] ياخشىراق.
ئەي پۇتۇھىي ئىلكىڭگە تەسبىي ئالىپ قىلما رىيا،
مەي ئىچىپ زۇننار[5] ئاسىپ كەلتۈرگەن ئىمان ياخشىراق.

شائىر خوجىلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋىيىتىنى سوفىزمنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى قاپلاپ كەتكەن شارائىتتا سوفىزمنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىي بولغان «تەڭرى مەركەزلىك» كە قارشى «ئىنسان مەركەزلىك» قارىشىنى قويۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەرغىب قىلىدۇ ۋە سوفىزمنىڭ «ئاللا گۈزەللىكى» گە قارشى رېئال ئىنسان گۈزەللىكىنى قويىدۇ، بۇنى شائىرنىڭ

① پايدا، بەھر، نەپ، سۇركەش، سۇرتۇش.
② ئىسىل، تېپىلمايدىغان، تېپىلماس.
③ تاۋۇس چەمەنى - توز ماكانى، توز پاشايدىغان چىمەنزارلىق. بۇ جايدا رەڭمۇرەڭ گۈلزارلىق، چىمەنلىك مەنىسىدە.
④ مۇرغى خوشغان - قۇشلار ماكانى، قۇشلار ئاۋازى.
⑤ زۇننار - ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى خرىستىئانلار بەلگە تاقاپ يۈرىدىغان بىر خىل بەلباغ، ئادەم رەسىمى چۈشۈرۈلگەن بويۇنغا ئاسىدىغان بولاپكا.

گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقىنى ئىقرار قىلغان ئېستېتىك قارىشى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شائىر ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى يارىتىشتا شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتى ۋە ئۇنىڭ سالماقلىق بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، «ئىنسان كۆركى يۈز، يۈزنىڭ كۆركى كۆز» نى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، ئىنسان جىسمىنىڭ گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان يۈز، كۆز، قاش، كىرپىك قاتارلىق ئېلېمېنتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئېستېتىك تەسىر قوزغايدىغان بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىپ، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان ئېستېتىك زوق، بەدىئىي تەسىر يارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئويلىغان پىكرىنى باشقىلارغا تەبىئىي هالدا ئۆتكۈزۈش، يۇقتۇرۇش مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن:

يۈز ئۆزرە ئەگمە قاشىڭغا مىسال ئەتمەك مەھەل ئولغاي،
فەلەك ئۆزرە يېڭى ئاينى قۇياش بىرلە قىران كۆرگەچ.
قۇياش كۆك ئەشھەبىدىن ئۆزنى تاشلاپ تاۋاپ ئەيلەر،
سەمەندىن نەقشى پايىنى يەر ئۆزرە ناگەھان كۆرگەچ.

ياكى:

ئەي جامالىڭ تابىدىن كۈن زەررەدەك بى تابدۇر،
كاكۇلۇڭ سەۋداسىدىن سۇمبۇلدا پىچو تابدۇر.[1]
نالە ئەيلەر جان قۇشى ئەفئى گۇمان ئەيلەپ مەگەر،
قامىتىڭ سەرۋىنى سۇمبۇلدەك ساچىڭ خىرماندۇر.
خىزىر يۈرۈش خەتتىڭ[2] هاياتىڭ تازا قىلسە نى ئەجەپ،

① پىچو تاپ — تولغىنىش، ئىزتىراپ، قىينىلىش، سىقىلىش.
② بۇ مىسرادا ئاپتور خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشلىقىغا نەزەر سېلىپ هاياتىڭنى پاك قىلسا ئەجەپ ئەمەس دېمەكچى.

چۈنكى مول لەئلىڭدىن[1] ئىچكەن سۈد[2] ئىلە سىرابىدۇر.
مايىل ئىرسە كىرپىكىڭ قاشىڭ سارى ئەرمەس ئەجەپ،
چۈنكى ئۇقلار ساجىدە، گاھىڭغا كامان مىھراب ئىرور.

ياكى:

زىبا قەددىڭىز نەخلى[3] ئىرور تورپە نىھال،
يادەك قاشىڭىز قوش قوزۇھ بەلكى ھىلال.
گۈللىرىڭىزنى، يۈزىڭىزنى دەردا ھال،
كۆرگەن كىشىلەر بۇ ياڭلىغ ئۆلماس جامال.

يۇقىرىدا ئاپتور سوفىزمنىڭ «ئىلاھىيەتچىلىك» نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى ھالدا «ئىنسان مەركەزلىك» نۇقتىئىنەزىرى بىلەن رېئال، چىن، گۈزەل يار قىياپىتىنى سىزىپ، گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. بۇ جايدىكى «گۈزەل يار» قىياپىتىمۇ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ ھۇزۇرلىنىۋاتقان «مەن» شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئاپتورمۇ تىپىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ رېئاللىققا قارىشىمۇ، گۈزەللىككە بولغان ھېسسىياتىمۇ، جۈملىدىن گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىپ تەسىرلىنىشىمۇ، يامانلىق، قەبىھلىككە نەپرەتىمۇ كىتابخانلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. يۇقىرىدا ۋەكىللىك خاراكتېرىدە پۈتۈكى شېئىرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن تۇغۇلغان تەسىرچانلىق ئېستېتىك زوقنىڭ ئىجابىي، سەلبىي تەرەپلىرى ئەمەلىيەتتە چىنلىق تۇپرىقىدىن تۇغۇلغان بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ تەسىرچانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ شائىر پۈتۈكى ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىيلىكنىڭ باش ئۆلچىمىدۇر. چۈنكى قانداق ئەسەر

① ياقۇت، بۇ جايدا لەۋ، كالپۇك مەنىسىدە.
② پايدا، بەھرى، نەپ.
③ نەخلى ـ خورما، مېۋىلىك دەرەخ، كۆچمە مەنىسى ـ پەرزەنت، كۆچەت، ياش دەرەخ.

بولۇشتىن قەتئىينەزەر، تەسىرچانلىقى يوق ئەسەرنى بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ.

بەدىئىيلىك توغرىسىدا ئۇلۇغ نېمىس پەيلاسوپى گېگىل «پوئېتىك تەسۋىرنى بىز ئوبرازلىق تەسۋىر دەيمىز، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئابستراكت ماھىيەت ئورنىغا ئۇنىڭ كونكرېت رېئاللىقىنى قويىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ ئالاھىدە ساھەسى بولغان، بەدىئىي تەپەككۇر مەھسۇلى بولغان بەدىئىي ئەسەرگە بېرىلگەن ئومۇمىي تەرىپىدۇر. ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتكە بولغان بەدىئىي ئەسەردىكى بەدىئىيلىك، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئۆزئارا ماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئەسەرنىڭ شەكىل بۆلەكلىرى ئەسەر مەزمۇننى تەشكىل قىلغان ئىدىيىۋى غايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە خىزمەت قىلسۇن دېگەن سۆز. بۇ ئەسەر تۈر، ژانىرلىرىغا ئورتاق پرىنسىپ، لېكىن بەدىئىي ئەسەرنىڭ تۈر، ژانىرلىرىنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئۆزىگە خاس خىلمۇخىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: شېئىردا بوغۇم، تۇراق، رىتىم، مىسرا، قاپىيە، بەند، قاپىيەنىڭ تۈرلىرى ۋە باشقىلار شېئىرنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كومپلېكسى ئاپتورنىڭ بەلگىلىك بىر ئەسىردە كىشىلەرگە ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئىدىيىۋى، بەدىئىي غايىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تولۇق خىزمەت قىلغاندا بۇنداق ئەسەردە شەكىل بىلەن مەزمۇن ماسلاشقان بولۇپ، بەدىئىيلىك مەيدانغا چىقىدۇ. مەسىلەن: شائىر پوتوھى غەزەللىرىدىن بىرنى ئالايلى:

ئاھكىم كۆڭلۈمنى ئالدى قامەتى زىبا يىگىت،
ئاغزى غۇنچەئى يۈزى گۈل ھەمرا يىگىت.
ئەشكىدەك بىر يەردە تىنماس جىلۋە ئەيلەپ ھەر تەرەپ،

نىچۈن ئەتمەس بىر كۆزى كۆز مۇردەمىن[1] مەئىۋا يىگىت.
جىلۋە كۆرگەزگەچ خىجالەتتىن گۈلى رەئنا ئەمەس،
بولدى رۇخسارى قىزىل سارىغ يۈزۈڭ رەئنا يىگىت.
جان ئىلە دىن نەقدىنى[2] ئاسرارغا يوقتۇر تاقەتىم،
بىر كۆزى ئۆلتۈرسە ئەيلەر بىر كۆزى ئەھيا يىگىت.
نەچچە يال بەرسەم مەنى مەھزۇنىغا[3] پەرۋ ئەيلەمەس،
يوقتۇر دەھر[4] ئىچرە مۇنداغ شوخ بىپەرۋا يىگىت.
رەھمى ھەرگىز قىلمادى كۆڭلۈمنى ئالغاندىن بېرى،
كۆڭلى قاتتىق تاش باغىر ئافاق ئارا يەكتە[5] يىگىت.
ئەي پۈتۈھى جان دىل بىرلە ئۈنىڭ مۇئتادى[6] بول،
دېسە مۇئتادىم سېنى شۈكرى ئېيت زىبا يىگىت.

بۇ غەزەلدە قىز سۆيگەن ئاشىقنىڭ تەقى - تۇرقى، مىجەز خاراكتېرى، قىز سۆيگۈسىنىڭ ئۆز ئاشىقىغا بولغان ئەڭ نازۇك، چىن ئىنسانىي مۇھەببىتى، ئىنتىزارى ئۇستا رەسسا سىزغان ئەڭ گۈزەل رەسىمدەك سىزىپ بېرىلگەن. بۇ رەسىمدە گەۋدىلەنگەن ھېسسىيات جازىبىسى ھەر قانداق يۈرەكنى تىترىتىپ ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ. بۇ كۈچنى غەزەلنىڭ شەكلى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، شېئىر شەكلىدىكى قىسىم، بۆلەكلەر غەزەلنى تەشكىل قىلغان مىسرا، كۇپلېتنى شەكىللەندۈرگەن رىتىم، ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە، رادىپ قاتارلىقلار، شېئىر مەزمۇنى شائىر ھېسسىياتىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈشكە خىزمەت

---

① كۆز مۇردەمىن - كۆز قارىچۇقى.
② دىن نەقدى - ئىمان ئىسلام.
③ مەھزۇن - غەمكىن، مىسكىنلىك.
④ دەھر - زامان، دۇنيا.
⑤ يەكتە - يەككە، بىردىنبىر.
⑥ مۇئتاد - ئادەتلەنگەن، ئۆگەنگەن، بۇ مىسرادا «يار»، دوست مەنىسىدە كەلگەن.

قىلغانلىقىدا. بىز يۇقىرىقى غەزەلدە شېئىر شەكىل بۆلەكلىرىنىڭ بىرەر جايدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغانلىقىنى ھېس قىلالمايمىز. شېئىر مەزمۇنىغا ئۇنىڭ شەكلىنىڭ مانا شۇنداق خىزمەت قىلىشىنى ئەسەردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى دەپ ئاتاپ، ئۇنى ئەسەر بەدىئىيلىكىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايمىز. ھەممىگە مەلۇمكى ئەدەبىي ئەسەردىكى مەزمۇن — يەنى خاراكتېر بولسا، زور غايىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئىنسان ئوبرازىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئەدەبىي ئەسەردىكى مەزمۇن، ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجانابلىقى، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر، ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكى ياكى خۇنۇكلۇكى ۋە بۇ ارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان ئېستېتىك ھېسنىڭ ئىجابىي ۋە ەلبىي تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى ئەدەبىياتنىڭ ھېچ نەرسە بىلەن چەكلەنمەيدىغان بىردىنبىر قورالى بولغان تىل ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئىشلىتىلگەن بەدىئىي تىل ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ روشەن بەلگىلەرنىڭ بىرىدۇر. مۇنداق بەدىئىي تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى روشەن، راۋان، يارقىن، يېڭى، رەڭدار، ھەممە چۈشىنەلەيدىغان، ئاددىي بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئەدەبىي تىل تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتنى، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. شائىر پوتۇھىنىڭ ئەدەبىي تىلى يەنى ئۇنىڭ بەدىئىي تىلىدىكى ئوبرازلىقنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ستىلىستىك ۋاستىلەر — مىتافورا، مىتونومىيە، مۇبالىغە، ئاناپارا، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش، ئاپورىنزىم ... قاتارلىق رەڭمۇرەڭلىك

يېتەرلىك ھالدا تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ غەزەللىرىدىكى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان جازىبىلىك، سېھىرلىك كۈچنى ئۆز زامانىسى ئىلغار ئىدىيىلىرىنى ئوبرازلاردا گەۋدىلەندۈرگەن كۈچلۈك رەڭدار، ئەدەبىي بوياقتا ئىنتايىن باي بولغان بەدىئىي تىلدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شائىر سىدىق پۈتۈھنىڭ ھازىر بىز ئېرىشكەن ئىجادىيىتىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمىدىن قارىغىنىمىزدا، ئۆز زامانىسىگە سېلىشتۇرغاندا، بىلىملىك زىيالىي، پىشىپ يېتىلگەن تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ. شەرقنىڭ كلاسسىك شېئىر ژانىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە شېئىر يېزىش شۇ چاغدىكى شائىرنىڭ ماھارەتتە پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى بابتا مەشھۇر تۆمۈرىلەر دەۋرىنىڭ تارىخچىسى خاندىمىردىن نەقىل ئېلىپ ئىسپاتلىغانىدۇق. شائىر پۈتۈھى كلاسسىك شېئىر ژانىرلىرىدىن غەزەل، رۇبائىي، تۇيۇق قاتارلىق ژانىرلارنى ماھارەت بىلەن ئىشلەتكەن. شائىرنىڭ ماھارىتى ھەم كلاسسىك شېئىر ژانىرلارنىڭ نەزەرىيىسىنى پىششىق بىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

رۇبائىي شەرق لىرىكىسىنىڭ مەشھۇر ئەنئەنىۋى ژانىرلىرىدىن بىرى. پەلسەپىۋى، دۇنياۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىشقىي، ئەخلاقىي ماۋزۇلاردىكى تۈگەل بىر غايە تۆت مىسراغا قويۇپ تاشلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۆمەر ھەييام، نەۋائىي، بابىر، بېدىل قاتارلىقلار شەرقتە رۇبائىينىڭ ئىجادچىسى، ئۇستازلىرى سۈپىتىدە داڭ قازانغان.

شائىر پۈتۈمى شەرق ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەنە شۇ كلاسسىك شەكلى بولغان رۇبائىي ئەنئەنىسىگمۇ ۋارىسلىق قىلىپ، رۇبائىي ژانىرىنى ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن زور كۆچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان.

كلاسسىك شېئىرىيەت، رۇبائىي شەكلىنىڭ قاپىيە تەرتىپى: «a a b a» ياكى «a a a a» بولىدۇ. پۈتۈمى رۇبائىيلىرىنىڭ قولىمىزدا بار بولغان نەمۇنىلىرى رۇبائىينىڭ يۇقىرىقى كلاسسىك قائىدىلىرىگە تولۇق جاۋاب بېرىدۇ. مەسىلەن:

خوش ئۇلكىشكىم تەبىئىي سەلىمى بولسا،
چاي جوش ئىلە چاي داغى چىلى بولسا،
نى ئەيىب ئەگەر مۇقامى بولسا،
ئەگىندە ئۇنىڭ قارا كىيىمى بولسا.
(قاپىيە تەرتىپى a a a a).

ياكى:

زىبا قەددىڭىز نەخلى ئىرور تورپە نىھال،
يادەك قاشىڭىز قوش قوزوھ بەلكى ھىلال.
گۈلرىڭىزنى، يۈزىڭىزنى دەردەر ھال،
كۆرگەن كىشىلەر بۇ ياڭلىغ ئۇلماس جامال.
(قاپىيە تەرتىپى a a a a).

ئەدەبىياتشۇناسلار شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇرەككەپ بەندلەرنى يەتتىلىكلەردىن باشلىنىپ، ئون تۆتلۈكلەر بىلەن تاماملىنىدۇ، دەپ ھېسابلاپ كەلگەنىدى. «بۇ پاكىتلار

ئا. كىۋاتكوۋىسكىنىڭ بەند ئۈن تۆتلۈككىچــــدۇر، دېگەن نۇقتىئىنەزىرىگە تەھرىرلىك كىرگۈزىدۇ. قىرىق مىسرالىــق بەندلەر ھەم بارلىقى مەتبۇئاتلاردا چىقىۋاتىدۇ»[1] بۇ پاكىتنى شائىر سىددىق پۈتۈھىمۇ ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ «ئەي سوپاتىڭ ھەمدۇ بىرلەن ياد ئېتەرمەن بى كىــــنار» دەپ باشلىنىدىغان غەزىلى 40 بەنددىن ئىبارەت[2].

يۇقىرىقى پاكىتلار شائىر پۈتۈھىنىڭ ئىجادى ناھايىتى باي، بەدىئىي ئىجادىي ماھارىتى پىشىپ يېتىلگەن، شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ باشقا تۈرلىرىدىمۇ نۇرغۇن شېئىرلار يازغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىزگە مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ.

شائىر ئۆز جەمئىيىتىنىڭ بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىگە دۇچ كەلگەن چېغىدا، ئۆزىنىڭ ئىلغار نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلاپ كەتكەن سوفىزم ئىس- تۈتەكلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئاتېئىزم بوسۇغىسىغا بېرىپ قالسىمۇ، ئەمما ماركسىتىك ئىنكاس نەزەرىيىسى، ماركسىتىــــك ئېستېتىــــك نۇقتىئىنەزەرىيىسىدىن قارىغاندا ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئوغلــى، مۆمىن مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ:

«ئەي سوپاتىڭ ھەمدۇ بىرلەن ياد ئېتەرمەن بى كىنار،[3]
ماساۋا[4] ئىرمەس سېنىڭ زاتىڭ مۇسەللىك[5] پايىدار.

---

① رۇسچە ئىككى توملۇق ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، 387- بەت.
② «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1987- يىل، 2- سان، 120-، 121- بەتلەر.
③ رىياسىز، ھىيلە قىلماي.
④ دۇنيالىق، دۇنيا ئىش- كۈشلىرىدىن باشقا، ئەتىجىلىك، غەلبىلىك.
⑤ ئوخشاش، ئوخشىشىدىغان.

زاھىرو① باتىنمۇ② سەن يا ئەۋۋەلۇ ئاخىرمۇسەن،
بىزگە غەپلەتتىن ئىمەستۇر زاتى پاكىڭ ئاشكارا.
يا رەسۇلىللا تۆپەيلىڭ بارچە بولدى كائىنات،
ئايەتى لەۋلاك③ ئىرۇر شاھىد ساڭا ئەي كامىكار،④
يۈزۈ، زۇلپۇڭ ۋەسپىنى ياد ئەيلىگەندە زۇلجامال،⑤
نازىل بولدى سۈرەئى «ۋەللەيلى»⑥ بىرلە«ۋەننەھار»⑦.
«ئەييۇھەل مۇززەممىل»⑧ ئولدى زاتى پاكىڭگە نىدا،
«رەھمەتوللىل ئالەمىن»⑨ دەپ ياد قىلدى بىرو بار.

دەپ سوفىزمنىڭ دىنىمىستىك قارىشىنىمۇ، دىنىي پانتېىستىك ئېستېتىك قارىشىنىمۇ ئوچۇق ئاشكارىلاپ قويىدۇ، بۇنىڭغا دىئالېكتىك تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن قارىغاندا دەۋر تارىخ چەكلىمىسى ۋە تارىخىي مۇقەررەرلىك دەپ قارايمىز.

ئەمما شائىر سىددىق پۇتۇھىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا يۇقىرى ئورۇن ئىگىلەپ، ئۆزىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېستېتىك ئىدېئال ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىمۇ ئوخشاشلا تارىخىي مۇقەررەرلىكتۇر.

---

① ئوچۇق، ئاشكارا.
② ئىچكى، يوشۇرۇن.
③ ئەگەر مېنىڭ ئايىتىم بولمايدىغان بولسا.
④ مەقسەتكە ئېرىشكۈچى، قۇدرەتلىك ھاكىم.
⑤ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك، بۈيۈك تەڭرى.
⑥ سۈرە ئىسمى بولۇپ، كېچە بىلەن قەسەم ئىچىمەن دېگەن مەنىدە.
⑦ سۈرە ئىسمى بولۇپ، كۈندۈز بىلەن قەسەم ئىچىمەن دېگەن مەنىدە.
⑧ سۈرە ئىسمى بولۇپ، ئى ئورۇنۇۋالغۇچى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.
⑨ سۈرە ئىسمى بولۇپ، ھەممىگە، ئالەمگە رەھمەتتۇر دېگەن مەنىدە.

# شائىر ئابىد قۇمۇلى، ئۇنىڭ زامانداشلىرى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى بەزى مۇلاھىزىلەر

## شائىر ئابىد قۇمۇلى توغرىسىدا

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990- يىل 4- سانىغا شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ 34 غەزەل، 69 رۇبائىيسى بېسىلدى. ژۇرنال تەھرىر ئىلاۋىسىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۆتكەن يىل 12- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قول يازمىلار بۆلۈمىدىن بايقالغان «باياز» ناملىق قول يازمىغا شائىرنىڭ جەمئىي 34 غەزىلى، 69 رۇبائىيسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئابىدنىڭ بۇ «باياز»غا كىرگۈزۈلگەن غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك دىۋان شەكلىدە تۈزۈلگەن ۋە رەتلەنگەن».① بۇ مەلۇمات شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىدىن «دىۋان» تۈزگەن يىرىك شائىر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شائىرنىڭ بۇ سۈپىتىنى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ سانىغا بېسىلغان شېئىرلىرىنىڭ تېماتىكىسى، شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شائىرنىڭ يۇرتى، زامان، ماكانى توغرىسىدا رەتلىك،

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1990- يىل، 4- سان، 5- بەت.

تەرتىپلىك، تەرجىمىھال تەرىقىسىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان مەلۇمات ھازىرچە يوق. لېكىن بىز ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىن يۇرتى، زامانى ۋاقتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. شائىر بۇ مەسىلىدە شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ.

شائىر ئۆزىنىڭ يۇرتى، ياشىغان زامانى توغرۇلۇق مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

نېچۈككى بولغالى قامۇل دىيارىغە شامىل،
كەمالۇ فەزلۇ ھۈنەر ئاندا ئەيلەدىم ھاسىل.
مېنى سائادەتۇ دەۋلەتىغە ئەيلەگەن لايىق،
ئەمىرى غازىئى دەۋرانۇ ئادىلى كامىل.

يۇقىرىقى قۇرلاردىن بىز ئۇنىڭ توغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى قۇمۇل ئىكەنلىكى، بۇ دەۋردە قۇمۇلدا ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىم «غازى» ئىكەنلىكى، ھاكىم «غازى»نىڭ ئۆز دەۋرىدە خېلىلا تەرەققىيپەرۋەر ئادىل ئادەم بولغىنى ئۈچۈن شائىر ئىجاد «كەمالۇ فەزلۇ ھۈنەر ئاندا ئەيلەدىم ھاسىل» نىڭ، ئۇنىڭ زامانىدا كامالەتكە يەتكەنلىكى، شائىر ھاكىم «غازى» دىن رازى — «مېنى سائادەتۇ دەۋلەتىغە ئەيلەگەن لايىق» ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

لېكىن «غازى» بۇ جايدا «ئەمىر» نىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى «شەرەپلىك» شۆھرىتى. زادى بۇ «غازى» قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئىچىدىكى كىم؟ شائىر ئۆز ئىجادىدا بۇ مەسىلىنىمۇ يېشىپ مۇنداق كونكرېتلاشتۇرىدۇ:

بۇ سائادەتغە سېنى يەتكۈردى ئابىد، شۈكۈر قىل،
غازىئى دەۋران ئۇبەيدۇللاھ مىرى قامۇلى.

دېمەك، شائىر تارىختىكى قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئىچىدە ئەبەيدۇللا ھاكىمىيەت تۇتقان دەۋردە ياشاپ ئىجاد قىلغانىكەن. بىز تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسەن مۇنداق كونكرېتلاشتۇرىمىز:

غەربتە (ماۋرا ئۇننەھردە)، شەرقتە (شىنجاڭدا) چاغاتاي خانلىقى پارچىلانغان مەزگىلدە، شىنجاڭنى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى بىرلىككە كەلتۈردى. پۈتۈن شىنجاڭ تېررىتورىيىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان سەئىدىيە خانلىقى ئۆزىگە قاراشلىق جايلارنىڭ ھاكىم، بەگلىكىنى ئۆزى بەلگىلەيتتى، 1605-يىلى، مۇھەممەت شاھ غازى بەگنى قۇمۇلنىڭ بەگلىكىگە بەلگىلىدى. مۇھەممەت شاھ غازى بەگ كۈچلۈك قوشۇن بىلەن كېلىپ، قۇمۇلنىڭ ھاكىم بەگلىكىنى قولىغا ئالدى. بۇ ئويرات ئاقسۆڭەكلىرى باتۇر قونتايجى رەھبەرلىكىدە باش كۆتۈرۈپ «جۇڭغار» دۆلىتى قۇرۇپ، شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشقا، ھاكىمىيەتنى سەئىدىلەر قولىدىن تارتىۋېلىشقا كىرىشكە مەزگىل ئىدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى ئابدۇللاخان 1667-1670-يىللىرى ئوبۇل مۇھەممەت خان باشچىلىقىدا قۇمۇلدىن بايغىچە كەڭ لىنىيىدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى مۇستەھكەم ھەربىي ئىستىھكاملار قۇرغانىدى.

باتۇر قونتايجىنىڭ ئەۋلادى — غالدان ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن مەزگىلدە، غالداننىڭ ھەربىي قوماندانى چىۋاڭ رابدان قۇمۇلنىڭ «قۇمۇل كىچىكى» دېگەن جايدا مۇھەممەت شاھ غازى بىلەن قۇمۇلنى تالىشىپ ھايات - مامات جېڭى قىلىدۇ. مۇھەممەت شاھ بەگ يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان غايەت زور قەھرىمان ئىدى. ئۇ بۇ جەڭدە ئوڭ قولى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قىلىچىدا مۈرىسىدىن كېسىلىپ كەتسىمۇ، جەڭنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، رابداننى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى. مۇھەممەت شاھ غازى بەگ 1668-يىلى دۇنيادىن ئۆتتى. فېئودال خانلىق سىستېمىسى بويىچە ئۇنىڭ ئوغلى 1668-يىلى ئەبەيدۇللا غازى ھېكىم بەگ

بولدى.

ئۇنىڭ دەۋرىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاننى جوڭغارلار ۋەكىلى دالاي لامادىن سادىقلىق كاپالەتنامە ئېلىپ كەلگەن ئاپاق خوجا يەرلىك ئەكسىيەتچى ئىشانلىرىنى تەشكىللەپ، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىش نەتىجىسىدە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھاكىمىيىتىنى يىقىتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا قورچاق ئاپاق خوجا چىقتى. ئەمدى خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم قوش خاندانلىقتا ئۆتتى. . . 1694- يىلى ئاپاق خوجا ئۆلگەن بولسا، 1697- يىلى غالدان ئۆلدى. بۇ ھال جوڭغار ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيەت سىستېمىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. . . زۇلمەت دۇنياسى خەلقنى يانار تاغقا ئايلاندۇرۇۋەتتى. يېڭىدىن ھاكىمىيەتكە چىققان رابدان چىڭۋاڭ ئەمدى يانار تاغ ئۈستىدە دەككە- دۈككىدە ئولتۇراتتى. . .

مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1696- يىلى، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى كاڭشى خان ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەسكەر تارتىپ كېلىپ، جوڭغارلارنى ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىدىكى «جامدۇ» دېگەن جايدا تارمار قىلدى. قۇمۇلنى يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن جوڭغار ئاقسۆڭەكلەر قوشۇنىنى قۇمۇلدا ئەبەيدۇللا شاھ غازى ئۇزۇل - كېسىل تارمارقىلدى. 1697- يىلى كىرىزىس ئىچىدە قالغان غالدان ئۆز ئوغلى سىتىپتىن بالجۇرنى كۈچلۈك قوشۇن بىلەن قۇمۇلغا ئاشلىق بۇلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەبەيدۇللا شاھ غازى ئۇنى تارمار كەلتۈرۈپ، ئۇنى بىر قىسىم قوشۇنى بىلەن قوشۇپ ئەسىرگە ئالدى ۋە بالجۇرنى ئوغلى ۋاپا بەگ (گوپا بەگ) ئارقىلىق بېيجىڭغا ئاپىرىپ خانغا سوۋغا قىلدى. بۇ ئەلەمگە چىدىماي غالدان شۇ يىلى (1697- يىلى) زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. مانا شۇندىن باشلاپ قۇمۇل بەگلىكى چىڭ خاندانلىقىغا بەيئەت قىلىپ كۈچلۈك ئارقا تىرەككە ئىگە بولدى.

يۇقىرىقى ۋەقەدىن كېيىن ئەبەيدۇللا شاھ غازى بەگنى،

خان بېيجىڭغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا «جاساق دارخان بەگ» دېگەن ئۇنۋان بېرىپ، تامغا ھەم قىزىل توغ ئىنئام قىلىدۇ.

ئەبەيدۇللاخان ھاكىمىيىتى كۈچلۈك ئارقا تىرەككە ئىگە بولغاندىن كېيىن خەلق تۇرمۇشىنى تىنچلىق دەۋرى بىلەن كاپالەتلەندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئادەم يۆتكەپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تولۇقلىدى، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەڭ زور ۋاستىلىرىدىن بىرى بولغان قاتناش - ترانسپورتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى. يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ھۈنەر سانائىتىدە زور تەرەققىياتلار بولدى. قۇمۇل خانلىقىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان بازىسىغا تايىنىپ ئەبەيدۇللا غازى بەگ قۇمۇل شەھىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا كىرىشتى. زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن خەلق شەھەر قۇرۇلۇشىنى 1705- يىلى تاماملىدى. بۇنى ئەبەيدۇللاخاننىڭ ئۆزىنىڭ ھايات تارىخىغا تىكلىگەن تارىخىي ھەيكىلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەبەيدۇللا غازى بەگ 1700- يىلى ئالەمدىن ئۆتتى، ئورنىغا ئوغلى ۋاپا بەگ (گوپا بەگ) خان بولۇپ ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى.

شائىر ئابىد قۇمۇلى ئەنە شۇ يۇقىرىقى تارىخىي شارائىتتا ياشاپ ئىجاد قىلدى.

## شائىر ئابىدقۇمۇلىنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا

شائىرنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆزلەشتىن ئالدىن، تارىختا ئۆتكەن يەنە بىر ئابىد تەخەللۇسلۇق شائىر ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى پاكىتنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. «شۇنى

ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ١٨ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ٢٢ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابىد تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغان نەمەنگانلىق يەنە بىر شائىرمۇ ئۆتكەن. ئۇنىڭ تاشكەنتتە چاپ قىلىنغان «توهفە تول – ئابىدىن ۋە ئەنسول – ئاشىقىن» ناملىق ئەسىرى خەلقىمىزگە تونۇشلۇق. بۇ شائىر «توهفە تول ئابىدىن» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۆزىنىڭ تولۇق ئىسمى «موللا مۇهەممەت ئابىدجان ئىبنى مۇللامۇهەممەت قابىل ئاخۇند نەمەنگانى» دەپ يازغان. شائىر ئابىد نەمەنگانى بىلەن بىز تونۇشتۇرماقچى بولغان شائىر ئابىد قۇمۇلى ئۆزلىرى ياشىغان ماكان ۋە زامان جەهەتتىن تامامەن باشقا - باشقا شەخستۇر. ئۇلارنىڭ بىرى نەمەنگانلىق، يەنە بىرى قۇمۇللۇق. زامان جەهەتتە ئابىد قۇمۇلى ئابىد نەمانگاندىن تەخمىنەن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن»[①].

ل. تولستوينىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيەتتە يازغۇچى ئېستېتىك قارىشىنىڭ هەل قىلغۇچ رولىنى ئەتراپلىق، ئىخچام ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ: «سەنئەتكار كىمنى تەسۋىرلىسۇن — ئىلاهىي شەخسلەرنىمۇ، شاهنىمۇ، ياكى خىزمەتكارنىمۇ، بىز بۇنىڭدىن پەقەت يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەيمىز. ئۇنىڭ قەلبىنى، روهىنى كۆرەلەيمىز» دەيدۇ.

شائىر ئابىد لىرىك شائىر، ئۇنىڭ غەزەللىرى، رۇبائىيلىرىدا ئىپادىلەنگەن لىرىك تىپىك قەهرىمان ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىن تۇغۇلغان ئېستېتىك قاراشلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. هەر قانداق يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قارىشىغا تايىنىدۇ.

شائىر ئىجادىدا شىرازى كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنىپ، نەۋائىنى پىر تۇتىدۇ، لەيلى - مەجنۇن، پەرهات - شىرىن،

---

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1990- يىل، 4- سان، تەهرىر ئىلاۋىسى، 6-، 7- بەتلەر.

ۋامۇق - ئۇزرانى مىسال كەلتۈرىدۇ، بۇ ئامىللار ئۇنىڭ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ھەتتا پلاتوننىمۇ ئەجايىپ تەرەپتىن تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ دۇنيا قاراش ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىدا پلاتون بىلەن يىلتىزداشلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

شائىر ئۆز كۆز قارشىنى ئېنىق مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

قىلماغىل ئۆمرىڭنى زايىئى ئىشقىدىن غاپىل بولۇپ،
بىخەبەر بولماق بۇ يولدا پىشەئى ئىنسان ئەمەس.
قىلمىساڭ قەتئىي بايابان كۆپ مەشەققەتلەر بىلە،
كەئبەئى مەقسۇدغە يەتمەكلىكىڭ ئاسان ئەمەس.
دەيدۇلار گۇمراھۇ فاسىق بارچە ئەل، ئابىد، سېنى،
ھەر نە كىم دەرلەر سېنى ئول راستدۇر بوھتان ئەمەس.

بۇنداق ھال ئۇنىڭ ئىجادىدا باشتىن - ئاخىر خېلى كۆپ جايدا تەكرارلىنىدۇ. بۇ پاكىتلار شائىرنى سوفىست شائىرلار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ سوفىست شائىرنىڭ قايسى تىپىگە كىرىدۇ؟

مەجازى ئىشقىنى تەرك ئەتمىگەيسەن، ئەي بىدەرد،
كى بىلسەم ئانى ھەقىقەت ئىكەن بۇ بارچە مەجاز.
فەنا يولىدا دىسەڭ ئاقىبەت بولاي ماھمۇد،
نەدىمى خاس بولۇپ پىشە قىل تەرىقى ئاياز.

شائىرنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەۋاتقان «مەجازى»، «ئىشق»، «فەنا» ئاتالغۇلىرى ئۇنى تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى بىلەن باغلايدۇ. بۇنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، شائىر ئىجادىيىتىگە توغرا باھا بەرگىلى بولمايدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولغان «ئويغىنىش» دەۋرى شەرقتە غەربكە قارىغاندا ئىككى، ئۈچ يۈز يىل بۇرۇن يۈز بەردى. بۇ ئەرەبلەرنىڭ (VII- ئەسىردە) سىياسىي سەھنىگە چىقىپ، تېبەتتىن ئىسپانىيىگىچە ئۈچ قىتئەنى بېسىۋېلىپ، كۈچلۈك ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ، مۇشۇ كۆلەمدە خاتا شەرھلىنىپ كېلىۋاتقان، ئۇلار ياراتقان دۇنياغا داڭلىق «ئەرەب مەدەنىيىتى»① گە باغلىق مەسىلىدۇر. دۇنيا مەدەنىيىتى غەربتە مىلادىدىن بۇرۇنقى V ئەسىرلەردە گۈللەپ-ياشنىغان، لېكىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋاپاتىدىن كېيىن چۈشكۈنلىشىپ، ئەرەبلەر سىياسىي سەھنىگە چىققۇچىلىك دۇنيادىن غايىب بولۇپ، دۇنيانى جاھالەت قاراڭغۇسى قاپلىغانىدى.

ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىلىم - پەنگە ئېھتىياجى تۇغۇلدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرى بېسىۋالغان كەڭ زېمىندىكى ئۇزۇن تارىخ، مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان خەلقلەرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئالىملىرىغا تايىنىپ، ئىنسانىيەت ياراتقان ئىلىم - پەننى ئاساس قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆچىيىۋاتقان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي تەلەپلىرىنى قاندۇرماقچى بولدى.

ئۇلارنىڭ ئىلىم - پەننى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدا گرېك، رىم، مىساپاتومىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك مەدەنىيىتى ئاساس بولدى.

ئۇلارنىڭ كلاسسىك مەدەنىيەتنى قايتا ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى

① ئاتالمىش «ئەرەب مەدەنىيىتى» ئەمدىلا قەبىلىچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئىسلام بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان ئەرەبلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلار بېسىۋالغان ناھايىتى كەڭ زېمىندىكى ئۇزاق تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان مىساپاتومىيىلىكلەر ۋە ئاسىيالىقلارنى مەركەز قىلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ئىدى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

مەدەنىيەت يارىتىشى ئۇچۇن ئىسپانىيىدىكى «تولدا» شەھىرىدە قۇرۇلغان تەرجىمانلىق مەركىزى ۋە باغداتتا قۇرۇلغان ئىلىم-پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسى ناھايىتى زور رول ئوينىدى. بۇ ئىككى مەركەزگە ئەرەب ئىمپېرىيىسى بېسىۋالغان زېمىندىكى ھەر مىللەت ئالىملىرى توپلاندى. فەرغانى، خارازمى، يۇھاننا ئىبىن ھەيلۇن، فارابىي، مەرۋەزى، تۈركىي، پەتتونى، نەززام، كېندى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئالىملار يۇقىرىقى ئىككى مەركەز ئارقىلىق «ئودېسسا» ۋە «ئالېكساندرىيە»گە توپلانغان رىم، گرېك مەدەنىيىتىنى، مىساپاتومىيە ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك مەدەنىيىتىنى قايتا ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، يېڭى مەدەنىيەت يارىتىپ ئاتالمىش دۇنىياغا داڭلىق «ئەرەب مەدەنىيىتى»نى ياراتتى. مانا مۇشۇ دەۋرنى ئويغىنىش دەۋرى دەيمىز.

ئەدەبىياتتا (شەرقتە) ئويغىنىش دەۋرىنى شەرتلىك ھالدا ئىككى باسقۇچقا بۆلگىلى بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ، IX ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە بولۇپ، تىپىك ۋەكىللىرى فارابىي، ئىبىنسىنا، روكى، فىردەۋس، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرىي، شوتاروستاۋېلى قاتارلىقلار:

ئىككىنچى دەۋر، XIII ئەسىردىن XVI .ئەسىرگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى نىزامى گەنجەۋى، لۇتپى، ئاتاي، ساككاكى، نەۋائىلار دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمدى ياۋروپادا بولسا ئويغىنىش دەۋرى XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە بولۇپ، ئۇنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى ئالگىر دانتى، بوككاچچو، پېتىر ئاركا، لېئوناردو داۋىنچى قاتارلىقلاردۇر.

ئويغىنىش دەۋرى ئىنسانىي غەربتە خرىستىئان ئىسكەنجىسىدىن، شەرقتە ئىسلام ئىسكەنجىسىدىن — دوگما

تزمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنى تەبىئەتكە قارىتا ئەركىن پىكىر قىلالايدىغان، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلالايدىغان قىلىپ، قايتا ئىختىرا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئويغىنىش دەۋرىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىدىيىسى غەربتە كاپىتالىستىك تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان ئىلىم. پەنگە يول ئېچىش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، پانتېئىزمدىن تەرەققىي قىلىپ، ماتېرىيالىزمغا يېتىپ بېرىپ، فرانسۇز بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئۈچۈن زور رول ئوينىدى. شەرقتە بولسا فېئودالىزمنىڭ قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، فېئودالىزمنىڭ ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ۋە شەرق فېئودالىزمنىڭ ئاساسىي ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسى بولغان ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى شەرق ئويغىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كېلىپ، تەرەققىي قىلغان ئىلغار ئىدىيىۋى پەلسەپە قاراشلارنىڭ جەۋھىرى بولغان پانتېئىزمنى ماتېرىيالىزمغا يەتكۈزمەي، ئوتتۇرا يولدا بوشۇكىدىلا بوغۇپ ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىككىنچى دەۋرىدىن باشلاپ ئويغىنىش دەۋرىنى باشلىغان، ئۆزىنىڭ ئىلىم - پەن مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپانى ئويغاتقان، ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن ئارىستوتېلنى ئۇلارنىڭ قايتا ئېسىگە سالغان شەرق جاھالەتكە چۆكۈپ، غەربتىن ئارقىدا قېلىش يىلنامىسى باشلاندى...

«ھەربىر دەۋردە ھاكىملىق قىلغۇچى سىنىپنىڭ پىكىرلىرى شۇ دەۋرنىڭ ھاكىملىق قىلغۇچى پىكرى بولۇپ قالىدۇ. يەنى جەمئىيەتنىڭ ھاكىملىق قىلغۇچى ماددىي كۈچكە ئىگە بولغان سىنىپى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھاكىملىق قىلغۇچى روھى — روھىي كۈچى ھەم بولۇپ قالىدۇ».①

① «ۋ. ئى. لېنىن ئەسەرلىرى»، 3- توم، 45- بەت.

ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسى پۈتۈن شەرق مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» نى ئاساس قىلغان ئىلاھىيەتچىلىك ئىدى. قۇرئان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئاساسىدا VIII ئەسىردە شەكىللىنىپ IX ئەسىردە كەڭ تارقىلىپ، مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسىگە ئايلاندى.

IX ئەسىردە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى بولغان باغدات مۇسۇلمان شەرقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىلمىي تەتقىقات مەركىزىگە ئايلانغانىدى. بۇ جاي غەرب، گرېك، رىمنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىلمىنى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيىتىگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش ئالىملىرىنىڭمۇ مەركىزى ئىدى، گرېك، رىم پەلسەپىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئالدى بىلەن ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى بولغان كالامغا تونۇشتا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. نەتىجىدە، IX ئەسىردە مۇتە كەللىمچىلەردىن① مۇتە زەللىچىلەر ئايرىلىپ چىقتى، مۇتە زەللىچىلەرنىڭ قۇرئانغا قارشى، مۇتە-كەللىمچىلەرگە قارشى بولۇپ، ئۇلار: «دۇنيانى خۇدا ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن خۇدانىڭ ناھايىتى نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى يوق. ئادەم ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدە ئەركىندۇر ۋە ھېچقانداق تەقدىرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قۇرئان ئايرىم شەخسلەرنىڭ قولى بىلەن يېزىلغان كىتاب. ئىنسان دۇنيانى ۋە خۇدانى ئۆز ئەقىل ئىدراكى بىلەن بىلىدۇ ۋە ئۇ ئىلىمگە ئىنتىلىشى لازىم» دەپ قاراشتى. مانا بۇ شەرقتە پانتېئىزمنىڭ تۇغۇلۇشى ئىدى. بۇ گەرچە ئۇزۇل - كېسىل ماتېرىيالىزم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەتنىڭ

① مۇتە كەللىمچىلەر ـ قۇرئان تەرەپدارلىرى بولۇپ، قۇرئاننى دوگما ھالدا ياد ئوقۇتىدىغانلار ئىدى.

دۇنيانى تونۇشدىكى زور بۇرۇلۇش ئىدى. شەرقنىڭ بۇ پانتېىزمى غەربكىمۇ ئەنە شۇ شەكىل بىلەن يېتىپ بارغانىدى. غەرب ياۋروپا پانتېئىستلىرى توغرىسىدا ف. ئېنگېلسنىڭ مۇنۇ دانا پىكرى ئوخشاشلا شەرق پانتېئىستلىرى ئۈچۈنمۇ خاراكتېرلىكتۇر:

«بىراق ئىدېئالىستلارنىڭ سىستېمىلىرى ھەم روھ، ھەم ماتېرىيە قارشىلىقىنى پانتېئىستچىسىگە كېلىشتۈرۈشكە ئىنتىلىپ، ماتېرىيالىستىك مەزمۇن بىلەن بارغانسېرى كۆپرەك تولدۇرۇلدى». [1] بۇ يەنە ئوخشاشلا شەرق پانتېئىستلىرىنىڭ يولى بولۇپ، شەرقتە فارابىي قاراشلىرىدا يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بەرىبىر شەرقنىڭ فېئودالىزم تۈزۈمى ئۇنىڭ ماتېرىيالىزم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە يول قويمىدى. ئەمما فارابىي پانتېئىستىك قاراشلىرى ئىبنى بەججا، ئىبنى رۇشد ئارقىلىق ئىسپىنوزاغا ئۆتۈپ، ئۇ ئارقىلىق فرانسۇز ماتېرىيالىزمىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. بۇ تەرەققىياتنى ئېنگېلس: «بۇ چاغدىكى پەيلاسوپلارنىڭ خىزمىتىگە شۇنىڭ بىلەن ئىقرار بولۇش كېرەككى، ئۇلار ئۆز زامانىسىدىكى تەبىئەت بىلىملىرىنىڭ كەم راۋاجلىنىشىغا قارىماي، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئۆز يولى بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ باردى. ئىسپىنوزادىن تارتىپ، تا بۈيۈك فرانسۇز ماتېرىياليستلىرىغىچە پەلسەپە دۇنيانى ئۆز-ئۆزىدىن چۈشەندۈرۈشكە ئەستايىدىل ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. بۇنى تولۇق رەۋىشتە ئاقلاش كېلەچەك تەبىئەت پەنلىرىگە تاپشۇرۇلدى» [2] دەپ كۆرسەتكەنىدى.

ف. ئېنگېلس پانتېئىزمىنىڭ دۇنيانى تونۇش دەرىجىسى توغرىسىدا توختىلىپ «پانتېئىزمىنىڭ ئۆزى دۇنياغا ئەركىن

---

[1] «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1. توم، 366. بەت.
[2] ف. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، 7. بەت.

ئىنساننى نەزەر بىلەن قاراشنىڭ ھارپىسەندۇر خالاس» دەپ كۆرسىتىدۇ.
شەرقتە ئەرەب پەلسەپىسىدە مۇتەزەلىچىلەردىن باشلانغان پانتېئىزم فارابىيدا ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئەمما شەرق فېئودالىزم تۈزۈمى ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان ئەكسىيەتچى دىنىي دوگماتىزم ئىلاھىيەتچىلىكى ئۇنىڭ ماتېرىيالىزم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە يول قويماي، ئۇنى بۆشۈكىدىلا بوغۇپ ھالاك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى پەلسەپە ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە ئىلغار پىكىرلەر يېتەكچىسى بولۇپ كەلدى.
پانتېئىزم تەلىماتىنىڭ تەرەققىياتى شەرقتە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە راتسىئونالىزم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ توپ پەلسەپە ئاساسى بولۇپ، ئۇ ئانتالوگىيىلىك پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ خۇدا ۋە تەبىئەتنى تەرتىپتە بىرلەشتۈرۈش تۈپەيلى ئۇنىڭدىن دىنىيستىك غايىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن پايدىلىنىش ئىمكانىيەت بەردى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئۇلۇغ قانىتى مىستىكىنى ئاساس قىلىپ تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە نەزەرىيە جەھەتتە ئاساس سېلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇرەككەپ دۇنياغا قاراش روھىي ـ ھالەت شەكىللەندى. چۈنكى مىستىكا ئومۇمەن بۇ دەۋر غايىۋى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن ئېقىملارنىڭ بىرى سۈپىتىدە نامايان بولدى. يۇقىرىقى ئىككى ئەھۋالنىڭ شەرق ئەدەبىياتىدىكى تىپىك كۆرۈنۈشىنى ھازىرقى زامان تۈرك ئەدەبىياتشۇناسى ئەنۋەر بېھنون شاپالئون مۇنداق يىغىنچاقلايدۇ:
«پارسلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ تەسەۋۋۇپىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى «ۋاھدا تۇل ھۇجۇت»، (بارلىقنىڭ بارلىقى) تەلىماتى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ پانتېئىستىك قاراشقا ئاساسەن ئىلاھىيەت ۋە كائىنات بىر پۈتۈنلۈكى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. تۈركىيىدە،

تەسەۋۋپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمىي دىنى شامانىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇ شامانىزمنىڭ ئىسلام شەكلىدىكى بىر كۆرۈنۈشى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ؛ شۇڭا تۈركىي تەسەۋۋپ كائىنات - ھۆسنى مۇتلەقنىڭ جىلۋىسىدە «تەجەللى» سىدا، تەڭرىنىڭ شولىسى (كۆرۈنۈشى) نى تەھلىل قىلغۇچى پەلسەپىۋى دۇنيا قارشىغا ئاساسلىنىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، مۇشۇ كۈنگىچە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان «تەسەۋۋپ» چۈشەنچىسىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا «سوپىلىق» چۈشەنچىسىدە قوللىنىش بىر تەرەپلىمە قاراش بولۇپ، خاتالىق يۈز بېرىدۇ. تەسەۋۋپ ئەدەبىياتى توغرىسىدا سۆز بولغاندا، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى تەرىپىنى كۆزگەندىن تاشقىرى ئۇنىڭ سەلبىي دەپ قارالغان تەرىپىنىمۇ ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكىگە قارشى پاسسىپ قاراشلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەسەۋۋپ سوفىزمنىڭ نەزەرىيە ئاساسى بولۇپ، ئۇ شەرق مۇسۇلمان تەپەككۇرىنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىشىنىڭ مۇئەييەن بىر غايىۋى پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە دۇنياغا كېلىپ، ئۇ يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەنە شۇ مەنىدە سوفىزمنى ئەركىن پىكىرلىككە ئاساس بەرگەن ئىدېئولوگىيە، مۇئەييەن دۇنياغا قاراش سىستېمىسى سۈپىتىدە تەسەۋۋپ نامى بىلەن قوللىغان، ئۇنىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلىرى ۋە پەلسەپىۋى غايىلىرىدىن ئۆز ئىجادىدا كەڭ پايدىلانغان مۇتەپەككۇرلار ۋە مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى بولسا مۇتەسەۋۋپلار دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. ياكى مۇتەسەۋۋپلار تائىپىسىگە بىلىم ئىگىلىرى، تەسەۋۋپ تەلىماتىنى (پانتېئىزم تەرىپىنى) قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى غايىلىرى ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنى ئۆز ئېتىقادىغا تەتبىق قىلغان

مۇتەپەككۇر ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلار كىرىدۇ. ئەنە شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىبنىسىنا، ئۆمەر ھەييام، پەرىددىن ئاتتار، جامى، نەۋائى قاتارلىقلار شەرق ئىدېئولوگىيە تارىخىدا پانتېئىزمچىلار ياكى پىرىپاتىتىلار دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا «مەجاز» ئاتالغۇسى تەسەۋۋۇپ بىلەن باغلىنىپ ئۆزىگە خاس نەزەرىيىۋى كاتېگورىيىنى ئىپادىلەيدۇ.

تۈرك ئەدەبىياتشۇناس ئالىمى ئاگاھ سىررى لېۋەندىن نەۋائىنىڭ مەخسۇس تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ پىكرىچە، نەۋائى 1476-يىلى ئابدۇللا ئەنسارىنىڭ «تەبەقەتى موشەيخ سوفىيە»، ئابدۇراخمان سۇلايمانىنىڭ «تەزكىرە تول ئەۋلىيا» ناملىق ئەسىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، ئابدۇراخمان جامىنىڭ تەسەۋۋۇپقا دائىر ئەسىرى «نەفۇخەت ئولۇنسىن» ناملىق ئەسىرىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. بۇ ئەسەرنى نەۋائى 1495-يىلى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلغان.① جۇملىدىن يىرىك نەۋائىشۇناس رۇس ئالىملىرى ئى. س. باراكىنىسكى، م. سالىلار نەۋائىنىڭ تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسىگە قىزىقىشىنى سۆزلىگەندە «نەقشبەندىيە» تەرىقىتىنىڭ رەھبىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ تەسىرىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار نەۋائى ئۈچۈن تەسەۋۋۇپ ئاساسەن بىر روھىي پەلسەپە، رەسمىي شېئىرىيەتكە قارىغاندا كەڭرەك بىر ئىدېئولوگىيە، شېئىرىي ئىجادىيەت ئۈچۈن ئالەم سۈرىتىنى ئىسلامغا قارىغاندا كەڭ، باشقىچىرەك ئاچىدىغان قاراش سىستېمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ قارايدۇ. نەۋائى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى كۆز قارىشى بويىچە «مەھبوبۇلقۇلۇپ»

① ئەنقەرە نەشرى، 1965-يىل، 269-بەت.

ئەسىرگىچە ياشىغان
نامىلىق ئەسىرىدە XIII ئەسىردىن XV
ئوتتۇرا ئەسىر تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىنى مۇنداق ئۈچ تىپقا بۆلىدۇ:
بىرىنچى تىپتىكى شائىرلار «ئىشلىرى مۇئانى خازانىدىن
مەرىپەت جەۋھىرىنى تەرمەك ۋە پەيزى ئۇچۇن ۋەزىن
سىلسىلەسىگە نەزىم بەرمەك» بولغان شائىرلار كىرىدۇ. پارس
ئەدەبىياتىدا پەرىدىدىن ئاتتار، جالالىدىن رومىلار بولۇپ، ئۇلار
«شېئىرىيەتتە مەقسەتلىرى نەزمدىن ئەسرارى، ئىلاھى ئادوبىي
ۋە مەرىپەتى، نەموتە نوھىي ئىملاسىدىن ئۆزگە يوقتۇر» يەنى
ئۇلار ئىلاھىيەت سىرلىرىنى بايان قىلىش ۋە چەكسىز مەرىپەتنى
(تەرىقەت يولىنى) ئىپادىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
ئىككىنچى تىپتىكى شائىرلارغا نەۋائى، سەئىدى، خىسراۋ
دىھلىۋى، هاپىز شىرازى، ئابدۇراخمان جامىلارنى كىرگۈزىدۇ.
بۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:
«ھەقىقەت ئەسرارىغا ماجاز تەرىقىنى مەخلۇن قىلىۋېتولەر
ۋە كامالەتلەردىن بۇ ئۇسلۇبىنا مەربۇت ئەتىپتىلەر» يەنى بۇ
تائىپتىكى شائىرلار ھەقىقەت سىرلىرىنى (ئىلاھىيەت
سىرلىرىنى) مەجاز ئۇسلۇبىدا ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار ئىلاھىي
نەرسىلەرنى دۇنياۋى ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ.
ئۈچىنچى تىپتىكى شائىرلار بىۋاسىتە دۇنياۋى نەرسىلەرنى
ئىپادىلەيدىغانلار بولۇپ، «يە ھەقىقەت ۋە مائارىن نوشىدىن
هالاۋەت ۋە نەزمىلىرىدە نەشەۋۋق ۋە ئىشق ئوتىدىن
هارارەت يوق». بۇ تىپتىكى شائىرلارنى نەۋائى شەكىلۋاز،
قۇرۇق قاپىيەۋاز، مەزمۇنسىز شېئىر يازغان ئادەملەر دەپ
مەسخىرە قىلىپ، شائىر دەپمۇ ھېسابلىمايدۇ.
نەۋائى ئىككىنچى تىپتىكى شائىرلارنى مۇتەسەۋۋۇپلار دەپ
ھېسابلاپ ھەقىقەت تەرىقىنى مەجاز تەرىقى بىلەن مەخلۇت
قىلغانلار (ئارىلاشتۇرغانلار) دەيدۇ. نەۋائىمۇ مۇشۇ تائىپىنىڭ
ئادىمى بولۇپ، مەجاز دۇنياۋى ئىشلىرىدا پاكلىق ۋە مەنىۋى

كامالەت ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشىشنىڭ يولىنى تۇتىدۇ.

دېمەك، ئىككىنچى تىپتىكى شائىرلار ھەقىقەت سىرلىرىنى (ئىلاھىي سىرلىرىنى) مەجازى ئۇسلۇبىدا ئىپادىلەيدۇ، ئۇلار ئىلاھىي نەرسىلەرنى دۇنياۋى ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار مۇتەئەسسىپ شائىرلار بولۇپ، مەجاز ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، ئىنساننى ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي تەرەپتىن شۇنداق ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەسۋىرلەيدۇكى، ئۇ يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئالىي ھەقىقەتنى ئىپادىلەيدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى دېھقانلارنىڭ زور ھەرىكەتلىرى مەيلى شەرقتە بولسۇن، مەيلى غەربتە بولسۇن دىنىي تونغا ئوراپ ئېلىپ بېرىلدى.

شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى دىنىي تونغا ئورۇنۇپ ئېلىپ بېرىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا مەشھۇر «مازاداقچىلار» ۋە «موقاننىە» قوزغىلىڭى تىپىك مىسال بولالايدۇ.

بۇ چاغدىكى ئەدەبىياتچۇ؟ ئىدېئولوگىيە شەكىللىرى دىنغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۇنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلغان شارائىتتا مۇتەسەۋۋۇپ شائىرلار ئۇچۇن مەجاز ئۇسۇلى ئارقىلىق «ھەقىقەت»نى، «ئالىي مۇتلەق»نى ئىزدەش يولى بىلەن ئىپادىلەشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

بۇ مەسىلە XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIII ئەسىرنىڭ بېشىدا نىشاپوردا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىر پەرىددىن ئاتتارنىڭ داڭلىق ئەسىرى «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) ناملىق ئەسىرىدە تىپىك ھالدا ئەكس ئېتىدۇ.[1] پەرىددىن ئاتتارنى

---

[1] نەۋائى XIII–XV ئەسىر شائىرلىرىنى تىپقا ئايرىغاندا، ئۇنى بىرىنچى تىپتىكى شائىرلار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. (ھازىرقى بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن ئېيتقاندا (ھاياجانچى سوپىلار) ئۇلار دۇنيا قارشى جەھەتتە «مەمتۇدىل مەۋجۇد» (خۇدا ھەممىنىڭ مەنبەسى) دېگەن قاراشنى ياقلايدۇ.

مەخسۇس تەتقىق قىلغان ئا. مۇھەممەتجانوۋ شائىرنى دۇنيا قاراش جەھەتتىن مەھتودىل ھۇجۇت (بارلىقنىڭ بارلىقى) غا كىرگۈزۈپ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق پانتېئىستلىرنىڭ قاتارىغا قويىدۇ. ئاپتور پەردىنىڭ تۆۋەندىكى:

بارچە ئالەمنى سەنسىز ئايان كۆرۈپ تۇرۇپتمەن،
ۋە ئالەمدە سەندىن ھېچبىر نىشان كۆرگىنىم يوق.

دېگەن كۆز قارىشىغا ئاساسەن «ئاتتارنىڭ خۇدا توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى ئىبىنسىنا، ئۆمەر ھەييام ۋە باشقا يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ خۇدا ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىدىن پەرق قىلمايدۇ» دەپ كۆرستىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك شەرق ئويغىنىش دەۋرىدە شەرق مۇتەپەككۇرلىرى گىستولوگىيە جەھەتتە شەرق خەلقلىرى بېشىدىن كەچۈرگەن توتېمىزىم، ئانىمىزمنى ياقلاپ، راتسىئونالىزم ئارقىلىق پانتېئىزمغا يېتىپ كېلىپ، ماتېرىيالىزم بوسۇغىسىغا كېلىپ يېقىلدى. يۇقىرىقى پانتېئىزم بەدىئىي تەپەككۇردا ئىنسانپەرۋەرلىك شەكلى بىلەن ئىپادىلەندى. بۇنى ئىستېتىك ئىدېئال جەھەتتىن ئېيتقاندا «بىلىملىك ئادىل شاھ دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرسا خەلق بەختلىك بولىدۇ» دېگەن چوققىغا بېرىپ توختىدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەخلاقىي پرىنسىپلار ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئىنساننى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ كامالەتكە يەتكۈزسەك، ئۇلار بىر- بىرىنى ئەزمەيدۇ. شۇ چاغدا «بۆرە بىلەن قوي بىر ئېرىقتىن سۇ ئىچىپ، بىر قوتاندا بىللە ياشايدۇ» غان كىشىلىك جەمئىيەت مەيدانغا كېلىدۇ، دەپ خىيال قىلىشتى. ئالىي پەزىلەتلىك ئەخلاقىي كامالەتكە يەتكەن كىشىنى تەربىيىلەشنىڭ

يولى ئىلىم - مەرىپەت دەپ قاراشتى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرىدىن دىداكتىكاغا بېرىلمىگەن ئىلىم - پەننى، مەرىپەتنى ماختىمايدىغان بىرمۇ كىشىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

پەرىدىن ئاتتارمۇ شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «مەنتىقۇتتەيىر» دېگەن ئەسىرىدە يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئىش كۆرىدۇ.

شائىر «ھەقىقەت»نى ئىزدەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەسىرىدە «مۇتلەق پاك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ «مۇتلەق پاك» ئۇلۇغ قانات سوفىست شائىرلار تەسەۋۋۇرىدىكى دىنىمىستىك پاكلىق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى ئەخلاقىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن ئىنساندۇر. بۇ ئۇنىڭ ئەسىرىدە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: «مۇتلەق پاك» (ھەقىقەت) نى ئىزدەپ بىر توپ قۇش يولغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ يولباشچىسى ھۆپۈپ بولۇپ، سانسىزلىغان مۇشەققەتلەرنى چېكىپ ناھايىتى نۇرغۇن چۆل- جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى قۇشلار بىلەن ئۇلارنىڭ رەھبىرى ھۆپۈپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق مۇنازىرە بولىدۇ. شائىر بۇ دىئالوگلار ئارقىلىق ئۆزكۆز قارىشىنى قەدەممۇ قەدەم ئېچىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىزدىگەن «مۇتلەق پاك» نىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى سۇمۇرۇغ ئىدى.① ئۇلار (قۇشلار) سۇمۇرۇغ تۇرىدىغان كوھىقاپقا بارلىق قىيىنچىلىق، جاپا- مۇشەققەتنى يېڭىپ يېتىپ بارىدۇ. ئەمما ئۇ جايدىن سۇمۇرۇغنى تاپالمايدۇ. قۇشلار ھەيران بولۇپ، بىر- بىرىگە قارىشىدۇ. تېخىمۇ ھەيران قالىدۇ... چۈنكى ھەممىسى سۇمۇرۇغقا ئايلىنىپ قالغانىدى. دېمەك، شائىر بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ خاھىشچانلىق يولى بىلەن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇكى، سىلەر ئىزدىگەن «مۇتلەق پاك»

---

① سۇمۇرۇغ ئەسلى دۇنيادا مەۋجۇت بولمىغان، ئۇ پەقەت خەلق رىۋايەتلىرىدە ئىدېئاللاشتۇرۇلغان خەلق ئۈمىد - ئارزۇسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سۇمۇرۇغ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس. «مۇتلەق پاك» ئەخلاقىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن ئىنسان، يەنى ئۆزۈڭلار (ئىنسان سىمۋولىدىكى ئاشۇ ئوتتۇز قۇش)، ئىنسان ئەقلى ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزەلەيدۇ. تاشقىرىدىن ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان، ئۇنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان غەيرىي كۈچ يوق، ئۇ كامالەتكە يەتكەن ئىنساننىڭ ئۆزى دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە قۇشلار ئەسەردە تەسۋىرلىنىشىچە «كوھىقاپقا» يەتكۈچە ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپ، ئاران 30 چە قۇش كوھىقاپقا يېتىپ بارىدۇ. بۇ سىمۋول ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىر تارىخىي دەۋر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئەخلاقىي پاكلىقتا كامالەتكە يېتىپ، «مۇتلەق پاك» بولۇپ، ئۆزلىرى ئىزدىگەن سۇمۇرۇغقا ئايلانغانىدى. بۇ ئىنسانىيەت شۇ دەۋرگىچە بېشىدىن كەچۈرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ زور بۇرۇلۇش ياسىغان ئويغىنىش دەۋرىنىڭ تۈپكى ئىدىيىسى بولغان ئىنساننى قايتا ئىختىرا قىلىشنىڭ ۋە ئىنسانىيەت تارىخى ئۆزىنى ئۆزى ئىزدىگەن تارىخنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىشى ئىدى.

نەۋائىي «لىسا نونتەيىر» نى ئۇستازى پەرىددىن ئاتتارغا «نەزىرە» قىلىپ يازدى. «تەقلىد» بىلەن «نەزىرە» نىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار.

نەزىرە ئەرەبچە «ئوخشاش نەرسە» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. نەزىرە شەرق ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان ئەدەبىي ئەنئەنىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۆتكەن ياكى ئۆزىگە زامانداش شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاتما جاۋاب تەرىقىسىدە ئىجاد قىلىنغان ئەسەردۇر. ھەر قانداق شائىر نەزىرە يازغاندا ئۇ بىرەر ئەسەرگە قارىغۇلارچە تەقلىد قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا ئىجادىي ياندىشىدۇ، ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، غايىۋى

ئوبرازلىرىنى بېيىتىدۇ، ئەدىبىي قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئەسەرگە ئۆز دەۋرى، تارىخىي شارائىتى ۋە ئەدەبىي مۇھىتى روھىنى سىڭدۈرىدۇ. نەزىرە باغلاش ئەنئەنىسى ھازىرقى دەۋر ئەدەبىياتىدا ھەم داۋام قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ليۇ يازى ئەپەندىگە نەزىرەسى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولىدۇ.

نەۋائىينىڭ پەرددىن ئاتتارغا «مەنتىقۇتتەيىر» ناملىق ئەسىرگە نەزىرە قىلىپ يازغان «لىسانۇتتەيىر»[1] ناملىق ئەسىرىدە ئىنسان كامالىتى ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بابى «ئىستىغنو» ۋادىسى دېگەن بابىدا بېرىلىدۇ. «ئىستىغنو» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۆزى بۇ جايدا سوفىيانە مەنىگە ئىگە بولۇپ، كىشىنىڭ بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى تۇغۇلسا ئىززەت، نەپسىنى ساقلاش، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا غورۇر بىلەن قاراش ۋە باھا بېرىش، يەنى مەنىۋى كامالەتنىڭ چوققىسىدا تۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ۋادىدىكى ئادەملەر ئېتىقاد ئايرىمايدۇ. ھەممىسى ماددىي، مەنىۋى تەرەپتىن تەمۇ تەڭ باراۋەر. بۇ ۋادىدا مۇنتەزىم ئىستىغنو شامىلى چىقىپ، ھەممە نەرسىگە ئەجايىبىي تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئىستىغنو بۇلۇتلىرىدىن ياغقان يامغۇرلار «يوز تومەن ئالەمنى» بۇزۇۋېتىشكە، ھاياتتىكى ھەممە يامانلىقلارنى يۇيۇۋېتىشكە، يېڭىشكە قۇدرىتى يېتىدۇ. بۇ ۋادىدىكى كۆچلەر دەريادىن تامچىغا، ئاسماندىن يەرگىچە بىر دانە ئۇرۇققا زىيان يېتىشكە يول قويمايدۇ. يەتتە دەريانى بىر تامچە يامغۇرغا، يەتتە دوزاخنى بىر ئۇچقۇنغا، سەككىز جەننەتنى بىر كىچىككىنە باغچىغا ئايلاندۇرالايدۇ. بۇ جاينىڭ چۇمۇلىلىرى

---

[1] بۇ ئەسەردەھۇپۇپ رەھبەرلىكىدە بىر توپ قۇش سۇمرۇغنى ئىزدەپ ماڭىدۇ.

شىرنى ئۇۋلىيالايدىغان ۋە چىۋىن، پاشىلىرى پىلنى چىقىپ ئۆلتۈرەلەيدىغان كۈچ ئۆز بەدەنلىرىگە توپلانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ يۇقىرىقى شېئىرىي تەسۋىر بىلەن «ئىستىغنو» ۋادىسىدا ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن (سىمۇوللۇق ھالدا). ھېچكىم - ھېچكىمنى بوزەك قىلالمايدىغان، كۈچلەر تەڭپۇڭلاشقان بىر ۋادىنى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرىدۇ.

بۇ باپتا يەنە ئىسلام ئېتىقادى بويىچە «ئاللا» بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلالايدىغان، ئەرشتە تۇرۇپ يەردىكى پۈتۈن ھادىسىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۇلارنىڭ تەقدىرىدىكى قىسمەتلەرنى يېشىدىغان مالائىكىلەر بىر تەرەپتە قېلىپ، يەردىكى ئۇنىڭ قولى بولغان ئاددىي ئىنسان تاسادىپىي شەرەپ تاجىنى كىيىدۇ... بۇ ۋادىدا ئادەمىزات يۈكسەك دەرىجىدە قەدىرلىنىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە خۇدالىقنى داۋا قىلغان زالىم پادشاھ نەمرۇتنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن غايەت زور كۈچكە ئىگە بولغان پاشا، چىۋىنلەر چىقىپ ئۆلتۈرىدۇ.

زالىم شاھ نەمرۇت تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان خېلىل (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام) ئۆزىنىڭ ھالال، پاكلىقى تۈپەيلى ئۆزىنى گۈلخان ئىچىدە، ئۆزىنى گۈلزارلىق ئىچىدە ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ.

«ئىستىغنو» ۋادىسىدا خىلمۇخىل دىندىكى ئادەملەر — مۇسۇلمان ۋە غەيرىي دىندىكى ئادەملەر بىللە ياشاپ، بىر- بىرى بىلەن ئىناق، قېرىنداش تەرىقىسىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، سىياسىي جەھەتتىن تەڭ - بارەۋەر تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

شائىر ئۆز جايىدىكى دىنىي مۇناسىۋەتلەرنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

مۇندا يەكسان قىلدى يوقى بارى ھەم،
ئەھلى دىنى سومارى كوففورى ھەم.

شائىر «ئىستىغنو» ۋادىسىدا ھەر قانداق دىنىنىڭ زەھەرلىك تەرەپلىرى پاچاقلاپ تاشلىنىپ، ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق خوراپاتلىقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىنىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇ شەرق ۋە غەرب ئويغىنىش دەۋرىنىڭ توپ ئىدىيىسى — ئىنساننى غەربتە خىرىستىئان دىنىنىڭ، شەرقتە ئىسلام دىنىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ، «ئىنساننى قايتا ئىختىرا قىلىش» ئىدى. بۇ نەۋائىنىڭ ئۇستازى پەرىدىن ئاتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» ناملىق ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن ئىنساننى قايتا ئىختىرا قىلىشنىڭ ئۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر كېيىن، ئۆتكەن XV ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىرىك ۋەكىلى نەۋائى بەدىئىي ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب، ئۆزىگە خاس مەرتىۋە (ئاھاڭ) بىلەن ئىپادىلىنىشى ئىدى.

ئەنە شۇ يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتكەنلىرىمىز ئوتتۇرا ئەسىر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ «نەقىشبەندىيە» گۇرۇھىدىكى مۇتەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى فېئودالىزمنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىلدە، ئۇنىڭغا قارشى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاللېگورىيىلىك ئوبرازلار ئارقىلىق، مەجاز ئارقىلىق «ھەقىقەت» نىڭ، «مۇتلەق پاك» نىڭ سىرلىرىنى ئېچىش دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىلەرنىڭ بىرى «فەنا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چۈشەنچىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەستىن

تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە توغرا باھا بەرگىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ قات- قېتىغا سىڭىپ كەتكەن سوفىزىم - تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنى[1] ھازىرقى زامان ئەدەبىياتشۇناس ئالىملىرى مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ:

(1) ئېكستاتىچى (ھاياجانچى) سوفىست شائىرلار؛
(2) نەقشبەندىلىك سوفىست شائىرلار؛
(3) يەسەۋىيچى سوفىست شائىرلار.

«فەنا» كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىسى ئاساسەن ئېكستاتىچى سوفىستىك شائىرلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ تىپىك پىرىك ۋەكىلى جالالىددىن رومى. ئۇلارنىڭ دۇنياغا قارىشى ۋاھتودىل مەۋجۇد (ئاللا ھەممىنىڭ مەنبەسى) دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ قاراشقا تايىنىپ، پۈتۈن كائىنات، ئىنسانىيەت بىر ئاللانىڭ خىلمۇخىل نۇرىنىڭ شولىسىدىن ئىبارەت، ئاخىر زامان بولغاندا[2] ئۇلار قايتا «ئاللا» غا قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا دۇنيانى پانىي ئالەم، باقىي ئالەم دەپ ئىككىگە ئايرىش خاتا بولغان دەپ نارازىلىق بىلدۈرىدۇ.

ئونھو، كى تەلەپكارى خۇدا يىد، خۇدايىد!
بىرونرى شۇمو نىست، شۇمويىد، شۇمويىد!
جىيزەكى ناكاردىدگوم، ئاز بەھرى چى ژويىد!
ۋە ئاندار تەلەبى گومشۇدا ئاز بەھرى چارويىد؟

---

[1] ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ھەر قانداق ئەسەر سوفىزىم - تەسەۋۋۇپ تەسىرىدىن خالىي ئەمەس.
[2] پىرىك ئىسلام تېئولوگى ئۇنى خەمسە ئەل ئازالى ئۇلارغا نەزەرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

ئىسمېدۇخورۇ فېدۇ كالامېدۇ كىتابېد،
ژىبىرىلى ئەمىنىدۇراسولون شۇمويېد.
دارخونانىيشىنىېد، ماگاردېد باھەرسۇ،
زىروكى شوموخاناۋۇ ھەم خوناخودودېد،
زاتېدۇ سىفوتېدۇ گاخې ئەرشو گاھى فارش،
دارئەينى باقايېدۇ مۇناززاھزى فانايېد.
خوخېد بوبىنېدروھ ئاندار روھى مەئشۇق،
زانگەر زى ئايىنابا سەيقال بېزودايېد.
ھەررامزكى مەۋلوبىسارويادبا ھەقىقەت،
مېدون، كى بەد . ئود رامز سادايېد.

مەزمۇنى:

ئەي، سىزكى، خۇدانىڭ تەلەپكارىسىز (ئىزلىگۈچىسى)،
ئۆزىڭىز خۇداسىز! (ئۇ) سىزدىن تاشقىرى ئەمەس.
ئۆزىڭىز، ئۆزىڭىزسىز! يوقاتمىغان نەرسىڭىزنى نېمىش
ئىزدەيسىز ۋە يوقالغان نەرسىنى ئىزدەپ نېمە قىلىسىز؟
سىز ئىسمۇ ھەرپلەرۇ سۆزۇ، كىتابسىز. قوغدىغۇچى
جەبرائىل (فىرىشتە) ھەم پەيغەمبەر ھەم ئۆزىڭىز. ئۆيدە
ئولتۇرۇڭ، ئۆزىڭىزنى ھەر تەرەپكە ئۇرماڭ. نېمىشقىدۇ سىز
ھەم ئۆيسىز ۋە ھەم ئۆينىڭ ئىگىسىسىز. زات (ئەسل،
ئاساس) ھەم، سىفەت (سىفەتلەر بەلگىلەر، زوھرى ئالامەتلەر)
ھەم ئۆزىڭىز. گاھ ئەرشىسىز (ئالىي تەخت)، گاھى فەرش
(ئۆينىڭ پالىزى)، باقىي (ئەبەدىيلىك) بولىقسىز، فەنا
(مۇۋاقەتلىك — ۋاقىتلىق) دىن خالىيسىز، سوپسىز.
روھىڭىز مەشۇق روھى بىلەن بىرلىششنى خالىسىڭىز، كۆڭۈل
ئەينىكىدىكى زەڭگەرلەرنى سىيرىپ تاشلاپ، سەيقال بېرىڭ.
قايسى رەمزنىكى مەۋلا ساھىب ھەقىقەت دەپ قويۇلسا، بىلىڭكى

سىز شۇ رەمىزگە سازاۋەرسىز! سازاۋەرسىز!

يۇقىرىقى مىساللاردىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھاياجانچى سوفىست شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ تەرىقەت يولى بىلەن مېڭىپ، ئەخلاقىي پاكلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىغىچە كۆتۈرۈلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرىدا مەشۇقى (ئاللا) غا قوشۇلۇپ كېتىپ، ئوبىيكتىپ جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر پانتېئىستىك شائىرلار (نەقشبەندىيە) كۆز قارىشىغا (ئۇنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ، پەرىددىن ئاتتار، ئەلىشىر نەۋائى) قوشۇلۇپ كېتىدۇ. دە، ئوتتۇرا ئەسىر ئويغىنىش دەۋرىنىڭ پانتېئىستلىرىنىڭ ئىنسانىي قايتا ئىختىرا قىلىش كۆز قارىشىنى «فانە» يۈكسەكلىكتە مەجازىلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، شەرق ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىيات تارىخىدا ئېستېتىك ئىدېئال ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن غايەت زور رول ئوينىدى.

شائىر ئابىد ئۆزىگە ئېستېتىك ئىدېئال قىلغان «مەجازى ئىشق»، «فەنا»، سوفىستىك كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىلەر شائىرنىڭ ئىكستانچى (ھاياجانچى) سوفىستىك شائىرلارنىڭ، پانتېئىست (نەقشبەندىيە) شائىرلارنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## شائىر ئابىدنىڭ لىرىك قەھرىمانىنىڭ بەدىئىيلىكى توغرىسىدا

پىلغانوۋ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «سەنئەتكار بىلەن مۇتەپەككۇرنىڭ تالانتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم پەرق-ئوبرازلاردۇر». سەنئەتكار ئۆز غايىسىنى بەدىئىي تەپەككۇرغا خاس ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. سىياسىي ئوبزورچى ئۆز پىكرىنى ئىلمىي مەنتىقىي تەپەككۇر ئارقىلىق مەنتىقىي دەلىللەر

بىلەن ئىسپاتلايدۇ. ئالىم ياكى پەيلاسوپ بىلەن يازغۇچى ياكى شائىر — بۇلار ھەممىسى بىر مەسىلىدە ئوخشاشلا ھەقىقەتكە تايانغان بولسا بىرلا خۇلاسىنى ئىنسانلارغا ئۇقتۇرىدۇ. لېكىن يازغۇچى، شائىر ئالىمدىن پەرقلىق ھالدا بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆز خۇلاسىلىرىنى روھلاندۇرۇش، يارقىن، گەۋدىلىك، تەسىرلىك، ئېستېتىك جەھەتتىن ئۆتكۈر قىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ، بەدىئىي ئەسەردە ئوبراز يارىتىش ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ جايدا ئوبراز دېگىنىمىز، ئىنسانىي ئوبيېكت قىلغان ھەر قانداق سەنئەتنىڭ ئىنسان خاراكتېرىنى يارىتىشى بولۇپ، بۇ ئېپىك خاراكتېر ۋە لىرىك خاراكتېر دېيىلىدۇ. ئېپىك خاراكتېر ئاساسىي جەھەتتىن تىپىك ۋەقەلىككە تايانسا، لىرىك خاراكتېر يارىتىشتا، شائىر ئىنسان قەلبى ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بارغۇچى بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىدىن پەيدا بولغان ئىنساننىڭ تىپىك ئوي - ھېسسىياتلىرىغا تايىنىپ ئوبراز يارىتىدۇ. ھەر ئىككى ھالدا ئوبراز خاراكتېر، زۇرۇر غايىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ئۇنى توشۇغۇچى ئىنسان ئوبرازىنىڭ ئىپادىسى بەدىئىي شەكىللىنىش تارىخىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

لىرىك قەھرىمان يارىتىش شەكىل جەھەتتىن «مەن»، «سەن»، «ئۇ» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۈچ ئالماش شەكلىنى ئالغان شەخسنىڭ ئىچىدە «مەن» بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئويغىنىش دەۋرىدە ھوجودىيون (ۋاھىدا تول ھوجود) تەلىماتى ئۆز ئانتولوگىيە پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ئالەمنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، ھوجوددىن ئىبارەتلىكى ھەققىدىكى تەلىمات — پانتېئىزمنى تەشكىل قىلدى. پانتېئىزم تەلىماتى راتسىئونالىزم ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ توپ ئاساسىي پەلسەپىسى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. بۇ تەلىماتقا تايانغان ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىنىڭ يىرىك زەبەردەس مۇتەپەككۇرلىرى ئىنسانىي

ئۇلۇغلاشنى ئۇنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىكى ھەققىدىكى مەسلىنى ئادالەتلىك، ئەركىن بەخت - سائادەتكە ئىرىشتۇرگۈچى شارائىت يارىتىش توغرىسىدىكى پىكىر دەرىجىسىگىچە كۆتۈردى.
فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نىزامى گەنجەۋى، جامى، نەۋائى ئەسەرلىرىدە ئالىي ئەخلاق مەرىپەتكە، مەنىۋى ئەركىنلىككە ئىرىشىشنىڭ كاپالىتى دەپ قارىلىپ، بۇنى ئۇلار بەخت - سائادەت دەپ شەرھلىدى. بۇ بەخت - سائادەت، ئادالەتلىك، زۇلۇمدىن خالىي، ئىدىئال يېتۈك جامەئە ۋە ئىدىئال رەھبەر ھاكىم (شاھ) بىلەن باغلىق ھالدا تەسەۋۋۇر ئېتىلدى. يېتۈك جامەئەدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى، بەخت-سائادەتكە ئىرىشكۈچى ئىدىئال تۈزۈم ھەققىدىكى ئۇتوپىيە، شەرق ئويغىنىش دەۋرى ئىجتىمائىي، ئېستېتىك پىكىرلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى چوققىسى بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ زور ئۇتۇقلىرىنىڭ بىرى بولدى. بۇ ئىجتىمائىي ئىدىئالنى يۇقىرىقى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار ئېستېتىك ئىدىئال شەكلىدە تىپىك سۈرەتلار ئارقىلىق ئالىيگورىك، سىمۋوللاشقان ئىپىك قەھرىمانلار بىلەن ئىپادىلىدى.
ئۆز جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى لىرىك قەھرىمانلار ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان شائىرلار ئىنسانىي ئۇنىڭ ئالىي پەزىلىتى بولغان ئەخلاقىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكۈزۈش ئارقىلىق يۇقىرى چوققىغا قاراپ ئىنتىلدى.
ئىنسان ئەركىنلىكىنى، ئىلىم - پەننى، ئۆزلىرىنىڭ دۈشمىنى سانىغان ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى دەۋرىدە بۇ جەمئىيەتتىكى شائىرلارغا «مۇھەببەت» تېمىسى ئارقىلىق ئۆز ئېستېتىك ئىدىئاللىرىنى نىقابلاپ ئىپادىلەشتىن باشقا چارە يوق ئىدى.
ئابىد قۇمۇلىمۇ ئەنە شۇ يول بىلەن ماڭدى. ئابىد قۇمۇلىنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990- يىل 4- سانىغا

بېسىلغان بىر تۈركۈم شېئىرلىرى شائىر ئىجادىنىڭ «دىۋان» خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، شائىر مۇسۇلمان شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئالدى بىلەن خۇداغا ۋە ئۇنىڭ يەردىكى ۋەكىللىرى بولغان تۆت چارياغا ھەمدۇ سانا ئوقۇيدۇ. ئاندىن كېيىن شائىر ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىۋاندىكى ئىستېتىك غايىسىنى توشۇغۇچى لىرىك قەھرىمانىنى يارىتىشقا يۈزلىنىدۇ.

شائىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئاكتىپ گراژدانى، ۋىجدانى ۋە سودىيىسى بولۇپ، ئۇ ياراتقان لىرىك قەھرىمان شائىر شەخسىي بىلەن ئىستېتىك غايىنىڭ بىرىكمىسىدۇر.

ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ئىستىبداتى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسى بولغان ئىلاھىيەتچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە مۇسۇلمان شەرق شائىرلىرى ئۆز ئىستېتىك ئىدېئالىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «مۇھەببەت» تېمىسىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مەنبەسى قىلدى. بۇ مەسىلىدە ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ ھىجران ئازابى ئىجتىمائىي سىنىپىي تۈس ئالىدۇ. بۇ جەرياندىكى «ئىشق» ئاشىقنى مەشۇق ۋىسالىغا يېتىش يولىدىكى خىلمۇخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە، ئۆز مەشۇقىنىڭ مۇھەببىتىگە مەڭگۈ سادىق بولۇشقا، سەۋر- تاقەتكە چىداملىق بولۇشقا ئۈگىتىدۇ. بۇ جايدىكى ساپ مۇھەببەت ئاشىق كۆڭلىنىڭ ساپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. نەتىجىدە، ئوتتۇرا ئەسىر پانتېئىزمىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئەخلاقىي كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش دەرىجىسى - ئۆلچىمى مەيدانغا كېلىدۇ. شائىر ئابىد قۇمۇلى ياراتقان لىرىك قەھرىمان بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈشكە كىرىشكىنىدە ئەڭ ئالدى بىلەن گۈزەل يار سۈرىتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئەي مۇقەللىد،[1] قويما ئاشىقلار بىلە يولغا قەدەم،
بۇ چەمەندە بولمامىش مانەندى بۇلبۇل بىرلە زاغ.
خوش مۇناسىبدۇر جەمالىڭ ئۆزرە مۇشكىن قاشلارىڭ،
گويىيا مەسكەن قىلىپدۇر گۇلشەن ئىچرە ئىككى زاغ.
كۆردىيۇ خالىنى بولدى مۇپتىلا كۆڭلۈم قۇشى،
تۈشتى زۇلفىدىن ئانىڭ بويىنىغا گوياكىم تۇزاغ.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز «مەشۇقى» نىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن قەدەممۇ قەدەم ئىچكىرىلەپ بارىدۇ. ئۇنىڭ «مەشۇقى» دۇنيادا تەڭدىشى يوق گۈزەل، ئۇنىڭ گۈزەللىكى شۇنچىلىك دەرىجىدىكى، گۈزەللىك كاتىپگورىيىسىگە كىرىدىغان ھەر قانداق شەيئى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە رەشىك قىلىدۇ:

ھۆسن ئەۋجىدە سەن كەبى مەھى تابان يوق،
ئىنسان ئارا بىر شوخلۇقدا بىر جانان يوق.
ئىشقىڭدا كۆڭۈل نەقدىنى قىلدىڭ تاراج،
مەندەك بۇ جاھاندا بىسەرۇ سەمان يوق.

ئەي كانى مەلاھەتدە كېلىپ رەشكى مەلەك،
باشىڭ ئۆزە بىقارار خۇرشىدى پەلەك.
كۆڭلۈمنى غەمىن كۆرۈپ تەبەسسۇم قىلدىڭ،
لەززەت بېرۇر ئول كەباب ئۆزە قۇيسا نەمەك.
ياكى:
خۇرشىدى ئەزەل كىمسەگە بولسا لامېئى،[2]
زەرراتى جەھان نۇرىغە بولماس تابېئى،

[1] مۇقەللىد ـ ئەرەبچە تەقلىد قىلغۇچى، تەقلىد قىلىنغان، ئوخشىتىلغان دورىغۇچى.
[2] لامېئى ـ ئەرەبچە، يالتىراق، پارلاق، يالتىراپ تۇرىدىغان.

تاپقان بۇ ھەقىقەتنى بەقانى بولماس،
ئەنقا كەبى كىشىۋەرى ئەدەمگە قانىئى.①

ياكى:

ئەي ھۆسنىڭە مۇنفەئىل تاباندۇر،
خۇرشىدى جەھان تاپ ئاڭا ھەيراندۇر.
تابەندە بۇ ئىككىسى يۈزۈڭ ئەكسىدىن،
سەرگەشتەۋۇ بىقەرارۇ سەرگارداندۇر.

لىرىك قەھرىمان گۈزەل «يار» نىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىنى تەسۋىرلەش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدۇ. لىرىك قەھرىمان ئۇنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىك خىسلەتلىرى ماسلىقىنى ئىچكى دۇنياسى بىلەن باغلاپ كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇ ئەمدى ئىنسان قەلبىگە ھۇزۇر بېغىشلايدىغان مۇزىكانت، ھە، قانداق كىشى ئەقلىنى قايىل قىلالايدىغان دانا ناتىقلىقى بىلە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ:

ئەي مۇترىبى② خوش نەۋائى شېرىن گوپتار،
ئەبيات ئەداسىدا لەبىڭ شەككەر بار.
ئائىنەئى ھۆسنىڭدە كۆرۈپ ئەكسىنى،
جان قۇشلارى فەرياد چېكەر توتىۋار.

ياكى:

ئەي چاشنىئى نۇتقىدا شېرىن ئەلفاز،
ھەر نوكتە ئەداسىدا نىگارىن ئەلفاز.
ئىسا كەبى تىرگۈزۈر ئۆلۈكنى لەئلىڭ،
ھەر لەھزە فەساھەت بىلە رەنگىن③ ئەلفاز.

---

① قانىئى - ئەرەبچە، قانائەت قىلغۇچى، قايىل قىلغۇچى.
② مۇترىبى - ئەرەبچە سازەندە، چالغۇچى، ناخشىچى.
③ رەنگىن - پارسچە، رەڭدار، تاۋلىنىپ تۇرىدىغان، گۈزەل.

دېمەك، لىرىك قەھرىماننىڭ «مەشۇقى»، «گۈزەل يار» شائىرنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا غايەت زور مەنىگە ئىگە. ئۇ ئەقىللىق، نافاسەتلىك، ھايالىق، نازاكەتلىك، دىلبەر، گۈزەل ۋە مېھرىبان. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ جىسمانىي، ئەقلىي جەھەتتىن ئەخلاقىي كامالەتكە يەتكەن كىشىسى.

شائىرنىڭ ئەنە شۇ ئېستېتىك ئىدېئالىنى توشۇغۇچى لىرىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ «مەشۇقى»، «گۈزەل يارى» سۆيگۈلىرىنىڭ (يەسەۋىچىلارنىڭ) دىنىمىستىك «ئاللا» غا مۇھەببىتىگە قارشى ھالدا دۇنياۋى ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن چىقىپ، رېئال ئادەم گۈزەللىكىنى، مەۋھۇم، يالغان، خىيالىي جەننەت پەرىلىرىدىن ئۈستۈن قويۇپ، رېئال ئىنسانىي مۇھەببەتنى تەستىقلاپ، ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياۋى ئەدەبىيات قارىشىنى ئالغا سۈردى.

ئەي ھۆسن لەتاپەتتە ئەمەستۇر سەندەك،
نى ئادەمۇ، نى پەرى، نى ھۆرۇ، نى مەلەك.
زەھرا بەئى ھەجرىم ئەيلەدىڭ شەھد ئامىز.[1]
ناگاھ تەبەسسۇم ئەيلەپ ئەي كانى نەمەك.[2]

ھاياتقا مۇھەببەت ھايات پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ كەڭ كاتېگورىيىسىدۇر. ئىنسانغا مۇھەببەت ئۇنىڭ يادروسى بولۇپ، بۇ ئەدەبىياتشۇناسلىقتا ئىنسانپەرۋەرلىك دېيىلىدۇ. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئوتتۇرا ئەسىر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ تۈپكى ئېستېتىك قارىشى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۇنىڭ مەركىزىدە تۇرىدىغان «گۈزەل يار» دېئالېكتىكىسى ئوبرازىغا ناھايىتى ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، ماھىيەتلىك ھالدا باغلايدۇ.

---

[1] ئامىز – پارسچە، سۆيەت ياسىغۇچى قوشۇمچە؛ ئامىزكار – چېقىشقاق، مۇلايىم، مۇھەببەت ئامىز – دوستانە، ئىللىق.
[2] نەمەك – تۇز.

ئادەم ئولدۇر كىم مۇھەببەت بولسا كۆڭلىدە ئانىڭ،
بۇ سۆزۈمنى ئال قۇلاغىڭغە ئەگەر سەن ئادەمى!
قىلماغۇمدۇر ئالەم ئىچرە بىر دەمى ئەيشۇ نەشات،
كۆڭلىمە ئانىڭ تۇشۇپتۇر ئىشقىدىن بىر ماتەمى.
دەر بەدەر ئەۋۋارە بولدۇم ۋەسلىدىن تاپماي نىشان،
مۇپتىلادۇرمەن سورارغا ئانى تاپماي ھەمدەمى.
تاپماغۇڭ ھەرگىز بۇ ئالەمدە تىرىكلىكتىن خەبەر،
بولماسا كۆڭلىڭدە ئانىڭ ئىشقىدىن ھەردەم غەمى.
غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلىڭ ئاچىلغاي، ئابىدا،
گۈلشەنى كويىدا تۇشسە باشىڭ ئۈزرە شەبنەمى.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئوتتۇرا ئەسىر ئىستىبداتلىق تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئومۇمىي ئىنسان تەقدىرى ۋە ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان «گۈزەل يار» تەقدىرى ئۈستىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئىزدىنىپ ئاھ چېكىدۇ.

«نەۋائى ئىشق تېمىسىنى شېئىرىيەتتە بايراق قىلىپ كۆتۈرۈپ، شۇ تېما بىلەن لىرىكىدا تۇرمۇشنىڭ كۆپ ساھەلىرىگە كىرىپ چىقىدۇ. ئىشق تېمىسى نەۋائى لىرىكىسىدا باشقا تېمىلار ئۈچۈن ئاساسىي فون، باھانە ياكى پەردە ۋەزىپىسىنى بېجىرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر قانداق پىكرىنى شۇ مەسىلىگە باغلاپ ئىپادىلەيدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ».① ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ئىستىبداتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ئىلغار مۇتەپەككۇر شائىرلار ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئالىنى (غايىسىنى) ئىپادىلەش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان يۇقىرىقى شەكىلنى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ھەر قانداق ئىلغار شائىرى ئۈچۈن ئورتاق ئۇسۇل دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئۇيغۇر كلاسسىك

① پروفېسسور ئا. ھ. ھەيىتمەتوۋ «نەۋائى لىرىكىسى»، 112-بەت.

ئەدەبىياتىدا تا ئازادلىققىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ ئۇسۇلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان شائىر ئابدىنىڭ لىرىك قەھرىمانى «مەشۇقى» ۋىسالىغا يېتىش شەكلى ئارقىلىق خەلق تەقدىرى بولغان ئەركىنلىككە ئىنتىلىش، ئۇنىڭغا ئېرىشىش يوللىرىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

دېدىم: ۋىسالىڭە ئەي گۇل، قاچان يېتەر ئابىد،
دېدىكى: قىلماغۇنچە مېھنەتى تەھەممۇل[①] خار.

ياكى:

ئاشىقىغە ھەمىشە مېھنەتۇ دەرد كېرەك،
كۆڭلىدە غەمۇ چېھرە ئاڭا زەرد[②] كېرەك.
جەمئىيەتى دىل ئېرۇر پەرىشانلىقتىن،
ھەم ئەنجۇمەن[③] ئىچرە خەلقتىن فەرد[④] كېرەك.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى «مەشۇقى»نىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن خەلق ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشىش كېرەكلىكىنى ئاڭلىق چۈشىنىدۇ. لىرىك قەھرىمان بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن «مېھنەتۇ دەرد كېرەك»، «كۆڭلىدە غەمۇ چېھرە ئاڭا زەرد كېرەك» لىكىنى، ئەڭ مۇھىمى خەلقنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتكە كېلىپ، كورەشكە ئاتلىنىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنى ئوتتۇرا ئەسىر ئويغىنىش دەۋرى ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىنىڭ چوققىسى بولغان «ئادىل شاھ، غايىۋى جەمئىيەت» كە قارىغاندا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئالغا قاراپ تاشلانغان بىر قەدەم دېيىشكە بولىدۇ.

---

① تەھەممۇل - ئەرەبچە، چىداملىق كۆرسەتمەك، ئېغىرلىقنى كۆتۈرمەك.
② زەرد - سېرىق. زەرد چېھرە - سېرىق چىراي.
③ ئەنجۇمەن - پارسچە، ئولتۇرۇش، يىغىلىش، مەجلىس، ئۇيۇشما، جەمئىيەت، كېڭەش ئورنى.
④ فەرد - ئەرەبچە، يەككە، يالغۇز.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى بۇ مەسىلىدە ناھايىتى قەتئىي بىر ئىرادىگە كېلىدۇ:

تەكەللۇم ئەتسە لەبى لەئلىڭ ئەي مەسھا[1] دەم،
ئۆلۈكنى تىرگۈزۈر ئانداغكى ئىيسائى، مەريەم.
سۇنۇق سافال ئىلە ئىچسەم ھەمىشە زەھر فىراق،
نە ئارزۇيى مەيى جام ئېرۇر نە مىننەتى جەم.
مەلۇل[2] مەن بۇ جاھان ئىچرە خەلق سۆھبەتىدىن،
قاچانكى لەشكەرى غەم بىرلە بولغايۇ ھەمدەم.
ھالاك بولسام ئانىڭ تىغىي زەخمىدىن تەگمەم،
كى بولسە سۇزەنى ئىيسايۇ رىشتەئى مەريەم.

لىرىك قەھرىمان تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، پەردىدىن ئاتتار ئىزىدىن مېڭىپ، مۇھەببەتنى ئىماندىن يۇقىرى قويۇپ، ۋىسال ئۈمىدىنى خەلق ئەركىنلىكى بىلەن باغلاپ، ئۇنى قەتئىي كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

چۈن قەدەم قويساڭ بۇ يولغا قىلماغىل جاندىن تەمەئى،
كەچمەسەڭ جانىڭدىن ئەۋۋەل قىلما جاناندىن تەمەئى.
پىرى دەير[3] ئىلكىدىن ئىچسەڭ ناگىھان جامى شاراب،
سۇڭرە ھەرگىز قىلماغىل ئىسلامۇ ئىماندىن تەمەئى.
كىمگە كىم قىلدى ۋەفا قىلغاي ساڭا بۇ دەھر دون،
قىلماغىل مېھرۇ ۋافا رەسمىنى دەۋراندىن تەمەئى.
مەئرىپەت پىرىنى سورغىل ئاشىقى ئاگاھدىن،

---

① مەسىھا ـ ئەرەبچە پەيغەمبەر، تىرىلدۈرگۈچى، تاناپچى.
② مەلۇل ـ ئەرەبچە، مالاللانغان، بىزگەن، زېرىككەن، رەنجىگەن، غەمكىن، قايغۇلۇق.
③ پىر ـ ئاقساقال، بىرەر كەسىپنىڭ ئاساسچىسى. دەير ـ بۇتخانا، ئىبادەتخانا، مەيخانە.

خاسىدۇر بۇ نۇكتە ھەرگىز قىلما نادانىدىن تەمەئى.
دىمەنىل ئىشقىنى ئانىڭ تەرىك قىل. ئەي پارسا،[1]
كىم بىرىپ مەن جاننى جانغە ئۆزمەگۈم ئاندىن تەمەئى.
ئەيلەبان كۆزلۈك پەرىشان كۆزدە ئەشكىلىڭ[2] قىل راۋان.
كىم سەدەپ پەھر ئىچرە قىل بارانى نەيساندىن تەمەئى.
ئەيلەدى تاراج كۆزلۈك كىشۋەرىن[3] غارازانگەرى،[4]
ئەمدى ئابد. قىلماغىل ئىسلامۇ ئىماندىن تەمەئى.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى «مۇھەببەت»، «ۋىسال» بايرىقى ئاستىدا رېئال فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنىڭ ماھىيىتىنىمۇ، ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان ئىسلامىيەتنىڭ ماھىيىتىنىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئۇلاردىن قول ئۈزۈپ ئادا - جۇدا بولۇش، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن بولۇش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز دەۋرىنىڭ فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان ئىسلامىيەت تونىغا ئورۇنۇۋالغان مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىكنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى توغرىدىن توغرا ئىش بىجىرگۈچى گۇماشتىلىرىنىڭ بىر شەكلى بولغان شەيخ، زاھىدلارغىمۇ شىددەتلىك ئوت ئاچىدۇ.

شىكايەت ئەتمە فەنا ئەھلى دەيرىدىن ئەي شەيخ،

---

① پارسا - پارسچە، تەقۋادار، ئىشلاردىن ساقلانغۇچى، سالىھ. پارسالىق - ساپ، ئارا كۆڭۈل ئىگىسى بولماق.
② ئەشك - پارسچە، ياش، كۆز يېشى.
③ كىشۋەر - پارسچە، مەملىكەت، ۋىلايەت، ئىقلىم.
④ غارات - ئەرەبچە، بۇلاڭچىلىق، تالان، تاراج، ئولجا، غەنىيمەت.

ھەرنىمىي خاس ئىرور جىبىرىنىل ئەمەس مەھرەم.

ياكى:

ئول ئاي ئىشقىدا ئابىد ۋەقتى خۇشتۇر،
مۇغەننى نەغمە قىل جەڭگۈ. چەغانە.

ياكى:

زاھىد، ساڭا مەسجىدۇر ماڭا مەيخانە،
جەننەت ساڭا بولغۇسى ماڭا جانانە.
ھەر يەردە تاپارغە يوق تەفاۋۇت ئانى.
گەر كەئبە ئىچىدە بول ۋە گەر بۇتخانە.

ياكى:

رىيايى تائەتگە تەكيە قىلما، ئەي زاھىد،
بۇ يولدا دەردۇ مۇھەببەت نىيازدۇر نە نەماز.

ياكى:

يار سىررىن ساڭا كەشف ئەتكۇسىدۇر پىرى مۇغان،
خانىقەھ ئىچرە ئانىڭ سىررى ھۆۋەيدا بولماس.

شائىر ئابىد قۇمۇلى پەلسەپىۋى كۆز قاراش جەھەتتىن ناھايىتى مۇرەككەپ يولنى بېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇ پەلسەپىۋى كۆز قاراش جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئىلغارلىرىدىن بولغان فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، پەرىددىن ئاتتار، ئۆمەر ھەييام، جامى، نەۋائىيلار. . . ئىزىدىن ماڭىدۇ. ئابىد قۇمۇلى ئۆز ئىجادىدا نەۋائىينىڭ «مەجازى ئىشق» يولىنى قوللايدۇ.

مەجازى ئىشقنى تەرك ئەتمىگەيسەن، ئەي بىدارد،
كى بىلسەم ئانى ھەقىقەت ئىكەن بۇ بارچە مەجاز.

دېمە، ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ھاياجانچى سوفىست شائىر جالالدىن رومى ئىزىدىن مېڭىپ «فەنا» يولىنىمۇ قوللاپ

قوۋۋەتلەيدۇ.

فەنا يولىدا دېمەك ئاقىبەت بولاي مەھمۇد.[1]
نەدىمى خاس بولۇپ پىشە قىل تەرنقى ئاياز.

مەيلى «فەنا»، مەيلى «مەجاز» ئۆز يوللىرى بىلەن مېڭىپ ئاخىرقى ھېسابتا يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئوتتۇرا ئەسىر ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئىدىيىسى پانتېئىزمنى شەكىللەندۈرىدۇ. شائىرنىڭ تۆۋەندىكى ئۆلچەملىك ئالتە بەنددىن ئىبارەت غەزەلى شائىرنىڭ پەلسەپە قارىشىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىنى كۆرسىتىدۇ.

قىلماغىل، يارەب، مېنى غەم بىرلە مېھنەتتىن خالاس،
تا تىرىكمەن قىلماغىل ئىشقى مۇھەببەتتىن خالاس.
كۆڭلۇم ئىچرە بەرشەرەر ئىشقى مۇھەببەت ئوتىدىن،
سالىبان قىلما مېنى ئەندۇھۇ فۇرقەتدىن خالاس.
كەلتۈرۈك يارىم ماڭا، يا مېنى ئىلتىڭ يارغا،
بولمادىم ئىستەپ ئانى ۋادەئى غۇربەتتىن خالاس.
شوخلار ئىشقىدا يۈزمىڭ مېھنەتۇ غەم باشمە،
كەلسە ھىجران تۈنلىرى قىلما بۇ شىددەتتىن خالاس.
خانىقەھتىن دەيىرى پىرى سارى قىلدىم ئىقتىدا،
قىل مېنى، يارەب، رىيائى زوھد تائەتدىن خالاس.
بىر پەرى ئىستەپ جاھاندا، ئابىدا، دىۋانە بول،
ئەيلەگىل ئۆزەڭنى ئەقلۇ ھۇشۇ ھېكمەتدىن خالاس.

دېمەك، شائىر «خانىقەدىن دەيىر پىرى سارى قىلدىم

---

[1] مەھمۇد ـ ئەرەبچە، ياخشى كۆرۈلگۈچى، ماختالغان.

ئىقتىدا» دەپ سوفىزمدىن پانتېئىزمغا ئۆتۈپ كېلىدۇ. شائىرنىڭ سوپىچىلىق روھىدا يېزىلغان شېئىرلىرى ئاز ئەمەس. لېكىن «خانىقەدىن دەير پىرى سارى قىلدىم ئىقتىدا»، ئۆز پەلسەپە قارىشى تەرەققىياتىدا «خانىقە» ئېتىقادىدىن «دەير پىرى» كە يەنى پانتېئىزم ئېتىقادىغا يېتىپ كەلگەن شائىر ئۆزىنىڭ جەمئىيەت ۋە «مۇھەببەت» كە بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتىدە يۇقىرىقى ئىلغار پىكىرلىرىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئۆز جەمئىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ مۇنداق خۇلاسە قىلىدۇ:

دۇنيا ئىرور مىسال مەكتەپخانە،
تەلىمى ئانىڭ فۇسۇن ئىلە ئەفسانە.
ئول مەكتەپ ئىچىدە كىم ئۆزىدىن دانادۇر.
ئەرباب خىرەد[1] ۋاقتىدا دىل دىۋانە.

دەپ فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنىڭ ئىلاھىيەتكە تايانغان سخولاستىكىسىنىڭ ئىلىم - پەنگە دۈشمەنلىكىنى يىلتىزىدىن ئېچىپ تاشلايدۇ. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى XIII ئەسىر پارس كلاسسىك شائىرى پەرىددىن ئاتتارنىڭ پانتېئىزم ئىزىدىن مېڭىپ، بۇ چاغدا ئەدەبىياتتا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان سوپىچىلىقنىڭ ئىسكەنجىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئادەم مەركەزچىلىك نۇقتىئىنەزىرى بويىچە «مۇھەببەت ئىماندىن ئەلا» ياكى مۇھەببەت ئىماندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن مۇھەببەتنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى يولنى ئاچىدۇ.

شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى بۇ ئېستېتىك يول ئۇيغۇر

---

[1] نۇرخىرەد - خىرەد - پارسچە، ئەقىل، ھوش، پاراسەت، خىرەدلىك - ئەقىللىق، ئەقىل نۇرى.

كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دۇنياۋى ئەدەبىيات يارىتىش تارىخىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغاندىن تاشقىرى، شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى زور جاسارەت دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېستېتىك ئىپادىسى كونكرېت مۇنداق شەكىل ئالىدۇ:

چۈن قەدەم قويساڭ بۇ يولغا قىلماغىل جاندىن تەمەئ،
كەچمىسەڭ جانىڭدىن ئەۋۋەل قىلما جاناندىن تەمەئ.
پىرى دەير ئىلكىدىن ئىچسەڭ ناگەھان جامى شاراب،
سوڭرە ھەرگىز قىلماغىل ئىسلامۇ ئىماندىن تەمەئ.

ياكى:

سۇبھى تارىن رىشتەئى زۇننارغا قىلدىم بەدەل،
ئەي بەرەھمەن خىزمەتىڭگە ئەمدى ئىرشاد ئەيلەگىل.
لەيلىدەك، ئەي جانى، شېرىن ئىشۇۋۇ ئەفسۇن ئىلە،
دەشت ئارا مەجنۇنۇ غەم تاغىدا پەرھاد ئەيلەگىل.

ياكى:

كىم دۇرۇر، ئەي شوخ، مەندەك ھۆسنىڭە ھەيران ئەمەس،
بولسا ھەم ھەيران، بېتىڭدەك زارۇ سەرگەردان ئەمەس.
مەي بىلەن مەشۇقنى ھەر كىمكى قىلماس ئارزۇ،
ئۆمرى زائىددۇر[1]، كىم ئانىڭ قابىلى ئىمان ئەمەس.

ئاخىرى:

جانا، يەنە سەندەك ئافەتى دەۋران يوق،
كۆڭلۈمدە غەمىڭدىن ئۆزگە ھېچ مېھنەت يوق.
كىم قىلماسا ئىقرار، كۆرۈپ ھۆسنىڭنى،
كۆڭلىدە ئانىڭ نىشانەئى ئىمان يوق.

---

① زائىد — ئورتىچە ئارتۇق، ئارتۇقچە.

لېكىن شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز زامانىسىنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ئىسكەنجىسىدە تۇرىدۇ:

نە نامۇ نىشان نە خانىمانىدۇر مىندە،
نە ئۈلفەت خەلقۇ نە ماكاندۇر مەندە.
قۇشمەنكى قەپەس ئىچرە گىرىپتار ئولغان،
نەھەمنەفەسۇ بى ئاشنادۇر مەندە.

مانا بۇ ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈم مۇھىتىنىڭ تىپىك مەنزىرىسىدۇر. مۇشۇنداق شارائىتتا لىرىك قەھرىمان «يار» ۋىسالىغا (ئاللېگورىيىلىك ھالدا خەلق ئازادلىق، ئەركىنلىككە) ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمى دەپ ھېسابلاپ، ھەتتا دەۋرنىڭمۇ (چەرخ) ئازادلىق (ۋىسال) ئىزدەپ يۈرگەن كارتىنىسى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

سېنىڭ ئىشقىڭدا سەرگەردان بولۇپ چەرخ،
سېنى تاپماي يۈرۈر ھەيران بولۇپ چەرخ.
دېدىلەر ئەۋرۇلۇرمىڭ قەتلە ھەر تۈن،
سېنى ئىستەركى ھەيران ئەۋرۇلۇپ چەرخ.
دېمە تۇشسە ھەۋادىن يامغۇرۇ قار،
ئاقىزغان ياشىدۇر گىرىيان[1] بولۇپ چەرخ.
ئەمەس بەرق ئاندا ئىشقىڭ ئوتىدىندۇر.
گويا پەرياد ئېتىپ نالان بولۇپ چەرخ.
كۆرە ئالماي سېنى تاپماي قەرارى،
باشىڭدىن ئاۋرۇلۇر ھەريان بولۇپ چەرخ.

---

① گىريان - پارىچە، يىغلىغان.

شەفەق ئېرمەس كۆرۈنگەن ئاندا ھەر شام،
چاقىن تىغى بوغۇزلاپ قان بولۇپ چەرخ،
كۆرۈنگەن كۆكتە ھەريان ئەنجۇم[1] ئېرمەس،
سېنى كۆرمەككە مەشئەل ياندۇرۇپ چەرخ.
جامالىڭ شەمئىگە پەرۋانە ئابىد،
ئانىڭدەك كىم يۇرۇر گەردان بولۇپ چەرخ.

بۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ھەققانىي رېئال كارتىنىسى، ئوتتۇرا ئەسىر شەرقىنىڭ دۇنياۋى ئازادلىققا ئىنتىلىش تولغىقى ئىدى. شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش تولغىقى بىۋاستە شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك غايىسى بىلەن سۇغىرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ.

ئىشقىڭدا نەسىپ دەردۇ غەم بولدى ماڭا،
فورقەت بىلە مىھنەتۇ ئەلەم بولدى ماڭا.
مەئدۇم[2] ئىرۇر ۋۇجۇدۇم ئاخىر ۋە تەنىم.
ئەنقا كەبى كىشۋەرى[3] ئەدەم بولدى ماڭا.

بىر باشىمۇئاندادۇر تومەنىڭ سەۋدا،
بىر كۆڭلۈمۇ تۇشمىش ئاندا يۈزمىڭ غەۋغا.
گىردابى[4] غەم ئىچرە غەرقدۇر زار تېنىم،
دەريا كۆرۈنەر كەنارەسى[5] ناپەيدا.

ۋەتەن تەقدىرىدە كۆيۈپ پىشىپ چوڭقۇر ئويغا پاتقان ئوتلۇق

---

① ئەنجۇم - ئەرەبچە، يۇلتۇزلار، ئەنجۇم سان - يۇلتۇزلارغا ئوخشاش.
② مەئدۇم - ئەرەبچە، يوق، مەۋجۇت ئەمەس، يوقىتىلغان.
③ كىشۋەر - پارسچە، مەملىكەت، ۋىلايەت، ئىقلىم.
④ گىرداب - پارسچە، سۇنىڭ ئايلىنىپ ئاقىدىغان يېرى، قاينام، قۇيۇن.
⑤ كەنارە - پارسچە، قىرغاق چەت، گىرۋەك.

ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز ۋەتىنىنى دۇنيانىڭ ھېچ يېرىگە تەڭ قىلمايدۇ،

ئەي فەخىر قىلىپ سەنگە ئەجەم بىرلە ئەرەب،
تۈركۇ، ئەرەبۇ، ئەجەمۇ ئاراپاك نەسەب.
يوق ئىردى نىشان بۇ ئالەمۇ ئادەمدىن،
بولدۇڭ ھەمە كائىنات ئالەمغە سەبەب.

دەپ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، باي مەدەنىيىتىنىڭ كەڭ شەرققە بولغان كۈچلۈك تەسىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ۋەتىنىنىڭ فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمدىن ۋەيران بولغانلىقىغا چوڭقۇر ئاھ چېكىپ ھەسرەتلىنىدۇ، ئەمما ئاشۇ ۋەيرانلىقتا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۇلۇغۋارلىقنىمۇ چوڭقۇر پەلسەپىۋى نەزەر بىلەن كۆرۈپ يېتىدۇ.

ئابىدغە ۋەتەن كۇنجى① خەرابات ئېرمىش،
مەي ئىچمەك ئىلە ھەمىشە ئەۋقات ئېرمىش.
ھەر چەند گۇناھىمە نىھايەت يوقتۇر،
لېكىن ئاڭا لۇتف② بىنىھايەت ئېرمىش.

شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانى ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن چوڭقۇر ئېچىنىدۇ، پۇچىلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بېقىشقا ئۇرۇنىدۇ.

---

① كۇنجى ـ پارچە، سىبخى، چولڭ، سىغىنچان، كۆپ نەرسىنى سىغدۇرىدىغان.
② لۇتف ـ ئەرەبچە، يۇمشاق، مۇلايىملىق، ياخشى نىيەت، رەھىمدىللىق، ياخشىلىق، ئارتۇقلۇق، كەڭلىك، ياردەم، ياخشى مۇئامىلە.

ئابىد، ۋەتەنىڭ كۈنجى خەرابات ئەيلە،
گەھ بادە ئىچۈ گاھى مۇناجەت ئەيلە.
نې تەقۋىيو[1] زوھد[2]غە موباھان[3] ئەيلە،
نې شەيخى رىيايىدەك كارامەت ئەيلە.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەر قانداق خەلق ھەرىكىتى قانۇنى ھالدا ئازادلىققا يول ئاچالمىغاندەك، شائىرنىڭ لىرىك قەھرىمانىمۇ ئازادلىققا يول ئىزدەپ تاپالماي تېگىرقايدۇ:

رافىقا خەلق ئارا رەسۋايى دەۋران بولماغىل مەندەك،
كىرىپ بۇ ۋادەئى غەم ئىچرە ھەيران بولماغىل مەندەك.
نەچۇككىم نالەۋۇ پەرياد ئېتەر بۇلبۇل گۈلىستاندا،
باھارى ئارزۇ شەۋقىدە نالان بولماغىل مەندەك.
بولۇپتۇر يىغلاماق ئادەت ماڭا، ئەي شوخ بىپەرۋا،
ئىشتىسەڭ ئاھۇ ئەفغانىم پەرىشان بولماغىل مەندەك.
بەناگاھ سورغالى باشىمغە كەلسەڭ ئەي جافا پىشە،
بىلىپ كۆڭلۈم غەمىن ھەر لەھزە گىريان بولماغىل مەندەك.
قەدەم قويما مالامەت كويىغا زىنھار، ئەي مەغرۇر،
تاپالماي دەردىگە دەرمان پۇشايمان بولماغىل مەندەك.
دېسەڭ ئابىد كەبى شۇرىدە خاتىر بولمايىن ھەرگىز،
ئەسىرى غەم بولۇپ، تاراجى ھىجران بولماغىل مەندەك.

يۇقىرىقى غەزەلدىن پۈتۈن ئۆمرىنى خەلق ئارزۇ - ئارمىنى بولغان ئازادلىق - ئەركىنلىككە ئىنتىلگەن، شۇ يولدا كۈرەش قىلغان، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يوللىرىنى ئىزدەپ

---

① تەقۋىيو - كۆچلەندۇرمەك، ياردەم بەرمەك.
② زوھد - دۇنيادىن ۋاز كەچمەك، تائەت بىلەن شۇغۇللانماق.
③ موباھات - رۇخسەت قىلىنغان ئىش، شەخسكە قاراشلىق بولمىغان ئىش.

تاپالمىغان، بۇ يولدا تاقەتتى تاق بولۇپ، پىغانى ئۆرلەپ، دەرد - ئەلەمدە قەلبى يالقۇن بولۇپ ئۆرتەنگەن لىرىك قەھرىمان ئوبرازى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ تۈگەللەنگەن غەزەلنى شائىرنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىنىڭ بىر قىزىل يىپ بويىچە تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتكەن لىرىك قەھرىمان ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ خۇلاسىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەنە شۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىدىن تۇغۇلغان لىرىك قەھرىمان ئوبرازىنىڭ شەكىللىنىش، ئۆسۈپ يېتىلىش ئىدىيىۋى تەرەققىيات تارىخىدىن ئىبارەت.

## شائىر ئابىد قۇمۇلى شېئىرىيىتىدىكى بەدىئىيلىك

ئارىستوتېلدىن گېگېلغىچە، بېلىنسكىدىن ھازىرغىچە ئەدەبىياتتىن كۈتۈلگەن باش ۋەزىپە — بەدىئىيلىك بولدى. چۈنكى غايىۋىلىك بەدىئىيلىك ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئەدەبىيات ئۆز ئالدىدىكى ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئالالمايدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدە چېرنىشېۋسكىي مۇنداق دېگەنىدى: «يازغۇچى كىچىكرەك غايىنى ئېلىپ، ئەسەر يېزىش مۇمكىن. ئەگەر بەدىئىيلىك جەھەتتىن كۈچلۈك بولسا، بۇنداق ئەسەر كىتابخانلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىدۇ، نەتىجىدە كىچىك بىر غايە چوڭ غايىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا چوڭ بىر غايىنى ئېلىپ ناچار ئەسەر يازىدىغان بولسا، ئۇ ھالەتتە چوڭ غايە كىچىك غايىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، يەنى ئەسەرنى كىتابخانلار ئوقۇمايدۇ. بۇنىڭدىن ئېنىقكى غايىنىڭ ئىپادىسى بەدىئىيلىككە باغلىق».

بەدىئىيلىك ئەدەبىياتتا ناھايىتى كەڭ كاتېگورىيىلىك

چۈشەنچە، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان سالماقدار مۇھىم مەسىلىلەرنى قويۇش، ئۇنى ھايات ھەقىقىتى بىلەن ئىسپاتلاش، جۈملىدىن ئۆز زامانىسىدىكى خەلق قەلبىدىكى دەردنى، خۇشاللىقنى، يىغلىمىسۋاتقان تىپىشماقلارنى كۆتۈرۈپ چىقىش، ئۇنى ئەدەبىياتقا خاس ئوبرازلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىش؛ ئوبرازلار ئىپادىلەيدىغان كومپلېكس بولغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىنىڭ ماسلىقى، بەدىئىي ئەسەرنىڭ جېنى - قېنى بولغان بەدىئىي تىلغا ئىشلەش؛ كومپوزىتسىيىسىنىڭ روشەنلىكى ۋە خىلمۇخىل سۆزىت ئۇسۇللىرىنى تېپىشنى بىلىش ھەم ھاياتنىكى زىددىيەتلەرنى تەبىئىيلىكى بويىچە ئەينەن ئىپادىلەش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئارىستوتېل تەرپلىگەن پوئېتىكا ئەنە شۇ بەزى تەنقىدچى ئەدەبىيشۇناسلار ئوبرازلىق ئېيتىلغان جۈملە، مىسرالارنىلا بەدىئىيلىك دەپ قانائەتلىنىدۇ. بۇ بەدىئىيلىكنىڭ تىلدىكى بىر ئاملى خالاس. قىسقىچە ئېيتقاندا، ئەسەردىكى بەدىئىي كامالەت ئەسەرنىڭ غايىۋى يېتۈكلۈكى، سۆيۈپ ئوقۇلۇشى، ئوقۇغۇچىنىڭ دىلىنى لەرزىگە سېلىش، دەۋر دەردى ياكى خۇشاللىقىنى ئوبرازلىرىدا ئىپادىلەشنى بىلىش بىلەن نامايان بولىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنى ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ بىرى نۇقتىسىدىن باھالىساق، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مەزمۇنى بىرىنچى ئورۇنغا چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى سەنئەت نۇقتىسىدىن قارىساق، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى بىرىنچى ئورۇنغا چىقىدۇ. لېكىن بەدىئىي ئەسەر ئۇ ھەم ئىدېئولوگىيىلىك، ھەم ئېستېتىك ھادىسىدۇر. شۇڭا يۇقىرىقى ھەر ئىككى نۇقتىنى قىممەت جەھەتتىن تەڭ ئورۇنغا قويۇش

كېرەك.

يۇقىرىدا بەدىئىيلىكنىڭ بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئامىللىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەسەر ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر بولۇپ، ئىنسانىي تەربىيىلەش كۈچىگە ئىگە بولغان سېھىرلىك كۈچ — ئېستېتىك قۇدرەت «تەسىرچانلىق» نى پەيدا قىلىدۇ. بۇ بەدىئىي ئەسەردىكى بەدىئىيلىكنىڭ ئومۇمىي توپ ئاتالغۇسى بولۇپ، يازغۇچى تالانتىنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوقۇغۇچى ياكى تاماشىبىننى ھاياجانغا سېلىشنى بىلگەن ئەسەر يۇكسەك تالانت مەھسۇلىدۇر. چۈنكى تالانتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى كىشىلەردە سەنئەتكار خالىغان ھاياجاننى قوزغاشنى بىلىش، يەنى ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا يۇقتۇرۇشنى بىلىشتۇر. ئەگەر بىز بەدىئىي ئەسەرنىڭ «تەسىرچانلىق» «سىرى» نى نېمىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساق، بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن باغلىق بولغان ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىملىرىنى ئاجرىتىپ ئالساق، بەدىئىي ئەسەرنىڭ «تەسىرچانلىق»نى بەلگىلەيدىغان ياكى تەمىنلەيدىغان بەدىئىيلىك ئۆلچەملىرىنى چۈشىنىپ ئالغىلى بولىدۇ. بۇلار ئىلغار كۆز قاراش، سالماقدارلىق، چىنلىق، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكى، بەدىئىي تىل قاتارلىقلارنى بەدىئىيلىكنىڭ ئۆلچىمى، «تەسىرچانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي ئامىللار» دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئەنە شۇ يۇقىرىقى ئۆلچەملەر بىلەن شائىر ئابدۇ قۇمۇلى ئەسەرلىرىنى ئۆلچەشكە بولىدۇ.

شائىرنىڭ دۇنيا قارىشى سوفىزمنىڭ مۇرەككەپ مەزھەپلىرىنىڭ ئارىلاشما قاراشلىرىنىڭ ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە

راتسىئونالىزمىنىڭ تۈپ پەلسەپە ئاساسى بولغان پانتېئىزم كۆز قارىشىغا يېتىپ كەلدى. «پانتېئىزمنىڭ ئۆزى دۇنياغا ئەركىن، ئىنسانىي نەزەر بىلەن قاراشنىڭ ھارپىسىدۇر خالاس»①.

شائىر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەڭ ئىلغار قارىشى پانتېئىزمغا تايانغان ئېستېتىك قارىشى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ «چىنلىق» فېئودالىزمنىڭ ۋەھشىي ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنى ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان خۇراپىي دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ مېغىزى بولغان خەلق ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنى مۇھەببەت تېمىسى نىقابىدا ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردى.

ئېنگېلس بالزاك ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىگە باھا بەرگەندە: «رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ھەققانىي تەسۋىرلەپ بېرەلىگەنلىكىدۇر» دېگەنىدى. گوركى ئەڭ ياخشى بەدىئىي ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ «ھەققانىيدۇر يەنى بەدىئىيدۇر» دېگەنىدى.

دېمەك، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۆز دەۋرىنىڭ ھايات «چىنلىق»نى ئوبرازلار ئارقىلىق بويىماستىن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىدۇر.

شائىر ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە جەھەتتىن خەلقنىڭ دەردى، فېئودالىزم ئىستىبداتلىق تۈزۈمىنىڭ ماددىي، مەنىۋى زۇلمىنى پاش قىلىش، ئۆز دەۋرىنىڭ خەلق يۈرىكىدە تېپىشماق بولۇپ كېلىۋاتقان ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ مېغىزى بولغان ئازادلىق - ئەركىنلىككە ئېرىشىش يوللىرىنى ئىزدىدى، ئەمما ئۇ تاپالماي تېڭىرقاپ قالدى. . . ، شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتى پانتېئىزمغا كېلىپ توختىغان دەۋردە شائىر دەۋر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيتتى ھەم

① ماركس، ئېنگېلس، «ئەسەر توغرىسىدا»، 1- توم، 440- بەت.

ئۆتەلمىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان مەسىلىلىرى ئۆز زامانىسى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياۋى ئەدەبىيات يارىتىش تارىخىدا زور رول ئوينىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىيلىكنىڭ بىر ئۆلچىمى سالماقدارلىقتا ئىگە بولغانلىقىدا دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

بەدىئىيلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكى، ماسلىقى مەسىلىسىدۇر.

مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى توغرىسىدا ئۇلۇغ لېنىن پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئۇنى ماھىيەتلىك شەرھلەپ بىزگە كلاسسىك نەمۇنە يارىتىپ بەردى. ئۇلۇغ لېنىن: «ھەممە نەرسە شەكىل، مەزمۇندىن تەشكىل تاپىدۇ. تەبىئەتتە ۋە جەمئىيەتتە شەكىل پىرىدمېتنىڭ (شەيئىنىڭ) ياشاش ئۇسۇلى، مەزمۇننىڭ ئىچكى ئۇيۇشمىسىدۇر، ئۇ شۇنداق نەرسىكى، مەزمۇننىڭ ئامىللىرىنى بىر- بىرىگە باغلايدۇ ۋە ئۇنىڭسىز مەزمۇننىڭ ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، شەكىل ماھىيەتتۇر، ماھىيەت شەكىللەنگەندىدۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ.

بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى ئۇنىڭ شەكلى ئارقىلىق بىزنىڭ قەلبىمىزگە كىرىپ كېلىدۇ. بەدىئىي شەكىل بەدىئىي مەزمۇننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ياشاش شەكلىدۇر. بەدىئىي ئەسەردە ھايات ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئوبراز خاراكتېرلەر ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئوبرازچانلىق — بەدىئىيلىك شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ھاياتنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۇرۇشىنىڭ ئۆزگە خاس ۋاستىسىدۇر.

خاراكتېرلەر بولسا، مەلۇم ژانىردا يېزىلغان كونكرېت ئەسەردە تىل، سۇژېت، كونفلىكت (زىددىيەت توقۇنۇشى)، كومپوزىتسىيە، تەبىئەت تەسۋىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. مەزمۇن بېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەزمۇننىڭ

ئۆزگىرىشى بىلەن بىر دەۋر يېڭى ئەدەبىيات مەيدانىغا كېلىدۇ. بەدىئىي ئەسەردە مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە. ئۇ مەزمۇن ئۆزگىرىشىگە قارىغاندا ئاستا ئۆزگىرىدۇ. ھەتتا كونا شەكىل ئارقىلىق يېڭى مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈش مۇمكىن. لېكىن شەكىل مەزمۇنغا جەزمەن ماس كېلىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئەسەرنىڭ ئېستېتىك تەسىر چانلىقىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئۇنداقتا بەدىئىي ئەسەردە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ماسلىقى دېگەن نېمە؟ بۇ توغرۇلۇق ن. گ. چېرنىشېۋسكىنىڭ مۇنۇ تەرىپى ھازىرغىچە كلاسسىك تەرىپ بولۇپ كەلدى: «پەقەت ھەققانىي ئىدىيىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئەسەرلا، ئەگەر شەكلى ئىدىيىسىگە ماس كەلسە، بەدىئىي بولىدۇ»، ئەسەرنىڭ شەكلى ئىدىيىسىگە ماس كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «ھەقىقەتەن ھەم ئەسەرنىڭ ھەممە قىسىملىرى ۋە تەپسىلاتلىرى ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىققان-چىقمىغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش لازىم. مەلۇم تەپسىلات، سەھنە، خاراكتېر، ئېپىزوت ئۆز-ئۆزىچە قانچىلىك قىزىقارلىق ياكى گۈزەل بولسۇن، ئەگەر ئۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلمىسا، ئۇنىڭدىن ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىگە زىيان يېتىدۇ»①. بۇنىڭغا ئەسەردىكى زۆرۈر ھەر بىر سەھنە، خاراكتېر، ئېپىزوت ۋە دېتاللارنىڭ ئېنىق ۋە يارقىن تەسۋىرلىنىشى لازىملىقىنى ھەم ئىلاۋە قىلىش كېرەك. بۇ كلاسسىك تەرەپ بۇ جايدا نەسرىي ئەسەرلەر ۋە دراماتورگىيىگە قارىتىلغان. شېئىرىيەتتە قانداق بولىدۇ؟

شائىر ئابىد قۇمۇلنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسەن لىرىكىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

---

① «چېرنىشېۋسكى تولۇق ئەسەرلىرى توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 663- بەت.

لىرىكىدا شائىر ئىستېتىك ئىدېئالنى توشۇغۇچى لىرىك قەھرىماننىڭ مەزمۇنى ماھىيىتى «بۈيۈك شائىر ئۆزى ھەققىدە، ئۆزى «مەن» نى سۆزلەيدىكەن ئومۇم ھەققىدە، ئىنسان ھەققىدە سۆزلەيدۇ. زاتەن ئىنسانىغا خاس ھەممە نەرسە ئۇنىڭ تەبىئىيىتىدە مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم ھەر بىر كىشى ئۇنىڭ ھەسرىتىدە ئۆز ھەسرىتىنى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز قەلبىنى تاپالايدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتىدە بولسا پەقەت شائىرنى ئەمەس بەلكى ئىنساننى، ئۆز قىياپىتىنى، بۇرادىرىنى كۆرىدۇ».[1] مانا بۇنى لىرىكىدىكى تىپىكلىك دەيمىز. لىرىكىدىكى ئەنە شۇ تىپىك مەزمۇننى شېئىرىي شەكىل ـ رىتىم، تۇراق، قاپىيە، مىسرا، ۋەزىن، بەند ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. شېئىردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىل ماسلىقى دېگىنىمىز، ئەنە شۇ شېئىرىي شەكىل كونفلىكتلىرى مەزمۇنغا تولۇق بويسۇنۇپ، مەزمۇننى تولۇق ئىپادىلەشكە خىزمەت قىلىش دېگەن سۆزدۇر.

شائىر ئابىد قوبۇلى ئۆز ئىجادىيىتىدە كلاسسىك شېئىر شەكىللىرىدىن غەزەل، ساقىنامە، رۇبائىي شەكىللىرىنى قوللىنىدۇ، كلاسسىك شېئىرىيەت نەزەرىيىسى بىلەن تولۇق قوراللانغان شائىر يۇقىرىقى كلاسسىك شەكىللەرنىڭ نەزەرىيىۋى قائىدىلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىدۇ. كلاسسىك شېئىرىي نەزەرىيىسى بويىچە لىرىكىدا ئىشلىتىلىدىغان غەزەل 7، 9 بېيىتقىچە بولسا، رۇبائىي ئىككى بېيىت تۆت مىسرادىن ئاشماسلىقى كېرەك. شائىر ئىجادىدا بۇ ھال تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. مەسىلەن:

تاپمادىم ھەرگىز جاھاندا بىر مۇۋاپىق ھەمدەمى،
يار سەۋداسىدىن ئانىڭ كۆڭلىدە بولغاي غەمى.

---

[1] «بېلىنسكى تاللانغان ئەسەرلەر توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 1. توم، 671. بەت.

مەنزىلى دىلكەش ئىكىن ئالەمدە غەم كاشەنەسى،
تاپقاسەن ئۆمرى ئەبەد ئولتۇرساڭ ئاندا بىر دەمى.
ئادەم ئولدۇر كىم مۇھەببەت بولسا كۆڭلىدە ئانىڭ،
بۇ سۆزۈمنى ئال قۇلاغىڭغە ئەگەر سەن ئادەمى.
قىلماغۇمدۇر ئالەم ئىچرە بىر دەمى ئەيشۇ نە شات،
كۆڭلىمە ئانىڭ توشۇپتۇر ئىشقىدىن بىر ماتەمى.
دەر بەدەر ئەۋۋارە بولدۇم ۋەسلىدىن تاپماي نىشان،
مۇپتىلادۇرمەن سورارغە ئانى تاپماي ھەمدەمى.
تاپماغۇڭ ھەرگىز بۇ ئالەمدە تىرىكلىكتىن خەبەر،
بولماسا كۆڭلىڭدە ئانىڭ ئىشقىدىن ھەردەم غەمى،
غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلىڭ ئاچىلغاي، ئابىدا.
گۇلشەنى كويىدا تۇشسە باشىڭ ئۆزرە شەبنەمى.

بۇ غەزەل كىلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بويىچە ئەڭ ئۆلچەملىك يەتتە بېيتتىن تەشكىل تاپىدۇ.

ئىككىنچىدىن، شېئىرىي شەكىلنى تەشكىل قىلغان رىتىم، تۇراق، قاپىيە، مىسرا، ۋەزىن، بەندلەر شائىرنىڭ پانتېئىزمغا تايانغان يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشتە تولۇق خىزمەت قىلغان؛ يۇقىرىقى غەزەلدە، نە شەكىلۋازلىق، نە قاپىيىۋازلىق، نە تۇراقتىكى نۇقسان، نە تۇراقتىكى تەكشىسىزلىك، نە ۋەزىندىكى ئېگىز- پەسلىك ياكى پۈتۈن بەنددە مەزمۇنغا نۇقسان يېتىدىغان ئەيىبنى تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ ھال شائىر ئىجادىدا باشتىن - ئاخىر ئىزچىل داۋاملىشىدۇ.

ئارىستوتېل «رىتىم ۋە ئاھاڭلار ئەڭ ئالدى بىلەن رېئال ۋەقەلىككە يېقىن كەلگۈچى غەزەپ ۋە مۇلايىملىقنى، جاسارەت ۋە مۆتىدىللىكنى ھەمدە شۇلارغا زىت خۇسۇسىيەتلەرنى، خۇددى شۇنىڭدەك باشقا ئالاقىدار سۈپەتلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ» دەيدۇ. بۇ جايدا ئۇ شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىيلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇزىكىلىق تۈسكە تەرىپ بېرىدۇ.

رىتىم- بوغۇم، تۇراق، ئارۇز ۋەزنىدە روكىن، رىتىملىق، پائۇزا، ۋەزىن، ئارۇز، ۋەزنىدە بەھىر، قاپىيە، بەند، شۇنىڭدەك سۆز تەكرارى (باشلانغۇچ ۋە ئاخىرقى سۆز تەكرارى- ھاجىب ۋە رادىف) ۋە ئومونىم قاتارلىق ئاساسىي ئامىللار ھەم ئىنتوناتسىيە، ئاۋۇش تەكرارى قاتارلىق ياردەمچى ئامىللار مۇزىكىلىق شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

رىتىم مۇناسىۋەت جەھەتتىن تەلەپپۇزغا قاراپ بولىدۇ، تەلەپپۇزنى ئىنتوناتسىيەدىن ئايرىش قىيىن، ئىنتوناتسىيەنىڭ تەركىبى — ئاۋاز، پائۇزا، ئۇرغۇ ۋە نۇتۇق تېمپىسىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىنتوناتسىيە ئەڭ ئاۋۋال ھاياجان يۇكسەك ھېسنىڭ مۇرىسىنى باسىدۇ. لىرىك قەھرىماننىڭ كەچۈرمىشى ۋە ئەھۋالى ئۇنىڭ پەسىيىشى ياكى كۆتۈرۈلۈشى نۇتۇق مېلودىيىسىگە تەسىر قىلىدۇ. شۇڭا ۋەزىن، رىتىم، بەند تۈزۈلۈشى ئۆز ئىشىنى ئىنتوناتسىيىسىز بېجىرەلمەيدۇ. ئەگەر مەنتىقىي ئىنتوناتسىيە گەپنىڭ ئاساسىي مەنىنى بەلگىلىسە، ئېموتسىئونال ئىنتوناتسىيە سۇبيېكتىپ باھانى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شېئىردىكى مۇزىكىلىق، ۋەزىن بىلەن ۋەزىن، رىتىم بىلەن رىتىم، ئىنتوناتسىيە بىلەن ئىنتوناتسىيە، لىنگىستىكا بىلەن لىنگىستىكا ۋە مەنا بىلەن مەنا لىرىك قەھرىمان ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايە بىلەن، بۇ غايە دەۋر قويۇۋاتقان تەلەپلەر بىلەن ئۇيغۇنلىشىدۇ.

مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئېيتقاندا، شائىر ئابدۇ قۇمۇلنىڭ لىرىكىسىدىكى مۇزىكىلىق شائىرنىڭ ھەم غەزەپلىك، ھەم قايغۇلۇق - مۇڭلۇق كەيپىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى شائىر شېئىرىيەتتىكى ئالاھىدە بەدىئىيلىكنىڭ بىر قىسمى دېيىشكە

بولىدۇ.

شائىرنىڭ لىرىكىسىدىكى تەسىرچانلىقنى تۇغدۇرىدىغان ھارارەت شائىرنىڭ غەزەللىرىدىكى ھەجىم ۋە ئۇزۇن - قىسقىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەر قانداق شائىرنىڭ ئوتلۇق ھېسسىياتى ئۇزاقتىن ئۇزاق سوزۇلغان شېئىر مىسرالىرىغا چىدىمايدۇ. لىرىك شېئىر قانچە كىچىك - ئىخچام بولسا ئۇنىڭ لىرىك ھارارىتى شۇنچە ئوتلۇق، شۇنچە تەسىرلىك بولىدۇ. مانا شۇ قانۇنىيەتكە تايانغان كلاسسىك ئەدەبىيات لىرىك شېئىر شەكلى 7، 9 بېيتتىن ئاشماسلىق كېرەك. شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ لىرىك غەزەللىرى ئەنە شۇ كلاسسىك قانۇنىيەتكە قەتئىي رىئايە قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە غەزەللىرى لىرىك ھارارەتكە، ئوتلۇق ھېسسىياتقا باي بولۇپ، كۈچلۈك تەسىرچانلىققا ئىگە.

شائىر ئابىد قۇمۇلى شېئىرىيىتىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكنىڭ يەنە بىرى شۇكى، غەزەللىرىدىكى كونفلىكت (زىددىيەت توقۇنۇشى) غەزەللىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېپىشماق، مەسىلىلەرنىڭ يېشىمى جەريانىدا نامايان بولىدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىياتقا خاس خاھىشچانلىقنى بېلىنىسكى شېئىرىيەتكە تەتبىق قىلىپ: «لىرىك ئەسەردە. . . پىكىر سەزگۈ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇمۇ شېئىرىيەتتىكى بەدىئىيلىكنىڭ بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ، شائىر ئابىد قۇمۇلى غەزەللىرىدە بۇ قانۇنىيەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئۇنىڭ ھەر قانداق شېئىرى يالىڭاچلىقتىن خالىي بولۇپ، ھەر بىر مىسرادىكى پىكىر شائىرنىڭ قايناق، قويۇق ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنىدۇ. پىكىر بىلەن ھېسسىيات بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ، شائىر كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىدۇ.

داڭلىق رۇس لىرىك شائىرى بېرىيوسوۋ: «لىرىك شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە گويا تۈرلۈك - تۈمەن شەخسلەر نامىدىن سۆزلىگەندەك ھەر خىل ئاۋازدا سۆزلەيدۇ. . . ئۇنىڭ ھەر بىر

شېئىرىدا يېڭى «مەن» بولىدۇ» دېگەنىدى.

شائىر ئابىد قۇمۇلى ئۆزىنىڭ غەزەللىرى، ساقىنامىلىرى، رۇبائىيلىرىدا خىلمۇخىل ئاۋازدا «مەن» ئارقىلىق مەيدانغا چىققان لىرىك قەھرىمان بىلەن سۆزلەيدۇ. بۇ «مەن» لەر شەخسىي ئىنتىم «مەن» بولماستىن، بەلكى خىلمۇ خىل سەرگۈزەشتىلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ ئۆز بېشىغا يىغقان، ئۇنى ئۆز تەرجىمىھالىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرغان، ئىجتىمائىي تىپىك ماھىيەتكە ئىگە «مەن» بولغىنى ئۈچۈن زور ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە، «مەن» گە ئايلانغانلىقى بىلەن بەدىئىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى كلاسسىك ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ماس ھالدا ئىككى بېيىت، تۆت مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرنى قويۇق، يالقۇنلۇق لىرىك ھېسسىياتقا سىڭدۈرۈپ، شەكىل ۋە مەزمۇننىڭ ماسلىقى ئاساسىدا ئۆز بەدىئىيلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ:

زاھىد ساڭا مەسچىتدۇر ماڭا مەيخانە،
جەننەت ساڭا بولغۇسى ماڭا جانانە.
ھەر يەردە تاپارغا يوق تەپاۋەت ئانى،
گەر كەئبە ئىچىدە بول ۋە گەر بۇتخانە.

ياكى:

دۇنياكى ئېرۇر مىسال مەكتەپخانە،
تەلىمى ئانىڭ فۇسۇن ئىلە ئەفسانە.
ئول مەكتەپ ئىچىدە كىم ئۆزىن دانا دەر،
ئەرباب خىرەد[1] ۋاقتىدە دىل دىۋانە.

---

① خىرەد ـ پارسچە، ئەقىل، ھوش، پاراسەت.

بەدئىي ئەدەبىياتنىڭ بەدئىيلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى بەدئىي تىلدۇر. بەدئىي ئەدەبىيات سۆزلەر ياردىمى بىلەن ئوبرازلارنى، تىپلارنى، خاراكتېرلارنى يارىتىش، سۆزلەر ياردىمى بىلەن ۋەقەلىك ھادىسىلەرنى، تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ پىكىر قىلىش جەريانلىرىنى، ئىنساننىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ چوڭقۇر ھېس-تۇيغۇلىرىنى كۆز ئالدىمىزدا يارقىن گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. «سۆز پۈتۈن پاكىتلارنىڭ، پۈتۈن پىكىرلەرنىڭ كىيىمى. لېكىن پاكىتلار ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنىلىرى يوشۇرۇنغان، ھەر بىر پىكىر ئارقىسىدا نېمە ئۈچۈن ئۇ ياكى بۇ پىكىر خۇددى شۇنداق، باشقىچە ئەمەس، دېگەن مەنە يوشۇرۇنغاندۇر. پاكىتلاردا يوشۇرۇنغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەنىسىنى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتىنى تولۇقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسەتنى ئۆز ئالدىغا قويغان بەدئىي ئەسەردىن روشەن، ئېنىق تىل، پۇختا تاللاپ ئىشلىگەن سۆزلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. (كلاسسىك يازغۇچىلار) خۇددى ئەنە شۇنداق تىلدا يازدى. ئۇنى ئاستا. ئاستا يۈز يىللار داۋامىدا ئىشلىدى»①.

ھەر قانداق تىلغا مەنسۇپ بولغان تاكامۇللۇق تىلنىڭ دەسلەپتە ئالاقە ۋاستىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشى، ئاندىن ئالەمنى بىلىش ئامىلىغا ئايلىنىشى ۋە ناھايىتى ئىنسان ئۈچۈن ئېستېتىك زوق بېرىشكە قادىر بولۇشىدىن ئىبارەت باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى.

تىل تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە نورماتىۋ ھادىسە بولۇپ، ئېستېتىك تەربىيىۋى ۋە مەنىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. پوئېتىك تىل ئۈچۈن كۆرەش ھەر دائىم ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆرەشنىڭ، ئىلغار مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئۈچۈن كۆرەشنىڭ تەركىبىي

---

① م. گوركى «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2- توم، 412- بەت.

قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تىل ئەسەرنىڭ پۈتۈن ئىچكى ئالەمىنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك بولۇپ، شېئىرىيەتنىڭ پۈتۈن كومپىلىكتلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى كۆپ قىرلىق ۋاستىدۇر. ئۇ قەھرىمان خاراكتېرىنى ئىجادىي مېتود ئاساسىدا شەكىللەندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇشتا، ئۇنى ئىپادىلەش، تىپىكلەشتۇرۇش، ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينايدۇ.

پىكىر تىل ئارقىلىقلا ۋەقەلىككە ئايلىنىدۇ. تىلنىڭ جازىبىدار بولۇشى شائىر تالانتىغا باغلىق. كىشىلەر سۆز خاراكتېرىنى ئىدېئال دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئوبرازلىق ئىپادىلەر، بەدىئىي ۋاستىلەر ھەربىر خەلقنىڭ خاراكتېرى، ھايات ئۇسۇلى، جۇغراپىيىۋى شارائىتى، ئىجتىمائىي مۇھىتى، مىللىي ئەنئەنىلىرى، ئېستېتىك دىتى، ئىقتىسادىي ھەرىكەت پائالىيىتىگە باغلىق ھالدا كېلىپ چىقىدۇ.

شېئىرىيەت تىلى نەسرىي ئەسەر تىلىدىن پەرقلىق ھالدا مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىككە — (1) ھېس ۋە يېڭى ئىلغار پىكىرگە، (2) قويۇق بوياققا، (3) لاكونىزملىققا ئىگە بولىدۇ.

ئارىستوتېل شائىرنىڭ ستىلىستىك ۋاستىلىرىنىڭ ئىچىدە شېئىرىيەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان شەكىلنىڭ بىرى بولغان ئىستىئارە (مېتاپورا) غا ئۇستا بولۇشنى «ئىستېدادىنىڭ بەلگىسى» دەپ قارىغانىدى. شېئىرىيەت تىلدا ئىستىئارە، نەپىسلىك ۋە ئېنىقلىق بىلەن ئويغۇنلاشقاندىلا، ئۆزىنى ئاقلىيالايدۇ، ئەكسى ھالدا ئۇ شېئىرىيەت تىلى بولۇش ھوددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئىستىئارىۋىلىق قانچىلىك خاتا بولسا، ئۇنى قوللانماسلىقمۇ شۇنچىلىك خاتا. شېئىرىي تىل شۇنداق بىر پۈتۈن ئوبرازلىق سىستېمىكى، ئۇنىڭدىكى خاراكتېر ۋە تەسۋىرلەرنى ھاسىل قىلىشتا ئوبرازلىق ئىبارىمۇ، ئاددىي

سۆزمۇ قاتنىشىدۇ، چۈنكى پىكىرنى ھەر دائىم پەقەت ئىبستىئارە بىلەنلا ئىپادىلەش قىيىن. مۇنداق قىلىشمۇ شەرت ئەمەس.

ئۆز مەقسەتلىرىگە قايىناق ھېس، زور پىكىرلەر ياردىمىدە ناھايىتى ساددا تىل ئارقىلىق، بەزىلەر مىسرالارنى فونېتىك جەھەتتىن خوش ئاھاڭ قىلىپ قۇرۇش ئارقىلىق ۋە بەزىلەر مۇئەييەن ستىلىستىك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. ئەمما شېئىرىيەت تىلىنىڭ نەسرىي ئەسەر تىلىغا نىسبەتەن ئومۇمەن بوياقلىق بولۇشى ئاكسىئومادۇر.

شېئىرىيەت تىلى نەسرىي ئەسەر تىلىغا قارىغاندا رومانتىكراق، سېھرىي كۆچكە تولۇق. شۇ سەۋەبتىن تەپەككۇر قىلىش، مەنە ۋە ئىپادىلەرنىڭ شۇنداق نازۇك تەرەپلىرى ۋە دەرىجىلىرى ھەم ئۇچرايدىكى، ئۇلار نەسرىي ئەسەرلەرگە خاس ئەمەس. ئەدەبىي تۈرلەر، تۈرلۈك شېئىرىي ژانىرلار (تۇيۇق، مۇۋەششەھ، مۇئاممە... ۋە باشقىلار) بىلەن باغلىق بولغان پەزىلەتلەر، شېئىرىيەتتىكى ستىلىستىك ۋاسىتىلەر ۋە پرىيوملار، سۆز ئويۇنلىرى ۋە مورفولوگىيىلىك، سىنتاكسىلىق پەرقلەر (ئىنئۇۋېرسىيە، رىتورىك سوئال، رىتورىك ئۈندەش ۋە باشقىلار)، شېئىرنىڭ مۇزىكىلىقى، قاپىيە، تۇراق، بەند، فونېتىك بېزەش ۋە ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلار شۇ قاتارغا كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم شېئىرىي تىلنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ئاددىي نۇتۇققا قارىغاندا بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدۇ.

ياخشى شېئىرىي ئەسەرنى ئۇ ياكى بۇ شېئىر ئامىللا ئەمەس، بەلكى ھەممە شېئىر ئامىللىرىنىڭ مەزمۇن تەقەززاسى بىلەن گارمونىيىسى پەيدا قىلىدۇ.

شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ بەدىئىي تىلى بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن شېئىرىي بەدىئىي تىلنىڭ سۆز ئويۇنى، ھەرپى ئوبراز يارىتىش شەكىللىرىدىن باشقا ھەممە

خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئۇ قايغۇ ھەسرەتنى ئىككىلا مىسرادا مۇنداق ئوبرازلاشتۇرىدۇ:

لەھزەئى[1] بولماي جاھاندا خاتىرەم غەمدىن فەراغ،
كىم غەمدىن تۇشمىش ئانىڭ ماشمە بىر پارچە تاغ.

ياكى:

غۇنچەدەك قان باغلاغان كۆڭلۈڭ ئاچىلغاي، ئابىدا،
گۇلشەنى كويىدا تۇشسە باشىڭ ئۆزرە شەبنەمى.

بىرلا مىسرادا ئوبراز، قىياپەت يارىتىش:

سۇبھي تارىن رەشتەئىي زۇننارغا قىلدىم بەدەل.

مۇنداق ئەھۋالنى شائىر شېئىرىيىتىدىن خالىغانچە تېپىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا شائىر ئابىد قۇمۇلى ئۆز ئىجادىدا زۆرۈرى غايىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئىنسان ئوبرازىنىڭ ئىپادىۋى بەدىئىي شەكىللىنىش تارىخىدىن ئىبارەت بولغان لىرىك قەھرىمان خاراكتېرىنى ئۇتتۇقلۇق يارىتىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا يۇقىرى پەللىلەرنىڭ بىرىنى ئىگىلەشكە سازاۋەر بولغان. لېكىن ئۇنىڭ تىلىدىكى ئەرەب، پارس تىلىنىڭ خېلىلا سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلىشى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇنىڭ ئىجادىغا تاشلىغان قارا سايىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر ئابىد قۇمۇلىنىڭ خۇددى ئاتاقلىق رۇس دېموكرات تەنقىدچىسى بېلىنىسكى ئېيتقان: «مېڭە ۋە يۈرەكنىڭ شۇنداق جايلىرى باركى، ئۇلارغا پەقەت شېئىرىيەت ئارقىلىقلا كىرىش

[1] لەھزە ـ ئەرەبچە، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت.

مۇمكىن» دېگىنىدەك، ئۆز شېئىرىيىتى بىلەن خەلق قەلبىگە كىرىپ كېلىپ، خەلق قەلبىدە ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەيكەل تىكلىگەن شائىر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## شائىر ئابىد قومۇلىنىڭ زاماندashlىرى توغرىسىدا

«بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى «1989-يىل 12-ئاينىڭ 16-كۈنى بىز، ‹بۇلاق› ژۇرنىلىغا ئەسىر ئۆيۇشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قولyazmilar بۆلۈمىدىكى ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقىنىمىزدا ‹باياز› ناملىق بىر قولyazma تېپىلدى. بۇ قولyazmىغا قومۇل ۋاڭىنىڭ ‹مۇھەممەد بەشرى ئىبنى شاھ ئەردە شىر. 1229 ھىجرىيە (مىلادى 1813-1814) يىل› دېگەن خېتى بار تامغىسى بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ ‹باياز›نىڭ XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

‹باياز› ئىچىدىكى شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، دەسلەپكى قەدەمدە 33 نەپەر شائىرنىڭ تەخەللۇسى ياكى ئىسمىنى بايقىدۇق. بۇلار: سەللاھىي، شەمسى، شەۋقى، ئابدۇۋاپ بەگ، نەۋائى، لوتفى، ھۇۋەيدا، سوپى ئاللا يار، مەشرەپ، ھاپىز شىرازى، نەۋبەتى، ۋەجدى، ئەرشى، پۈتۈھى، مەھمۇدى، ئايازى، رەشدى، گودازى، قول سولايمان، ۋافائى، رىزائى، مەشھۇرى، فىراقى، قەرارى، ھوزۇرى، غەيرىتى، ئابدۇزوھورى، مەزھەرى، ئەمىنى، باقى، ئەبدۇراھمانى، نىيازى قاتارلىقلار. قولyazmىدا يەنە بىر قىسىم شېئىرلارغا شائىرنىڭ تەخەللۇسى سېلىنمىغان. بۇ قولyazmىغا يۇقىرىقى شائىرلاردىن بەزىلىرىنىڭ بىرەر يۈز پارچىدىن، يەنە بەزىلىرىنىڭ بىر نەچچە پارچىدىن شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

بۇلار ھەققىدە ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر»[1] دېگەن زور خۇشخەۋەرنى ئېلان قىلىپ، ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى. يۇقىرىقى مەلۇمات ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات مەنبەسىنىڭ نەقەدەر بايلىقىنى يەنە بىر قېتىم خەلقىمىزنىڭ ئېسىگە سالدى.

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990- يىل 3- سانىغا يۇقىرىدا تىپىلغان «باياز» (توپلام) غا كىرگۈزۈلگەن شائىرلاردىن ۋافائىي، رىزائىي، فىراقىي، ھۇزۇرى، قەرارىلارنىڭ غەزەللىرىدىن پارچىلار ئېلان قىلىنىدى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا تامچە سۇدا چەكسىز ئاسمان ئەكس ئەتكەندەك، شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ توپ ئىدىيىسى بولغان ئىنساننى قايتا «ئىختىرا» قىلىش ئىلغار ئىدىيىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىنسانپەرۋەرلىك ھەم راتسىئونالىزمنىڭ پەلسەپە ئاساسىي بولغان پانتېئىزمنىڭ ئۇچقۇنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1991- يىل 1- سانىغا «باياز» توپلامغا كىرگۈزۈلگەن شائىر ئىمىننىڭ ئون بىر غەزىلى بېسىلدى. شائىر ئىمىنى:

دېمە قامۇل خەيلى ئىمىن شوخ بىپەھرىز ئىكەن،
ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يوبارىستىن بىباك ئىكەن.

«ھەي ئىمىن، سەن قۇمۇل خەلقىنى بىپەرۋا، شوخ ئىكەن دەپ ئەيىبلىمە، چۈنكى ئەۋلىيالارنىڭ ئىتى يولۋاستىنمۇ كەپسىزرەك بولارمىش» دېگىنىگە قارىغاندا شائىر ئىمىن قۇمۇللۇق شائىر بولسا كېرەك.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا قارىغاندا ئىستېتىك ئىدېئال

---

[1] «بۇلاق» 1990- يىل، 2- سان، 110- بەت.

جەھەتتىن شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىلغار ئېستېتىك ئىدېئالى پانتېئىزىم ۋە راتسىئونالىزمدىن ئۆسۈپ چىققان ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرى، بەدىئىيلىك جەھەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي كامالىتىگە ئېرىشكەن، فېئودالىزم ئىستىبداتلىق تۈزۈمىگە قارشى ئىسيانكار روھ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

خانىقانى تەرك ئېيتىپ مەيخانە كىردىم قاچىپ،
بولغالى مۇنداغ رىيايى پەرسالىغدىن خالاس.

شائىر ئوتتۇرا ئەسىر زىيالىيسىنى ئىلاھىيەتچىلىكتىن قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

تۇتما ساتا، پىر، ھەر تالىپقا مەي، ئۇ ئىچمىسە،
ئىختىيارىچە قاچان بولغاي فەنالىقدىن خالاس.

شائىر ئىنسانغا مۇھەببەتنى مەككىگە بېرىپ «ھەج» قىلىشتىن يۇقىرى قويىدۇ.

يار ئۈچۈن كەلتۈر رەقىپلەر باشىمە يۈزمىڭ ھەرەج،[1]
قىلغانىڭدىن خاسىيەت مۇندا تولا يۈز قەتلا ھەج.

ئۇ شەرق ئويغىنىش دەۋرى كلاسسىكلىرىنىڭ ئىلاھىيەتچىلىك ئېتىقادى بولغان «ئىمان»دىن ئىنسان گۈزەللىكىنى، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەتنى يۇقىرى قويۇش ئىلغار ئېستېتىك ئىدېئالىنى جاسارەت بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ:

---

① ھەرەج ـ ئەزىيەت، قىيىنچىلىق، مۇشەققەت، قاتتىقچىلىق.

دىلبەرا، ئاي يۈزىدە خالىڭ راھەتى جانىم مېنىڭ،
ئاي يۈزلۈك، ئون تۆت كۈنلۈك ماھى تابانىم مېنىڭ.
سەرۋى قەددىڭ جانىم ئىچرە چۈن ئەلف زىننەتدۇرۇر،
قاشلارىڭدۇر كۆڭلۈم ئىچرە مەددىي ئىمانىم مېنىڭ.

شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئېستېتىك ئىدېئالى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى لىرىك قەھرىمان ئۆزىنىڭ سۆيگۈسىگە ھەددى ھېسابسىز سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى، ئازادلىقى ئۈچۈن قان يۇتىدۇ.

دېمەس بىر قايدا دىۋانە مېنى ئول گۈلئۈزارىم يوق،
بۇ بايىسدىن فىراقىدا ئىشىم جۇز ئاھۇ زارىم يوق.
بولۇپ مەن ھەجرىدە بىچارە رەڭگىمدۇر خازان يەڭلىغ،
سارىغ قايدان بولۇرمەن سەبزە يەڭلىغ نەۋ باھارىم يوق.
چېكىپ پەرياد يۇرۇرمەن كوھى پۇرقەت ئىچرە فەرھاتتەك،
يۈرەكىم داغىدىن ئۆزگە جاھاندا لالەزارىم يوق.
نەچچە ئاھۇ فىغان چەكتىم مۇرادىم بولمادى ھاسىل،
نىگارىمسىز نەچۈك يۈزمىڭ يارىكىشى تاپقان بىلە بولماس.
بىھەمدۇللا مېنىڭ يارىمدىن ئۆزگە ھېچ يارىم يوق.

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1990- يىل 3- سانىغا بېسىلغان شائىر ھۇزۇرىنىڭ يالغۇز بىر غەزىلى سوفىزمىنىڭ ئەكسىيەتچى قىسمى «يەسەۋىچىلىك»كە مىسال بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تىلى ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات تىلىنىڭ

تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقانلىقىدىن گۇمانلانغىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى شائىرلار بەدىئىي ئوبراز يارىتىشقا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەرپىي ئوبراز يارىتىش ئەنئەنىلىرىنى ماھارەت بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ. مەسىلەن:

جانىمدە ئەلىف يەڭلىغ ئول سەرۋى ماكان ئەتمىش،
جىم نۇقتىسىدە داغىن جانىمدە نىھان ئەتمىش.
(ۋافائى)

ياكى:
سەرۋى قەددىڭ جانىم ئىچرە چۈن ئەلىف زىننەتىدۇر،
قاشلارىڭدۇر كۆڭلۈم ئىچرە مەددىي ئىمانىم مېنىڭ.
(ئىمىنى)

يۇقىرىقى شائىرلارنى بەدىئىي تىلدا زور يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بىر بېيىتىدىلا بىر قىياپەتنى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ.

ئاينى كۆر ھەسرەت بىلەن يىغلاپ يۈزىنى تىرماغان،
ئول سەبەبدىن ئۆزدى بار تىرناغلاردا چاك ئىمىش.
(ئىمىنى)

ياكى:
چېكىپ فەرياد يۈرەرمەن كوھى فۇرقەت ئىچرە فەرھاتتەك،
يۈرەكىم داغىدىن ئۆزگە جاھاندا لالەزارىم يوق.
(ئىمىنى)

ياكى:
ئەبىررەئىد ئەمەس فەريادۇ ئەفغان ئەيلەگەن،

شۇ ئىلەئى ئاھىم شەررارى دودى ئافغانىم مېنىڭ.

(ئىمىنى)

مۇنداق مىساللارنى يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن تاپقىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى شائىرلار ئېستېتىك غايە، شېئىرىي ئىستىل جەھەتتىن قارىغاندا ئابىد قۇمۇلىنىڭ زامانداشلىرىدەك قىلىدۇ. يۇقىرىقى پاكىتلارنىڭ لوگىكىسىدىن قارىغاندا، بۇ شائىرلار ئابىد قۇمۇلى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە ناھايىتى زور ھەسسە قوشقان شائىرلار توپىنى تەشكىل قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

# مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى

«چوغتال كەنتى (ھازىرقى ئاقسۇ ناھىيە ئىگەچى يېزىسى) دىكى ‹ھاجى خاراباتى› خانىقاسى ۋە مەقبەرىسىنى ساقلاپ ياتقان 96 ياشلىق مەتىمىن شەيخنىڭ ئېيتىشى ھەمدە ئۇ ساقلىغان باش - ئايىغى يوقالغان ‹ھاجى خاراباتى› تەزكىرىسىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خاراباتىنىڭ ئۆز دەۋرىدە يېتىشكەن ئالىم ۋە شائىر سۈپىتىدە خېلى كۆپ كىتابلارنىڭ ئاپتورى بولغانلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ تەزكىرىدە شائىرنىڭ ئاقسۇ چوغتاللىق بولۇپ، بۇخارادا بىلىم ئالغانلىقى، 92 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى ئېنىق يېزىلغان»[①] ئەنە شۇنداق ئىشەنچلىك يازما تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شائىر مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا خاراباتى ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ چوغتال كەنتىدە 1638- يىلى تۇغۇلۇپ، 1730- يىلى دۇنيادىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇ دەسلەپكى مەلۇماتنى ئۆز يۇرتىدا ئېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەنلىكىگە قارىغاندا، شائىرنىڭ ئائىلىسى ئۆز زامانىسىدا خېلىلا باي، ئوقۇمۇشلۇق، مەدەنىيەتلىك ئائىلە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. شائىرنىڭ ئىسمى مۇھەممەت بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا، «خاراباتى»[②] شەرق شائىرلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەرىكەت-پائالىيىتىگە خاس شائىرنىڭ

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981- يىل، 2-سان، 280-، 281- بەتلەر.

② خاراباتى - ئۆز كۆز قارىشى، ئېتىقادى يولىدا كۈرەش قىلىپ خاراب بولغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تەخەللۇسىدۇر.

شائىرنىڭ تۇغۇلۇپ - ئۆسكەن شەرت - شارائىتى، سىياسىي-ئىجتىمائىي مۇھىتىنى ھېسابقا ئالغاندا، شىنجاڭدا جوڭغار ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغۇچى باتۇر قونتايجى زامانىسىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدا ئىستىبدات ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئەۋلادلىرى غالدان قونتايجى، رابدان چىۋاڭ، غالدان چېرىن قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغ دەل ئالتە شەھەردە سىياسىي ھاكىمىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاق تاغلىقلار ۋەكىلى ئاپاق خوجا قورچاق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەۋردىن تارتىپ، ئۇنىڭ بىر نەچچە ئەۋلادى ھۆكۈم سۈرگەن، ئاخىرى قارا تاغلىقلار ۋەكىلى دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجا (خوجا جاھان ئەرشى) ھاكىمىيەتكە چىققان دەۋر ئىدى. شائىر خاراباتى مانا مۇشۇ خوجا جاھان ئەرشى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان بىرىنچى يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھوكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن دەۋر سىياسىي جەھەتتىن شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭ مۇستەبىت، ئەڭ ئىستىبدات، ئاق تېررورلۇققا تولغان دەۋر بولغان بولسا، مەدەنىيەت جەھەتتىن، مەدەنىيەت جاللاتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ۋەھشىي قاتىل جاللاتلىرى ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى — سوپى، ئىشانلار قورئان، ھەپتىيەكتىن باشقا نەچچە ئەسىرلەپ، خەلق ئەقىل - پاراسىتىدىن يارالغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى جاھىللىق بىلەن تەلۋىلەرچە كۆيدۈرۈپ تاشلىغانىدى، خەلقنى بۇنداق نادانلىق ئاسارىتىدە تۇتۇش جوڭغار ئاقسۆڭەك ھاكىمدارلىرى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ خەلق دۈشمەنلىرىنى، ئۇلارنىڭ بۇ جىنايى قىلمىشلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيتى.

شائىر مانا شۇ سىياسىي جەھەتتىن شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ژاندارمىسىغا ئايلانغان. روھىيەت جەھەتتىن سوفىزمنىڭ راسا ئەۋج ئالغان ئىس - تۈتەكلىرى پۈتۈن مەدەنىيەت ئاسمىنىنى قاپلىغان زاماندا ياشىدى.'

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر خاراباتى بۇخارادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىدا ئىمام ۋە مۇدەررىس بولغان، كېيىن ئۆزى ئىگىلىگەن ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، پەلسەپە، ئىلاھىيەت ئىلمى بويىچە شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن دۇنيا قارىشى بويىچە، سوفىزم مۇرىتلىرىنىڭ مىستىك، چۈشكۈن، نادان دۇنيا قارىشى ۋە سىياسىي جەھەتتىن فېئوداللار سىنىپى ۋە جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا قول بولۇشتەك ئەكسىيەتچى قاراشلار تەرەپدارلىرى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ، مۇنازىرە يالقۇنى گۈلخانىدا غەرق بولۇپ، مال - مۈلكىنى مۇساپىرلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، تەركىدۇنياچىلىقتا ئىجادىيەت، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللاندى دېسە، بەزى ماتېرىياللاردا ئۇ ھەجگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1987-يىللىق بىر سانىدا «ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىنىڭ مازىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدە «ھاجى خاراباتى مەسچىتىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى» ، «ھاجى خاراباتى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ جەستى ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەقبەرە»نىڭ ھەيۋەتلىك رەسىمى بېرىلگەن. بۇ ماقالىدە: «نامى ئۆچمەي كېلىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەقبەرىسى ھەمدە ئالىمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن سېلىنغان ھاجى خاراباتى مەسچىتى ئالىم دۇنيادىن ئۆتۈپ ئارىدىن تەخمىنەن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىنا قىلىنغان، ياسالغىنىغا 230 يىل بولغان بۇ مەسچىتنىڭ بىر قىسىم تام نەقىشلىرى بىرەر قېتىممۇ رېمونت

قىلىنمىغاچقا. يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ......» دېيىلگەن. بۇ پاكىت بىرىنچىدىن، شائىرنىڭ مەككىگىمۇ بارغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، شائىر ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى ۋە شېئىرىيەت ئىلاھىيەت ئىلمى ئارقىلىق خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۇلۇغۋار زاتقا ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ جايدا شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوتتۇرا ئەسىر خەلق سەنئىتى ھۆكۈمران ئىلاھىيەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ شۇنچە ئېغىر بېسىمى ئاستىدىمۇ يەنىلا «گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىش» يولىنى بويلاپ داۋاملىق راۋاجلانغاندى. مەسىلەن: بىناكارلىق سەنئىتىدە دىنىي مەزمۇنلار خاراكتېرىنى ئالغان ھېكايەتلىك سۈژېتقا ئىگە بولغان مەزمۇنلارمۇ دىن دائىرىسىدىن ھالقىپ رېئالىزم تۈسىنى ئالدى، كەڭ خەلق ئاممىسى فېئوداليزمغا قارشى ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ھېسسىيات ۋە ھەرىكەتلەردە بولدى. بۇ چاغدا دىن بىر تەرەپتىن فېئودال ھۆكۈمران سىنىپ ئۈچۈن قوللاشتۇرۇش قورالى دەپ تونۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىزىلگۈچى سىنىپ ئۈچۈن «تەڭرى ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دېگەن مەنىدە نىجات يولى، قۇتقازغۇچى مەنىسىدە تونۇلغانىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي تۈس ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ خەلققە، خەلقنىڭ ئېتىقادىغا يېقىنلىقىنى، خەلقنىڭ نىجات ئارزۇسىغا يېقىنلىقىنى ئىپادىلىدى. چۈنكى بۇ چاغدىكى دىنىي رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىي شەكىل بىلەن ئىپادىلىنەتتى. خەلق دىنىي پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك جاپا چەككەنلىكى ۋە ئۆزلىرىنىڭ باراۋەرلىكى ھەققىدە سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار دېموكراتىك، خەلقپەرۋەر، «دىنىي» قاراشلار ئارقىلىق ھاكىممۇتلەق، زالىم فېئوداللارغا ۋە ئۇلارنىڭ مۇتەئەسسىپ دىنىي ھامىيلىرىغا قارشى تۇرۇشنى خالايتتى.

چىركاۋ، ئىبادەتخانا، جامائەت مەسچىتلىرى، مەكتەپ مەدرىسلەر، قەبرە - مەقبەرىلەر، ئۇردا ھەرەملەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مەيلى غەربتە، مەيلى شەرقتە بولسۇن ئاساسلىق بىناكارلىق ۋە باشقا سەنئەت شەكىللىرى ئىبستېتىك پىكىرلەرنىڭ ماھارەت مەيدانىغا ئايلانغانىدى. بۇ بىناكارلىق نەققاشلىقى تام سۈرەتچىلىكىنى، ھەيكەلتاراشلىقىنى، ئۇسخىچىلىقنى راۋاجلاندۇردى. بۇ سەنئەتلەر گەرچە دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلسىمۇ، يەنىلا خەلق ئەمگىكى، خەلق سەنئىتىنىڭ مېۋىسى ئىدى. ئۇ مەزمۇن، ئۇسلۇب جەھەتتىن دىنىي چەكلىمىلەردىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەنىدى. مەسىلەن: دىنىي رەسمىيەتلەر، پەرىشتىلەر، بۈۋى مەريەم سۈرىتى ئەمەلدە يەردىكى ئاياللار گۈزەللىكىدىن ئېلىنغان تىپىكلىكىنىڭ ئىنسانىي ئىستىپادىسى ئىدى. ... بۇلاردىن باشقا سىزىلغان تۆمۈرچى، مەرگەن، دېھقان، جەڭچى، تىجارەتچى، ھەر خىل ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈرەتلىرى تولۇق رېئالىزم تۈسىگە كىرگەن ئىنسان غايىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئويغىنىش دەۋرىگە كەلگەندە، ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى خەلقچىللىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدى. بۇنىڭغا غەربتە دانتىنىڭ «ئىلاھىيەت كومېدىيىسى»، شەرقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆلگىلىك مىسال بولالايدۇ.

ئەنگېلس ماركس ئوتتۇرا ئەسىر دىنى توغرىسىدا: «باقىي ئالەم ھەقىقىتىكى ھەقىقەتلەر غايىب بولۇشى بىلەن تارىخنىڭ ۋەزىپىسى پانىي ئالەم ھەقىقەتلىرىنى بەرپا قىلىش ئىدى» دېسە، ئېنگېلس تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ: «ئۇلار (خەلق) دىن، ئىبادەتخانىلار باقىي ئالەمگە يۆتكىۋەتكەن نەرسىنى پانىي ئالەمگە قايتۇرۇپ كېلىشنى خالايتتى» دېگەنىدى.

شائىر خاراباتى گەرچە بۇ دەۋردىكى فېئوداللىزمنىڭ چىرىك روھىي تىرىكى بولغان سوفىزم مۇرىتلىرىنىڭ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى بولغان ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دىكتاتورىسىنىڭ ۋەھشىيلەرچە قورشاۋىدا جىسمانى شەكلەن يېڭىلگەن، «خاراب» بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خەلق قەلبىگە سىڭىپ مەڭگۈ يېڭىلمەس كۈچكە ئايلانغانلىقى بۈگۈنكى كۈندە ئىسپاتلىنىپ تۇرۇپتۇ.

شائىر ئەسەرلىرىنىڭ ھەممە يېرىدە خۇلاسە تەرىقىسىدە، نەپرەت شەكلىدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان:

مەن ئىچۈك ئەيلەي كۆڭۈلنى شادلەر
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلەر.

دېگەن قەسەمدەك جاراڭلىغان قاتتىق نارازىلىق ئىجتىمائىي ئاھاڭ شائىرنىڭ بۇ زۇلمەتلىك فېئودال جەمئىيەتنىڭ بارلىق جىنايى ئىللەتلىرى بىلەن باشتىن - ئاخىر جان تىكىپ ئاخىرغىچە جەڭ قىلىشتەك تەۋرەنمەس قەيسەر ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شائىر ۋاپاتىدىن 20 يىل كېيىن ئۇنىڭ نامىغا سېلىنغان «ھاجى خاراباتى» جامە مەسچىتى ۋە مەقبەرىسى ھەمدە ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىش قارارگاھىغا ئايلىنىشى، شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆز زامانىسىدىكى ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانلىقىنىڭ، خەلق مەنپەئىتىنى قوغدىغان دېموكراتىك روھىنىڭ چەكسىز بايلىقى، بۇ روھ خەلق قەلبىدە ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەش كۈچىگە ئىگە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر ھاياتىدا 13 مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىر يېزىپ

بىزگە مىراس قالدۇرغان. بۇ شېئىرلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنى «كوللىيات مەسنەۋى خاراباتى»[1] دېگەن نام بىلەن توپلام قىلغان. توپلامنىڭ ئىسمىمۇ ئىخچام، مەنىلىك قويۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشىگە بىر قاراشتىلا شائىر ئىجادىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى، ئۇنىڭ يېزىلغان شەكلىنى، شائىر تەخەللۇسىنى ئەسلىتىدۇ.

«كوللىيات مەسنەۋى» نىڭ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن ئۈچ نۇسخىسى بار. بىرىنچىسى، موللاغوجاش دېگەن كىشى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1248. يىلى (مىلادى 1839. يىلى) كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ گورۇپپىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاقسۇ «ھاجى خاراباتى» مەقبەرىسىنىڭ شەيخى مەتتىمىن شەيخ بىلەن بەش توگمەنلىك ھاشىم مەزىنئاخۇنۇم قولىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىلىرى، ئۈچىنچى، ئاقسۇ بازار ئىچى كۆكتاتچىلىق ئەترىتىدىكى سەمەت قارىدىن سېتىۋېلىنغان نۇسغا بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىتابخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان باسما نۇسخىسىدىن ئىبارەت. بۇ كىتاب ھىجرىيە 1327. يىلى (مىلادى 1909 - يىل) مەرپەتپەرۋەر مەرھۇم بىن شاھى يۇنۇسنىڭ شەخسىي خىراجىتى بىلەن تاشكەنت ئارىپجانوۋ مەتبەئەسىدە بېسىلغان باسما نۇسخىلىرى ھەم موللا مۇزەپپەر شۇكۇر مۇھەممەت ئوغلىنىڭ شەخس خىراجىتى بىلەن تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىلىرى ھازىر خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا چەت ئەللەردە «مەسنەۋى خاراباتى»، «كوللىيات مەسنەۋى خاراباتى» (بۇ ئىككى كىتابنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىچىگە ئالغان

---

① كوللىيات - پۈتۈن، تولۇق، بىر يۈرۈش مەسنەۋى، ئارۇز ۋەزنىنىڭ شەكلى، خاراباتى-شائىر تەخەللۇسى.

مەزمۇنى ئوخشاش) دېگەن ناملار بىلەن ئارقا - ئارقىدىن بېسىلىپ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

1987- يىل يولداش ئېزىز سابىتنىڭ جىددىي ئىزدىنىشى، كۆپ تەكشۈرۈپ ئۆگىنىشى نەتىجىسىدە «كوللىيات مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ سەل - پەل قىسقارتىلغان ۋە تىلىدىكى بەزى ئەرەب-پارس ئاتالغۇلىرىغا بېرىلگەن ئىزاھات بىلەن ئىشلەنگەن نۇسخىسى «قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلگەنلىكى چوڭ ئىش بولدى.

بىز تەھلىلنى ئەنە شۇ نۇسخا بويىچە ئېلىپ بارىمىز.

## - «مەسنەۋى خاراباتى» توغرىسىدا

«مەسنەۋى خاراباتى» ئەدەبىيات نەزەرىيىسى نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلىنىپ شائىرنىڭ ئەخلاق قاراشلىرىنى، پەلسەپە، ئېتىكا، ئېستېتىك، دىداكتىك قاراشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرىنى بەدىئىي ئوبرازلار شەكلى بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

ئەخلاق بەلگىلىك جەمئىيەتتىكى بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئەڭ قەدىمىي شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ شۇ جەمئىيەتنىڭ كىشىلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، سىياسىي - ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە قوللىنىلىدىغان قائىدە - قانۇنلىرى ئۆلچىمىدۇر.

ئەخلاق تارىخىي كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ مەلۇم ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگىرىپ كەلدى. جەمئىيەت تارىخىدا ھەر بىر

ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئەخلاق پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىي سىستېمىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىگە خاس كەڭ سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

ھازىر دۇنيادا مەدەنىيەت توغرىسىدا خىلمۇخىل تەرىپلەر بار. بۇلارنى يىغىپ ئېيتقاندا، ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ، بىرىنچىسى، مەدەنىيەت ــ جەمئىيەت تەرەققىيات دەرىجىسىنىڭ سىنونىمى دېگەن خۇلاسىگە كەلسە، ئىككىنچىسى، قىممەتنىڭ رېئاللاشقان دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بىرىنچى مەنىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ سەۋىيىسى نۇقتىسىدىن «ئەمگەك مەدەنىيىتى»، «تەپەككۇر مەدەنىيىتى»، «ئەخلاق مەدەنىيىتى» ۋە باشقىلار ... دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان ئەمگىكى ياكى ئەقلىي ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن يارىتىلغان ئىجادىي مەھسۇلاتتۇر. مەدەنىيەت يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنساننىڭ قابىلىيىتى ۋە پائالىيىتى ئارقىلىق يارىتىلغان مەھسۇلات بولۇپ، ئادەم ئەمگىكىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئادەمنىڭ دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان ھەممە نەرسىسى بولۇپ، ئۇ ماددىي ھەم روھىي قىممەتكە ئىگە. ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەتنىڭ سۇ بۇلگۇچىسى ئىنسان تەلىپىدۇر. ئىنسان ئەمگىكىدىن يارالغان، ئىنسانلارنىڭ ماددىي تەلىپىنى قاندۇرىدىغان نەرسە ماددىي قىممىتى بار نەرسە دېيىلىدۇ. جۈملىدىن ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ روھى ــ ئەقلىي ئەمگىكى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن، ئىنسانلارنىڭ روھىي تەلىپىنى قاندۇرىدىغان نەرسىنى روھىي قىممەتكە ئىگە نەرسە دەپ ھېسابلايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئاساسىي روھىي قىممەت — پەن، ئەدەبىيات، سەنئەت (دەسلەپكى دەۋرلەردە ئېتىقاد ھەم

دىن) ئەخلاق ئارقىلىق رېئاللاشتۇرۇلىدۇ. ئەنە شۇ يۇقىرىقى قىممەتلەرنىڭ يادروسىنى ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت تەشكىل قىلىدۇ. بۇ جايدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى روھىي قىممەتنى تەشكىل تاپتۇرىدىغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ۋە سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سىستېمىدا ئەخلاقنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقىغا ھېچكىم شەك كەلتۈرمەيدۇ.

ئەخلاقنىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئادەمگە، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتقا ۋە تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتى مېھرى - مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. ئادەم ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىدۇر. بۇ پەلسەپىۋى ۋە تارىخىي ئەھۋاللار مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ئەخلاقنىڭ قىممىتىنىڭ تۇتقان ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي جەھەتتىن ئەگەر پلاتون قارىشىدىكى «مېھرىبانلىق»نى مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ بىر ئاملى دەپ ھېسابلىساق، سوكرات «مېھرىبانلىق»، «ئەقىل» دېگەن كاتېگورىيىلەرنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغان. پلاتون «ئەقىل»، «گۈزەللىك» مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئارستوتېلنىڭ تېرىئادىسى بولار مەركەزلەشتۇرۇلۇپ، مېھرىبانلىق، ھەقىقەت، گۈزەللىك كاتېگورىيىلىرىنى شەكىللەندۇرگەن. مانا بۇلار ئەخلاقنىڭ ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى يادرولارنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قەدىمكى ئىنسانغا مۇھەببەت، مېھرىبانلىقنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تارىخىدىكى ئاتالغۇسى ئىنسانپەرۋەرلىكتۇر. تارىختا ئىنسانپەرۋەرلىك ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر يادروسى بولۇپ، بىر پۈتۈن تەرەققىياتىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ كەلدى.

ئىنسانپەرۋەرلىك ئىنسانغا مۇھەببەت، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا غەمخورلۇق، ئۇنىڭ غەلىبىسىگە ھۆرمەت بىلەن قارايدىغان ئىپادىسى بىلەن

گەۋدىلىنىدۇ. ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتى ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن بېيىيدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ.

بۇ رۇنقى ئەخلاقنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋىتىنى كونكرېت كۆرسىتىدىغان شەكلى بولسا مېھرىبانلىق. ئۇنىڭ ھازىرقى شەكلى بولسا يولداشلىق، كوللېكتىپىزىم، ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزملىقتۇر. بۇ شەخسنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ كونكرېتنى ئىپادىسى كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، ئالىيجانابلىق، پرىنسىپاللىق، چىداملىق، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىقتۇر.

بىرەر كىشىنىڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگىنىدە، ئىككىنچى بىرىگە شەپقەت قولىنى سوزغان سۇبيېكتىپ ئەخلاقىي ھەرىكىتى مېھرىبانلىقنى پەيدا قىلىدۇ. مۇنداق مېھرىبانلىق ماددىي، جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىكى شەكىلنى ئېلىشى مۇمكىن، مۇنداق ھەرىكەتنىڭ بۇ تەرىپى ئالىيجانابلىق، شەپقەتلىك ھەرىكەت تۈسىنى ئالىدۇ. بۇ تەرەپ سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئانچە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى سەزمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ ئوبيېكتى ئۇنىڭ تەسىرىدە قارشى تەرەپكە مېھرى ئىسسىقلىق، سۆيۈملۈكلۈك، ھاياجانلىق، خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ئەخلاقىي قانائەتلەندۈرۈش، ئاڭلىق ھالدا ئىنسانىي بۇرچىنى تولۇق بېجىرىش ساپ ۋىجدانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى شەپقەتلىكنىڭ روھىي پسىخولوگىيىلىك تەرىپى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەدەنىيەتنىڭ يادروسى قىممەت، قىممەتنىڭ يادروسى ئادەمدۇر. بۇنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى ئىجاد قىلىشتۇر. پەن ھەقىقەتنى ئىجاد قىلىدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭدا دۇنيانى بىلىش، چۈشەنچىلەر كاتېگورىيىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سەنئەت گۈزەللىكنى ئىجاد قىلىدۇ. ئۇ گۈزەل

دۇنيانى گەۋدىلەندۈرگەن خىلمۇ خىل ئوبرازلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئەخلاقىي ئىجاد شەپقەت بولۇپ، شەپقەتلىك بولۇش ئادەمگە مۇھەببەت، ئەركىنلىك ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن جەمئىيەت ھەم تەبىئەت ئۈستىدىن قازانغان ئۇتۇقلىرىغا ھۆرمەت بىلەن قاراشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئىجاد قىلىشتۇر. ئەخلاق ئىجاد قىلىشنىڭ شۇنداق كۆرۈنۈشكى، ھەقىقىي ئىنسانلىقنىڭ روھى ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىدىغان ۋە ئۇنىڭ تارىخىي كونكرېت شەكلىدۇر.

شەپقەتلىك ئەخلاقىي مەدەنىيەت بولسا مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئاممىۋى شەكلى بولۇپ، مەدەنىيەتنىڭ يەنە باشقا شەكىللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بېيىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئامىلى ۋە ھەقىقىي ئىنسان مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆلچىمى دېيىش مۇمكىن.

ئوتتۇرا ئەسىر، بولۇپمۇ فېئودالىزم جەمئىيىتى ناھايىتى ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىكى شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ «ئەخلاق» تېمىسىغا بېغىشلىنىشىنىڭ، «دىداكتىكا» نىڭ كۆپرەك بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ شارائىت ئېھتىياجى، ماددىي ئاساسنىڭ نەتىجىلىك ئىنكاسى بولسا كېرەك.

شائىر خاراباتى يىرىك ئىلاھىيەت نەزەرىيىچى — ئۆلىما ھەم ھەقىقىي سوفىست ئىدى، چۈنكى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيىنىڭ بارلىق شەكىللىرى، پەلسەپە، سىياسىي، قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلىكى قىلىپ قويۇلدى ...، شۇڭا ئۇ چاغدىكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئىلاھىي تونى ئېلىشقا مەجبۇر ئىدى. پۈتۈنلەي دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ

ھېسسىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، زور ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى دىنىي تون كىيگۈزۈپ، ئوتتۇرىغا چىقىرىش كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بونداق شارائىتتىن قەتئىي خالىي بولالمايتتى. ئىككىنچىدىن، ئىنسانىنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش تېگى تېخى ناھايىتى يىراق بولغان شارائىتتا دىنىي تەلىماتلار يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر جەھەتتىن، ئايرىم مۇتەئەسسىپ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خەلقنى قۇللاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان بولسا، خەلق ئۈچۈن بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ نىجات يولى بولۇپ كۆرۈنەتتى، چۈنكى ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي تەلىماتلىرىنىڭ ئىجادچىلىرى مەيلى ساكيامونى، مەيلى ئەيسا، جۈملىدىن ئىسلام تەلىماتىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بولسۇن ئۇلارنىڭ تەلىماتىدىكى «باقىي ئالەم» ئېزىش-ئېزىلىشنى بىلمەيدىغان «ھەممە خۇدا ئالدىدا باراۋەر» غايىۋى «ئالتۇن جەمئىيەت» ئىدى. شۇ جەمئىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان يوقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئويلىغان ئويلىرى، ئېغىر مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلىرى ئوخشىشىپ كېتەتتى. شۇڭا خەلق ئۇلارنىڭ «ئاللا ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دېگەن دىنىي دېموكراتىك شوئارلىرىغا چىن قەلبى بىلەن، «ئىمانى» بىلەن ئىشىنىپ فېئودال زۇلمىغا، بۇ زۇلۇمنى قوللاۋاتقان ئاز ساندىكى دىنىي مۇتەئەسسىپلەرگە قارشى كۈرەش قىلاتتى. ئۈچىنچىدىن، سوفىزم VIII ئەسىردە ئىسلام خەلىپىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى مەيدانغا كەلگەنىدى. سىياسىي كۈرەشتە ئۇلار قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە بولغان ئىسلام خەلىپىسگە تەڭ

كىلەلىگەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ ئوتك قانىتى چۈشكۈنلىشىپ فېئودالىزمنىڭ خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان روھىي تۈۋرۈكىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا؛ سول قانىتى ئۆزلىرىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ، كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنى «تەجەللىي» قىلغان (يارانقان) ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ماددىي دۇنياغا بولغان ئۆزلىرىنىڭ نەپسىنى «قەتئىي يىغىپ، چەكلەپ» تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتۇپ، زاھىتلارغا ئايلىنىپ، ئۆز مۇھەببەتلىرىنى ئاللاغا بېغىشلاشتى...، بۇلاردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارغا بولغان ئۆچمەنلىك؛ ئۇلارنىڭ زۇلمى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان يالغان سوپى، ئىشان، شەرئەت ۋە ئۇلارنىڭ ھامىيلىرىغا قارشى نەپرەت، ئۆچمەنلىك كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى خەلق ھىمايە قىلاتتى. شائىر خاراباتى ئەنە شۇ «دىنىي پاكلىنىش» نۇقتىسىدا، «ھەقىقىي سوفىزم» نۇقتىسىدا ۋە «خۇدا ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دېگەن «دىنىي دېموكراتىيە» نۇقتىسىدا تۇرۇپ فېئودالىزم ئىستىبداتىنى ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكىگە ئايلىنىپ كەتكەن سوفىزم شەرئىتىنى پەلسەپە، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي نۇقتىدىن تەنقىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئەمما ئۇ ئىجادىي پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغاندا بەدىئىي تەپەككۇر شەكلىگە تايىنىدۇ.

بەدىئىي تەپەككۇر شەكلىگە تايانغان چاغدا، ئۇنىڭ شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرى، خەلق تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى ئۇنى بەدىئىي مېتودلارنىڭ بىرى بولغان رېئالىزم مېتودىغا يېقىنلاشتۇردى. ئۇ ئىجادىيىتىدە قوللانغان رېئالىزم مېتودى ئۆزى خالىغان ياكى خالىمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقچىللىقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

شائىر خاراباتى يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەر، يۇقىرىقى مەيدان، يۇقىرىقى بەدىئىي مىتود ئارقىلىق جۇڭغار خوجىلار جەمئىيىتىدىكى رىئاللىقا ئىبتىك ياندىشىپ خوجىلارنىڭ قىبىھدالىق زۇلمەت دۇنياسىنىڭ سۈرىتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئەي ئوغۇل كۆڭلىڭدە تۇت بۇ ياخشى پەند:
ئاسىلار گورگى[1] ئولدى، مۇئمىن گوسفەند[2].
ھەممىسى بىر-بىرىنىڭ قەسدىدەدۇر،
تىخ زەھەر ئالۇد ھەم دەستىدەدۇر.
تۈن-كۈن ئوغلى ئاتاغا موددىئا،
ھەم قىياس دوختەر[3] ئاناغە موددىئا.
..............................
ھېچكىمى قورقماس كىشىنىڭ ھەققىدىن،
يادىغا كەلمەس ھەقىقەت قەھرىدىن.
خاھى غەنىيو، خاھى گادا يۇ شاھ ھەممە،
خاھى شەيخو، خاھى سوپى ۋە مۇللا ھەممە.
خاھى قازى، مۇفتى، خاھى موھتەسەپ[4]،
ئىستەمەس ھەرگىز ھالالدىن نەسىپ.
نەفس شەيتاندۇر داۋام ھەم سۆھبىتىڭ،
كەتتى سەندىن دىل بىلە ھەم مىللىتىڭ.
ھېچكىمدە يوقدۇرۇر بىر پاكى ھەلىق،
بارچەنى ئالودەدۇر ناپاكى ھەلىق.
ھېچكىمدە يوق دۇرۇر شەرمۇ ھايا،

---

① گورگى ـ بۆرە.
② گوسفەند ـ قوي.
③ دوختەر ـ قىز.
④ مۇھتەسەپ ـ ھېساب قىلغۇچى، تۇستۇغۇچى، مەنئى قىلغۇچى، ساقچى.

ھېچكىم بولماس بىر ـ بىرىدىن رىنژا.
ھېچكىمدە يوقتۇر مېھرى ۋاپا.
بىر ـ بىرلەرىغە قىلۇر جەۋرۇ جاپا.
بى خەۋەردۇر پارچە ھەقنى ئەمرىدىن،
ھېچكىم قورقمايدۇ ھەقنى قەھرىدىن.
ھەممە مەنلىك بىلەن قىلغاي تەكەببۇر،
ئۆزىنى ئەسلى قىلماس تەكەببۇر.
خالى ئەرمەس ھېچكىم ۋەسۋەسىدىن،
پاك ئەرمەس كۆڭلى ھەم خانناسىدىن.
كىمدۇر بۇ ئالەم ئارا دۇنيىسىز كىشى،
ھەرنە مەشغۇلاتى دۇنيانى ئىشى.
ھېچكىم شايستەئىي دەرگاھ ئەمەس،
ئاخىرەت ئەھۋالىدىن ئاگاھ ئەمەس.
بۇ زامان قاچماس ھارامدىن ھېچكىم،
ئادىمىغە بۇ دۇرۇر ئەيىپ ئەمەس.
..............................

شائىر ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىكى فېئودال ئىستىبداتلىق تۈزۈمنىڭ ۋە ئۇنىڭ چىرىك روھىي تۈۋرۈكى ئەكسىيەتچى ئىلاھىيەتچىلىك سوفىزمنىڭ جەمئىيەت ئەخلاقىدا مەيدانغا كەلگەن ئەك ۋەھشىي خۇنۇك ئوبرازىنى يۇقىرىقىدەك گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى تۆۋەندىكى ئىككى مىسرادا ماھارەت بىلەن مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

قول قىلىبدۇر بارچەنى ئەفسۇن بىلەن،
پەرۋىش ئەيلەبدۇر ھەم ئەفيون بىلەن.[1]

---

[1] «مەسنەۋى خاراباتى»، 245 ـ، 246 ـ، 247 ـ بەتلەر.

شائىر نۇۋەتتە يەنە يۇقىرىدا سۈرىتى سىزىلغان ۋەھشى جەمئىيەتكە جەڭ ئېلان قىلغان ئىسيانكار لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

سېنىڭ ئەمرىڭ قويۇپ بولدۇم تىبەكار، ①
تىلىم ئىسيان قىلىپ بولدۇم گۇناھكار. ②

ياكى:

گەرچە بولسا كوھى ئىسيان،
ساڭا بولماس ئانىڭدىن زەررە نۇقسان.
پادىشاھ تۇنۇ - كۈن دەرماندە مەن،
فىسق ئىلەھەم جورمىلە ئىسيانىدە مەن.

فەنىھ قىل بۇ يولنى ئەي فەتتاھى باب، ③
ئۆتتى ئۆمرۈم فىسق - ئىسيان بىرلە خاپ. ④

ئىسيانچى لىرىك قەھرىمان شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان شائىر بۇ ئىسياندىن چەككەن مۇشەققىتىنى يوشۇرمايدۇ:

يۈرەك يۈز يەردە ئىسياندىن جاراھەت،
خاراباتىغا قىل لوتفۇ ئىناپەت.

شائىرنىڭ زۇلۇم - سىتەم بىلەن تولغان بۇ پاسىق جەمئىيەتكە، ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى ئىسيانكارلىق روھى ئىزچىل ۋە شۇنچە كەسكىنكى، ئۇ بۇ يولدا «خۇدا» دىن كېلىدىغان «جازا» غىمۇ تەييار ئىكەنلىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا

---

① تىبەكار - يامان ئادەم، بۇزغۇنچى.
② يۇقىرىقى كىتاب، 8- بەت
③ فەتتاھى باب - ئىشىكنى ئاچقۇچى.
④ خاب - ئۇيقۇ.

ئېلان قىلىدۇ:

كىشى قىلسا شىكايەت گەر بالادىن،
ئاڭا رەھمەت نىچۇك بولغاي خۇدادىن.
خۇدايا بارچىغا بەرسەڭ دەۋانى،
خاراباتىغا بەر چەندان بالانى.

دەپ، ئۇ ئۆز ئىسيانىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ھەتتا شائىر بۇ يولدا تەقدىردىن نارازى بولۇشقىچە يېتىپ بارىدۇ.

سېنى مەن قىلمىدىم كۆڭلۇم ئارا ياد،
مېنى ھەم قىلمىدىڭ سەن غەمدىن ئازاد.

ئەدەبىيات ھەممىگە مەلۇمكى، مەدەنىيەت سىستېمىسىغا كىرىدىغان، بازىسىنىڭ ئىنكاسى بولغان ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، باشقا ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇرەككەپ، كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ئىنكاسى. ئۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە، ئۆزىگە خاس نىسپىي مۇستەقىللىككە، ئۆزىگە خاس تەرەققىياتقا ئىگە ئىدېئولوگىيە شەكىللىرىدۇر. ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى شائىر خاراباتى ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆز ئىنكاسىنى تاپقان.

شائىر ئىجادىيىتىدە فېئودالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئەڭ قەبىھ خوجالار جەمئىيىتىدىكى خىلمۇخىل ئىنسان خاراكتېرلىرى بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ جەمئىيەتتە پومېشچىك - ئاقسۆڭەكلەرمۇ، دىنىي مۇتەئەسسىپلەرمۇ، خىلمۇ خىل ئېقىمدىكى دىنىي زاتلارمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ماددىي بايلىقىنى ياراتقۇچى مېھنەتكەش ئاممىمۇ ياشاپ، ئۇلارنىڭ

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى ياراتقان. بۇ ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر شۇ جەمئىيەتتىكى خىلمۇ خىل كىشىلەر خاراكتېرىنى ياراتقان. شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە رېئالىزملىق مېتودقا ئەمەل قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ تۈپكى قانۇنىيىتى «تىپىك شارائىتتا تىپىك خاراكتېرلار يارىتىش» قانۇنىغا ئاساسەن تىپىكلەشتۈرۈپ، خىلمۇ خىل خاراكتېر قامۇسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

كى شىجائەتتىن بولۇر گويا شىر،
كى لەتافەتتىن بولۇر گويا ئەر.
گاھ ھېمىشە بىرلە ئول ئەنقە بولۇر،
گاھ مىگرو بىرلە ئول رەۋباھ[1] بولۇر.
كى دەلىرىك[2] تىن بولۇر گويا شۇتۇر[3]،
كى زەلىللىكتىن بولۇرگوياكى مۇر[4].
كى مۇزەررەتىدىن[5] بولۇر زەنبۇر[6] كەبى.
كى بورەۋەتتىن بولۇر تەنبۇر كەبى.
كى قانائەت بىرلە ئول ئىنسان بولۇر،
گاھى پورخورلىق[7] ئىلە ھايۋان بولۇر.
گاھى بۇلبۇللار كەبى قىلغاي نەۋا
گاھى سوفىلار بىلە قىلغاي سەدا.
گاھى توتىدەك بولۇر شىرىن سۇفەن،
گاھى تۈن - كۈندەك بومدىك بولغاي ئەرەن[8].
گاھى بىنا[9] گاھى نابىنا بولۇر،

① رەۋباھ — تۈلكە.
② دەلىرىك — يۇرەكلىك، قورقماس.
③ شۇتۇر — تۆگە.
④ مۇر — چۈمۈلە
⑤ مۇزەررەت — زىيانلىق، زىيان.
⑥ زەنبۇر — ھەرە.
⑦ پورخورلىق — پارىخورلۇق، نەپسى يامان كۆپ يەپ ئىچىش.
⑧ ئەرەن — جىم تۇرۇش، مۇقىم.
⑨ بىنا — پەيدا بولۇش.

گاھى پەجمۇردە[1] گاھى زىبا[2] بولۇر،
گاھى تىغلى، گاھى پىرانە[3] سۈپەت.
گاھى دانا، گاھى ھەيرانە سۈپەت،
گاھى لەنگو، گاھى خۇش رەپتار[4] ئىرور،
گاھى خامۇش، گاھى ئۇل گويا بولۇر.
گاھى سۇسىت ۋە گاھى ھەم چابۇك[5] بولۇر.
گاھى ۋەزمىن، گاھى ھەم سابۇك[6] بولۇر،
گاھى شەررۇ شورىدىن مارۇ چايان.
گاھى خۇشخۇي تىلى شۇكرۇ[7] قەشان[8].
گاھى كافىر، گاھى ھەم مۆمىن بولۇر،
گاھى خەۋفلىك، گاھى ھىممەتلى بولۇر.
گاھى بولغاي تىزۇ تۇندە[9] رەھمانىغا قۇل،
گاھى بولغاي تىزۇ تۇندە شەيتانغا قۇل.
گاھى تۈن - كۈن بولغاي ئۇل سۇلتان قۇلى،
گاھى نەفسىدىن بولۇر بىر نان قۇلى.
گاھى شادلىكىدىن بولۇر كۈندۈزكى كۈن،
گاھى غەملىغ گويا تۈن ئىچرە تۈن.
گاھى جاھىل، گاھى ھەم ئالىم بولۇر،
گاھى فاسىق، گاھى ھەم زالىم بولۇر.
بۇ سۈپەتلەر ھەر كىشىدە باردۇر،
بىلمىسە ھەر كىمكى ئۇل مورداردۇر.
بۇ سۈپەتلەر ياخشى بىلگىل ئەي ئەزىز،
تاكى ئاندىن يولغا كىرگىل تېز-تېز.

ياكى:

---

(1) پەجمۇر پاخىلىغان.
(2) زىبا گۈزەل.
(3) پىرانە پىشقەدەملەردەك.
(4) رەپتار مېڭىش
(5) چابۇك تېز.
(6) سابۇك - يەڭگىل.
(7) شۇكرۇ ھەمدە، رەھمەت ئېيتىش.
(8) قەشان ئاشكارا، ئوچۇق.
(9) تىزۇ تۇندە، ناھايىتى تېز.

خەلقىنىڭ ھالىنى بىل ئەي ئادەمشۇناس،
بۇ قەدەردۇر بىگۇمان قىلغىل قىياس.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گەنجى گىران[1]
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر رەنجى گىران
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر پەررەندىدەك،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر چەررەندىدەك[2].
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ئەسپى راۋان[3]،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلللىدۇر گاۋى دوۋان[4].
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر قەسرى جەمىل[5]،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گويا ئىغىل.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گۈلشەن كەبى،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گۈلخان كەبى.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر ۋەيرادەك.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر پەرۋانىدەك.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى خۇشخۇيلۇق بولۇر،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى بەدبۇيلۇق بولۇر.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى جالا، ئۈستۈن جالا،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى قارا، ئۈستۈن قارا.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ئاققان سۇدەك،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر تۇرغان سۇدەك.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى شاد كۈندۈزكى كۈن،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر تۈن ئىچرە تۈن.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ساھىپجامال،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر مالۇ ئايان.

---

① گىران — ئېغىر خەزىنە، تۈگىمەس خەزىنە.
② چەررەند — ئۆمۈچۈكلەردەك.
③ راۋان — تېز ماڭىدىغان ئات.
④ دوۋان — تېز ماڭىدىغان كالا.
⑤ جەمىل — گۈزەل ساراي، گۈزەل ماكان.

بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر مەيخانىدەك،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر بۇتخانىدەك.
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گويا مازار،
بەزىلەرنىڭ كۆڭلىدۇر گويا بازار.
..............................
بۇ مەسەل پايانى يوقتۇر ئەي ئوغۇل،
بۇ نەسىھەت ياد ئال قىلغىل قوبۇل.

ھەر قانداق شائىر ياكى يازغۇچى ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە ئۆتكۈزمەكچى بولغان ئېستېتىك غايىسىنى ئۆز ئەسىرىدە ياراتقان ئوبرازلار سىستېمىسىغا چېچىۋېتىدۇ، ھەتتا بەدىئىي ئەسەردە ئوبرازنىڭ ھۆجەيرىسىنى تەشكىل قىلغان «سۆز» جۈملە، مىسرالارغىچە شائىر ياكى يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدىكى بىر پۈتۈن ئېستېتىك غايە ئۇ ياراتقان بىر پۈتۈن ئوبرازلار سىستېمىسى ۋە سۈرەتلىرىدىن خاھىشچانلىق بىلەن سىرغىپ ئېقىپ چىقىپ، بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ، يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ بىر پۈتۈن ئېستېتىك غايىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شائىر يۇقىرىدا ئۇ جەمئىيەتنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئۆز رېئال جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي سىنىپىي مۇناسىۋەتلىرى شەكىللەندۈرگەن خىلمۇ خىل ئىنسانىي خاراكتېرلەرنى لوگىك تەپەككۇر بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ، بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ كىتابخان ئالدىغا تاشلاپ، ياخشىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، يامانلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئىجابىي خاراكتېرلىك ئەخلاقنىڭ كۈچى بىلەن خەلقنى ئويغۇتۇپ، جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىشقا ئىنتىلىدۇ. لېكىن بۇ خاراكتېر يىغىندىسى تېخى ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي خاراكتېرىستىكىسىدىن ئىبارەت خالاس.

ئەمدى شائىر ئىككىنچى قەدەمدە، رېئاللىققا تېخىمۇ

ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇ خاراكتېرلەرگە جان بېرىپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتىكى جەمئىيەتكە بولغان پايدا ـ زىيىنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

شائىر «مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن بۇ يىرىك ئەسەرىنىڭ «بۇ پەسلدە دىنپۇرۇش ۋە دۇنيا تەلەپ ۋە شەيخى زەر تەلەپلەرنى ئەيتۇر» دېگەن بابىدا «دىنپۇرۇشلۇق» نى مۇنداق ساتىرىك قامچىسى ئاستىغا ئالىدۇ:

ئەي ئوغۇل بول دىن پۇرۇشلۇقتىن يىراق،
دىن پۇرۇشۇ دىل خۇرۇشلۇقتىن يامان.
دىن پۇرۇشلار ئەھلى بى تەمىز بولۇر،
ئاقىبەت ئول «دىن پۇرۇش» تونگۇز بولۇر.

دەپ، ئۇ ئاتېزم بوسۇغىسىغا قاراپ قەدەم تاشلايدۇ.

شائىر بۇ بابتا خائىن «دىنپۇرۇش» بەلئەمى بائۇرنىڭ خاراكتېر ۋە قىياپىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ.

خەلق ئارا بار ئىدى بىر قوتبى زامان،
كۆرمەس ئەردى تەڭرىدىن سودۇ زىيان.
ئىسمى ئانىڭ بەلئەمى بائۇر ئىدى،
رەسمى ئانىڭ ھەر زامان مەھجور[1] ئىدى.
شەيخلىك سۈرەتتە ئەردى خۇش لىباس،
بولماپ ئەردى نەپسىدىن ھەرگىز خالاس.

شائىر بۇ بابتا مال ـ دۇنياغا ئىمان، ۋىجدانىنى سېتىپ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىگە چەت ئەل باسقۇنچىلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە

---

[1] مەھجۇر — غەلىتە، كېرەكسىز، ئاجايىپ ـ غارايىپ

يول ئاچقان «شەيخ» دىنپۇرۇش بەلئەمى بائۇرنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، شەيخلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىسا، «دەر بايان ئەھۋالى سوفى[1] ئامى[2]» بابىدا سوپىلارنىڭ بىلىمسىز، نادان، ئالدامچى، ناقىپىسى، پۇل، مال-دۇنيانىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى مۇنداق گەۋدىلەندۇرىدۇ:

ئەمدى ئېيتاي سوفىلارنىڭ رەسمىنى،
ئامىلارنىڭ، خاسلارنىڭ ۋەسفىنى.[3]
سوپى گەر ئامى ئىرور ئەييار[4] دۇر،
مال جەمئى ئەيلەرگە ئول تەييار دۇر.
سوفى گەر ئامى دۇر ئول غەۋغا قىلۇر،
ھەر ئىشكتە ئۆزىنى رەسۋا قىلۇر.
ئامى سوفى تۇن، كۈن پەرياد ئىتەر،
بىر دەرەم كىم بەرسە كۆڭلىنى شاد ئېتەر.
ھەر كىشى سوفى دېسە ئەئىيان قالۇر،
چەرىخ ئۇرۇپ ئالدىدا ئول ئەفغان قىلۇر.
بىر دەرەمغە بولغاي ئول پەرۋانەۋار،
سوفىلار بەزمىدە يوق ئول نابىكار.
سوفى ئامى سۈرىتىنى ئوخشاتۇر،
دامۇ تەزۋىر[5] بىرلە ئەلنى يۇمشاتۇر.

ئەمدى شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ ئىزچىللىقى ھەرىكەتتىكى سەلبىي قەھرىمانلار خاراكتېرىنى بويلاپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا يېتىپ كېلىدۇ. شائىر تىلىدىكى

---

① سوفى گۇناھدىن يېنىپ ياخشى يولغا ماڭغۇچى، قەلب تازىلىغۇچى.
② ئامى بىلىمسىز، نادان.
③ ۋەسفى سۈپىتى، ئالاھىدىلىكى.
④ ئەييار ئالدامچى.
⑤ تەزۋىر ھىيلە، مىكىر.

«هارامخورلۇق» بىزنىڭ هازىرقى زامان تىلىمىزدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتۇر. ئۇ «هارامخورلار» سۈرىتىنى مۇنداق سىزىدۇ:

كىمكى يىغسە جەھىدلە مالى هارام،
قىلغۇسىدۇر، تامى بەر بالايى تام[1].
كىم هارامدىن كەيسە جىسمىغا لىباس،
روزى مەھشەر كەيگەي ئۇ، ئوتتىن لىباس.
كىم هارامدىن يىغسە مال بولماس ئەمىن،
بولغاي ئول مەھشەر كۈنى شەھىرى لەئىن.
ھەر كىشىدە بىر دەرەم بولسا هارام،
قالغۇسى مەقسۇدى ئانىڭ تامام.
كىمكى پاسىقدۇر هارامخوردۇر بىلىڭ،
كىمكى سالىھدۇر هالالخوردۇر بىلىڭ.

گەرچە شائىر يىرىك ئىلاھىيەتچى نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ «هارامخور» ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئوخشاشلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئوبراز شەكىللىنىدۇ. بۇنى شائىر مېتودىدىكى رېئالىزمنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈرۈشى دەپ ئېتىراپ قىلماي ئىلاج يوق. ئوخشاشلا شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ئىپادىلەيدىغان «تۆھمەتچى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى» ئىپادىلەشكە بېغىشلانغان كىتابىدىكى تۆت ھېكايىتىدىن بىرى ئوخشاشلا يەنە دىنىي تۈس بىلەن بېرىلىدۇ، ئەمما قىزىقى شۇكى، ۋەقە كافىرە ئايال، كافىر قارون، يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتىنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئارىسىدا يۈز بېرىدۇ، ھېكايەتتىكى مىسرالار مۇنداق

---

[1] تام — ئۇستىگە تام ئەتمەك.

باشلىنىدۇ:

بىر خاتۇن بار ئەردى ئەمما كافىر،
ئۇل خاتۇن تول ئەردى ئەمما ھامىلە.
بەردى ئۇل خاتۇنغە قارۇن سىمۇزەر[1]،
«بىر سۆزۈم بار قىلغى مۇساغا خەۋەر.»
ئەيغايسەن مۇساغا ئەي جان مەزلۇمە،
مەن دېگەندىن ئۆزگەنى ھەرگىز دېمە.

ھېكايەتتە بايان قىلىنىشىچە، تېخى خرىستىئان دىنىغا كىرمىگەن، قانداقتۇر سەۋەب بىلەن ھامىلىدار بولغان تۇل ئايالنى، خرىستىئان دىنىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى (قىساسۇل ئەنبىيادا تەسۋىرلىنىشىچە) قارۇن پۇلغا سېتىۋېلىپ تەۋراتنىڭ پەيغەمبىرى (ئىنجىل تەۋراتتىن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن) مۇسانىڭ خەلقنى خرىستىئان دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تەشۋىقات مۇنبىرىگە چىققاندا، تۆھمەت چاپلاپ خەلقى ئالەم ئالدىدا «رەسۋا» قىلماقچى بولىدۇ. ئايال ۋەدىسى بويىچە قارۇننىڭ بەرگەن پۇلىنىڭ ھېسابىغا خەلقى ئالەم ئالدىدا قورسىقىدىكى «بالا» مۇسانىڭ قانۇنسىز مۇناسىۋىتىدىن بولغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ:

قىلدى ئۇل قارۇن دېگەن سۆزنى تامام،
ئاڭلادى بۇ سۆزنى بارچە خاسۇ ئام.

لېكىن قارۇننىڭ تەلىيىگە، نىيىتىگە قارشى ھالدا ئايال پاش قىلىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزىدۇ:

[1] سىمۇزەر — كۈمۈش ۋە ئالتۇن.

ئەيدى ئۇل خاتۇنكى «ئەي مۇسائى ھەق،
بەردى بۇ سۆزنى ماڭا قارۇن سەبەق ...».

بولۇۋاتقان بۇ ناھەقچىلىكنى خۇددى قەدىمىي گرېك ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئۆلگىسى بولغان گومېرنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرىنى گرېكلارنىڭ خۇداسى زېۋس ئاپوللو تېغى ئۈستىدە كۆزىتىپ تۇرۇپ بەلگىلىگىنىگە ئوخشاش، يەھۇدىيلارنىڭ خۇداسىمۇ ئەرشىدە تۇرۇپ كۆرۈپ تۇراتتى، مانا شۇ چاغدا:

ئۇل زامان مۇسا بەردەر گاھى خۇدا،
قىلدى قارۇن ھەققىدە ئۇل دەم دۇئا.
بەردى مۇساگە خۇدا پەرمانىنى،
«ئەي زېمىن قارۇننى يۇت ھەم مالىنى!...»
يۇتتى يەر قارۇننى ئۇل دەم تابە ھەلق،
بەد گۇمان قىلغاننى بىلدى بارچە خەلق.
قىلدى چەندان نالە قارۇن رۇسسىياھ،
كەتتى ئۇل ھەسرەت بىلەن تەھتەسسەرا.

بۇ ھېكايەتتە شائىر مەسەل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كىتابخانىغا يەتكۈزمەكچى بولغان ئىستىتىك غايىسىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

بەد گۇمان مۆئمىننى قىلسا گەر كىشى،
ئاقىبەت مۇنداق بولۇر قىلغان ئىشى.

دەپ ھېكايەت قىلىش ئارقىلىق خوجىلار جەمئىيىتىگە قارىتا كۈچلۈك ساتىرا ۋە زامانىۋىلىق قاراتمىلىقىنى يۇقىرى پەللىگە

كۆتۈرىدۇ.

بۇ جايدا ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان قىزىق مەسىلە تۇغۇلىدۇ، ئەجەبا ئىسلامىيەتنىڭ يىرىك ئىلاھىيەتچى ئالىمى، تەقۋادار مۆمىن مۇسۇلمان، شائىر خاراباتى بۇ ھېكايەتكە تەۋرات ياكى ئىنجىل ژۇقەلىكىدىن سيۇژېت ئېلىپ «كۈننى ئېتەك بىلەن يېپقىلى بولمىغاندەك، ھەقىقەتنى تۆھمەت بىلەن يەڭگىلى بولمايدۇ»، «ھەقىقەت يەڭگىلى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك كۈچ» دېگەن پەلسەپىۋى پىكىرنى ئىپادىلىسىمۇ ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇساغا، جۈملىدىن يەھۇدىيلارنىڭ خۇداسىغا ئوخشاشلا سېغىنىدۇ؟

بىرگە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، ئىنسانلار تېخى قەبىلە دەۋرىدە ياشاپ ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان تەبىئەتنىڭ ھەر خىل دەھشەتلىك، سېھىرلىك كۈچلىرىگە دۇچ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنەلمەي تېڭىرقاپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئانىمىزملىق ئاڭ تەسىرىدە توتېمىزم، كۆپ دىن، كۆپ خۇدالىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېھتىياجى دۆلەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ جەمئىيەتتىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردە سىنىپلارنىڭ تۇتقان ئورنى، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ دەھشىتى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قانۇنىيىتىنىڭ سىرلىرى تېخىمۇ نازۇك، تېخىمۇ سېھىرلىك تۈس ئالدى. بۇ باسقۇچقا ئۆتكەندە ئىنسان كۆپ دىنلىقتىن بىر دىنلىققا، كۆپ خۇدالىقتىن بىر خۇدالىققا ئۆتتى. بۇ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ دەھشەتلىك سېھىرلىك كۈچلىرىنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن «ئاللا»، «خۇدا» غا مۇراجىئەت قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاج يوق ئىدى، چۈنكى بۇ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ

«سېھىرلىك» سىرىنىڭ ئاچقۇچى ناھايىتى يىراقتا ئىدى ···.

شۇڭا بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنى، خرىستىئان دىنىنىڭ ئىجادچىسى ئەيسا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي ئاساسلىرى ئوخشاشلا بىر نۇقتا ئىلاھىيەتچىلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىلاھ ئىنسان ئېڭىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شائىر ھېكايەتنىڭ ئاخىرىدىكى مۇلاھىزىسىدە:

ئەنبىيايۇ ئەۋلىيالارلا يامۇت،
ئۇشبۇ سۆزنى دائىما يادىڭدا تۇت.
كىمكى سالىھ بولسا بىلگىل ئەۋلىيا،
ئەيدىلەر بۇ سۆزنى تاجىل ئەنبىيا.

دېگىنىدە ئۇ ئۇدۇل كەلگەن ئەۋلىيالارغا ئىشىنىۋەرمەيدۇ. بۇ جايدا ئۇ ئەۋلىيا سۈپىتىنى «سادىقلىق»، «ئادىللىق» بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۇ «ئەۋلىيالار»غىمۇ زور گۇمان بىلەن قارايدۇ. بۇنى شائىرنىڭ ھايات رېئاللىقىغا سادىقلىقىدىن كېلىپ چىققان خاھىشى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر رېئال ھاياتقا سەلبىي تەرەپتىن چوڭقۇر يانداشقانلىقىدىن ئۇ ئېستېتىك غايىسى يۇقىرىقى ھېكايەتتە يارىتىلغان ئېپىك خاراكتېرگە قوشكېزەك بولۇپ تۇغۇلغان «پىتنىچى»نىڭ لىرىك خاراكتېرىنى يارىتىدۇ:

پىتنە قىلماق خۇنى ناھەقدىن يامان،
پىتنەچى بولماس جەھەننەمدىن ئامان.
خۇنى ناھەق پىتنەدىن پەيدا بولۇر،
پىتنەدىن ئالەمدە كۆپ غەۋغا بولۇر.

قىلسە پىتنە ئاشكارا ياناھان،
قالغاي ئۇ دەۋزاق ئىچرە جاۋىدان.
ئۇشبۇ ئالەم پىتنەدىن بولغاي خاراب،
پىتنەدىن كۆپرەك كىشى كۆرگەي ئازاب.
كىمكى قىلسە پىتنە ئول مەرۋانى خەر،
بولغاي ئول مەھشەر كۈنى ئىتتىن بەتەر.
پىتنەدىن يۈز ئۆرسە رەھمەت ياغار،
پىتنەنى دوست تۇتسا، كۆپ لەنەت ياغار.
كىمكى يۈرسە پىتنەدىن ھەردەم قاچىپ،
جەننەتول فىرداۋس ئاڭا بولغاي نىسىپ.
پىتنەنى تەرك ئەتسە ئىززەتلىك بولۇر،
ئورنى شول سائەتتە جەننەتلىك بولۇر.
پىتنەچى ئىككى جاھاندا خاردۇر،
پىتنەچىلەردىن خۇدا بىزاردۇر.

بۇلاردىن باشقا شائىر ئىنسان ئەخلاقىغا يات بولغان ۋالاقتەگكۈرلۈك، ئالدامچىلىق، تەمەخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، شۆھرەتپەرەسلىك، ماختانچاقلىق، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى ئاچچىق ساتىرا قامچىسى ئاستىغا ئېلىپ يېتەرلىك ساۋايدۇ. شائىر خاراباتى ئىنسان ئەخلاقىدا پەيدا بولغان يۇقىرىقى يامان ئىللەتلەر جەمئىيەتكە ۋابادەك تارقىلىپ، جەمئىيەتنىڭ كونكرېت ھاياتى بولغان خەلق ھاياتىغا ئۇنىڭ ئازادلىق ـ ئەركىنلىكى ۋە ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە چاڭگال سېلىپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھاياتىدىن مەنىۋى ھاياتىغىچە بولغان ئارىلىقتا كېزىپ يۈرگەن ۋەھىمىسىنى، شائىر ئىنسانپەرۋەرلىك مەيداندا تۇرۇپ يوقىتىش ئۈچۈن بۇ يامان ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرىدۇ.

ماركسىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى

ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى مېھنەت تەقسىماتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ مېھنەت تەقسىماتىنىڭ تەرەققىياتى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تاشلانغان بىرىنچى تارىخىي قەدەم ئىدى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تەرەققىياتى تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئېسىل پەرزەنتى بولغان ئىنسانىيەت بەخت-سائادىتىنىڭ بېشىغا بالا-قازانى كۆمتۈرۈۋەتكەن ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىنىپ ۋە سىنىپىي جەمئىيەتلەر — قۇلدارلىق جەمئىيىتى، فېئودالىزم جەمئىيىتى، كاپىتالىزم جەمئىيىتى فورماتسىيىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. دېمەك، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك سىنىپ ۋە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ۋە تەرەققىياتىنىڭ ھۆجەيرىسى ئىدى. ئۇ جۈملىدىن يۇقىرىقى سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيدانغا كەلگەن كىشىنى چۆچۈتىدىغان مۇرەككەپ ۋە كىشىنى كىشىگە دۈشمەن قىلىۋەتكەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭمۇ مەيدانغا كېلىشىنىڭ، تەرەققىي قىلىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبچى ھۆجەيرىسى ئىدى، مانا مۇشۇ خۇسۇسىي مۈلۈك ئىنسانىيەتكە ھېلىمۇ بالا-قازانى ئېلىپ كېلىشىنىڭ، ھازىرقى يەر شارىمىزغا دەھشەتلىك بالا-قازا دەھشىتىنى سېلىشقا كۈندە بىر قېتىم ئورۇنۇۋاتقان كاپىتالىستىك ئېكسپلاتاتسىيىسىنىڭ تۈپ مەنبەسى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتماقتا.

ئەنە شۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭدىكى ئىنكاسى «شەخسىيەتچىلىك» دېيىلىدۇ.

بۇنى شائىر خاراباتى ئۆز زامانىسىنىڭ تىلى بىلەن

«نەپسى» دەپ ئاتايدۇ. شائىر مۇقەررەر ھالدىكى دۇنياغا قارىشىنىڭ تارىخىي چەكلىمىسى بويىچە جەمئىيەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالا - قازاسىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ «نەپسى» دىن كېلىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا قارشى ھايات - ماماتلىق جەڭ ئېلان قىلدۇ. شائىر ماھىيەتنى كۆرمەي، ھادىسىنى كۆرىدۇ. ئۇ بۇ «نەپسى» نى تۇغدۇرۇۋاتقان فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈم، ئۇنىڭ فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ كۈرەشنىڭ ئاساسىي تىغىنى فېئودالىزملىق سىياسىي تۈزۈمگە ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنكاسى بولغان «نەپسى» گە قارىتىدۇ. بۇنى ئەلۋەتتە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ، شائىرنىڭ كەمچىلىكى دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

شائىر كىتابى «مەسنەۋى خاراباتى» دا بۇ مەسىلىگە «دەر بايان نەپسى بەد» ۋە «دەر بايان نەپسى كەبىر ۋە نەپسى سەغىر» دېگەن بابلاردىن تاشقىرى ئىككى ھېكايەت بېغىشلايدۇ. بۇ مەسىلە كىتابتا ئەڭ سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شائىر بۇ مەسىلىگە ئەڭ جىددىي قاراپ ئۇنىڭ نەپسىگە «ئەجدىھا» دەپ سۈپەت بېرىپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە بىر بالا - قازا ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى ساتىرىك ھالدا گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنى بۇنىڭغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىدۇ:

ئەي بۇرادەر نەفسى بىر ئەژدەر تۇرۇر،
ئەژدەرى ئەسخەر ئەمەس، ئەكبەر تۇرۇر.
ئۇشبۇ ئەژداردىن داۋام ئول ۋەھىمە ناك،
قىلغاي ئول ۋاقىت تاپىپ بىر كۈن ھالاك.
ئەژدەرى ئەيیارى ھەم مەككاردۇر،

نىشى زەھەر ئالۇرى ھەم تەييارىدۇر.
گاھى بىدار گاھى خاب ئالود[1] بولۇر،
گاھى مەرھەم گاھى زەھەر ئالود بولۇر.
بولماغىل ھەر سائەت ئىچرە بىخەۋەر،
بىخەۋەر بولسالىڭ ساڭا سالغاي زەھەر.
كۆرسەتۇر گاھى ئۆزىنى خوپتەۋار[2]،
كۆرسەتۇر گاھى ئۆزىنى مورداۋار.
مەددەئىي[3] دىن ھەر زامان ئاگاھى بول،
مەددەئىي قەتلى قىلغان شاھى بول.
تۈنۈ - كۈن بۇ يولدا بولغىل ۋەھىناك،
ئىشق پەھلىۋانى بول قىلغىل ھالاك.
بىخەبەر بول بارما ئەژدارھا سارى،
سەرنە گۈن[4] سالغاي سىنى نەھتە سارى.
تۈنۈ - كۈن قەستىڭدەدۇر ئول ئەژدىھا،
بولما غاپىل سۇبھى - شام، چاشتۇ زۇھا[5].
ئەي ئوغۇل ئەژدارنى قىل ئەلبەتتە بەند،
بەرمە گۆشت ۋە ياغۇ شورپا بىرلە قەند.
سەن فەرىقتە[6] بولماغىل ئەي خام رىش[7]،
ئاقىبەت ئۇرغاي ساڭا ۋاقتىدا نىش[8].
ئۇشبۇ ئەژدەردىن ھەزەر قىل يازۇ - قىش،
چەربى شىرىن بىرلە قىلما پەرۋەرىش.
ئەژدەر ئۆلتۇرمەي كىشى بولماس كىشى،
تاپماغاي رەۋناق ئانىڭ قىلغان ئىشى،

---

① خاب ئالود — قاتتىق ئۇخلاش.
② خوپتەۋار — ئۇيقۇلۇق، ئۇخلاۋاتقان.
③ مەدەئىي — داۋا قىلغۇچى.
④ سەرنە گۈن — بېشى تۆۋەن بولۇش، يىقىلىش، يوقاش.
⑤ زوھا — ئاش ۋاقتى.
⑥ فەرىقتە — ئالداش، ئالدىنىش.
⑦ خام رىش — خام، نادان، پىشمىغان.
⑧ نىش — نەشتەر.

ئول سىنى مايىل قىلۇر موردارىغە.
ئاقىبەت ھەلقىگەدىن ئاسقاي دارىغا،
شاھى مەردان بول قىل ئەژدەرنى قەتىل.
شىرى يەزدان بول قىل ئەژدەرنى قەتىل،
بايىزىد ئولغىل ۋە مەردانە پاك.
ياكى قىل مەنسۇرىدەك[1] سىنەڭنى چاك.
ماۋۇ مەن تەرك ئەيلە بار ئەژدەر سىرى،
قەتلە قىل ئەژدەرنى ئوت ئاندىن نارى.
ئەژدەر ئۆلمەس ھەر كىشى بولغان بىلەن،
بولمىغاي ئادەم باشى بولغان بىلەن.
ئەژدەر ئۆلتۈرمەكنى بىل ئاسان ئەمەس،
ئەژدەر ئۆلتۈرمەي كىشى ئىنسان ئەمەس.
ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيا قىلغان ھالاك،
بولدىلار ئاندىن كىيىن مەردانە پاك.
ئەژدەرىڭ قەتلى ئىلە بول مەردانى مەرد،
چوستى - چابوك[2] بولغىل ئەي پالۋانى مەرد.
قەتلى قىل ئەژدەرنى ۋە بولغىل ئامان،
بولغايسەن ئەيسا سارى ئاندىن راۋان.
قەتىل قىلسا ھەر كىشى ئەژدەرنى بەس،
بولغىسىدۇر گويا ئەيسا نەپەس.
ئەژدەر ئۆلسە كىشى ئەيسا بولۇر،
ئىككى ئالەم خەلقىئارا يەكتە بولۇر.
بولماغىل ئەژدەر سۇپەت قارون دوغا،
مۇسادەك قارۇننى سال تەھتەسسۇرا.
بولما غاپىل ئۇشبۇ دەردىدىن داۋام،
ئەژدەرىڭنى قەتىل قىل ئەي خاسۇ ئام.

---

[1] مەنسۇر — ئەۋلىيانىڭ ئىسمى.
[2] چوستى - چابوك — چاققان.

يۇقىرىدا كەلتۈرگەن نەقىللەرىمىزدە لىرىك قەھرىمان «مەن» ئوتتۇرىغا چىقىپ «نەپسى» نى «ئەجدىھا» دەپ تەرىپ بېرىپ ئۇنى يوقىتىشنىڭ يوللىرىنى دانىشمەنلەرچە بايان قىلىپ، ئۇنى قەتئىي يوقىتىش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرىپ، ئەگەر سەن ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلماي بىخۇتلۇق قىلساڭ:

ئول سېنى مايىل قىلۇر موردارىغە،
ئاقىبەت ھەلقىگەدىن ئاسقاي دارىغا.

دەپ ئاگاھلاندۇرسا، كىتابنىڭ 123.بېتىدە بەرگەن بىر ھېكايىدە:

بىر كۈن ئۈچ دۇنيا تەلەپ بولدى راۋان،
بىر خىشت ئالتۇن تاپتى ئاخىر شادىمان.

ئۇلار:

بىر-بىرى بىرلە قىرىنداش ئەردىلەر،
غەم بىلە، مېھنەت مۇڭداش ئەردىلەر.
بىر-بىرىغا ئەردى موشفىق مېھرىبان،
ئەھلى ھەم يارئەردى دوستى چاۋىدان.

ھېكايەتتە ئەنە شۇ بىر خىشت ئالتۇنغا ئىگە بولغان «مېھرىبان دوست، قىرىنداشلار» ئالتۇننى كۆرۈپ، كۆزلىرى قىزىرىپ، «نەپسى» نىڭ كەينىگە كىرىپ ۋەسۋەسىگە چۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ يولدا قورسىقى ئېچىپ، كىچىكىنى بازارغا «نان» غا ئەۋەتىدۇ. قالغان ئىككىسى ئۇ كەلگۈچە ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ مەسلىھەتىنى پىشۇرۇپ، تەييارلىق قىلىپ قويىدۇ. ئۇ كىشىمۇ يوشۇرۇن ھالدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، «ئالتۇن» نى يالغۇز ئۆزى شەخسى مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بازاردىن ئېلىپ كەلگەن

تاماققا زەھەر سېلىپ قويىدۇ. ھېلىقى كىچىكى بازاردىن تاماقنى ئېلىپ يېتىپ كېلىشىگە چوڭ ئىككىسى مەسلىھەت بويىچە ئۇنى دەرھال ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ بېسىقتۇرۇپ، ئالمان - تالمان تاماقلىرىنى يېيىشىدۇ - دە، زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ.

شائىر بۇ ھېكايەتتە يارىتقان ئۈچ ئىپىك قەھرىمانى ئارقىلىق يۇقىرىقى پىكىرلىرىنى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىسپاتلاپ «نەپسى» توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

جۇملىدىن كىتابىنىڭ 160. بېتىدە بېرىلگەن يەنە بىر ھېكايىتىدە يۇقىرىقى ساتىرىك ئېستېتىك غايىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «نەپسى» نىڭ دىنىي «ئۆلىما»لار قىسمىدىكى «سېھىرلىك ئىپلاس كۆچنى يەنە بىر ئىپىك قەھرىماندا كۆرسىتىدۇ»...

بار ئىدى ئەللامەئى[1] سۈرەتتە راست،
لېكىن ئول سىيرەتتە ئەرمەس ئەردى كاست[2].
ۋە ئىزدىن ئۆزىگە ئاڭا يوق ئەردى ئىش،
خەلققە ۋەئىز ئەيتۇر ئەردى يازۇ-قىش.
قىلدى ئول ۋەئىزىغە تەستىق خاسۇ ئام،
جان فىدا قىلدىلەر تۈنۇ-كۈن، سۇبھى-شام.
ھەر زامان ئول ۋەئىزى بەند ئەيلەدى،
گويا ئول قەۋمىنى بەند ئەيلەدى.
ئەمەلىيەتتە:
بەردى خەلقىغە پەندىنى ئەفيۇن قىلىپ،
ئالدى خەلقنىڭ مالىنى ئەفسۇن قىلىپ.
قەۋمىنىڭ مەقسۇدى ۋە ئىز پەندىدە،

---

[1] ئەللا مەئى كاتتا ئالىم.
[2] كاست يالغان، جا.

قەسدى ۋائىز قەۋمىنىڭ پۇل-مالىدا.

ئاقىۋەت:

ۋەز ئېيتىپ قەۋمىغە ھەر سۇبھى-شام،
بارچە خەلقىنىڭ مالىنى ئالدى تامام.

نەتىجىدە، يانچۇقىنى خەلقىنىڭ مال-مۈلكى بىلەن تولدۇرغان «بۇ ئەۋلىيا» كۆزگە تۇرتسە كۆرۈنمەيدىغان بىر قاراڭغۇ كېچىدە قاۋىغان ئىتلارنىڭ ئۈنى قوغلاپ قىلغان قاغىشلىقى ئىچىدە يۇرتنىڭ ئۈيقۇسىنى بۇزۇپ، بۇ يۇرتتىن قېچىپ يوقىلىدۇ. ئۆزلىرىنى «ئېتىقاد»قا باشلاپ، بۇلبۇلدەك سايراپ تۇرىدىغان «ۋەزخان»نى بۇ يۇرت قەۋمى ئىزدەپ يەر- جاھاننى قېزىۋېتىدۇ... ئاخىر ھېچقەيەردىن تاپالمىغىنى ئۈچۈن ئامالسىز مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا بارىدۇ... مۇسا پەيغەمبەر ۋەقەنى ئۇققاندىن كېيىن خەلقىنىڭ ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن «ئاللا» غا مۇراجىئەت قىلىدۇ:

مۇسا ئول سائەت بەدەر گاھى خۇدا،
قىلدى بۇ مۇشكۈلغە چەندان كۆپ دۇئا.
شۇ زامان كەلتۈردى ۋەھى جىبرەئىل،
ئىدى ۋا ئىز ھالىنى رەبىل جەلىل[1].

مۇسا پەيغەمبەر «خۇدا» ئەۋەتكەن جەبرائىلنىڭ «ھېكمىتى»گە تايىنىپ بۇ قەۋمنىڭ ھېلىقى «ئۇلۇغۋار ۋەزخانى» نىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارغا ئەينەن كۆرسىتىپ ئەھۋالنى بايان قىلىدۇ:

---

[1] رەببىل جەلىل - ھەممىدىن ئۇستۇن، ئالى تەربىيىچى، خۇدا

قەۋمىغە مۇسا ئانى بىلدۈردىلەر،
سۈرىتى تۇڭگۇز بولۇپتۇر كۆردىلەر.

شائىر ئىنجىل قىسسىدىن ئېلىنغان سۈژىتقا قۇرۇلغان بۇ ھېكايەت ئارقىلىق «نەپسى» (شەخسىيەتچىلىك) نىڭ «ئۇلىما» نى تۇڭگۇزغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئېپىك قەھرىمان ئوبرازى ئارقىلىق «نەپسى» نىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلاپ، «نەپسى» نىڭ جەمئىيەتتىكى ھەرىكەتكە ئايلانغان سەلبىي رولىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى توغرىسىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئېخچام تولۇقلايدۇ. ئۇنىڭ كىتابىنىڭ 99- بېتىدىكى «دەر بايان نەپس» بابىدىكى:

جەڭگى ئەسغەر جەڭى كافىرلار بىلەن،
جەڭگى ئەكبەر جەڭى ئۆز نەفسى بىلە.
ئەر ئەمەس كافىر بىلەن جەڭ ئەيلەگەن،
ئەر بۇ دۇر نەپسى بىلەن جەڭ ئەيلەگەن.

دېگەن جەڭگىۋار مىسرالاردا بايان قىلىنغان ئۇنىڭ «نەپسى» توغرىسىدىكى ئېستېتىك قاراشلىرى پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا شائىرنى ئاتىزم بوسۇغىسىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. بۇ مۆمىن، مۇسۇلمان، سوفىستىك شائىرنىڭ رېئال ھاياتقا سادىق بولغان رېئالىستىك ئېستېتىك مۇناسىۋىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شائىر خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان، سىياسىي جەھەتتىن جۇڭغار خاندانلىقىغا بېقىنىدىغان ۋە فېئودالىزمنىڭ چىرىك زۇلۇم زىندانىغا ئايلانغان، ئىجتىمائىي ئەخلاق جەھەتتىن چىرىكلىشىپ پىشىپ يېتىلگەن بۇ ئىستىبدات جەمئىيەتنى پەقەت ئىككىلا مىسرا شېئىرى بىلەن ئېچىپ تاشلايدۇ:

ئەي بىرادەر بۇ جاھان غەددار[①] دۇر،
گويا بىر ئەۋرەتى[②] مەككاردۇر.

شائىر يۇقىرىدا ساتىرىك قەلەم قامچىسى ئاستىغا ئالغان بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەشكىل قىلغان چىرىكلىشىپ پىشىپ يېتىلگەن ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرگە قارشى ھالدا چىن ئىنسانىي پەزىلەت «ھىممەت»، مېھرىبانلىق، ئالىيجانابلىقلارنى قارشى قويۇپ ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئەجايىپ تەرەپتىن ئېستېتىك ھالدا ئىپادىلەيدۇ:

ئەۋۋەلى ئولدۇركى بولغان راستگوي،
ھەم سەخىيۇ ئابىدۇ ھەم نىك خوي.

ياكى:
ياخشى ئىشلارغا ئىنتىزارلىق قىلماغىل،
ھەم يامان ئىشقا يەكچىللىك قىلماغىل.
ياخشى ئىش بىسيار قىل بولماي مەلۇل،
تاكى ئاندىن ئۆزگىلەر قىلغاي قوبۇل.

ياكى:
بولسا كىمنىڭ ئادەتى جودى كەرەم[③]،
ئول خالايىق ئىچرە بولغاي مۇھتەرەم.
خەير قىلغاندىن كېيىن ياد ئەيلەمە،
قىلغان ئۇ خەيرىڭنى بەربات ئەيلىمە.

ياكى:
ئەر ئاتانماقلىققە كۆپ ھىممەت كېرەك،

---

① غەددار — ئالدامچى.
② ئەۋرەت — جىنسىي ئەزا، نومۇسلۇق، كۆرۈنمەس ئەزا.
③ جودى كەرەم — سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق.

هەم شىجائەت بىرلە ھەم غەيرەت كېرەك.

گەر ھىممەت بولمىسا ھىممەتتە شاھ،
ياخشىراقتۇر ئاندىن ھىممەتلىك گاداھ.
كىمكى بىھىممەتدۇرۇر مۇرداردۇر،
جىسمىدا ھەر موي ئانىڭ زۇننارىدۇر.
بولغىسىدۇر ئادەم ھىممەتتىن كىشى،
بولماغاي ھېچكىمكى خىلئەتتىن كىشى.
گەر كىشىنىڭ ھىممىتى ئالىدۇرۇر،
كۆڭلى ئول خەزىناسىدىن خالىدۇرۇر.
..................................
گەر كىشىنىڭ ھىممىتى تۇغيان قىلۇر،
ئول كىشى بىسيار خەير ئېھسان قىلۇر.
ئەر ئەمەس بۇ يولدا ھىممەتسىز كىشى،
گەرچە بولسۇن نوھ لوقمەندەك كىشى.

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى، بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىنسانىي يۇرچنىڭ دەرىجىسى، ئالىيجانابلىق ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى شائىرنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالى سۈپىتىدە لىرىك قەھرىمان ئاغزى ئارقىلىق بايان قىلىنغان بولسا، تۆۋەندىكى مىسرالاردا يۇقىرىقى ئىدېئال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ كونكرېتلىشىدۇ:

گەر پىتىمى ئاھۇ يا ئەفغان قىلۇر،
ئەرشى بىرلە كورسىنى لەرزان قىلۇر.

دەپ دىنىي يوپۇق يېپىنغان تۆۋەن تەبىقە ئىسيان كۈچىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا:

يېتىم كۆڭلىنى شاد ئەتكەن ئەمىندۇر،
يېتىم كۆڭلىنى ئاغرىتقان لەئىنىتىدۇر.

دەپ تۈۋەن تەبىقە مەنپەئىتىگە قانداق مۇناسىۋەت قىلىش مەسىلىسىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ.

يېسەلەر ھەر كىم يېتىمنىڭ مالىدىن،
ئول يىگەي مەھشەردە دەۋزەخ نانىدىن.

گەرچە بۇ بېيىتتا بەلگىلىك دىنىي يوپۇق بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقى ھەقىقەتكە لوگىك ھالدا قارشى تېزىس قىلىپ تاشلانغان بۇ پىكىردە تۈۋەن قاتلام مەنپەئىتىگە قارشى يۆنەلگەن ئاچكۆز قارا كۆچىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ دىئالېكتىكىسى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، شائىر ياشىغان جۇڭغارلار كونتروللۇقىدىكى خوجىلار جەمئىيىتى شائىر خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندەك ئىدى:

ئەي بۇرادەر بۇ جاھان غەددارىدۇر،
گويا بىر ئەۋرەتى مەككارىدۇر.

خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان زۇلۇم زىندانىغا ئايلانغان بۇ فېئوداللىق زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا، بۇ جەمئىيەتنى ئۇ ئىلىم - پەن، مەرىپەت بىلەن ئۆزگەرتىشنى خىيال قىلغان. بۇ خىيالدىمۇ بەلگىلىك ھەقىقەتنىڭ مېغىزى بار.

شائىر ئىلىم - پەن، ئۇنىڭ ئەربابلىرى بولغان دانا (ئالىم) لارغا ئۆز كىتابىدىن خېلىلا كۆپ سەھىپىلەر

ئاجرىتىپ، بەدىئىي تەپەككۇر يولى بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. شائىر بۇ مەسىلىنى ئىلىم - پەننى كەشىپ قىلغۇچى ئىنسانلارنى تەبىئەتتىكى ئەڭ يۈكسەك ماددىغا ئايلاندۇرغان، ئىنساننى «ئىنسان» دېگەن ئەڭ مۇقەددەس نامغا ئىگە قىلغان «ئەقىل» دىن باشلايدۇ.

ئەقىل بولسا ئادىمى ئىنساندۇر،
ئەقىل گەر يوق بولسا ئول ھايۋاندۇر.

دەپ ئەقىلگە توغرا تەرىپ بېرىدۇ. ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئەقىلنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىدە، ئۇ رېئاللىققا سادىقلىق يۈزىسىدىن تەبىئىي ھالدا ماتېرىيالىزمغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ:

ئەي بۇرادەر ئەقىل جايى مېغىزى سەر،[1]
ئەۋزىتى قەستىدە - سەر - بەسەر.

دەپ ئەقىلنىڭ مەنبەسى ۋە رولى توغرىسىدا توغرا نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ باھا بېرىدۇ. پەن ئۇتۇقلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاڭ «مەنىۋىلىك» پەقەت يۇقىرى دەرىجىدە تەشكىل تاپقان ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇ.

شائىر پەيلاسوپلارچە ئەقىلنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن ئىنسان تەپەككۇرى ئەنە شۇ ئەقىلگە تايىنىپ، تەپەككۇر ئارقىلىق رېئال مەۋجۇدىيەتنى

① مېغىزى سەر — مېڭە.

بىلىش، گنسېئولوگىيىلىك بىلىش ئىنكاس باسقۇچلىرىنىڭ كاتېگورىيىلىرى توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

ئىنساننىڭ رېئال دۇنيانى بىلىشى يەككىلىك، جۈزئىيلىك ۋە ئومۇمىيلىق كاتېگورىيىلىرىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. يەككىلىك، جۈزئىيلىك ۋە ئومۇمىيلىق كاتېگورىيىلىرى ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ باشقا كاتېگورىيىلىرىگە ئوخشاش، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ۋەقەلىكنى بىلىش باسقۇچلىرى سۈپىتىدە، بىلىشنىڭ بەزى مۇھىم تەرەپلىرىنى خاراكتېرلەيدۇ.

رېئال دۇنيادا جۈزئىيلىك — ئالاھىدىلىك بىلەن ئومۇمىيلىق ئوتتۇرىسىدىكى قانداقتۇر بوغۇندىن ئىبارەت، بىلىش جەريانى جۈزئىيلىك ۋە شۇ جۈزئىيلىكنىڭ چۈشەنچىلىرى ھەم پىكىرلىرى سۈپىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇ پىكىر ۋە چۈشەنچىلەر بولسا بىلىش جەريانىنىڭ يەككىلىكتىن ئومۇمىيلىققا قاراپ راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت. بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلغان چۈشەنچىلەر ئومۇمىيلىق، جۈزئىيلىك بەلگىلىرىنىڭ ئاددىي بىرىكمىسى بولماي، بەلكى ھادىسىنىڭ شۇنداق بىر تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسىدۇركى، بۇنىڭدا پىكىر ئومۇمىيلىقتىن ئالاھىدىلىككە قاراپ ھەمدە جۈزئىيلىكنىڭ مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچى خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىش يولىدىن بارىدۇ. ئابستراكت ئومۇمىي چۈشەنچىدە پەقەت ئومۇمىيلىق توغرىسىدىكى بىلىملا بولىدۇ. دىففېرېنسىيىلەشكەن چۈشەنچىدە بولسا ئومۇمىيلىق بىلىمى ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانىيەت ئەقلى ئېرىشكەن جۈزئىيلىك، ئىندىۋىدۇئاللىق، ئالاھىدىلىك بىلىمىنىڭ مۇجەسسەمى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

شائىر بىلىشنىڭ مانا شۇ باسقۇچلىرىنى بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان بېيىتلىرىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئەي بۇرادەر ئەقلىي ئىككى قىسىمدۇر،
ئەقلى كۆللى، ئەقلىي جوزئى ئىسىمدۇر.
ئەقلى كۆل گوياكى قۇرسى ئاپتاپ[1]،
ئەقلى جوز كەمتەردۇر ئەز زەھرى شاھاپ[2].
ئەقلى كۆل گوياكى بىل دەريادا سۇ،
ئەقلى جوزئى گويا بىر قەترە سۇ.
مورغى ئاقىل دام دەدەنە يېمەس،
دام دەدەنە يىسە ئاقىل ئەمەس.
مورغى غافىل دەنە يەر بوينىدا دام،
گويا بۇ دام دۇنيادادە ئەۋام.
ئەقلى كۆل بىر تۇتىدۇر گويا،
بىر تاۋۇغدۇر ئەقلى جوزئى ئەي گىيا[3].
پەرقى تۇتيۇ تاۋۇغ بىل ئەي ئەمەك،
دۇ ئىرور تاۋۇغ، تۇتىدۇر مەلەك.
ئاڭلا پەندىمنى ئەي سەۋدايى خام،
ئەقلى كۆلنى قىل قوبۇل ھەر سوبھى - شام.

يۇقىرىقى كەلتۈرگەن نەقلىمىزدە شائىر ئىنسان ئەقلىنىڭ بىلىش باسقۇچلىرىنىڭ پەرقىنىلا كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى بۇ بىلىش باسقۇچلىرىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، رولىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىنسان ئەقلىنىڭ قايسى باسقۇچىنىڭ ئىشقا

---

[1] قۇرسى ئاپتاپ — كۈننىڭ يورۇق كۆرۈنۈشى.
[2] شاھاب — پالىلداپ كۆرۈنگەن چېچەك.
[3] گىيا — ئادەم مەنىسىدە.

يارامىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى تاللاپ ئىبلىشقا چاقىرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ قىلغان ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ جەۋھىرى ئىلىم - پەننى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ئىلىم - پەن ئىنسانىيەتنى تەبىئەت، جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنلىرىنى ئىگىلەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنى پەيلاسوپىيىلىك گىنسىئولوگىيىدە ئەركىنلىك بىلەن زۆرۈرىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەرىقىسىدە شەرھلەيدۇ.

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «گېگېل ئەركىنلىك بىلەن زۆرۈرىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىرىنچى بولۇپ توغرا بايان قىلدى، ئۇنىڭچە، ئەركىنلىك زۆرۈرىيەتنى بىلىشتىن ئىبارەت. زۆرۈرىيەت ئۇ چۈشىنىۋېلىنمىغان چاغدىلا قارىغۇلۇق بولىدۇ. ئەركىنلىك تەبىئەت قانۇنلىرىدىن خىيالىدا قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولۇشتا ئەمەس، بەلكى بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ھەمدە مۇشۇنداق بىلىشكە ئاساسەن پىلانلىق تۈردە تەبىئەت قانۇنلىرىنى مۇئەييەن مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا قادىر بولۇشتا. بۇ مەيلى تاشقى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە نىسبەتەن بولسۇن، ياكى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ جىسمانىي مەۋجۇدىيىتى ۋە روھىي مەۋجۇدىيىتىنى باشقۇرىدىغان قانۇنىيەتلەرگە نىسبەتەن بولسۇن ئوخشاش: بۇ ئىككى خىل قانۇنىيەتنى بىز ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىدىيىمىزدىلا بىر - بىرىدىن ئاجرىتالايمىز، رېئاللىقتا بولسا، بىر - بىرىدىن ھەرگىز ئاجرىتالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىرادە ئەركىنلىكى شەيئىلەرنى بىلىشنىڭ ياردىمى بىلەن قارار چىقىرىدىغان قابىلىيەتتىنلا ئىبارەت. دېمەك، ئادەمنىڭ مۇئەييەن مەسىلە ئۈستىدىكى ھۆكمى قانچە ئەركىن بولسا، بۇ ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى ئالغان

زۇرۇرىيىتىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ... ئەركىنلىك تەبىئەت دۇنياسىنىڭ زۇرۇرىيىتىنى بىلىشكە ئاساسەن ئۆزىمىزنى ۋە تاشقى تەبىئەت دۇنياسىنى باشقۇرۇشتا ...»[1].

ئىنسانغا خۇددى يۇقىرىدا ئېنگېلس ئېيتقاندەك تەبىئەت جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر قانۇنلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنى ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى بېرىدىغان ئىلىم-پەن ئۈستىدە شائىر خاراباتى بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى بىلەن مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ:

غەۋۋت ئۇردۇم ئىلىمنىڭ دەرياسىغا،
قىلدى ھەق مائىمۇر دۇر يەكتاسىغا.
خاتەمى مۇلكى سۇلايمان ئىلمدۇر،
بارچە ئالىم-سۇرەتو جان ئىلمدۇر.
روھى ئادەم ئىلمدىن قۇۋۋەت ئالۇر،
ئىلمسىزنىڭ روھى بىقۇۋۋەت بولۇر.
گەركىشىدە ئىلىم يوق مۇرداردۇر،
بولمىسا تەن ئىچرە جان، تەن خاردۇر.
جاندىن ھەم ئارتۇقتۇر ئىلمۇ - مەرىپەت،
مەرىپەت يوق بولسا بولغاي خەر سۈپەت.
ئەي بۇرادەر ئىلىملىق بۇ دۇنيادۇرۇر،
مەرىپەت يوق بولسا نا بىنادۇرۇر.

ئىلىمنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى ۋە ئىلىم-مەرىپەتنى شۇنچىلىك چۈشىنىشنى، شائىر ياشىغان شارائىت بىلەن

---

① ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما پەلسەپە قىسمى، تونغۇرچە نەشرى، 426-بەت.

سىلىشتۇرغاندا شائىرنى زور ئىلىم ئەھلى، ۋەتەنپەرۋەر، خىلىلا ئىلغار زات دېيىشكە بولىدۇ.

هەر كىشىگە مەرىپەت بىر ياردۇر،
كىمكى بىلمەس قەدرىنى مۇرداردۇر.
بولمىسا هەركىمدە ئىلمۇ مەرىپەت،
قويسا هەر سارى قەدەم بولغاي غەلەت.
ئامىدىن بۇ ئىلىم مىراس ئەيلىمە،
ئام گەر قۇتبى ئۇلسا ئىخلاس ئەيلىمە.
هەر تۆمۈر بولغان بىلەن ئالماس ئەمەس،
هەر كىشى بولغان بىلەن ئۇل خاس ئەمەس.
ئىبىتاي ئەي تالىپ ساڭا چەندەن سۆخەن،
مەرىپەتسىز جىسىمدۇر جانسىز بەدەن.

شائىر پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىلىدىن ئېيتقاندا XI ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بەدىئىي غايىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇمۇ خۇددى يۈسۈپ خاس هاجىپقا ئوخشاش ئىنسانىنى مەڭگۈلۈك قىلىش ئۈچۈن بىلىملىك قىلىشقا چاقىرىدۇ:

ئەي ئوغۇل ئۆلمەسنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل تائەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل راھەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل ئىززەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.

ئەي ئوغۇل قۇربەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل شاھلىقنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئەي ئوغۇل پىرلىكنى قىلسىلڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
ئادىمى بولماقنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمىنى قىلغىل ئىختىيار.
مەرىپەتلىك ئادىمى خەيرۇل بەشەر،
مەرىپەتسىز ئادىمى ئىتتىن بەتەر.
كىمدە بولسا مەرىپەت ئىنسان ئىرور،
بارچە مۇشكۇللەر ئاڭا ئاسان ئىرور.
كىمدە بولمىيا مەرىپەت ئالىمدۇرۇر،
مەرىپەتسىزلەر ھەمە زالىمدۇرۇر.

شائىر ئىلىمنىڭ قۇدرىتىنى ۋە ئۇنى ئىگىلەشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنىمۇ خېلىلا چوڭقۇر چۈشىنىدۇ.

مەرىپەت ئىلمىنى تەپسىر ئەيلەيىن،
ئىستەمەككە ئانى تەدبىر ئەيلەيىن.
مەرىپەت گوياكى ئول ئابى ھايات،
ئىچسە ئانى تاپقاي ئۆلمەكتىن نەجات.
ئەي بۇرادەر ئول سۆزۈلمىدىن نەرى،
ئىستەگەيسەن ئانى ئىسكەندەر كەبى.
تاپماقى ھەر كىم ئانى ئاسان ئەمەس،
ئىچمەسە ھەر كىم ئانى ئىنسان ئەمەس.

شائىر ئىنسانىيەتكە بەخت ـ سائادەت يولىنى ئاچقۇچى

ئىلىمغا قانداق ھۆرمەت بىلدۈرۈش ماھىيىتىنى چۈشەنسە، بىلىمنى يارانقۇچى دانالارغا شۇنداق ھۆرمەت بىلەن قاراپ ئۇنىڭ رولىغا يېتەرلىك باھا بېرىدۇ.

جەھىد بىرلە بولسا ھەر كىم ھەم قېرىن،
بولمىغاي داناغا ئول ھەرگىز يېقىن.
بولسەلەر ھەر كىم دانادىن يىراق،
ھېچ شەك يوق بولغاي ئالّلادىن يىراق.
ئەھلى دانا مەشئىلى روھىي زېمىن،
كىمدە مەشئەل بولسا تۈن خەۋپىدىن ئىمىن.
كىمكى دانا بىرلە مەشئەللىق دۇرۇر،
كىمكى داناسىزدۇر مەشئەلسىزدۇرۇر.
بۇ جاھان گويا كى بىر يەلدار تۈنى[1]،
ھېچكىم بىلمەسكى داناسىز ئۈنى.
ئەي بۇرادەر بولما داناسىز بۇگۈن،
بولماغىل زىنھار مەشئەلسىز بۇگۈن.
ئەي ئوغۇل ئۆمرىڭدە دانە بىرلە بول،
ئازمىغاي تۈن ئىچرە مەشئەل بولسا يول.
..................................................
ھەر كىشى داناغا گەر تابىئدۇرۇر،
ئول كىشىنىڭ بەختى شەمس تالئدۇرۇر.
گەر كىشىگە بولسا دانالىغ نېسىپ،
ئول كىشى تەڭرىگە بولمىشدۇر مۇھىپ.
ئول شەھەر كىم ئاندا بىر داناسى بار،
ئول قاراڭغۇدە دۇررى يەكتاسى بار.
ھەر كىشى داناغە گەر ۋاسىل بولۇر،

① يەلدار تۈنى — بورانلىق كېچە.

گۈنبىزى دەۋۋارە ئول داخىل بولۇر.
........................................

ئەي ئوغۇل بول دائىما دانە تەلەپ.
قىلغاي ئول جەھلىڭنى دانا بىر تەرەپ،
كىمكى ئۆز ئالدىچە گەر پارسا بولۇر.
ئاقىبەت ئول شەيخى بەرىسا بولۇر،
گەر كىشىنىڭ ئۆمرى بىدانا ئۆتەر.
ئول كىشىنىڭ چەشمى نابىنا ئۆتەر،
تېپىلىدۇر ئالەمدە داناسىز كىشى.
تاپمىغاي رەۋناق ئانىڭ ھەممە ئىشى،
ئەھلى دانا ئۆزىنى مىن تىنا قىلۇر.
كور دىل بولغانى ئول بىنا قىلۇر.

شائىرنىڭ خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئىلغار قاراشلىرىنى بەدىئىي تەپەككۇر ئارقىلىق دىنىي تۈس بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئىككىنچى تەرەپتىن، يازغۇچى دۇنيا قارىشى جەھەتتىن ئالغاندا، پىرىك ئىلاھىيەت ئالىمى. شۇڭا ئۇ فېئودالىزم سىياسىتىنىڭ دۇمباقچىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇستەبىت چىرىك مەنىۋىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان سوفىزمنىڭ سول قانىتى ئەمەس، بەلكى ئۇ سوفىزمنىڭ دەسلەپكى ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ ئىزىشىگە قارشى پەيدا بولغان سادىق ۋەكىلى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى ياشىغان فېئودالىزم ئىستىبداتلىق تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئەكسىيەتچى سىياسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان نادان ئىشان، موللا، «دىنپۇرۇش» لارنى قاتتىق ساترا قامچىسى ئاستىغا ئالغانىدى.

ئەڭ مۇھىمى، شائىر بەدىئىي مېتود جەھەتتىن ئەينى زامان رېئالىزمى ۋەكىللىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتقا

رېئالىستىك، ئىستېتىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ياندىشىشى، ئەينى زامان رېئاللىقىغا سادىق بولۇشى، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئوبيېكتىپ هالدا بۆسۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئىجادىغا رېئالىستىك نۇر بېرىپ، قەهرىمانلىرىنى رېئال هايات سۆيگۈسى بىلەن سۇغىرىدۇ.

بولسا گەر يۈز يىل كىشىكىم بۇت پەرەست،
قىلغاي ئانى بىر نەپەستە هەق پەرەست.
كىم بىلۇر مەردۇدى كىم، مەقبۇلى كىم،
كىم بىلۇر مەئلۇمى كىم، مەجهۇلى كىم.
ياخشى ئىش قىلسا جەننەتلىك دېمە،
قىلسا كۆپ ئىسيان جەهەننەملىك دېمە.

ياكى:

ئاڭلاغىل هەر كىمكى بولسا خود پەرەست[1]،
ياخشىراقتۇر ئول كىشىدىن بۇت پەرەست.

دېيىش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلاهىيەت دۇنيا قارىشىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، رېئاللىقنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ئاتېئىزىم بوسۇغىسىغا بېرىپ قالىدۇ.

هەر قانداق يازغۇچىنىڭ ياكى سەنئەتكارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى زىددىيەت ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئەمەس، هاياتىدىكى ۋە شۇ سەنئەتكار ياشىغان جەمئىيەتتىكى زىددىيەتنىڭ ئىنكاسىدۇر.

لېنىن بۈيۈك رۇس يازغۇچىسى لېۋ تولىستوي ئىجادىغا «رۇس ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» دېگەن باهانى بەرگىنىدە ئۇ روسىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى كۈچلۈك تەرىپى ۋە ئاجىز

---

[1] خود پەرەست — ئۆزىنىلا گەۋدىلەندۈرۈش، ئۆزىنىلا يۇقىرى قويۇش.

تەرپىنىمۇ بىر پۈتۈن ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتقانىدى.

شائىر خاراباتى «مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن كىتابىدا خوجىلار دەۋرىنىڭ زۇلمەتلىك ھايات كۆرۈنۈشىنى بەلگىلىك ھالدا سىزىپ بەرگىنى ئۈچۈن ئۇنى «خوجىلار دەۋرى» نىڭ ئەينىكى دېيىشكە ھەقلىقبىز. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «خوجىلار دەۋرى» ئىلىم-مەرىپەتنىڭ زىندانى ئىدى. بۇ دەۋردە ئىلىم - مەرىپەت قاتتىق چەكلەنگەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىرى بولغان ئالىملار، دانالار خارۇزار ئىدى. شائىر بۇ مەنزىرىنى مۇنداق سىزىدۇ:

ئەھلى فاسىق ئىچرە ئالىم خاردۇر،
بىگۇمان ئاندىن خۇدا بىزاردۇر.
ھەر كىشى ئالىمغا يەتكۈزسە زەرەر،
سالغۇسى تەڭرىم ئانى نارى سەقەر.
كىمكى كۆرسە ئالىمنى ھەقىر،
ئول كىشىنىڭ بىگۇمان ئۆمرى كەمىر.
ھەر كىشى ئالىمغا كۈلپەت قىلماغاي،
كىمكى قىلسا تەڭرى رەھمەت قىلماغاي.
گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئېتەر،
تەڭرىم ئانى بىگۇمان ئازاد ئېتەر.

چۈنكى

پەندى ئالىم كورغا گوياكى ئاسا،
روھىغا ھەم بولغىسىدۇر كۆپ غىزا.

× × × × ×

سۆھبەتى ئالىم كۆڭۈلگە زىر[1] ئېتەر.

---

[1] زىر - سىگىش، ئۇلتۇرۇش، پەس، ئاستى.

ئول كىشى ھەق بۇيرىغاننى تېز ئېتەر،
پەندى ئالىم كەسنى ئىززەتلىك قىلۇر.
كىمكى ئەئمال قىلسا جەننەتلىك بولۇر،
پەندى ئالىم ھەر قارا ئۆيىغە چىراغ.
بىلمەيىن قىلغان ئەمەل بولماس ياراغ،
ئاڭلاغىل باردۇر ھەر ئۆينى ئاچقۇسى.
پەندى ئالىمدۇر كۆڭلىنى ئاچقۇسى،
گەر كىشىنىڭ كىم بىيىشكە مەيلى بار.
سۆھبىتى ئالىمنى قىلغىل ئىختىيار،

× × × ×

ھەر دىيارنىڭ چىراغى ئالىمى.
ھەر قار تۈننىڭ ماھى ئالىمى،
ئىلىم بىرلە سەير ئېتەر ئەرشى ئەلا.
ھەم پەلەك ھەم يەرنى تا تەھتەسسارا[1]،
ئىلىم بىر ئاتتۇركى خوش رەختارلىغ.
كىمكى مەركەپ[2] بولسا كۆرمەس خارلىغ،
ھەر دىيارنىڭ كى باغى ئالىمى.
ھەر دىيارنىڭ كى شاھى ئالىمى،
ئىلىمسىز ھەسرەتتە دۇر پىرو جەۋان.
ئىلىم ئىستەپ تۈن- كۈن يورغىل راۋان،

س. سىپىرو «بىلىمسىزلىك ئەقىل - پاراسەتنىڭ زۇلمەتلىك كېچىسى، بەلكى ئايدىڭسىز ۋە يۇلتۇزسىز زۇلمەتلىك كېچىسى» دېسە، ل. تولستوي «ئەقىل - پاراسەتسىز مىڭە شامسىز پانۇستۇر» دەيدۇ.

شائىر خاراباتى بۇ ھەقىقەتنى ئۆز دەۋرىدە ئاللىقاچان

---

① تەھتەسسارا - يەر ئاستى.
② مەركەپ — مىنىلىدىغان نەرسە، مىنىش.

چوڭقۇر چۈشەنگەن:

ئىلىمسىزلەر خەلقارا ئادەم ئەمەس،
ئىلىمسىز ئىككى جاھان مەھرەم ئەمەس.
ئىلىمدىن ئەئمالىدىن بولغاي يېقىن،
ئىلىمسىز. ئەئمالسىز بولغاي لەئىن.

× × ×

ھەر كىشىنىڭ ئىلمى يوق ھايۋاندۇر،
قىلغان ھەر فېئىلى ئانىڭ ئىسيان دۇرۇر.
ئىلىمغا قىل ئەي قاياش ئۆمرۈڭنى سەرپ،
بەھرى ئالغىل ئىلىمدىن بىر نەچچە ھەرپ.
ئىلىمسىز ئۆتكەزمە ئۆمۈر ئەي خاسۇ ئام،
تىز-تۈندە قىلغىلۇ تۈن-كۈن بەر دەۋام.
غاپىلا ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بىخەۋەر،
ئىلىمسىز، ئەئمالسىز تاپقاي زەرەر.

شائىر رېئال ھاياتقا سادىق بولغانلىقى، ئىجادىيىتىدە رېئالىزم ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن «ئىسلام شەرىئىتى» نى ئۆز جەمئىيىتىگە يېتەكچى ئىدىيە قىلغان خوجىلار جەمئىيىتىنى:

ئەي بۇرادەر بۇ جاھان غەددادۇر،
گويا بىر ئەۋرەتى مەككارىدۇر.

دەپ سۆكىدۇ. شائىر ۋە يازغۇچى - سەنئەتكار ئىجادىدا ئېستېتىك ئىدېئال (غايە) يېتەكچى، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شائىر خاراباتى ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىغا

سىگدۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۇملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا ئۈچمەس تەسىر كۆرسەتكەن XI ئەسىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئىستېتىك غايىسىنىمۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئىجادىيىتىنىڭ ھەممە تېمىلىرىغا سىگدۇرۇپ كەلگەنلىكى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئوچۇق سېزىلىپ تۇرۇپتۇ.

شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئىلىم-مەرىپەتپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىستېتىك غايىسىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى تەرەققىياتى مۇقەررەر هالدا يۈسۈپ خاس هاجىپ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىنىڭ مېغىزى بولغان «دۆلەت هاكىمىيەت بېشىدا بىلىملىك ئادىل شاھ ئولتۇرۇپ دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرسا، خەلق بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ» دېگەن يۈكسەكلىككە يېتىپ كېلىدۇ:

ئەي مەلىك[1] سورىغىل رەئىيەت[2] هالىنى،
ئىنىمۇ ئۆلغەت بىرلە بەرھەم دادىنى.
ئول رەئىيەت هالىدىن ئاگاھى بول،
ئەدلى قىل ئىككى جاهاندا شاھى بول.
زۇلۇمنى كۆپ قىلسا دۆلەتتىن تۈشەر،
سۆزلەسە كۆپ كۆلسە ئىززەتتىن تۈشەر.
ئەي مەلىك ئەندىشە قىل بالا ۋە پەست،
يەتمىگەي مۈلكىڭغە هەر ياندىن شىكەست.
شاھى ئادىل شەهرىغە نىئمەتدۇرۇر،
شاھى زالىم شەهرىغە لەنەتدۇرۇر،
شاھى ئادىل شەهرىغە نىئمەت ياغار.

---

① مەلىك — پادشاھ.
② رەئىيەت — خەلق، پۇقرا.

شاھى زالىم شەرىئە لەنەت ياغار،
شاھى ئادىل شەرئىنى پەيدا قىلۇر،
شاھى جاھىل فىسقىنى پەيدا قىلۇر.

× × × ×

ئەي مەلىك شاھ بولغىل ئەمما مۇتتەقى،
بولغايسەن ئول ئالەم ئىچرە ھەم تەقى.
تۇتقۇر شاھقا ئەدلىدىن ياخشى ئەمەل،
شاھغە ھەم لازىم بولۇر چەندان ئەمەل.
بىخەبەر ئۆتكەرمە ئۆمرۈڭ ئەي مەلىك،
قالمىغاي ئۇشبۇ جاھان ئىككى تىرىك.
سەلتەنەت ھەشمەت سۇلايماندەك[1] ئەمەس،
ئۆمۈر ھەم ئول نوھ[2] لوقماندەك[3] ئەمەس.
ئەي مەلىك قۇللۇغدە ئىبراھىمچە[4] بول،
قىل ئۆزۈڭگە ماسىۋاللانى ھارام،
بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي شاھى ئام.

قەھرىمان «مەن» ئاغزىدىن شاھقا بېرىلگەن پىكىر، نەسىھەتلەر يالغۇز شائىرنىڭ ئەينى زامان پادىشاھىغا بېرىلگەن پىكىر نەسىھەتلەر بولماستىن، بەلكى ئېزىلگەن ئامما، خەلقنىڭ پىكىر، نەسىھەتلىرى ھەم ئۈمىد - ئارزۇلىرىدۇر.

ئەنە شۇ يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز شائىر خاراباتى ئېستېتىك غايىسىنىڭ جۇڭغارلار كونتروللۇقىدىكى خوجىلار جەمئىيىتىنى بەدىئىي ئوبرازلاردا رېئالىستىك ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنىڭ قىسقىچە بايانىدۇر.

ئەمدى شائىرنى رېئالىققا بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتى ۋە

---

① سۇلايمان — پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى.
② نۇھ — پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمى.
③ لۇقمان — ھۆكۈما، ئۇلۇما (ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپنىڭ ئىسمى).
④ قىسسۇل ئەنبىيانىڭ تەسۋىرلىشىچە، ئىبراھىم ئەڭ ئادىل شاھ ھەم پەيغەمبەر.

سادىقلىقى، ئۇنى بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتتۈرۈشكە مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدىغان تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىدىن ئايرىپ قارىغىنىمىزدا، ئۇ ھەقىقىي ئىلاھىيەتچى سوفىزمنىڭ سادىق مۇرىتى بولۇپ كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. بۇ پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پەلسەپىۋى ئىدېئالىزمدۇر. «قوپال، ئاددىي، مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، پەلسەپىۋى ئىدېئالىزم جۆيلۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، پەلسەپىۋى ئىدېئالىزم بولسا، بىلىشنىڭ مەلۇم بەلگىسىنى، تەرىپىنى، قىسمىنى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن مۇبالىغە قىلغان ھالدا uberschwengliches (دېتسىگېن). تەرەققىي قىلدۇرۇپ (كېڭەيتىپ، كۆپتۈرۈپ)، ماددىدىن ئايرىلغان، تەبىئەتتىن ئايرىلغان، ئىلاھلاشتۇرۇلغان مۇتلەقلىككە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت. ئىدېئالىزم راھىبلىق دېمەكتۇر. بۇ توغرا، بىراق (تېخىمۇ توغرىراقى) » ۋە («بۇنىڭدىن باشقا») پەلسەپىۋى ئىدېئالىزم ئادەمنىڭ چەكسىز مۇرەككەپ (دىئالېكتىك) بىلىشتىكى كىچىككىنە پەرق ئارقىلىق راھىبلىققا بارىدىغان يول ... راھىبلىق (پەلسەپىۋى ئىدېئالىزم) نىڭ بولسا ئەلۋەتتە بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى مەنبەسى بار، ئۇنىڭ ئۇلى يوق ئەمەس، ئۇنىڭ مېۋە بەرمەيدىغان چېچەك ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. لېكىن ئۇ جانلىق، مېۋە بېرىدىغان ھەقىقىي، قۇدرەتلىك، تولۇق قابىلىيەتلىك، ئوبيېكتىپ مۇتلەق بولغان ئىنسانلار بىلىشىدىن ئىبارەت بۇ جانلىق دەرەختىكى مېۋە بەرمەيدىغان چېچەك»[1]. لېنىننىڭ يۇقىرىقى تەرىپى بىلەن ئېيتقاندا، شائىر خاراباتى دۇنيا قاراش جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىدېئالىست. ئۇ دۇنيا

---

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 456-، 457-بەتلەر.

ئەزەلدىن بار بولغان ماددا ئەمەس، ئۇنى خۇدا ياراتقان دەپ قارايدۇ:

ئەنا سىر[1] دىن قىلىپسەن ئادىمىزات،
بىراۋنى دىۋىدەك، بىرنى پەرىزات.
فەلەك تۇگرۇكسىز ئۇستۇن تاباسىز،
بەنا قىلدىڭ ئىككى ئالەم شىتابىسىز.

شائىر ئۆز جەمئىيەتتىكى سىنىپىي تەڭسىزلىكنىمۇ خۇدادىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقماي شۈكۈر قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئول بىرەۋگە بەردى ھەمىياندا پۇل،
بەرمىدى بىردىن تولا بەئىزىغە پۇل.
بەردى ئىززەتنى بىراۋغا قىلدى شاھ،
بەردى مىھنەتنى بىراۋ بولدى گاداھ.
بىرىغە ئەتلەس، بىرىغە كىمخاپ كەيدۈرۈپ،
بىر يالاڭنى ئول تونۇرغا كىرگۈزدۇر.
كۆز ئاچىپ يۇمغۇنچە ئول پەيدا قىلۇر،
كۆز ئاچىپ يۇمغىنچە ناپەيدا قىلۇر.
ھازىرو نازىردۇر ئول لەياۋناھار،
كىمكى تەئرىز قىلسا بولغان خارۇ زار.

..............................

ئىنگىلىسنىڭ «...پەلەكتە تېخىمۇ ئېگىز پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە، يەنى دىن، پەلسەپە ۋە باشقىلارغا كەلسەك بۇلاردا تارىخىي دەۋر تەرىپىدىن تېپىلغان ۋە

---

[1] ئەناسىر — سۇ، ئوت شامال، تۇپراق.

ئۆزلەشتۈرۈلگەن تارىختىن بۇرۇنقى بىر نەرسە بار. ئۇنى ھازىر بىز دانالىق دېمەي تۇرالمايمىز. تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى جان، سېھرىي كۈچ ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل ساختا ئىدىيەلەرنىڭ تولىسى پاسسىپ مەنىدىكى ئىقتىسادقا ئاساسلىنىدۇ» دېگىنى شائىر خاراباتى ئىجادىيىتىگە تازا ماس چۈشىدۇ. شائىر ئىجادىيىتىدە تەنقىدىي رېئالىزمغا تايىنىپ خەلق بىلەن ئالغا قاراپ ماڭغاندا، خەلق تۇرمۇشىغا سادىق بولغان چېغىدا خېلىلا ئىلغار، جەمئىيەتنىڭ زۇلۇمغا تولغان گەۋدىسىگە خەنجەر ئۇرىدىغان قەھرىمان جەڭچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقسا، ئۇ كەينىگە قايتقىنىدا ئىلاھىيەتچى، سوفىزم پاتقىقىغا پېتىپ نادان، جاھىللىق تۇسكە كىرىدۇ. شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى مۇنداق زىددىيەت ئۆز زامانىسىنىڭ رېئال جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، رېئالىزم = راھىبلىقتۇر، راھىبلىق = سوفىزم. سوفىزم نەزەرىيىسى بويىچە بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق قاراش شائىر ئىجادىغا باشتىن - ئاخىر سىڭگەن. بۇ ھال كىتابنىڭ 238- بېتىدىكى «بۇ پەسلدە مۇھەببەتنىڭ مەسلىكىنى ئەيتۇر» دېگەن بابىدا ۋە كىتابنىڭ 126- بېتىدىكى ئىككىنچى ھېكايىدە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

.....................................

گەر كىشىنىڭ جامى ۋەھدەتدىن بولۇر،
ئول كىشىنىڭ زاتىيو بى دەرد بولۇر.
گەر كىشى ئول بادەغە مەمنۇن بولۇر،
ئول كىشى دىۋانە ۋە مەجنۇن بولۇر.
ئەي ئوغۇل ئول شەرئى گويا كاسەدۇر،

ئول تەرىقەت كاسەدىكى بادەدۇر.
ئەي بۇرادەر بارچەدىن كەچمەك كېرەك،
كاسەدىن ئول بادەنى ئىچمەك كېرەك.
مەي تىلەپ قىلساڭ ئانىڭ ئەمرىن قىلغىل،
ئەي ئوغۇل ساقى مۇھەممەتتۇر بىلگىل.
ھەر كىشىكىم بولمىسا تابە ئاڭا،
مەي مۇيەسسەر بولمىغاي ھەرگىز ئاڭا.
با مىسالى شەرئى مەيخانەدۇر،
كىرمىگەن مەيخانەگە بىگانىدۇر.
ئەي ئوغۇل ساقىغە قىلغىل جان نەسار،
گويىيا شەمئىغە بول پەرۋانەۋار.

بۇ جايدا لىرىك قەھرىمان يىرىك سوفىزىم نەزەرىيىچىسى ۋە ئۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ رولللىرىنى كۆرسەتكۈچى سوپىلارنىڭ «پىرى سۆپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ».

ئەمدى ئۇ:

زاھىرىم تۈن، باتىنىم يەلدا كەبى،
قىبىلگە بىرو ھالىم ئول تەرسا كەبى.
بەندەلىكدە ئۇۋاغە تائەت مەندە يوق،
پەقىرلىكتە سەبرى تاقەت مەندە يوق.
تۈنۇ - كۈن چەندانكى ئىسيان ئەيلەدىم،
قىسقىدىن پىر نەچچە خەرمان ئەيلەدىم.

دېيىش ئارقىلىق قىلغان ئىسيانلىرىنى «پىتنە - پاسات» دەپ ھېسابلاپ، «گۇناھ» لىرىغا ئىقرار بولۇپ، «ئاللا» دىن كەچۈرۈم سوراشقا ئۆتىدۇ.

126. شائىر ئۆزىنىڭ يوقىرىقى كۆز قارشىنى كىتابىنىڭ

بېتىدىكى ئىككىنچى ھېكايىتىدە سوفىستىك زاھىتنىڭ ئىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. شائىر ھېكايىتىدە پىشىپ يېتىلگەن زاھىتقا مۇنداق خاراكتېرىستىكا بېرىدۇ:

بار ئىدى بىر زاھىدى زوھدە ئىچرە تاق،
شامغە بارماقنى قىلدى ئىشتىياق.
ئەۋلىيالىقتىن نەسىپ ئالغان ئىدى،
نەفسىنىڭ ئەمرىدىن ئول قالغان ئىدى.
تالىپ ھەق ئەردى دائىم بىقارار،
ھەر تۈنى بىدار، ھەر كۈن رۆزىدار.
ئۆمرىدە ھەق ئەمرنى قىلغان ئىدى،
نەھىدىن كۆڭلى تىنىپ قالغان ئىدى.
شامدىن تا سۇبھىغە گىريان ئىدى،
دەۋزەخۇ جەننەت ئاڭا ئەئىيان ئىدى.

ئۇ شام - قۇددۇس شېرىپ يولىدا بىر چوڭ شەھەرگە چۈشىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى «كافىر» بولۇپ، ھەممىسى بوينىغا كرېست ئاسىدىكەن، ئېھتىمال خرىستىئانلار بولسا كېرەك. ئۇلار ھەمىشە شەھەرنىڭ چېتىگە چىقىپ بىر چوڭ دەرەختكە «باش ئۇرۇپ» ئىبادەت قىلىدىكەن، بۇنى كۆرگەن ھېلىقى «پاكلىقتا» يېتىلگەن زاھىت، ئۇلار بىلەن ئاللا يولىدا جەڭ قىلماق بولىدۇ - دە، ئالدى بىلەن ئۇلار «باش ئۇرۇپ» ئىبادەت قىلىدىغان دەرەخنى يوقاتماقچى بولىدۇ. ئۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كىشىدىن دەرەخنى كېسىۋېتىش ئۈچۈن بىر پالتا (تىغ) سېتىپ ئالىدۇ - دە يولغا چىقىدۇ. تېخى دەرەخ بار جايغا يېتىپ بارماستىنلا ئۇنىڭغا بىر شەيتان يولۇقىدۇ. شەيتان ئۇنى ئىماندىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن زاھىتقا نەسىھەت قىلىپ، دەرەخنى كېسىشنىڭ ئۆزىگە پايدىسى يوقلۇقىنى، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەر

كۆنى بىر ئىشەك كۆتەرگۆدەك ئالتۇن بىرىشنى ئېيتىدۇ:

هەر كۈنى مەندىن ئۇ شول ئالتۇننى ئال،
بىنەۋاغە خەير قىل جەننەتنى ئال دەيدۇ.

ئەمما سوپىلىق ئېتىقادىدا چوققىغا كۆتۈرۈلگەن بۇ زاھىتنىڭ ئىرادىسىنى شەيتاننىڭ هەر قانداق ئېتىقادنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان «ئالتۇن»ى تەۋرىتەلمەيدۇ. زاھىت دېگىننىنى قىلىدۇ. دە، لېكىن خارۇ زارلىقتا قالىدۇ.

بولدى زاھىد خەلق ئىچرە خارۇ - زار،
يىغلادى هەر تۈنۈ - كۈندە زارۇزار.

لېكىن ئۇ قانچىلىك خارۇ - زار بولسۇن:

قىلمادى ئىمانى هەرگىز مەنپەئەت،
روسىيا شەرمەندە بولدى ئاقىبەت.

زاھىت ھېكايىتىدە زاھىتلىق ئېتىقادى بويىچە مۇرات - مەقسىتىگە يېتىدۇ. شائىر ياراتقان زاھىتلىق ئېپىك قەھرىمانى تۇشىغان خاھىشچانلىقتا ئىگە ئېستېتىك غايىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ:

بۇ نەسىھەت ياد ئال ئەي خاسۇ ئام،
ئاقىبەت بولغاي ساڭا دارەسسالام[1].

---

[1] دارەسسالام - جەننەت

دەيدۇ. يۇقىرىقى ئېپىك قەھرىمانىنى شائىر سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەلۇم مەنىدە ئۆز ئوبرازىنىڭ مىسالى دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما بەرىبىر بۇ زاھىت ئۆزىنىڭ ئېپىك قەھرىمانلىق ماھىيىتىنى يوقاتمايدۇ. يۇقىرىقىلار شائىر ئېستېتىك غايىسىنىڭ ھاياتتىن ئايرىلغان ئىدېئالىستىك، ساپ سوفىزملىق، مۇرەككەپ ئىجادىيىتىدىكى سەلبىي تەرىپىنىڭ ئېپىكرەك قىسقىچە بايانىدۇر.

شائىر خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ بەدىئىيلىكىگە كەلسەك، ئەڭ ئالدى بىلەن كىتابخان ياكى تاماشىبىننى ھاياجانغا سالالايدىغان «تەسىرچان» لىقىدا بىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچى ياكى تاماشىبىننى ھاياجانغا سېلىشنى بىلگەن ئەسەرلا يۈكسەك تالانت مەھسۇلى بولالايدۇ. چۈنكى تالانتنىڭ بىرىنچى ئالامىتى كىشىلەردە سەنئەتكار خالىغان ھاياجاننى قوزغىتىشنى بىلىش، يەنى ئۆزىدىكى ھاياجاننى باشقىلارغا يۇقتۇرۇشنى بىلىشتۇر. ئۇنداقتا بەدىئىي ئەسەردىكى بۇ سىر نېمىدىن تۇغۇلىدۇ؟ بۇ سىر ئەڭ ئالدى بىلەن بەدىئىي ئوبرازلاردا ئەكس ئەتكەن «چىنلىق» تا ئېچىلىدۇ. بەدىئىي ئەسەردىكى ئوبرازلار ھاياتنى قانچىلىك «چىنلىق»، «راستچىللىق» بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇ ئوبرازلار كىتابخاننى شۇنچىلىك ھاياجانغا سالالايدۇ.

شۇڭا بېلىنسكى «شېئىرىي ئەسەرنىڭ قەدرىنى بەلگىلىگۈچى ئۆلچەم ئۇنىڭ ۋەقەلىككە توغرىلىقىدۇر» دېسە، پلېخانوۋ «ھەققانىيەت ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر... شائىر ھاياتنى ئۇ قانداق بولسا، شۇنداق پەردازلىماستىن ۋە بۇزماستىن تەسۋىرلەش لازىم» دەيدۇ.

بىز شائىر خاراباتىغا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي «مەسنەۋى خاراباتى» غا سەنئەتكار نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغىنىمىزدا، ئۇ ئۆز دەۋر ھاياتىنى ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالغان چېغىدا،

بەدىئىيلىكىنىڭ خېلىلا يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلەپ، كىشىدە ھاياجان تۇغدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان سادىق-سەمىمىيلىكى ئەسەرنىڭ ئوبيېكتىپ ئەدىيىسىدىن تۇغۇلىدۇ. بۇ ھالنى ئۆزبېك يازغۇچىسى ئا. قاھارى «يازغۇچىنىڭ مەخپىي سەمىمىيەت دولقۇنى» دەپ ئاتىغانىدى.

«مەسنەۋى خاراباتى» نىڭ تېمىسىنىڭ كەڭلىكى ئۆز زامانىسى ئۈچۈن زامانىۋىلىقتا ئىگە زور ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى قويۇپ ئۇنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى ساتىرىك يول بىلەن، ئىجابىي تەرەپلىرىنى دىداكتىك يول بىلەن ھەل قىلىشتا ئىنتىلىشى ئەسەرنىڭ «سالماقدارلىقى» دەپ ئاتىلىپ ئەسەردىكى بۇ كۆچىنمۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئەسەردىكى بەدىئىيلىكنى كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى، ئەسەردىكى مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

بىز بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، ماھىيىتىنى ئۇنىڭ شەكلى ئارقىلىقلا بىلىپ ئالىمىز. يەنى مەزمۇندىكى تەسىرچانلىق پەقەت شەكىل ئارقىلىقلا بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە كىرىپ كېلەلەيدۇ.

شەكىل مەزمۇننىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتىدۇر. بەدىئىي ئەسەردىكى ھايات ئوبرازلاردا ئوبرازلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. ئوبرازچانلىق — بەدىئىيلىك، بەدىئىي ئەدەبىياتتا ھاياتنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئۆزىگە خاس ۋاسىتىسى يەنى شەكلىدۇر. ئوبرازچانلىق — بەدىئىيلىك بەدىئىي ئەسەردە خاراكتېرلەر تەسۋىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بەدىئىي ئەدەبىيات خاراكتېرلەر يارىتىش سەنئىتىدۇر. خاراكتېرلار بولسا، مەلۇم بىر ژانىردا يېزىلغان كونكرېت ئەسەردە تىل، سۇژېت، كونفلىكت، كومپوزىتسىيە، تەبىئەت تەسۋىرى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەردە مەزمۇن يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزگىرىش بىلەن بىر دەۋر يېڭى ئەدەبىيات مەيدانىغا كېلىدۇ. بۇ پۈتۈن بىر دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا رول ئوينايدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن شەكىلنىڭ ھېچقانداق رولى يوق دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. ئەگەر مەزمۇن ئۆزىگە ماس شەكىل تاپالمىسا، ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىغا تەسىر يېتىدۇ. ھەر قانداق مۇھىم مەزمۇنمۇ ئۆزىگە خاس شەكىل تاپالمىسا، ئۇنىڭ مەزمۇنى كىتابخان يۈرىكىگە يېتىپ كېلەلمەيدۇ. مەزمۇن تېز ئۆزگىرىشچانلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. شەكىلنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى مەزمۇنغا نىسبەتەن ئاستا بولۇپ، نىسپىي مۇستەقىللىككە ئىگە. يېڭى مەزمۇننى كونا شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈش تامامەن مۇمكىن. ئەمما ئەڭ ياخشىسى يېڭى مەزمۇن يېڭى شەكىلدە ئەكس ئەتسە، تەسىرچانلىقى، بەدىئىيلىكى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. «مەسنەۋى خاراباتى» ئۆز مەزمۇننى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ تارقالغان شېئىرىي شەكلى مەسنەۋى (ئىككىلىك) بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى لىرىك قەھرىمان ۋە ئېپىك قەھرىمان يارىتىشقا چوڭ ئىمكانىيەت يارىتقان، چۈنكى كلاسسىك ئارۇز ۋەزنى شەكلىدە «مەسنەۋى» كۆپرەك ئېپىك قەھرىمان يارىتىشتا داستانلاردا قوللىنىلىدۇ. شۇڭا ئۇ لىرىك قەھرىمان يارىتىش ئۈچۈنمۇ كەڭ ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

شەكىل بىلەن مەزمۇن مۇناسىۋىتىدە ھەر بىر ژانىر ئۆزىگە خاس تۈس ئالىدۇ. چۈنكى مەزمۇنغا خىزمەت قىلىدىغان شەكىل ئامىللىرى ئوخشاش بولمايدۇ. شەكىلنىڭ مەزمۇنغا ماس كېلىشى دېگەن چۈشەنچە مەزمۇنغا شەكىلنىڭ ھەممە قىسىملىرى تولۇق خىزمەت قىلىش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە مەزمۇندىكى ھەر بىر دېتال ئەڭ يارقىن، ئەڭ ئۈچۈق تەسۋىرلىنىشى كېرەك. قىسقىسى، بۇ شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ ئېنىقلىقى ۋە

ئاپتور غايىسىنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئېنىق روشەن ئىپادىلىنىشىدۇر. شۇڭا شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە مەزمۇندا چۈشەنمەيدىغان جايلارنىڭ بولۇشى، بۇنىڭغا ماس ھالدا شەكىلدە چۇۋالچاقلىق، خىرەلىكلەرنىڭ بولۇشى، بەدىئىيلىككە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھازىر بەزى ئەسەرلەردە بولۇۋاتقان مەزمۇندا قاراڭغۇ، گۇڭگا، ئىما-ئىشارە-لەرگە يول قويۇش، شەكىلنى ئەتەيلەپ مۇرەككەپلەشتۈرۈش ئەسەرنى شەكىلۋازلىققا ئېلىپ بارىدۇ. مۇنداق ئەسەر ئىجتىمائىي تەسىر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئاممىنىڭ نەزەرىدىن قالىدۇ.

بىز تەشەببۇس قىلىنۋاتقان ئەسەردىكى ئاددىي - ساددىلىق مەزمۇنى باي، ئىلغار زامانىۋىلىققا ئىگە چوڭقۇر بولۇپ، ئۆزىگە ماس گۈزەل شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك، دېمەكتۇر. ئىجتىمائىي ھايات مۇرەككەپ ھادىسىدۇر. يازغۇچى ئەنە شۇ مۇرەككەپ ھادىسىنى تەسۋىرلەشنى بىلگەندىلا ھاياتنىڭ ھەققانىي مەنزىرىسىنى يارىتالايدۇ.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئومۇمەن ھەر قانداق ئەسەرنىڭ شەكلىنى تىل، سۇژېت، زىددىيەت توقۇنۇشى، كومپوزىتسىيە، تەبىئەت مەنزىرىسى قاتارلىقلار تەشكىل قىلىدۇ. ئەمدى شېئىرىيەتتە بولسا، تىل، شېئىرىي شەكىل، بۇنى تەشكىل قىلىدىغان ۋەزىن، رىتىم، تۇراق، قاپىيە، تەبىئەت مەنزىرىلىرى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھال (مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى) «مەسنەۋى خاراباتى» دا قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان؟

خاراباتى شېئىرلىرىدا، ھېكايەتلىرىدە شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكى يېتەرلىك پۇختا، ئۆلگىلىك دېيىشكە بولىدۇ. شېئىرى قىسىملىرى ۋەزىن، رىتىم، تۇراق، قاپىيە تۈرلىرى شېئىرىي مەزمۇنغا تولۇق بويسۇنىدۇ، بولۇپمۇ شېئىرىي

مەزمۇنىنىڭ تەسىرچانلىقىنى ئاشۇرىدىغان، شېئىردىكى مۇزىكىدا-
لىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ۋەزىن، رىتىم، تۇراق، قاپى-
يە، ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن پۇختا. شۇنچە چوڭ توپلامنى
ئوقۇغاندا تىلغا پۇتلىشىدىغان بىرەر جايىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.
مىسرالار، بېيىتلار، سازلىنىپ قويۇلغان مۇزىكا ئەسۋابىنىڭ
تارىلىرىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن
ئەسەردىكى ئەكسىيەتچى سوفىستىك مەزمۇنلارمۇ ئۆزىنىڭ زە-
ھەرلىگۈچى رولىنى يېتەرلىك ھالدا جارى قىلدۇرالايدۇ.

شائىر خاراباتىنىڭ خەلق قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ، ئۆل-
مەس ھەيكەلگە ئايلىنىشى، ئۆز يۇرتىدا ۋاپاتىدىن خېلى ئۇزاق
يىللار كېيىن مەقبەرىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى، ھەتتا «ئەۋلىيا»
دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئەڭ ئالدى بىلەن شائىر شېئىرىي
ئىجادى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىدىكى قارا كۈچلەرگە قارشى خەلق
تەرەپتە تۇرۇپ ئۆزلۈكسىز ئۇچۇق - ئاشكارا جەڭ قىلىپ،
ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيە-
لىرىنى خەلققە چوڭقۇر سىڭدۇرگەنلىكىدىن بولسا، ئىككىنچى-
دىن، خۇددى يۇقىرىدا تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك
خەلقىمىز قۇللۇق، جاھالەتتە ياشاۋاتقان، ئۆزلىرىگە قۇتقۇزۇش
يوللىرىنى ئىزدەپ تاپالماي تۇرغان چېغىدا ئىسلامىيەت ۋە ئۇنىڭ
پەيغەمبەرلىرىنىڭ «ئاللا ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دېگەن دىنىي
دېموكراتىيىلىرى، ھەتتا «باقىي ئالەمدىكى ھالاۋەتلەر»، ئۇ-
نىڭغا ئېرىشىشنىڭ ئەينى زاماندىكى بىردىنبىر يولى سوفىزمنى
چوڭقۇر تەشۋىق قىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولماي-
دۇ. شائىرنى خەلق قەلبىدە ئۆلمەس ھەيكەلگە ئايلان-
دۇرغان يۇقىرىقى مەزمۇنلارنىڭ ئۇنىڭ مۇكەممەل شې-
ئىرىيەت شەكلى ئارقىلىقلا خەلق قەلبىگە يېتىپ كەلگەنلى-
كىدىن گۇمان قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا شائىر خاراباتى
ئىجادىيىتىدە شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكى يۇقىرى دەرىجىدە

ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇپ، بەدىئىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دىيىشكە بولىدۇ.

ئاخىرىدا، ھەر قانداق ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى بەدىئىي ئەسەردە ئەدەبىياتنىڭ دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش شەكلى بولغان ئوبرازلار (ئىنسان خاراكتېرى) نى يارىتىشنىڭ بىردىنبىر قورالى بولغان ئەدەبىي تىل ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. «بەدىئىي ئەدەبىياتتا سۆزلەر ياردىمى بىلەن ئوبرازلارنى، تىپلارنى، خاراكتېرلەرنى يارىتىش؛ سۆزلەر ياردىمى بىلەن ۋەقە، ھادىسىلەرنى، تەبىئەت مەنزىرىلەرنى، پىكىر قىلىش جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش قانداق ئاماللاردىن تەشكىل تاپىدۇ؟

ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى تىلدۇر، ئۇ ئۇنىڭ ئاساسىي قورالى ۋە پاكىتلار، ھايات ۋەقەلىرى بىلەن ئەدەبىيات ماتېرىياللىرىدۇر. ئەڭ دانا خەلق تېپىشماقلىرىدىن بىرىدە تىلنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇنداق سۆزلەر بىلەن بەلگىلەيدۇ «ھەسەل ئەمەس، لېكىن ھەممىگە يېپىشىدۇ». بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ئاتالمىغان، نام ئالمىغان نەرسە يوق ئىكەنلىكى تەستىقلىنىدۇ. سۆز - پۈتۈن پاكىتلارنىڭ، پۈتۈن پىكىرلەرنىڭ كىيىمى. لېكىن پاكىتلار ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مەنىلىرى يوشۇرۇنغان، ھەر بىر پىكىر ئارقىسىدا نېمە ئۈچۈن ئۇ ياكى بۇ پىكىر خۇددى شۇنداق، باشقىچە ئەمەس، دېگەن مەنە يوشۇرۇنغاندۇر. پاكىتلاردا يوشۇرۇنغان ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتى، تولۇقلۇقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسەتنى قويغان بەدىئىي ئەسەردىن روشەن - ئېنىق تىل، پۇختا تاللاپ ئېلىنغان سۆزلەر تەلەپ قىلىنىدۇ. «كلاسسىك يازغۇچىلار خۇددى مانا شۇنداق تىلدا

يازدى. ئۇنى ئاستا-ئاستا يۈز يىللار داۋامىدا ئىشلىدى»[1].

يۇقىرىقى تەرىپ شائىر خاراباتى شېئىرىي تىلىغا تولىمۇ ماس چۈشىدۇ. خاراباتى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىملىرى مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات بەدىئىي تىلىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەرەب - پارس تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىغا قىلغان شىددەتلىك ھۇجۇملىرىغا ئەلىشىر نەۋائى ئىزى بىلەن مېڭىپ، قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، ئۇنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتە، ئۇنى خەلقىنىڭ جانلىق تىلى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئالقىشقا سازاۋەر شائىر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بەدىئىي تىلىدىكى ئەرەب - پارسىيزمگە قارشى كۈرەشى نەزەرىيەدە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىدە ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭ 13 مىڭغا يېقىن مىسرانى ئۆز ئىچىگە الغان «مەسنەۋى خاراباتى» شېئىرىي تىلىدا ئەرەب - پارس سۆز اتالغۇلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇنىڭ شېئىرىي ىلىنىڭ ساپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆستىگە شېئىرىي تىلنى خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا چاغاتاي دەۋر ئەدەبىي تىلىنىڭ، تۆمۈرىلەر دەۋرى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرگە قارىغاندا زور قەدەملەر بىلەن ئالغا قەدەم تاشلاپ، ئۇلاردىن ئۆزاپ كەتتى. ئۇنىڭ شېئىرىي تىلىنى XX ئەسىر ئەدەبىي تىلىغا يېقىن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«مەسنەۋى خاراباتى» تىلى پىشقان، تاۋلانغان، روشەن، يارقىن، ئېنىق، راۋان، رەڭدار، ئەدەبىي بوياقا باي، ئۆز ئورىگىنالىلىقىغا ئىگە، ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئاددىي، ئاپورىزمغا باي بەدىئىي تىلدۇر.

---

[1] م. گوركى، «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، I توم، 412- بەت.

شائىر بۇ تىل بىلەن تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنى، بولۇپمۇ ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى تەسۋىرلەشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ.

شائىر ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا شېئىري تىلدىكى ستىلىستىك ۋاسىتىلەردىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرقى زاماندا، بەلگىلىك ھالدا مۇنازىرە قوزغاۋاتقان تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمى ۋە كۆپرەك قوللىنىلىپ كەلگەن ستىلىستىك ۋاستىلىرى بولغان ۋە شائىر ئىجادىدا كۆپرەك قوللانغان «ئانافورا»، «ئاللىتراتسىيە» ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

شېئىرىيەتتە سۆز تەكرارلىرىنىڭ مىسرالارنىڭ بېشىدا كېلىشى ئانافورا دەپ ئاتىلىدۇ (ئانافورا گرېكچە سۆز بولۇپ، سۆز تەكرارى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ). ئۇ شەرق شېئىرلىرى سەنئىتىدە ستىلىستىك ۋاستىلەر سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن، تەكرار، تەكرىر، مۇكەررار ناملىرى بىلەن ھەممىگە مەشھۇر بولۇپ كەلدى.

قەدىمكى تۈركىي شېئىرىيىتىدە ئەسەرنى تاۋۇش جەھەتتىن تەشكىل قىلىش ئىشى ئاللىتراتسىيە سىستېمىسى ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئى. ۋ. ستېبلېۋانىڭ ئېيتىشىچە مىسرا بېشىدىكى ئاللىتراتسىيە تۈراقلارنى ... كۆرسىتىدۇ دەيدۇ.

سۆز تەكرارى ئورخۇن ئابىدىلىرى ھەم تۇرپان تېكىستلىرى، بۇددا، مانى مۇھىتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇرپان شېئىرىيىتىدىمۇ كۆپلەپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، سۆز تەكرارى رىتىمىك — سىنتاكتىك پاراللېزىم دەۋردە، ئاللىتراتسىيە سىستېمىسى ھۆكۈمران بولغان چاغلاردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئاللىتراتسىيە بىلەن قوشۇلۇپ قەدىمي شېئىر مىسرالىرى بېشىنى قەيت ئەتكەن؛ بۇنىڭدا ئۇ مىسرالار بېشىدىكى تۇراقنى كۆرسەتكۈچى سىگنالغا ئايلانغان، ئەمما

كومپوزىتسىئون ۋاستىسىدىن ستىلىستىك ۋاستىگە ئايلانمىغان.

شۇنداق قىلىپ باشلانغۇچ سۆز تەكرارى سۆزلىگۈچىنىڭ ھاياجىنى ۋە دىققىتى قارىتىلغان چۈشەنچىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئىپادىلىلىكنى ئاشۇرىدۇ. پاراللېزمنى مۇستەھكەملەيدۇ. مىسراچانلىق ۋە بەندارلىق ئارقىلىق كېلىپ چىقىدىغان پاراللېزم بولسا، شېئىرىي شەكىلنىڭ خاراكتېرلىك تەرىپىدۇر. ئاجرىتىپ تۇرغۇچى، ھاياجانى ئىپادىلەپ، مۇھىم چۈشەنچىنى قەيت قىلغۇچى ئىپادىلىلىك، خوش ئاھاڭلىق ۋە شېئىرىيەتتىكى مۇزىكىلىقنى ئاشۇرغۇچى سۆز ياكى سۆزلەر باشلانغۇچ سۆز تەكرارى ئانافورا دەپ ئاتىلىدۇ. باشلانغۇچ سۆز تەكرارى ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن قارىغاندا لېكسىك، فونېتىك، سىنتاكتىك، ستروفىك بولۇشى ھەم مۇمكىن.

ئەنە شۇ يوقىرىقى نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا «مەسنەۋى خاراباتى» دا ئانافورا، ئاللېتراتسىيىنىڭ تۈۋەندىكى شەكىللىرى گەۋدىلىك ھالدا كۆزگە تاشلىنىدۇ. فونېتىك باشلانغۇچ سۆز تەكرارىدا، تەكرار باشقا سۆزلەر بىلەن تاۋۇش جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ.

گاھى شەررو شورىدىن مارۇ چايان،
گاھى خوشخۇي تىلى شۈكرۈ[1] پەشان[2].

ياكى:

گاھى لەنگو خوش رەفتار[3] بولۇر،
گاھى خامۇش، گاھى ئول گويا بولۇر.
گاھى سۇسىت ۋە گاھى ھەم چابۇك[4] بولۇر،

---

① شۈكرۈ — ھەمدە، رەھمەت ئېيتىش؛
② پەشان — ئاشكارا، ئوچۇق.
③ رەفتار — مېڭىش.
④ چابۇك — تېز.

گاھى ۋەزىمىن گاھى ھەم سابۇك① بولۇر.

سىنتاكتىك باشلانغۇچ سۆز تەكرارى بىر ۋە بىر نەچچە سۆزدىن تەشكىل تېپىپ، ئۇ سۆزلەر ھەر بىر مىسرادا سىنتاكتىك جەھەتتىن ماس كېلىدۇ. سىنتاكتىكىنىڭ باشلانغۇچ سۆز تەكرارى مىسرادىكى جۈملىلەرنىڭ پاراللېل ھالدا ماس كېلىشى ئارقىلىق ھەم تۇغۇلىدۇ:

گاھى بولغاي تىزۇ تۇند رەھمانغە قۇل،
گاھى بولغاي تىزۇ تۇند شەيتانغە قۇل.

ياكى:

گاھى ھەمىشە بىرلە ئول ئانقا بولۇر،
گاھى مىكرى بىرلە ئول رەۋباھ بولۇر.

شائىر ئۆز شېئىرىيىتىدە ھاياجانلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق چىرايلىق مەنەدار ئاللىتېراتسىيەلەرنى قوللىنىدۇ:

دەمبە دەمدۇر، دەمبەدەمدۇر، دەمبە دەم،
بىئەدەبلەر غەيبىتەر رەنجۇ ئەلەم.

ياكى:

زاروزارو، زارو زارو، زارو زار،
كىم تەكەببۇردۇر، بولۇر ئەلبەتتە خار.

ياكى:

ئەي بىرادەر ئۆمىر يۈز يىل بولسەمۇ،
جوستىجۇقىل، جوستجوقىل، جوستىجو.

ياكى:

---

① سابۇك — يەڭگىل.

ئەيىب ئەممەستۇر نىچە بولسا ئەيىبى گىل،
ئەيىب دىلدۇر. ئەيىب دىلدۇر، ئەيىب دىل.

قىسقىچە ئېيتقاندا، ئەسەردىكى مەزمۇن، ئۇنىڭدىكى غايىلەرنىڭ ئالىيجانابلىقى، تەسۋىرلەنگەن ئادەملەر، ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكى ياكى خۇنۈكلۈكى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە پەقەت بەدىئىي تىل ئارقىلىقلا يېتىپ كېلىدۇ. بەدىئىي ئەسەردىكى تىلغا يۈكلەنگەن بۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى شائىر خاراباتىنىڭ قەلىمى ھۆددىسىدىن چىققان دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

شائىر خاراباتى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى بەدىئىي تىلىنى ساپلاشتۇرۇشتا، ئۇنى ھازىرقى زامان خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشتا، ئۇنى رەڭگارەڭ بوياققا ئىگە قىلىپ ئۆستۈرۈشتە، بەدىئىي تىل خەزىنىسىنى ئاپورىزىم بىلەن بېيىتىشتا ئالاھىدە كۈچ قوشقان شائىر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىي مۇنبىرىدىن پەخرىي ئورۇنلاردىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

[illegible]



ISBN7 — 228 — 02952 — 6
·1045 (民 文) 定 价: 15.75元